ئۇيغۇريار يۇرۇشلۇك كىتابلىرى

2

# تەپەككۇر ۋە تۇزاق

ئابدۇۋەلى ئايۇپ

SİYER
YAYINLARI

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئابدۇۋەلى ئايۇپ يازمىلىرى 2 - قىسىم

ئابدۇۋەلى ئايۇپ

# تەپەككۇر ۋە تۇزاق

سىيرەت نەشرىياتى

SİYER
YAYINLARI

ئۇيغۇريار يۇرۇشلۇك كىتابلىرى-2

كىتاب ئىسمى : تەپەككۇر ۋە تۇزاق
ئاپتورى: ئابدۇۋەلى ئايۇپ
تەھرىرى: باتۇر قاراخانلى
كوررېكتورى: باتۇر قاراخانلى

ئۇيغۇريار بىلەن ئالاقىلىشىڭ:
تور بېكەت:
www.uyghuryar.org
ئېلخەت:
uyghuryar123@gmail.com

**Baskı & Cilt**
GÜL MAT MATBAACILIK YAYINCILIK SAN. TİC. LTD. ŞTİ.
*Maltepe mah. Fazlı Paşa cd. No:8/4 Topkapı-İstanbul*
*Tel: 0212 577 79 77*
*Sertifika No: 34712*

**1. Baskı:** *Temmuz 2018*

**ISBN:** 978-605-2375-95-2

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئابدۇۋەلى ئايۇپ

# تەپەككۇر ۋە تۇزاق

سىرەت نەشرىياتى

SİYER
YAYINLARI

## مۇندەرىجە

ئاپتۇر ھەققىدە ........................................ 9
بىر خىتاي توقۇغان «ئىسلامىي» ھېكايە ........................................ 10
بەلدىن تۆۋەن ھۇجۇمنىڭ سىرى ........................................ 14
پەلەستىنلىك ياشتىن ئالغان تەلىم ........................................ 19
تاجاۋۇزچىنىڭ تىلى ........................................ 21
تارىخ تەكرارلىنامدۇ؟ ........................................ 26
تارىختا ئۇيغۇرغا ئاتالغان بۇتخانا ........................................ 31
تۈنۈگۈنكى ۋە بۈگۈنكى قەھرىمانلىق ........................................ 36
دىندارلىق خوجايىنلىقمۇ؟ ........................................ 39
سەۋەپ دۇنياسىدا سەن بار ........................................ 43
قەبرە سۆزلىگەن تارىخ ........................................ 47
قەشقەردە ئوردا، جامە ۋە بازار ........................................ 51
مۇساپىرنىڭ ۋەتىنى ........................................ 56
مۇھاجىرەتتىكى بالىلار ۋە شېئىر ........................................ 60
كامىراندىن مىراس مىڭ يىللىق دەرس ........................................ 66
ئانا تىلمۇ دادا تىلمۇ ........................................ 70
ئايرىلغىنىم ۋەتەنلا ئەمەس ........................................ 73
ئوقۇماسلىق گۇناھ ........................................ 75
ئۆلۈكىمىزمۇ بىرلەشمەسمۇ ........................................ 79
ئۇيغۇردا ئىمان ۋە خىتايدا ئىنساپ ........................................ 82
ئۇيغۇرنىڭ ئىسمى ........................................ 85
بوۋاڭلار شۇنداق كىشى ئىدى ........................................ 88
بۈگۈن مۇناپىقلىق كۈنى ........................................ 91
بۈگۈنكى ئوقۇرمەن ۋە «تارىخى ھەمدى» ........................................ 93
كىم خېرىدار، كىم زىبا ........................................ 103
مۇسىبەتتە بىر مىنۇت سۈكۈت ........................................ 108
ھېساپ سورامدۇق ئىنساپمۇ؟ ........................................ 110
ھەممە ئۇيغۇر مەزلۇم ئەمەسمۇ؟ ........................................ 113
ئاداۋەت تۈنتۈقمۇ روزىمۇ؟ ........................................ 117
«ئالتۇن كەش»نى ئوقۇپ ........................................ 120
ئۇستاز ماڭغان ئۇيغۇرلۇق يولى ........................................ 126
ئىلھام توختى كىم ئۈچۈن قەھرىمان؟ ........................................ 132
بىر نەپرەت قوللانمىسى ........................................ 134

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

تاغام ھاجى ئەمەت ........ 141
چوقۇنۇش ۋە چوقۇندۇرۇش خەۋپى ........ 146
داھى ئىزدەيمىز ........ 151
دېموكراتىيەنىڭ گۈزەللىكى ........ 154
دىلدا دىيانەت قولدا تىجارەت ........ 157
سەمىمىيەتنىڭ بەدەلى ۋە كونا ئاپەت ........ 162
كۆرۈملۈك ۋە كۆرۈنمەس ساۋاپ ........ 166
كۆڭۈللەردە ۋە ئەمەللەردە بىز ........ 170
كەبىنىڭ ئورنى ........ 175
مىللەتنىڭ كۆزىدىكى داغ ........ 178
ھېكايەتتىن توقۇلغان تارىخ ........ 181
ۋاقتى ئۆتكەن ئىللەتچىلىك ........ 184
ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ جەدىتچىلىك يولى ........ 190
ئاشقۇنلۇقتا ئولجا باللار ........ 192
ئانامنىڭ رەڭدار ياغلىقى ........ 198
ئۆتكۈر ئەسلەنگەن دەمدە ........ 202
ئۇيغۇر دېيەلمەسلىك ........ 204
ئۇيغۇر مالالا بولالمىسا ........ 208
ئاڭلىغانمۇ ئۇيغۇرچە ئات مۇشۇنداق ........ 213
ئۇيغۇرلار ھېسسىياتچان مىللەتمۇ؟ ........ 220
ئۇيغۇرلاردا قۇتۇپچە ئىسلام ........ 223
ئۇيغۇرلۇقتىكى ئاخىرقى قورغان ........ 236
يۈز يىللىق بەتبەشرە مىراس ........ 241
ئىتبارنىڭ تاتلىقى ۋە ئاچچىقى ........ 247
ئىسىم ئۇيغۇرچە بولغاندا ........ 251
ئىللەت مىللەتتە بولامدۇ؟ ........ 259
ئەزھەرنىڭ ئۇيغۇر ئىخلاسمەنلىرى ........ 263
ئەرگىشىش ۋە ئەرگەشتۈرۈش مەسىلىسى ........ 268

## ئاپتور ھەققىدە

ئابدۇۋەلى ئايۇپ، 1974 - يىلى قەشقەر ئوپالدا تۇغۇلغان. 1997 - 1992 - يىلىغىچە مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى تۈركىي تىللار فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. 1998 - يىلى يانۋاردىن ئىيۇنغىچە قەشقەر شەھرىگە قاراشلىق دۆلەتباغ يېزىسىدىكى كەنتلەردە كاتىپلىق ۋە تەرجىمانلىق قىلغان. 1998 - 2001 - يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۇيغۇر قەدىمكى ئەدەبىياتىدا ئوقۇپ ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 2001 - يىلدىن 2007 - يىلغىچە غەربىي شىمال مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچى بولغان. 2006 - يىلى تۈركىيە ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئالتە ئاي زىيارەتچى تەتقىقاتچى بولغان . 2007 - يىلدىن 2009 - يىلغىچە مالىيە ئىقتىساد ئۇنىۋېرسىتىتىدا ئىشلىگەن. 2009 - 2011 - يىلغىچە ئامېرىكا كانزاس ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇپ تىلشۇناسلىق بويىچە ماگىستىلىق ئۇنۋانى ئالغان. 2011 - يىلدىن 2013 - يىلغىچە قەشقەردە قۇتادغۇبىلىك مائارىپ تەربىيەلەش مەركىزى ۋە ئانا تىل يەسلىسىنى قۇرغان ۋە ئانا تىل مائارىپى تەشەببۇسىدا بولغان. 2013 - يىلى 19 - ئاۋغۇست مەكتەپ ۋە يەسلى قۇرۇش ئارقىلىق ئانا تىلنى قوغۇداش تەشەببۇسى سەۋەپلىك خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قاماققا ئېلىنغان. 2015 - يىلى ئاۋغۇستىنىڭ ئاخىرىدا نورمال ھايات ئۈچۈن تۈركىيەگە كەلگەن.

2016 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا ئۇيغۇرىيار پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويغان. 2017 - يىلى مۇھاجىرەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ كىملىكىنى قوغداش ئۈچۈن ئائىلە مائارىپى پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، پىلانىنىڭ تۇنجى قوللانمىسى بولغان «ئېلىپبە»، «ئانا تىل دەرسلىكى(2)»نى تۈزۈپ چىقىپ ئىستانبۇلدا نەشىر قىلدۇرغان. نۆۋەتتە ئانا تىل دەرسلىكىنىڭ داۋامىنى ۋە يۇرۇشلۇك قوللانمىلارنىڭ دىن ۋە تارىخ دەرسلىكىنى تۈزۈش ئۈچۈن ئىزدەنمەكتە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# بىر خىتاي توقۇغان «ئىسلامىي» ھېكايە

قاماقتا ئۆزۈمنىڭ خىتاي دائىرىلىرى ئارزۇلىغان، تاپالماي ئاران تۇرغان بىر كۆڭۈلدىكىدەك دۈشمەن ئىكەنلىكىمنى بىلگەنتىم. مېنىڭ ئۇلار ئەڭ خەۋپسىرەيدىغان تۈركىيە ۋە ئامېرىكىدىن قايتىپ كەلگەنلىكىملا تېپىلماس جىنايى پاكىت ئىدى. ئۇيغۇرنىڭ پۇقرالىق ھوقۇقى، ئۇيغۇرلۇق ھوقۇقىنى خىتاي ئاساسى قانۇنى ۋە ئاپتونومىيە قانۇنلىرىغا ئاساسەن قوغداشنى تەشەببۇس قىلغانلىقىم يۇقىرىقى جىنايى پاكىتقا ھەل بېرەتتى. يازمىلىرىم ۋە لېكسىيەلىرىم بىلەن ئانا تىل ھەققىدە ئىجتىمائى قىزغىنلىق قوزغىغانلىقىم ۋە كىشىلەردە ئانا تىلنى قوغداش ئېڭى ئويغاتقىنىم توقۇپ تەييار قىلىنغان بىر ھېكايىنىڭ پېرسوناژى، تىكىپ ھازىرلانغان بىر جىنايى قالپاقنىڭ قۇربانى بولۇشۇمغا يېتىپ ئاشاتتى.

خىتاي ئۇيغۇرنىڭ بارلىق نارازىلىق ھەرىكەتلىرىگە ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرپنىڭ كۈشكۈرتىۋاتقانلىقىنى داۋا قىلاتتى. ئۇلارچە بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار ئاق-قارىنى پەرق ئېتەلمەيدىغان ئاممىنى ئالداپ نارازىلىققا تەشكىللەيتتى ۋە نارازىلار سېپىگە تىزاتتى. ئۇلار بۇ گەپلەرنى ئۇيغۇردا بىرەر قارشىلىق بولغان ھامان تەكرارلايتتى. ئەمما ئۇلار قولىدا بارلىق ئىمكانلار تۇرۇپ ئۇيغۇرلارنى 1949 - يىلدىن بۇيان ئىزچىل يۈز بېرىۋاتقان نارازىلىق ھەرىكەتلىرىدىن بەزدۈرۈپ رازىلار سېپىغا قوشالمايۋاتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلمايتتى.

خىتاي ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ شاراپىتى بىلەن مەمنۇنىيەتكە ئېرىشكەنلىكىنى، بېيىپ پاراۋان تۇرمۇش كەچۈرىۋاتقانلىقىنى تەشۋىق قىلاتتى. ئۇلار ئۇيغۇرلارنى تەرەققىياتقا ئېرىشتۈردۇق دەپ قانچە داۋا قىلغانچە ئۇيغۇرلارنىڭ قارشىلىقىمۇ شۇنچە كۈچىيىپ، چەتئەللەردىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ ئەيىپلەشلىرىمۇ كەسكىن بىر تۈسكە

كىرمەكتە ئىدى. ئەمما خىتاي بۇ ئەيىپلەشلەردىن ئۆزىدە مەسىلە بارلىقىنى ئېتىراپ قىلماقتا يوق، ئۆكتىچىلەرنى باستۇرۇشنى كۈچەيتەتتى. مەن «دۆلەت قانۇنى ئانا تىلنى قوغدايدۇ، سىز قوغدىيالىدىڭىزمۇ؟» دېگەن شۇئارنى كۆتۈرۈپ چىقىپ باستۇرۇلغانلارنىڭ بىرى ئىدىم. ئۇلارچە غەرپتە ئوقۇغىنىم غەرپكە ماسلىشىپ خەلقنى «ئانا تىل يەسلىسى» نامىدا قۇترىتىشىمغا سەۋەپ بولغانمىش.

سوراق جەريانىدا خىتاي ئارزۇلايدىغان ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرپنىڭ بۆلگۈنچىلىك پىلانىغا قانداق ماسلاشقانلىقىم ھەققىدىكى سوئاللار، ئامېرىكىدىن قايسى ئورگاننىڭ جاسۇسلىقى ئۈچۈن كەلگىنىم ھەققىدىكى قىستاشلار ئەڭ كۆپ بولدى. ھەتتا ئامېرىكىدا كىمنىڭ ئالدىمغا چىققانلىقى، نەگە جايلاشقانلىقىم، تۈنجى ھەپتىسى نېمىلەرنى قىلغانلىقىم ۋە كىملەر بىلەن كۆرۈشكەنلىكىم تەپسىلىي سورالدى. ئاللاھ زېھنىمنى ئوچۇق قىلىپ فورد مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ كانزاس ئۇنىۋېرسىتتىدە ئوقۇۋاتقان خىتاي ساۋاقداشنىڭ ئىسمىنى دەپ بېرەلىدىم. مېنى ئايرودرومدىن ئېلىپ كىرگەن موڭغۇل ساۋاقداشنىڭ ئىسمىنى دەپ بەردىم. سوراقچىلار تورغا كىرىپ بۇ ئىككى كىشىنىڭ ئىسمىنى تاپالىدى.

ئەن جىنكۇن دېگەن كېپەنچىراي خىتاي سوراقچىلارنىڭ باشلىقى ئىدى. ئۇ بىر كۈنى مېنى ئايرىم سوراق قىلىپ «ئامېرىكا دۆلىتىمىزنى پارچىلىماقچى. ئۇلارنىڭ قولىدا بۇرۇن تىبەت، تەيۋەن ۋە تىيەن ئەنمېن ۋەقەسى دېگەن ئۈچ قارتى بار ئىدى. بۇ قارتلار بىلەن مەقسىدىگە يېتىشتە يېتەرلىك ئۇنۇمگە ئېرىشەلمىگەن بولغاچ ھازىر ئۇيغۇر قارتىنى چىقىرىۋاتىدۇ. رابىيەنىڭ ئامېرىكىدا بۆلگۈنچىلىك قىلىشىنى قوللاۋاتقىنى ئامېرىكا دېموكراتىيە فوندى جەمئىيىتى. ئامېرىكا ھازىر تەشۋىقاتتا ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىنى، تەشكىلاتتا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنى، قوراللىق كۈچكە تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسىنى قوللىنىپ ئۈچ تەرەپتىن بىزنى قىستاۋاتىدۇ. ئەمما جوڭگو مەدەنىيىتى 5000 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە. ئامېرىكىنىڭ تارىخى ئاران 200 يىلدىن ئاشىدۇ. ئۇلارنىڭ تەرەققىياتى مەدەنىيەتتە ئەمەس، پۇتۇنلەي تېخنىكىدا. تېخنىكا دېگەن قورال، ۋاستە دېگەن گەپ، بىر مىللەتتە تېخنىكا بولۇپ مەدەنىيەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولمىسا ھامان خاراپ بولىدۇ. ئاخىرىدا سۇ ئېقىپ تاش قالىدۇ. دۆلەتلەر ۋەيران بولىدۇ، قالىدىغىنى مەدەنىيەت. جۇڭگودا گەرچە تارىختا نۇرغۇن خانلىقلار بولغان بولسىمۇ يوقاپ كەتتى، ئەمما جۇڭگو مەدەنىيىتى ئىزچىل داۋام قىلىپ كەلدى. شۇڭا ئۇيغۇرلار 5000 يىللىق مەدەنىيەت بىلەن 200 يىللىق مەدەنىيەتتىن بىرنى تاللاش كېرەك. ئامېرىكىنىڭ قوراللىرى مۇسۇلمانلارنى قىرغىن قىلىۋاتىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرلار ئامېرىكا بەرگەن قورال بىلەن ئەمەس، جۇڭگو بەرگەن مەدەنىيەت بىلەن قوراللانسا يوقالمايدۇ» دېدى.

ئەن جىڭكۇن مېنىڭ ئۈنسىز ئولتۇرۇشۇمنى قايىل بولدى دەپ چۈشەندىمۇ ۋەزنى يەنە باشلىدى: «ئامېرىكا ھازىر ياردەم قىلغان بىلەن ھامان خىرىستىيان دۆلىتى. مۇسۇلمانلاردا تارىختىن قالغان ئۆچى بار. ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرغا ياردەم قىلىشى ئاۋۋال قورال بىلەن مايىل قىلىپ ئاندىن دىن بىلەن ئاسىمىلاتسىيە قىلىش. ئامېرىكىنىڭ مەقسىدى مۇسۇلمانلارنى قورال بىلەن بويسۇندۇرۇپ، بۇزۇقچىلىق بىلەن چىرىتىپ، خىرىستىيان دىنى بىلەن ئاسىمىلاتسىيە قىلىپ يوقىتىش. شۇڭا ھازىر دۇنيادا مۇسۇلمان دۆلەتلىرى پۈتۈنلەي بىز تەرەپتە. مۇسۇلمانلار بىلەن خىتاي مەدەنىيىتى ماس كېلىدۇ. بىز ھېچ بىر مىللەتكە دىن تارقاتمايمىز، تاجاۋۇز قىلمايمىز. شۇڭا ئەزەلدىن خىتاي بىلەن مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئۇرۇش بولغان ئەمەس. ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى خاتالىقى ئۆزىنىڭ ئىسلام مەدەنىيىتىگە ماس كېلىدىغان جۇڭگو مەدەنىيىتىنى ئەمەس، تاجاۋۇزچى ئامېرىكىنىڭ قورالىنى ۋە غەرپكە مەنسۇپ دېموكراتىيەنى قوبۇل قىلىپ بۆلگۈنچىلىك، تېرورچىلىق ۋە ئەسەبىيلىككە بېرىلىپ كېتىش بولدى. شۇڭا ئۇيغۇرلار ئويغىنىشى كېرەك. پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىغا ئوخشاش بىز تەرەپتە تۇرۇپ، غەرپنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى ۋە دىن تارقىتىشىغا قارشى تۇرۇشى كېرەك. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامنىڭ دۈشمىنى بولغان ئامېرىكىنى ئارقا تېرەك قىلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ دوستى بولغان جۇڭگوغا قارشى چىقىشىغا قارىغاندا مۇسۇلمان دۇنياسىدا ئەڭ خاتا يولدىكى مىللەت دېمەي بولمايدۇ. ئۇيغۇرلارنى تۈركلەرمۇ تارىختىن بۇيان ئالداپ كەلدى. تۈركىيە دېگەن غەرپ بىلەن مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى بىر ئارىسالدى دۆلەت، ئۆزىنى مۇسۇلمان دەۋالغان بىلەن دېموكراتىك

دۆلـەت. خىرىسـتىيان دىنىغـا، پاھىشـىۋازلىققا يـول قويـىدۇ. بـۇ ئىشـلارغا بىـز يـول قويمايمىـز. بـۇ جەھەتتـە بىـز تۈركىيەدىـن بەكـرەك ئىسـلامغا ئۇيغـۇن، چۈنكـى بىـز ھەمجىنىسـلىققا، پاھىشـىگە، غەرپچە دېموكراتىيەگە ۋە ئەركىنلىككە يول قويمايمىز» دېـدى. ئۇ ئۆزىچـە قۇرئاندىـن ھەمجىنىسـلىققا، خىرىسـتىيان ۋە يەھۇدىلارغـا قارشـى تۈرۈشقا ئائىت دەپ بىلگـەن بىـر قانچـە ئايەتنى ئوقـۇپ مـاڭا مەنىسىنى دەپ بـەردى. مـەن بىـر ئېغىـز گـەپ قىلمـاي يېرىـم كـۈن «تەبلىـغ» ئاڭلىدىـم.

بـۇ «تەبلىغ»نى ئاڭلاپ، «بـۇلار ئۇيغـۇرنى قانـداق ئالداشـنى تولـۇق ئۆگىنـىپ بوپتـۇ» دەپ ئويلىدىـم. بـۇرۇن خىتايـلار ئۇيغـۇرلارنـى ئىددىيـە جەھەتتـە چۈلـۈك ئۆتكـۈزۈپ يىتىلەيـدۇ، دېـسە ئىشـەنمەيتتىم. ئەي جىگـگـۇن سـۆزلىگەن تەبلىغنـى ئاڭلاپ ئىشـەنمەيمۇ ئامالىـم بولمـدى. ئۇنىـڭ ئۇسـتىگە بـۇ گەپلەرنـى خاتـا دېگىلـى بولمايتتـى. ئازراق كىتـاپ ئوقۇغـان ئادەم بولمىسـا قايـىل بولـۇپ، ئۆزىـدە بارنـى تۆكـۈپ سـوراقچىنىڭ مەيدانىغـا ئۆتـۈپ كېتەتتـى. سـوراقچىلارنىڭ ئېيتىشـىچە ئۇلار ئىستىخباراتتا مۇسـۇلمان ئەللەر بىلـەن ھەمكارلىقتا ئىشلەيدىكەن، بولۇپمۇ مىسـىر، سەئۇدى، قاتـار، ئىران، تاجىكىستان ۋە ئافغانىستان بىلـەن ئۇچـۇر، تېخنىكا ۋە ئادەم ئالماشـتۇرۇپ تۇرىدىكـەن.

مېنىڭ پارىـس تىلى بىلىدىغانلىقىمنى ئاڭلاپ سوراقچىلار «ئىران، تاجىكىستان ۋە ئافغانىسـتاننىڭ ئىسـتىخبارات خادىملىرى ۋە سـاقچىلار بىزنىڭ قولىمىزدىن چىقىدۇ. بۇ شـالتاققا تىيىلمىغـان بولسـاڭ بىزگـە پارىسچە بىلىدىغـان ئادەم بـەك لازىـم ئىدى. چۈنكـى بـۇ دۆلەتلـەر پۈتۈنلـەي پارىسچە ئىشـلىتىدىكەن ئەمەسـمۇ!» دېگـەن ئىدى.

بۇلارنـى ھازىـر ئويلسـامـمۇ شـۈركـۈنۈپ كېتىمـەن. خىتـاي بىلـەن ئەتراپلىـق ئىسخبارات ھەمكارلىقى بولغان يۇقىرىقى دۆلەتلەرئۇيغۇر تالىپلارنى قوبۇل قىلاتتى، بۇ ئەللەردە ئۇيغۇرلار تەلپۈندىغان، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىددىيەسىگە يېتەكلچىلىك قىلىدىغان مەكتەپ، مەدرىـس ۋە پەتـىۋا ئورگانلىرى بار ئىدى. مەن بىلەن ئىلگىرى كېيىنىن قاماقتا بىللە ياتقان، دىـن ئوقـۇتـۇپ قامالغان، ھىجرەتچىلىـك بىلـەن تۇتۇلغان شاھمامۇت،

www.uyghurkitap.com

نۇرى مەمەت، ئابلىمىت دېگەن كامىرداشلىرىم دەل ئەن جىڭگۈن ئېيتقاندەك دېموكراتىيەگە ئۆچمەنلىك قىلاتتى، ئەركىنلىكنى بارلىق يامانلىقلارنىڭ مەنبەسى دەپ قارايتتى، غەربنى تەرەققىيات ۋە خرىستىيان دىنى ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنى ئاسىملاتسىيە قىلماقچى دېگەندەك تەرىزدە تەپەككۇر قىلاتتى. بۇ مەزمۇنلارنى بىزگە سىڭدۇرۇشتە خىتاي ئاللىقچان مۇسۇلمان دۇنياسى بىلەن ھەمكارلىشىپ، مۇكەممەل بىر رىۋايەتنى توقۇپ شاتۇتىلار ئارقىلىق دىندار مىللىتىمىزگە تەبلىغ قىلدۇرغان. مەسۇم مىللەت بۇ ھاياجانلىق رىۋايەت ۋە ئاتالمىش ئىسلامىي دەۋەتلەرنى نەدىن كەلدى، نېمە مەقسەتتە دېيىلىۋاتىدۇ، كىمگە خىزمەت قىلىدۇ؟ دېگەنلەرنى ئاڭقارغىدەك بولمايلا قوبۇل قىلىپ ئۈلگۈرگەن ئىدى.

2018 - يىلى 8 - ئاپرىل

## بەلدىن تۆۋەن ھۆجۆمنىڭ سىرى

مەن ئادەتتە قەلەم ياكى سىياسەت بىلەن ھەپىلىشىدىغان كىشىلەرنىڭ بىر بىرىگە قاراتقان سەممى تەنقىتلىرى بولسا ئوقۇشقا قىزىقىمەن. ئەمما مەقسەتلەرنى ھەرقانچە ياخشى گۇمان قىلساممۇ، نىيەت - ئىقبالىنى ھەر قانچە توغرا چۈشىنىشكە تىرىشسامۇ، بەزىلەرنىڭ بىھۇدە ئۆزئارا ھۆجۇم قىلىشلىرىنى قوبۇل قىلىپ كەتمەيمەن. بۇنداق ئىشلارنى ئوقۇپ قالسامۇ، ئۇلارنىڭ ئەلپازىغا قاراپ سۆكۈت قىلىپ كەلدىم. چۈنكى ھۆجۆمچىلارنىڭ كۆپى ئىكران زەربىدارلىرى، قالغانلار پىرىنسىپ كېرەك قىلمايدىغانلار بولغاچقا ئۇلارغا ياراپ، يارىلارنى ئەملەپ ياكى ياراشتۇرۇپ بولمايدىكەن. ئۇلارغا ئاللاھ جىدەلنى ھارام قىلغان كۆنلەر، مىللەت قان قۇسىۋاتقان دەملەر ۋە قېرىنداشلار مۇسىبەتتە يۇم - يۇم تۆكۈلۈپ كېتىۋاتقان چاغلار بەرىبىر ئىكەن.

مۇھاجىرەتتە ھۆجۆمخۇمار كىشىلەرگە توردا، ھېچكىم كۆرمەس ھاۋادا پۇرسەت ھەر زامان چىقىپ تۇرىدىكەن. تاغدا ئېچىلغان بىر يىغىن، باغدا چاقىرىلغان بىر مەجلىس، دۆڭدىكى بىر قۇرۇلتاي، ئويدىكى سايلام، دۆلەت، تەشكىلات دېگەندەك بىر ئىشلا بولسا، بىر پىكىر، بىر تەشەببۇس ياكى بىرەر تەشكىلات ئوتتۇرىغا چىقماي تۇرۇپ ھۆجۆمچىلار ئۈۋىسىدىن چىقىپ بولىدىكەن.

بۇ ھۆجۆمچىلارنىڭ ھېچ بىر ئىنشاسىنى خالاپ ئوقۇپ تاشلىمايمەن، ئەمما شۇنچە ئۆزۈمنى قاچۇرسامۇ مېنى چۆرگىلەپ كېتەلمەيدۇ. بىر يوللار بىلەن ئۇ ئەپسانە قۇرلار مېنى بۇلۇڭ پۇچقاقتىن تېپىپ زېھنىمگە چىرمىشىدۇ. يەنە ئوقۇشقا مەجبۇر بولىمەن. بەلكىم خالاپمۇ قالىدىغاندىمەن، خەقنىڭ نەقەدەر چاكىنا، نەقەدەر ساپاسىز ئىكەنلىكىنى بىلىش ئارقىلىق ئۆزەمنىڭ ئۇلاردىن ئۈستۈن ياكى ئەۋزەل ئىكەنلىكىمنى ئىسپاتلاشقا بەزىدە يوشۇرۇن ھەۋەسلەنسەم كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھۇجۇملارنىڭ ئىمزالىق يېزىلغانلىرى خېلىلا ساپالىق كىشىلەرنىڭ قەلىمىدىن چىقىدۇ. ئۇلار بىر قەدەر ئەقىلگە ئۇيغۇن لوگىكىلار بىلەن قارشى تەرەپكە ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ ياكى ھۇجۇم تەشكىللەيدۇ. ئۇلار ئوقۇرمەنلەرگە ئايدىڭ بولمىغان كونا غۇملىرىنى بىلىندۇرمەي ئىنشاسىغا سىڭدۇرۇپ قارشى تەرەپنى دۈشمەنگە چىقىرىدۇ. بۇنداق ھۇجۇملاردا تۈركىيە قاتارلىق ئوتتۇرا شەرق ئەللىرىدە ئومۇملاشقان سۈيىقەست نەزەرىيەسىنى بەكمۇ ئۇستىلىق بىلەن قوللىنىلىدۇ. ئۇلار ھېچ بىر تەكشۈرمەستىن ھەر قانداق ئىشنىڭ كەينىدە ناھايىتى چوڭ كۈچلەر قول تىققان، مەخپىي پىلانلانغان بىر سۈيىقەستنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىدۇ. ئۇلار بىرەر پائالىيەت ھەققىدە يازسا يا نەق مەيداندا بارلاردىن مەلۇمات ئالمايدۇ، يا نەق مەيداننى تەكشۈرمەيدۇ. پەقەت ئۆزىنىڭ مەلۇم شەخس ياكى ھادىسە توغرىلىق پەرەزلىرىنى ئۇيغۇرغا قارىتىلغان زور سۈيىقەستنىڭ پاكىتلىرى قاتارىدا كۆپتۈرۈپ ھۇجۇمنامە ۋە قىسسەلىرىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدۇ.

ئىمزاسىز ھۇجۇم يازىدىغانلار ئاساسەن رىۋايەتلىك بايانلارغا ماھىرلار بولۇپ ئۇلارغا نەزىرىيە، پاكىت، لوگىكا، ئىلىم دېگەنلەرنىڭ ئانچە ئەھمىيىتى يوق. قارشى تەرەپنى مات قىلىش ئۈچۈن ئېغىزغا ئالغىلى بولىدىغان ياكى بولمايدىغان بارلىق سۆزلەرنى دەپ باقىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئېتىقادىي، ئىددىيەسى، شەخسىي تۇرمۇشى، مىجەز - خۇلقى، باردى - كەلدىسى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بۇنداقلار ئۈچۈن تېپىلماس خۇرۇچ. بۇنداق ھۇجۇملاردا دۈشمەنگە چىقىرىش، سېپىستىش، قەست قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللار قوللىنىلىدۇ.

بىر ئۇيغۇر داۋاگەرنى دۈشمەنگە چىقىرىشنىڭ ئەڭ ئومۇملاشقان ئۇسۇلى ئۈچ. بىرى دىنىنىڭ دۈشمىنىگە، خىتاينىڭ ئادىمىگە چىقىرىش، يەنە بىرى ئەخلاقىنىڭ دۈشمىنىگە چىقىرىش. خىتاينىڭ ئادىمىگە چىقىرىشتا ئۇيغۇردىكى خىتايغا قارشى مىللىي كەيپىيات سۇيىئىستېمال قىلىنسا، دىنىنىڭ دۈشمىنىگە چىقىرىشتا ئۇيغۇرنىڭ مۇسۇلمانلىقى ۋاستە قىلىنىدۇ. ئەخلاقىنىڭ دۈشمىنىگە چىقىرىشتا كىشىنىڭ خۇسۇسىي مۈلكى ۋە نىكاھ تۇرمۇشى قارىغا ئېلىنىدۇ. دىنچىلىق بىلەن مىللەتچىلىك خۇددى

مولLAمىنىڭ قولىدىكى جازا پالقىسىدەك ھۆجۇمچىلار ئەڭ ئۈنۈملۈك پايدىلىنىدىغان قورالغا ئايلىنىپ قالغان. كۆپ قىسىم ئۇيغۇرلاردا خىتاينىڭ چەكلەشلىرى تۈپەيلىدىن ئۆز مىللىتى ۋە دىن ھەققىدە ئىلمي، ئەمەلىي ۋە مۇكەممەل بىر چۈشەنچە شەكىللەنمىگەن بولغاچقا دىنىي ۋە مىللىي تۇيغۇ باشقىلارغا قارشى نەپرەت ۋە ھۇجۇم قوزغاشتا ئەڭ ئاسان، ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك پايدىلانغىلى بولىدىغان ۋاستىگە ئايلىنىپ قالغان.

ھۆجۇمچىلاردىن تۈركىيە، ئەرەبىستان ۋە مىسىر مەنبەلىك مائارىپتا يېتىشكەنلەردە ياكى شۇ يەرلەردە ياشاۋاتقان كىشىلەردە قارشى تەرەپنى دىن دۈشمىنىگە چىقىرىش بىر قەدەر كۆپ بولسا، غەرپتە ياشاۋاتقانلاردا ئاساسەن خىتاينىڭ ئادىمىگە چىقىرىش ئومۇملاشقان. يېقىندا گېرمانىيەدىكى بىر تەشكىلاتنى شۇ يەردە ياشاۋاتقان ۋە كانادادا ياشاۋاتقان ئىككى ئۇيغۇر يازغۇچىنىڭ «تىزگىنى خىتاينىڭ قولىدا» دېگەن مەزمۇندىكى ئۇزۇن - ئۇزۇن يېزىلغان ئىنشاسىنى ۋە يۇتيۇبتىكى جاكاسىنى ئوقۇغانمەن.

ئادەتتە ئۇيغۇر داۋاگەرلىرىنى سېستىمىشتا كەڭرى قوللىنىلىدىغان ئۇسۇللاردىن بىرى پاھىشىۋازغا چىقىرىش، يەنە بىرى خيانەتچىگە چىقىرىشتۇر. بۇ ھەقتە يېزىلغان ئەپسانە، ھېكايەت ۋە رىۋايەتلەرنى يازغان كىشىلەر قانداق يازالىدى بىلمەيمەن، ئەمما ئوقۇغان ئادەمنىڭ كۆڭلى ئېلىشىپ كېتىدۇ. مەن ئۇنداق كىشىلەرنىڭ خەقنىڭ يانچۇقىغا قاراش ۋە تامبىلىنى ماراشتىن باشقا دەۋاگەرلەرنىڭ ئىقتىدارى، خىزمەت ئۈنۈمى ۋە رەھبەرلىك سەنئىتىگە باھا بەرگىدەك مەلۇماتىنىڭ يوقلۇقىغا ئىشىنىمەن. مۇھاجىرەتتە بىر ئۇيغۇرنىڭ يەنە بىر ئۇيغۇرنى تېپىپ كۆرۈشمىكى بەسى مۇشكۈل بولغان شارائىتتا ئۇ كىشىلەرنىڭ پەقەت ئىزلاش، پۈراش ۋە ماراش ماھارىتىگە تايىنىپ بۇ قەدەر خۇسۇسى مەلۇماتلارنى نەدىن تاپقانلىقىغا ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدۇ. مەن بۇنداق ئىشتانباغ تەنقىتچىلىكى ۋە ھەميان ئوبزورچىلىقىنى خىتايدا يۈرگەن بىر كېسەل كەيپىيات بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ چۈشىنىمەن.

بىر قىسىم ئۇيغۇرغا خىتايدا يۇقان بۇ كېسەل كەيپىياتنىڭ تارىخى بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خىتايدىكى كېسەل كەيپىيات 1958 - يىلدىن كېيىن سۈنئىي ئېغىرلاپ كەتكەن بولۇپ، كىشىلەرنىڭ قورسىقى تويمىغاننىڭ ئۈستىگە نورمال ئىنسانى مۇھەببەتمۇ چەكلىمە ئىچىگە ئېلىنغان. مۇھەببەت دېگەن سۆزنى تىلغا ئېلىشمۇ بۇرژازىيەچە ئىددىيە بولۇپ قالغان. ئۇيغۇر تىلىدىكى يار، نىگار، ئاشىق، مەشۇق دېگەن سۆزلەر بولغان ناخشىلارنىڭ ھەممىسى سېرىق ناخشا دېيىلىپ تەقىپلەنگەن. بۇنداق قورساق ئاچ، مۇھەببەت چەكلەنگەن ھالەت 1980 - يىللارغىچە 20 يىلدىن ئارتۇق داۋاملاشقان. نەتىجىدە كىشىلەرنىڭ ئىچىدا ئۇزاق مەزگىل بېقىسپ قالغان جىنسىي ئىستەك ۋە ماددىي ئاچلىق بىراقلا پارتىلاپ ئىشتانباغ ۋە ھەميانغا دۇم چۈشكەن بىر ھالەت مەيدانغا كەلگەن. خىتايدا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش سىياسىتى 30 يىلغا يېقىن داۋام قىلغانلىقى ئۈچۈن، جەمئىيەتتە ھەممە نەرسىنى ئىقتىسات بىلەن ئۆلچەيدىغان ھالەت شەكىللەنگەن. مەنىۋىي تۇرمۇشقا، تەنتەربىيە ۋە سەنئەتكە سېلىنىدىغان مەبلەغ ئازلاپ كەتكىنى ئۈچۈن كىنوخانىلار، سەنئەت ئۆمەكلىرى ۋە تەنھەرىكەت كۇلۇپلىرى تاقىلىپ كەتكەن. نەتىجىدە كىشىلەر ھوزۇر - ھالاۋەتنى ئىشتانباغدىن ئىزدىگەن، سورۇنلاردا سېرىق يۇمۇر ئومۇملاشقان. مۇھاجىرەتتىكى داۋاگەرلەرنىڭ خىزمىتىگە، ئىقتىدارىغا باھا بېرەلمەي ھەدېسە ئۇلارنىڭ خۇسۇسىي تۇرمۇشىغا ئارىلىشىپ پاھىشىۋاز ۋە خىيانەتچى دەپ ئەيىبلەش، خىتايدا ئەۋج ئالغان پۇلپەزلىك ۋە تامبالخۇمارلىقنىڭ كىشىلەرنىڭ ئىچىگە سىڭگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

قەستلەش دېگەندە مۇشۇ كۈنگىچە ئىمزالىق ھۆججەتچىلەرنىڭ بىرەر جىسمانى ھۆججەتنى تەشكىللىگىنىگە دائىر مەلۇمات يوق. پەقەت ئۇيغۇر داۋاسىدىكى بىر قوراللىق تەشكىلاتنىڭ پاكىستاندا ئىككى تەرەپ بولۇپ ئېتىشىپ كەتكەنلىكى، ئوتتۇرا ئاسىيادىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بىر ۋەقەنىڭ بولغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ. ئىمزالىق ۋە ئىمزاسىز ھۆججەتچىلارنىڭ تۈركىيەدە دەۋاگەرلەرنى ئاساسلىقى ئەتكەسچى گورۇھقا، جىنايەتكە، تېرورچى دېيىلىۋاتقان كىشىلەرگە چېتىپ قەستلەشكە ئۇرۇنۇش خاھىشى مەۋجۇت. مەسىلەن، تۈركىيەدە دەۋاگەرلەرنى فەتھۇللاھ گۈلەنگە چېتىپ قەستلەشكە ئۇرۇنۇش بىر قانچە نۆۋەت يۈز بەردى. بۇندىن كېيىنمۇ تۈركىيەدە

مۇشۇنداق ئىشلارنىڭ بولۇش ئېھتىماللىقى بار.

ئۇيغۇر دەۋاگەرلىرى ۋە سىياسىي ئاكتىپلارغا قىلىنىۋاتقان قايسى تۈردىكى ھۇجۇملار بولسۇن، مەيلى تەنقىت ئاتلىق ياكى رىۋايەت ئىسمىلىك بولسۇن مەزمۇنى بەلدىن تۆۋەن ئېھتىياجنى، رىۋايەتنى، خىيالنى تۇتقا قىلىپ مەيدانغا چىققانلىرى كۆپ. شۇڭا بۇنداق ھۇجۇملارغا بېلىدىن يۇقۇرىغا جايلاشقان بېشىنى كۆپرەك ئىشلىتىدىغان كىشىلەر ئېتىبار قىلىپ كەتمەيدۇ. بەزى ھۇجۇمچىلارنىڭ مەيدانى، پوزىتسىيەسى ۋە تاكتىكىلىرى خىتايلار بىلەن ئاجايىپ بىردەك. ھۇجۇم قىلىنغۇچىلارنى شۇلار تۈرۈۋاتقان دۆلەتنىڭ تېرورچى، قاتىل، بۆلگۈچى دەپ جازالىمىغانلىقى، خىتاي بۇ ھەقتە باغلاپ باغلام يالا تۆھمەتلەرنى ئەۋەتىپمۇ جىنايەت ئارتالمىغانلىقى ئۇلارنى قايىل قىلالمايدۇ. ھەتتا مەن شۇنداقلارنىڭ بەزىلىرىگە «شۇ قەدەر كۆپ پاكىتلار قولۇڭلاردا تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن شۇ تۈركىيە، گېرمانىيە ۋە كانادادا ياشاۋاتقان كىشىلەر ئۈستىدىن ئەرز قىلمايسىلەر؟» دەپ باقتىم. ئۇلار بۇ دۆلەتلەرنىڭ قانۇنىغا ئىشەنمەيدىكەن. مەنچە ئەڭ موھىم سەۋەب چويلىدا توختايدىغان پاكىت يوق، قانۇنغا ئەمەس ئۆزى پاكىت دەۋاتقان گەپلەرگە ئۆزىمۇ ئىشىنىپ بولالمىغان بولۇشى مۇمكىن.

مەنچە ھاياتنى بەلدىن تۆۋەن ئېھتىياج بىلەنلا ھەپىلىشىپ ئۆتكۈزىدىغان، دۇنيانى جىسمانىي ئېھتىياج تۇرۇتكىسىدە تەپەككۇر قىلىدىغان، ياخشىلىققا بولغان نەپرەتنى ئىلھام مەنبەسى قىلىپ ھۇجۇم يېزىۋاتقان ۋە سىندا سۆزلەۋاتقانلارغا سۈكۈت ۋە قانۇنىنىڭ جازاسى ئەڭ ياخشى جاۋاپ بولۇشى مۇمكىن. ئىمزاسىز ھۇجۇمچىلارنىڭ دەۋاتقان ئېغىز ئۆزىنىڭ بولغان سۆز جۈملىلەرنىڭ ئىگىسى باشقا، كاللا ئۆزىنىڭ بولغان بىلەن ئوي خەقنىڭ. شۇڭا كۆزلىرى يۈزلىرىدەكلا نىقاپلىق بولۇپ ھەقىقەتنى كۆرمەيدۇ، ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرى ئۆزى ئىشىنىشنى خالىغان سۆزلەردىن باشقىنى ئاڭلىمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

# پەلەستىنلىك ياشتىن ئالغان تەلىم

ئۇيغۇردا پەلەستىن دېگەن يەرنى، فاتاخ دېگەن تەشكىلاتنى ۋە ئەراپات دېگەن ئىسىمنى بىلمەيدىغان ئادەم يوق. بىز كىچىكىمىزدىن كوچىلاردا ياڭرايدىغان كارنايلاردا شۇ پەلەستىن، خاماس، فەتىھ، ئەراپات دېگەنلەرنى ئاڭلاپ چوڭ بولغان. مەن ئۇيغۇرچە ساۋادىم چىقىپ ئوقۇپ چىققان تۇنجى داستان مەرھۇم قۇربان باراتنىڭ پەلەستىن خەلقىگە بېغىشلاپ يازغان «يوقالماس پەلەستىن» دېگەن داستانى ئىدى. ئۇ يازغۇچىلار يېزىش ھوقۇقىغا ئېرىشكەن يىللاردا ئەڭ بۇرۇن يېزىلغان داستانلاردىن سانىلاتتى. ئۇيغۇردا ئەراپات دېگەن ئىسىم، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋە دادىسىنىڭ ئىسمىدىن قالسا ئەڭ كۆپ قويۇلىدىغان ئىسىمغا ئايلانغان، ھەتتا ئەراپاتنىڭ كەينىگە ئۇيغۇرنىڭ گۈلنى قوشۇپ قىزلارنى ئەراپاتگۈل دەپ ئاتاشمۇ بارلىققا كەلگەن. مەنچە ھەتتا پەلەستىنلىكلەرمۇ ئۆز ۋەتىنى ۋە ئەراپاتنى بىز قەدەر سۆيگەن بولۇشى ناتايىن.

2006 - يىلى ئەنقەرەدە بىر قېتىملىق «ئىسلامدا تىنچلىق، دۇنيادا تىنچلىق» تېمىسىدىكى ياشلار يىغىنىغا ئىشتىراك قىلدىم. يىغىندا پەلەستىن ۋەكىلىگە ئەڭ ئۇزۇن سۆزلەش پۇرسىتى بېرىلدى. مەن تىرىشىپ يۈرۈپ سۆزلەشكە زالدا ۋەدە ئالدىمىۇ سەھنىدە سۆز ئالالمىدىم. شۇنداقتىمۇ بۇ مېنىڭ ھاياتىمدا ئۇزۇم قوللاپ كەلگەن پەلەستىن ئازاتلىق ھەرىكىتىنىڭ پىداكارلىرىنى تۇنجى كۆرۈشۈم بولغاچقا ئۇلار بىلەن يۈز تۇرانە سۆھبەت قىلىشنىڭ ئامالىنى قىلدىم. يىغىن ئارىلىقىدا پەلەستىن ۋەكىللىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتۈم. ئۇلارنىڭ رەھبىرىگە «مەن ئۇيغۇر، بىزمۇ سىلەردەك ئېزىلىۋاتقان مۇسۇلمانلار. سىلەرنى يەھۇدىيلار بېسىۋالغان بولسا بىزنى ختاي بېسىۋالغان. بىز زۇلۇمغا قارشى سىلەر بىلەن بىللە، ھامان بىر كۈنى مەسجىدى ئاقسادا بىللە ناماز ئوقۇيمىز» دېگىنىم ئېسىمدە. ئەمما شۇنى كۈنى ھاياتىمدا ئەڭ خىجىل بولغان بىر كۈنۈم بولۇپ قالدى. ئۇ مېنى قۇچاقلىغاچ

كەينىمدىكى يەنە بىرى بىلەن چاخچاقلىشىپ گېپىمگە ئېرەن قىلمىدى. زالدا قاتارلىشىپ كۆرۈشۈاتقانلار قاتارىدا يا ئالدىمغا مېڭىشنى يا كەينىمگە يېنىشنى بىلمەي، چىقاي دېسەم ئاسمان ئېگىز، كىرىپ كېتەي دېسەم يەر قاتتىق شۇنداق بىر ئوسال ئەھۋالغا چۈشكەن ئىدىم. مېنى ئاتايىن ئۆزىگە تونۇشتۇرغان تۈرك بالىمۇ بەك تەڭقىس بولغان ئىدى. بەلكىم بىز قۇچاقلاشنىڭ مەنىسىنى بەك چوڭقۇر ئويلىغان بىلەن ئۇلارچە ھېچ گەپ ئەمەستۇ. بەلكىم ئۇلارنى مۇسۇلمانلار نەدە كۆرسە مەندەك ھاياجانلىق سۆزلەرنى قىلىپ قۇچاقلىغاچقا پەرۋايىغا كەلمىگەندۇ.

شۇ كۈنى ياتاققا قايتىپ ئويغا چۆمۈپ يېتىپ كەتتىم. مەن بېيجىڭغا ئوقۇشقا بارغاندا تونجى ئالغان شەخسنىڭ تەرجىمىھالىغا ئائىت كىتابنىڭ ئىسمى «ئەراپات» ئىدى. مەن 2005 - يىلنىڭ ئاخىرى تۈركىيەگە كەلگەن تونجى ھەپتىسى يېرىم كۈن ئىزدەپ ئاران تاپقان ئەلچىخانا پەلەستىننىڭ ئىدى. ئۇ يەردە ئىشىم يوق ئىدى. پەقەت پەلەستىن دېگەن دۆلەتنىڭ بايرىقىنى، شۇ بايراقنىڭ بىر دۆلەتكە سىموۋۇل بولۇپ كۆكتە مەغرۇر لەپىلدىگەن ھالىتىنى كۆرگىلى بارغان ئىدىم. تېخى شۇ كۈنكى يىغىندا سۆزۈمنى مەن ئۇيغۇردىكى «ھەر كىم ھەر نېمە دەيدۇ، دەرت كەلمەيدۇ بىلمەيدۇ» دېگەن قوشاق بىلەن ئاياقلاشتۇرۇپ پەلەستىنلىكلەرنىڭ ئۇيغۇرنى ئەڭ چۈشىنىدىغانلىقىنى تەكىتلىمەكچى ئىدىم.

شۇندىن كېيىن ھەر قېتىم پەلەستىن ھەققىدە پاراڭ بولغاندا شۇ مەنزىرە كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ. ئۇ كۈنى ھەشەمەتلىك زالدا، كاستيۇم بۇرۇلكىلارنى قاتۇرۇپ كىيگەن يىغىنغا يالقۇنلۇق نۇتۇقلار جان كىرگۈزگەن بىلەن تۈرك ياشلارنىڭ قاتارىدا ئۆزۈمنى تۆگىلەرنىڭ ئارىسىدىكى يېتىم ئوغلاقتەك شۈنچىلىق يات، ۋىجىك، زەيىپ ھېس قىلغان ئىدىم. يىغىندا مېنىڭ سۆزلىشىمگە يەتمەيدىغان ۋاقىت پەلەستىنلىك ياش رەھبەرگە كەڭرى بېرىلگەن ئىدى. پەلەستىنلىك رەھبەر ئۇيغۇرنىڭ دەردىدىن دوستىغا قىلىدىغان چاقچىقىنى مۇھىم بىلگەن ئىدى.

ھېلىمۇ كۆز ئالدىمدا، تېخى بايىلار ئاۋازلىرىنى تىترىتىپ دۇنيا مۇسۇلمانلىرىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ياردەم، دۇئا تەلەپ قىلغان، يەھۇدىيلارنىڭ زۇلمىدىن زارلاپ زالدىكەلەرنىڭ كۆزىنى ياشلىغان، ياشلارنى زۇلۇمغا قارشى سەپەرۋەرلىككە چاقىرغان بۇ رەھبەر ئۇيغۇر ئۇچراۋاتقان زۇلۇمنى ئاڭلاشقا قىزىقمىغان ئىدى. بۇ مەنزىرە ماڭا قېرىنداشلىقنىڭ ئائىلىگە، قانداقشىلىققا مەنسۇپ ئوقۇم بولۇپ مىللەتلەر ئارا مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى تونۇتتى. بۇ مەنزىرە ماڭا ئىسلام سىياسەتكە ئايلانسا، سىياسىي جەھەتتە كۈچسىز مۇسۇلمانىنىڭ ئېتىبارسىز قالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ ھال ماڭا مۇسۇلمانلىقنىڭ ھاياتتىكى گۈزەللىكىدىن زوقلىنىش بىلەن سىياسەتتىكى سۈيئىستېمالىغا غەزەپلىنىشنىڭ تەمىنى تېتىتتى. پەلەستىنلىك ياش ماڭا سىياسىينىڭ، مىللەت مەنپەئەتىنىڭ دىنى، قېرىنداشلىقى، ئادالىتى بولمايدىغانلىقى ھەققىدە ئۇنتۇلماس بىر تەلىم بەرگەن ئىدى.

## تاجاۋۇزچىنىڭ تىلى

قىزىم بىلەن قىزىرىشىپ قالدىم. سەۋەبى ئۇنىڭ مۇچنى ختايچە «لازا» دېيىشى بولدى. دەسلەپتە مۇنازىرە قىلدۇق. ئۇنىڭ دەلىلى كۈچلۈك، مەنتىقلىق كەلدى. ئۇنىڭچە كومپيۇتېر دېگەن سۆزنى ئېنگىلىزچە ئىشلەتسە ھېچنېمە بولمىغانلىقتەك مۇچنى ختايچە ئىشلەتسىمۇ كارايىتى چاغلىق ئىكەن.

- قىزىم ختاي تىلى دېگەن تاجاۋۇزچىنىڭ تىلى، مەن ئۇ زالىملارنىڭ ھېچ بىر نېمىسىنى ئۆيۈمدە كۆرۈشنى، ھېچ بىر سۆزىنى قىزىمدىن ئاڭلاشنى خالىمايمەن، - دېدىم چۈشەندۈرۈپ.

- دادا، ئۇنداقتا روس تىلى، ئېنگىلىز تىلىمۇ تاجاۋۇزچىنىڭ تىلى، ئەرەپ تىلىمۇ تارىختا تاجاۋۇزچىنىڭ تىلى بولغان، تۈركچىمۇ ياۋرۇپاغا قەدەر ھۇجۇم قىلىپ بارغان تاجاۋۇزچىلارنىڭ تىلى ئىدى. نېمىشقا بۇ تىللارنى چەكلىمەي ئائىلىمىزدە پەقەت ختايچىنى چەكلەيسەن؟

- قىزىم سەن دېگەن بۇ مىللەتلەرنىڭ ھېچ بىرى بىزگە تاجاۋۇز قىلغان ئەمەس، شۇڭا ئۇلارنىڭ تىلىنى تاجاۋۇزچىنىڭ تىلى دېگىلى بولمايدۇ! - دېدىم بىراز نېرۋام ئۆرلەپ، ئەمما دەپ بولۇپلا خاتا سۆزلىگىنىم ئېسىمگە كەلدى. قىزىم:

دادا، بىزگە تاجاۋۇز قىلمىسىلا تاجاۋۇزچى ئەمەس دەمدۇق؟ ئەرەپلەر ئوتتۇرا ئاسىياغا تاجاۋۇز قىلمىغانمۇ؟ سەن روسلار تۈرپانغا تاجاۋۇز قىلغاندا ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى قىلىچتا چاپقان دېمىگەنمىدىڭ، - دېدى جاۋاپلىشىپ.

قىزىم ئىبنى قۇتەيبىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا قىلغان ئۇرۇشى فەتھىنى مەقسەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلغان تاجاۋۇزچىلىق ئەمەس! - دەپ قويۇپ بالاغا قالدىم. مۇنازىرە مۇشۇ يەرگە كەلگەندە جىدەلگە ئايلاندى. ئۇ روسلارنىڭ ھۇجۇمىنى تاجاۋۇز، ئەرەبلەرنىڭ ھۇجۇمىنى فەتىھ دېيىشىمگە كۆزۈمگە مىقتەك قاراپ قارشى چىقتى. فەتىھ قىلىش بىلەن تاجاۋۇز قىلىشنى ھەرقانچە چۈشەندۈرسەممۇ ئېغىز غېرىچلاپ قوبۇل قىلمىدى.

مۇنازىرىدە دادىللىق ھوقۇقۇمنى پەش قىلىشىم ئۇنى ئۈمىتسىزلەندۈردى. قىزغىنلىق بىلەن باشلانغان تارتىشما باتناش بىلەن سوغا چىلاشتى، قىزىرىشىپ تەتۈر قارىشىپ بولدى قىلىشقان بولدۇق. ئۇنىڭ تۈركچە «دادا، بۇنداق مەنتىقسىز گەپ قىلىشتىن، فاشىستچە پىكىرلەردىن ۋاز كېچىشىڭ كېرەك» دېگەنلىرى خېلىغىچە ئۇۋغامنى قايناتتى. ئەسلى مەنتىقلىق گەپ قىلىش، ھەر ئىشتا ئىلىمگە ئاساسلىنىپ، تېگى - تەكتىنى بىلىپ سۆزلەش ھەققىدە قىزىمغا مەن ئۆگەتكەن ئىدىم. مانا ئەمدى ئۇ ماڭا مەنتىقە ئۆگىتىشكە باشلاپتۇ.

فاشىستچە پىكىرنىڭ نېمىلىكىنى 11 ياشلىق بىر قىزغا كىم ئۆگەتتى، بىر مىللەتكە ئۆچلۈك قىلىشنىڭ خاتالىقىنى كىم بىلدۈردى؟ ھەر بىر ئىنساننىڭ باراۋەر ئىكەنلىكى، بارلىق مەدەنىيەتلەرنىڭ قىممەتلىك ئىكەنلىكى، مىللەتلەرنىڭ تەڭ ياشاش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكى ھەققىدە قىزىمغا كىم تەلىم بەردى؟

قىزىمنىڭ دەرسلىك كىتاپلىرىغا قارىدىم. ئەسلىدە ئۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان «كىشىلىك ھوقۇق، دېموكراتىيە ۋە يۇرتداشلىق»، «دىن، مەدەنىيەت ۋە ئەخلاق» دېگەن كىتاپلىرىدا بىز تالاش - تارتىش قىلغان مەسىلە ئاللىقاچان سۆزلىنىپ بولغان ئىكەن.

بۇ مۇنازىرىدىن كېيىن ئويلىنىپ قالدىم. مەن ۋەتەندە ختاينى فاشىستلىقتا ئەيىبلىگەن، كومۇنىستىك پارتىيەنىڭ مۇستەبىتلىكىنى سۆككەن، ختاينىڭ ئاتالمىش سوتسىيالىستىك تۈزۈمىنىڭ ئەمەلىيەتتە ختاي مىللىتىنىڭ مەنپەتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇلغان دۆلەت كاپىتالىزمى ئىكەنلىكىنى، بۇ تۈزۈمنىڭ ئۇيغۇرغا باراۋەر

ھوقۇقى بەرمىگىنىنى تەنقىتلەپ يازغان ئىدىم. مەن ۋەتەندە فاشىستلىققا قارشى بىر ئادەم تۈركىيەگە كېلىپ قانداق بولۇپ ئۆز قىزىنىڭ فاشىستلىقتا ئەيىپلىشىگە دۇچ كەلدىم؟

قىزىم تۈركىيەدە ئوقۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن خىتاي تىلى بىر چەتئەل تىلى خالاس، ئەمما ماڭا بۇ تىل ئۇيغۇرنىڭ دىلىغا ئۇرۇلغان نەشتەر. توغرا، خىتاي مەدەنىيىتى خىتايلارنىڭ بايلىقى، خەزىنىسى ۋە خىتايلىق غۇرۇرىنىڭ مەنبەسى، ئەمما بۇ مەدەنىيەت ئۇيغۇرنىڭ مەدەنىيىتىنى يالماپ يۇتماقچى، ۋەھشى ئەجدەرھادەك غۇرۇرىمىزنى پايخان قىلماقچى. خىتايلارمۇ ئىنگلىز، تۈرك، ئەرەب ۋە روسلارغا ئوخشاش بىر مىللەت. ئەمما بۇ مىللەتنىڭ دىيارىمىزدىكى مەۋجۇتلۇقى ئۇيغۇرنى خاراپ قىلىش بەدىلىگە قوغدىلىۋاتىدۇ. قىزىم بۇلارنى چۈشىنىدۇ، ئەمما مەندەك ئازاپلانمايدۇ، بىلىش باشقا، ھېس قىلىپ تولغىنىش باشقا.

قىزىمغا خىتايلار تۈركىيە كوچىلىرىدىكى نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ بىرىدەكلا كۆرۈنىدۇ. ماڭا كوچىدىكى بىر خىتاي تۈرمىدە مېنى يالىڭاچلاپ، سەكرىتىپ تاماشا قىلغان خىتايلارنىڭ چىرايىنى ئەسلىتىپ يىرگىنىچلىك تۇيۇلىدۇ. ماڭا خىتاينىڭ تىلى مېنى ھاقارەت قىلغان گۇندىپاينىڭ زۇۋانىدەك سەت ئاڭلىنىدۇ. خىتاينىڭ چاغان ئۆتكۈزۈشلىرى ماڭا قاماقتا مەجبۇرى چاغانلىق ھەقسىز تاماق تارقاتقاندا يىگۈزۈۋەتكەن تۇگرىلەرنى ئەسلىتىدۇ. قىزىمغا بۇلارنى سۆزلەپ بەرگەن تەقدىردىمۇ بىر ھېكايەدەك بىلىنىدۇ. ئۇنىڭچە بۇنداق ئىشلار 40 - يىللاردا تۈركىيەدىمۇ بولغان ئىكەن.

قىزىمغا ئۇيغۇر كۆرۈۋاتقان ھازىرقى بۇ زۇلۇم بىلەن تۈركىيەدە تارىختا دىنىنى تەقىپ قىلىنىشى ئوتتۇرىسىدا ھېچ بىر ئوخشاشلىق يوقلىقىنى چۈشەندۈردۈم. ئەمما قىزىمنىمۇ توغرا چۈشەندىم. تۈركلەر ئۇيغۇر بۈگۈن كۆرۈۋاتقان زۇلۇمنى ئۆزلىرى ئەسكەرلەر ھاكىمىيەتكە چىقىۋالغان مەزگىلدە ئۇچرىغان زۇلۇمغا ئوخشىتىپ تەسەۋۋۇر قىلىشاتتى. قىزىم تۈركىيەدە ياشاۋاتقاچقا مەسىلىلەرنى مۇشۇنداق چۈشىنىشتىن

www.uyghurkitap.com

خالى بولالمايتتى. بايقىشىمچە تۈركىيەدە ئۇيغۇر ھەققىدە ھەر قانداق چۈشەنچە بىرىشمۇ بۇنداق ناتوغرا ئوخشىتىپ تەسەۋۋۇر قىلىشنى يوقۇتالمايدىكەن، ھەر قانداق پاكىت ئوخشىتىلغان كەچمىشنىڭ ئورنىنى باسالمايدىكەن.

شۇنى ئازاپ بىلەن ئېتىراپ قىشىم كېرەككى، قىزىمغا خىتايىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى ۋە تىلىمىزنىڭ يوقۇلۇش خەۋپىنى گەپ بىلەنلا چۈشەندۈرۈش ئاسان ئەمەس. دائىم تىرىشمىسام بۇ تىل ۋە ئۇيغۇرلۇق ئۇنىڭغا ئانچە مۇھىم بىلىنمەيدۇ، دەپ بەرسەممۇ ئۇنتۇپ قالىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ تەڭقۇرلىرى بىلەن سۆيىنىدىغان، قوغلىشىدىغان، ئىنتىلىدىغان تامامەن پەرقلىق بىر ھاياتى بار. ئۇ مىنىڭ ھاياتىمنىڭ داۋامى ئەمەس، ئۇنىڭ ئەسلىمىسىدە مىنىڭ پاجىئەلىك كەچمىشىمنىڭ سايىسى يوق، ئۇنىڭ كەلگۈسى مىنىڭ كېلەچەك ھەققىدىكى ئارزۇلىرىم ۋە خىياللىرىمنى خۇرۇچ قىلمايدۇ. مەن سۆيگەننى ئۇ سۆيمەيدۇ، مەن كۆيگەنگە ئۇ قىزىقمايدۇ. ھاياتىمغا ئەڭ چوڭقۇر تەسىر قىلغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە مەمتىلى ئەپەندىنىڭ شىئىرلىرى ۋە ئابلىمىت داموللامنىڭ تەبلىغلىرىنى قىزىم ئاڭلىمايدۇ. چۈنكى ئۇ تۈركىيەدە خىتايىنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچراپ باقمىغان، تىلى، مەدەنىيىتى ۋە غۇرۇرى دەپسەندە بولمىغان ساۋاقداشلىرى ئارىسىدا ياشايدۇ.

ئايالىمنىڭ دەپ بىرىشىچە، قىزىمغا ھاياتىم خىتايلارغا قارشى نەپرەت بىلەن تولغاندەك بىلىنىدىكەن. ئۇنىڭ ھاياتىغا سەپ سالدىم. ئۇ ئوقۇۋاتقان كىتاپ، كۆرۈۋاتقان كىنو، چېلىۋاتقان مۇزىكا، ئوقۇۋاتقان ناخشىلاردىن مەندىكى نەپرەتكە ئائىت ھىچ نەرسە تاپالمىدىم. ئۇنىڭ ھاياتى نارازىلىق، نەپرەت ۋە نىزادىن خالى رەڭلەر، تاۋۇشلار، ھەرىكەتلەر ۋە ئادەتلەر بىلەن لىقلىنىپ بولغان بولغاچقا، مەن سىڭدۈرمەكچى بولغان نەپرەتكە بوش يەر قالماپتۇ. بۇلارنى ئويلىغانچە بەزىدە قوبۇل قىلىشقا تىرىشىپ باقساممۇ بەزىدە بىئارام بولىمەن.

مۇنازىرىدىن كېيىن قىزىم بىلەن ئەپلىشىپ قالاي دەپ مۇڭدىشىپ قالدىم. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە مەنمۇ بەزىدە لازا، چەيزە، بەسەي دەپ تاشلايدىكەنمەن، ئەمما

خىتايغا ئائىت ھەممىنى رەت قىلىدىكەنمەن، خىتاي مىللىتىگە مەنسۇپ ھەممىگە نەپرەت بىلەن قارايدىكەنمەن. ئۇنىڭچە بىر تىلنى قوللانغۇچى زالىمنىڭ خاتالىقى تىلنىڭ خاتالىقى ئەمەس ئىكەن. تۈزۈم قىلىۋاتقان زۇلۇمنى شۇ مىللەتنىڭ بارلىق ئەزالىرىدىن كۆرۈش توغرا ئەمەس ئىكەن. بۇ «نەسىھەتلەر»نى ئاڭلاپ ئۆزۈم تەشۋىقاتنىڭ ئاسارىتىدە چوڭ بولغاچقا شۇئارنىڭ كۈچىگە زىيادە چوقۇنۇپ ئىلمىيلىككە ۋە لوگىكىغا دىققەت قىلمىغىنىمنى، قىزىمغا ئىددىيەۋى خىزمەت ئىشلەشكە بەكرەك بېرىلىپ ئۇنىڭ يېشى، مەلۇماتى ۋە مەكتەپتە ئىگىلىگەن بىلىملىرىگە سەل قارىغانلىقىمنى ھېس قىلىپ يەتتىم.

www.uyghurkitap.com

## تارىخ تەكرارلىنامدۇ؟

تارىختا بولغان قىزغىنلىق ئۇيغۇردا مىللىي ئاڭنىڭ كۈچەيگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. تارىخىي رومانلار بۇنداق قىزغىنلىقتا ئوت ياققان ئامىل. شۇڭا ئۇيغۇردا 1980-يىللاردىن كېيىن بارلىققا كەلگەن يىرىك ئەدەبىي ئەسەرلەر تارىخىي رومانلار بولۇپ قالدى. «قاينام ئۇركىشى»، «ئۇچمەس ئىزلار»، «ئىز»، «چالا تەگكەن ئوق»، «ئاخىرەتتىن كەلگەنلەر»، «ئىلى دولقۇنلىرى»، «ئويغانغان زېمىن» قاتارلىق بىر يۈرۈش رومانلار نەشىر قىلىنىپ تارىخنىڭ ئەڭ يېقىنقى ۋاراقلىرى ئالدى بىلەن ئوقۇرمەنلەرگە تەقدىم قىلىندى.

تارىخىي رومانلار 2000-يىللارغا بارغاندا كۆپىيىپ، ئۇيغۇر تارىخىنىڭ ھەر بىر باسقۇچلىرى ئاساسەن قەلەمگە ئېلىنىپ بولدى دېسەكمۇ بولىدۇ. بۇ يىللارنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى دىنىي مەزمۇندىكى ئەسەر ئوقۇش قىزغىنلىقىمۇ يۇقۇرى دولقۇن ياراتتى. ئۇيغۇر نەشرىياتچىلىقى گۈللەپ ياشنىغان بىر دەۋرگە قەدەم قويدى. ئۇيغۇرنىڭ تارىخىي ئەسەرلەرگە قىزىقىشى مىللەتتىكى ئويغىنىشنىڭ، مىللىي ئاڭدىكى يۈكسىلىشنىڭ بىر ئىپادىسى دېيىشكە بولىدۇ. دىنىي ئەسەرلەرگە بولغان ئىشتىياقىمۇ مىللەتتىكى ئۆز روھىيىتىگە چوڭقۇرلاش ئىستىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن.

تارىخ مىللەتنىڭ ئورتاق كەچمىشىنى يورىتىدۇ. ئۆزىنىڭ ئورتاق كەچمىشى بارلىقىغا ئىشەنگەن، ئورتاق ئەجدات چۈشەنچىسى بولغان، ئورتاق بىر ماكانىنى ۋەتەن تۇتقان، ئورتاق مەنئۇي بايلىققا ۋارىسلىق قىلىۋاتقان بىر توپ كىشىلەر بىر مىللەتنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ ئامىللارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىم بولغىنى ئورتاق ئەجداتتىن باشلانغان ئورتاق كەچۈرمىش.

ئۇيغۇرنىڭ ئەڭ بۇرۇن ئويغانغان زىيالىيلىرى مىللەتنى ئۆزىگە تونۇتۇش، ئويغىتىش ئۈچۈن تارىخنى پىششىق بىلگەن ۋە يازغان. مەسىلەن، تۇنجى بولۇپ ئۆزىگە ئۇيغۇر دېگەن سۆزنى تەخەللۇس قىلىپ ئىشلەتكەن نەزەرخوجا ئابدۇسەمەت 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا «تارانچى تۈركلىرىنىڭ تارىخى» دېگەن كىتابنى يازغان. ئۇيغۇر ھەققىدە يازغان باشقا ئەسەرلىرىنى «ئۇيغۇر بالاسى» دېگەن ئىسىمدا يازغان. ئۇيغۇر دېگەن ئىسىمنى ئومۇملاشتۇرۇشقا ئەڭ مۇھىم تۆھپە قوشقان ئابدۇللا روزىباقىيېۋمۇ ئۇيغۇر تارىخىغا پۇختا كىشى بولغان. بۈگۈنكى ئۇيغۇر زىيالىلار ئارىسىدىمۇ ئەڭ كۆپى يازغۇچىلار ئاندىن قالسا تارىخچىلار بولۇپ، بەزى ئەدىپلەرنىڭ تارىخى رومانلارنى يېزىشى ئۇيغۇرنىڭ ئورتاق كەچمىشىنى بەرپا قىلىپ ئورتاق غۇرۇر ۋە ئۇيۇشقان روھنى قوزغىتىش ئۈچۈن بولۇشى مۇمكىن.

تارىخقا بولغان قىزغىنلىق بىر مۇبارەك باشلىنىش، ئەمما تارىخ چاقپەلەكتەك ئايلىنىدۇ، پارلاق دەۋرىمىز مەلۇم ۋاقىتتا بىر قېتىم قايتىلىنىدۇ دەپ قاراش ئۆزىنى بەزلەشتىن باشقىغا يارىمايدۇ. تارىخنى ئۇلۇغلاش، تارىخقا مەستانە بولۇپ كېتىش بىزنى نۇرغۇن خاتا تونۇشلارغا باشلايدۇ. بۇندىن باشقا تارىخ ھەققىدىكى خاتالىقلارنىڭ تىزساق؛ تارىخنى غايىۋىيلەشتۈرۈش، تارىخ قارار قىلىدۇ دەپ قاراش، تارىخنىڭ قانۇنىيىتى بار ۋە شۇ قانۇنىيەت بويىچە تەكرارلىنىدۇ دېگەن قاراشلاردىن ئىبارەت.

تارىخنى غايىۋىيلەشتۈرۈش تارىخى شەخسلەرنى غايىۋىيلەشتۈرۈش، تارىخى دەۋرىنى غايىۋىيلەشتۈرۈش ۋە تارىختىكى ھاكىمىيەتلەرنى غايىۋىيلەشتۈرۈش دېگەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن. بىزدە ئەڭ كۆپ غايىۋىيلەشتۈرۈلگەن تارىخى دەۋر قاراخانىلار دەۋرى. ئەڭ كۆپ غايىۋىيلەشتۈرۈلگەن كىشىلەر يىراقتىن ئالساق مەھمۇت قەشقەرى، يېقىندىن قارىساق لوتپۇللا مۇتەللىپ. مەھمۇت قەشقەرى دېيىلسە تىلشۇناس، تارىخچى، مىللەتشۇناس، جۇغراپىيەچى، قامۇسچى ئالىم دېيىلىدۇ. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» دېگەن ئەسەرمۇ غايىۋىيلىشىپ بۈگۈنكى قامۇسقا تەڭلەشتۈرۈلىدۇ. 11 ـ ئەسىردە ئەرەب تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ سېلىشتۇرما

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

لوغىتىنى ئىشلىگەن، لوغەتكە كىرگۈزۈش يولى بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مىڭ يىل بۇرۇنقى ئۇتۇقلىرىنى خاتىرلىگەن ۋە بىزگە يەتكۈزۈپ بەرگەن بوۋىمىز مەھمۇت قەشقەرى ئۇلۇغ ئىنسان، ئەمما سۈپەتلەر تىلشۇناسلىقتىن ھالقىپ ئەينى چاغدا بىر ئىلىم بولۇپ شەكىللەنمىگەن مىللەتشۇناسلىق (مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى) ساھەسىگىمۇ كېڭىيىپ كەتسە مۇۋاپىق بولمايدۇ. لوتپۇللا مۇتەللىپ شائىر، دراماتورگ، ئەمما ئۇنى رەسسام، كومپوزىتور، ئاكتيور دېگەندەك مۇبالىغىلىك ناملاردا ئاتىساق غايىۋىيلەشتۈرۈۋەتكەن بولىمىز.

تارىخ قارارچىلىقى دېگەندە كىشىلەرنىڭ نۇتۇق، يازما ۋە پاراڭلىرىدا ئېقىپ يۈرگەن «تارىخ ئەڭ ئادىل باھا بەرگۈچى»، «تارىخ جازاسىنى بېرىدۇ»، «تارىخنىڭ ھۆكمىدىن ھېچ نەرسە قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ» دېگەندەك ئىپادىلەرنى مىسال قىلىش مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە تارىخ تارىخچىلارنىڭ تەتقىقاتى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ماددىي ئىسپات، ئارخولوگىيەلىك پاكىت، سېلىشتۇرۇپ تەھقىقلەنگەن يازما دەلىللەر بولماي تۇرۇپ يېزىلغانىنىڭ ھەممىنى تارىخ دەپ قوبۇل قىلغىلى تېخى بولمايدۇ. تارىخ ھېچقاچان بىر كۆرۈنمەس تارازا ياكى ھۆكۈمچى قىياپىتىدە مەۋجۇت ئەمەس. شۇڭا تارىخ بىر ھادىسىگە باھا بېرىش ئىمكانىغا ئىگە ئەمەس. تارىخ ھېچكىمنىڭ جازاسىنى بېرەلمەيدۇ. تارىخ ھېچقانداق بىر ئىشقا ھۆكۈم قىلىپمۇ بولالمايدۇ. تارىخ ئادىل باھاچى دېگەندە كىشىلەر دەۋر چەكلىمىلىكى، ھاكىمىيەتنىڭ يول قويماسلىقى ۋە بىلىمنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى سەۋەبلىك بەزى ھادىسىلەرگە دەل ۋاقتىدا ئادىل باھا بېرەلمەسلىكنى كۆزدە تۇتقان بولۇشى مۇمكىن. ھالبۇكى مۇنداق دېگەنلىك ھەممە نەرسىگە بولغان باھانى تارىخقا قالدۇرۇپ قوي دېگەنلىك ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە تارىخقا ئايلىنىپ بولغان بىر ھادىسىگە باھا بەرگەننىڭ ساۋاق ئېلىشتىن باشقا ئەھمىيىتى بولمايدۇ. بۇنداق نەق باھانى قويۇپ نىسى تارىخنىڭ باھاسىنى كۈتكەندىن دەل ۋاقتىدا، جايىدا، ئادىل باھانى بېرىپ ئاق قارىنى ئايرىش بەكرەك ئەقىلگە ئۇيغۇن.

تارىخنى مەلۇم قانۇنىيەت بويىچە تەكرارلىنىدۇ، ياكى تارىختىكى ھادىسىلەر

مەلۇم يىلنى دەۋر قىلىپ قايتا مەيدانغا چىقىدۇ دەپ قاراشمۇ ئىسپاتتىن ئۆتمىگەن كوچا پارىڭى. ئادەتتە مۇشۇنداق بىر قانۇنىيەتنىڭ بولۇشى ئارزۇ قىلىنغان بولغاچقا مۇنداق گەپلەر دېيىلىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن خىتاي تارىخچىلار ۋە ھۆكۈمالار ۋەتىنىمىز ھەققىدە «10 يىلدا بىر كىچىك توپىلاڭ، 30 يىلدا بىر چوڭ قوزغىلاڭ» بولىدىغان يەر دېيىشكەن. خىتاي ھۆكۈمىتى ھازىرمۇ ئۇيغۇر تارىخىدا بىرەر چوڭ ۋەقە يۈز بەرگەن كۈنلەرگە بەكمۇ سەزگۈر مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇپ، ئۇلار مەلۇم ۋەقەنىڭ 10 يىللىقى ياكى 30 يىللىقى بولغان ھامان جىددىيلىشىپ تىنتىشنى كۈچەيتىدۇ. بۇنداق ئون يىلدا بىر تەكرارلىنىش قانۇنىيىتى بىر تۇيغۇ بولۇپ 1949 - يىلدىن كېيىنكى ئۇيغۇر تارىخىغا نەزەر سالساق بۇنىڭغا چۈشمەيدىغان نۇرغۇن ۋەقەلەرنى ئۇچرىتىمىز.

ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر تارىخىدا يۈز بەرگەن بىر ۋەقەگە قانچە يىل بولغانلىقىنى تارىخچىلار ئەسكەرتمىسە، شۇ ۋەقەنى پەيدا قىلغانلارنىڭ ئەۋلادى بولغان ئاۋامنىڭ يادىغا يەتمەيدۇ. مەسىلەن، 2014 - يىلى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ تۇغۇلغانلىقىغا يۈز يىل تولغان يىل، لېكىن ھېچكىم خاتىرلەپ كەتمىدى. 2001 - يىلى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، مەمتىلى ئەپەندى ۋە مەمتىمىن بۇغرالار تۇغۇلغانىغا يۈز يىل بولغان يىل ئىدى. ئانچە چوڭ داغدۇغا بولۇپمۇ كەتمىدى. ياكى شۇ يىللاردا تۇغۇلغان باللاردا يۇقىرىقى ئۈچ كىشىنىڭ ئالاھىدىلىكى كۆرۈلمىدى. 1514 - يىلى سەئىدىيە خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن نەچچە قېتىم يۈز يىل ئۆتتى، ھېچ بىر سىياسى كۈچ شۇ يىلغا توغرا كېلىپ مەيدانغا چىقمىدى. 2014 - يىلى ھېچ كىمنىڭ ئېسىگە بۇ دۆلىتىمىزنىڭ 500 يىللىقىنى خاتىرلەش كەلمىدى. ئۇيغۇرلار دۆلەت قۇرغان ۋە دۆلەتسىز قالغان يىللار تالاي ئۆتتى، ئەمما تارىخ تەكرارلىنىپ ئۇيغۇرلارغا يېڭى بىر ئامەتنىڭ قارىسى كۆرۈنمىدى.

تارىخنىڭ مۇھىملىقىغا قىل سىغمايدۇ. ئەمما ئۇنىڭ مۇھىملىقى مەلۇم قانۇنىيەت بويىچە ھەرىكەت قىلىشى بىلەن ئۆلچەنمەيدۇ. شۇڭا تارىخ ھەققىدە يۇقىرىدا دېيىلگەندەك ئىلمىيلىكتىن يىراق قاراشلاردا ۋە چۈشەنچىلەردە بولۇش

خاتالىقتا سەۋەپ بولىدۇ. تارىخ بىر مىللەتنىڭ ئورتاق كەچمىشى بولغاندىن باشقا تەجرىبە مەنبەسى. ئەمما بۇ تەجرىبىنىڭ مۇتلەق ھەقىقەت دەپ قوبۇل قىلىنىشى توغرا ئەمەس. مەسىلەن، ئۇيغۇر تارىختا مانجۇلارنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغان. بىز بۇنى تەجرىبە - ساۋاق دەپ مانجۇلاردىن پەخەس بولۇشىمىزنىڭ ھېچ بىر ئەھمىيتى يوق. چۈنكى بۇ مىللەت تارىخ سەھنىسىدىن يوق بولۇش ئالدىدا. ئۇيغۇرلار تارىختا بۈگۈنكى ئافغانىستان ۋە پاكىستان تۇپراقلىرىدىن كەلگەن تاجاۋۇزغا ئۇچراپ باققان ئەمەس. يېقىنقى 400 يىلدىن بۇيان ئۇيغۇرنىڭ ئۇ تەرەپلەرگە تاجاۋۇز قىلغىنىغا دائىرمۇ مەلۇماتمۇ يوق. ئەمما بۈگۈنكى پاكىستان ۋە ئافغانىستان دائىرىلىرى ئۇيغۇرلارنى خىتايغا تۇتۇپ بېرىشتە ئاجايىپ ماسلىشىپ كېلىۋاتىدۇ. شۇڭا ماۋۇ مىللەت بىزدىن تارىخى ئۆچىنى ئېلىۋاتىدۇ. ئاۋۇ مىللەت ئەجداتلىرىمىزنىڭ قان قىساسىغا بوغۇلغان دېگەن گەپلەر كوچا پارىڭى بولسا بولىدۇ. ئەمما بىر مىللەتتىكى ئىلىم ئەھلىنىڭ دەرسلىرىدىن، كىتاپلىرىدىن ۋە نۇتۇقلىرىدىن ئورۇن ئالسا كۈلكىلىك بولىدۇ.

تارىخ ئۆتمۈشنى كۆرىدىغان ئەينەك بولسا بولىدۇ، ئەمما ئۇ رېئاللىقنى كۆزىتىدىغان كۆزەينەك بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. تارىخ بۈگۈنگە باھا بېرىدىغان ئۆلچەم ياكى كەلگۈسىگە ئېچىلغان كۆزنەك بولۇپ قالسا تېخىمۇ بولمايدۇ. تارىخ مىللەتكە خىتاينىڭ مەنتىقىسى بويىچە ھەدېسە ئۆتمۈشنى خاراپ كۆرسىتىپ بۈگۈنگە شۈكۈر قىلىشنى ئۆگەتمەسلىكى، شۇنداقلا ئەرەپنىڭ تەپەككۇرى بويىچە ئۆتمۈشنى غايىۋىلەشتۈرۈپ بۈگۈننى ئىنكار قىلماسلىقى كېرەك. تارىخ تۈركلەرگە مەغرۇرلۇقنى ئۆگەتكەن بولسا، ئۇيغۇرغا شۇ مەغرۇرلۇقنىڭ مەنبەسى بولغان تارىخنى زىنننەتلەش خاتالىقىدىن دەرس بېرىشى كېرەك. تارىخ مىللەتتە ئورتاق ئەجدات، ئورتاق كەچمىش ۋە ئورتاق ماكانغا مۇھەببەت ئويغىتىپ، ئورتاق ئازاپ ئۈچۈن يىغلاپ ئورتاق تەرەققىيات ئۈچۈن يەڭ شىمايلايدىغان جاسارەت، ئىشەنچ، چىدام، ئۈملۈك ۋە ئۈمىتۋارلىقنى ئاتا قىلىشى كېرەك.

## تارىختا ئۇيغۇرغا ئاتالغان بۇتخانا

ئۇيغۇرنىڭ تەقدىرى خان ۋە خوجاملار ئارىسىدا ئۆزگىرىپ تۇرغانغا مىڭ يىلدىن ئاشتى. سۇتۇق بۇغراخاندىن باشلاپ مۇسۇلمان خانلار ھاكىمىيەت سورىغان بولسا، مەخدۇم ئەزەمدىن باشلاپ روھانى خوجىلار ئىلاھىيەتكە دائىر ئىشلارغا يېتەكچىلىك قىلدى. شۇندىن كېيىن خانلار ھاكىمىيەتكە، خوجىلار ئىلاھىيەتكە ۋەكىل بولۇپ قالدى. خانلار ھاكىمىيەتنى ئەجداتتىن مىراس قالغان دەپ ھەقلىق كۆرسەتسە، خوجىلار نەسەبىنى پەيغەمبىرىمىزگە باغلاپ ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغان ۋە كىشىلەرنى ئەگەشتۈرگەن. خان-خوجا دېگەن ئىككى سۆز تارىختا ئۇيغۇرنىڭ تەقدىرنى بېكىتكەن ئىككى كۈچنىڭ يادنامىسى.

بۈگۈن ئۇيغۇرنىڭ جەنۇبى قانىتىدا خان خانىم-قىزلارنى، خوجا (غوجام) ئوغۇللارنى كۆرسىتىدىغان ھادىسىمۇ بار، بولۇپمۇ قەشقەر ۋە خوتەندە شۇنداق. كىچىلىكلەرنىڭ غوجام، ئاجىزەلەرنىڭ خان دېيىلىشى ئۇيغۇردا ئاتا مىراس خانلار بىلەن سىرىتتىن كەلگەن خوجىلارنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا قايسى تەرەپنىڭ ئاخىرى يېڭىپ چىققانلىقىدىن بىشارەت بېرىدۇ.

سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە دەسلەپ خانلار خوجىلارغا بەيئەت قىلىپ ئىلاھىيەتكە تەۋە ئىشلارنى شۇلارغا تاپشۇرغان. ئەمما خوجىلار كۈچى زورايغانچە ھاكىمىيەت ئۈستىدىن پەتىۋا پىچىشقا باشلىغان ۋە خانلىققا كۆز تىككەن. سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ خانلىرى خوجىلار گورۇھى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ھاكىمىيەتكە ئارىلاشقانىنى يەكلەپ ماسلاشقانىنى يۆلىگەن. ئەمما مىليۇنلىغان كىشىلەرنىڭ روھىغا قوماندانلىق قىلىۋاتقان بۇ خوجىلار تەبىقىسىنىڭ كۈچى، بىرەر باشلامچى بىلەن ئاجىزلىمىغان. خوجىلار بىلەن كۆرەشتە ھاكىمىيەتكە ۋەكىللىك قىلىۋاتقان خانلار تارمار بولۇپ، ئىلاھىيەتكە ۋەكىللىك قىلىۋاتقانلار تاشقى ياردەم بىلەن ھوقۇقنى تارتىۋالغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دىن داۋاسى قىلغان رىياكار خوجىلار ھاكىمىيەت تالىشىپ ئىككىگە بۆلۈنگەن ۋە ئۇيغۇرنى ئاق تاغلىق، قارا تاغلىق دەپ ئىككى سەپكە ئايرىپ 300 يىلغا يېقىن داۋاملاشقان ئىچكى ئۇرۇشقا سۆرەپ كىرگەن. ئۇيغۇردا خوجىلار ھاكىمىيەتنى ئالغاندىن كېيىنكى ئەھۋاللارنى يازغان موللا مۇسا سايرامى «تارىخى ھەمىدى» دېگەن كىتابىدا «خانلارنىڭ دۆلەت چىرىغى ئۆچكەن، قالماقلارنىڭ ياردىمى ئاستىدا خوجاملارنىڭ دۆلەت چىرىقى يانغان زاماندىن باشلاپ، بۇ خوجاملار بەزىدە تەرىقەتنىڭ زىكىر ۋە پىكىر يولى بىلەن ئىبادەت قىلىپ، ئاللاھتىن مەدەت تىلەشكە شۇغۇللانسا، بەزىدە ئەيش -ئىشرەت، نەغمە-ناۋا ۋە چاي بىلەن بەزمە قىلىپ نەپسكە بېرىلىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن پۇقرا ۋە خالايىقنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئالمايتتى...ئاتا-باللاردىن تارتىپ جايىنامازدىن قوپماي سەجدە ئىبادەت بىلەن ئۆمۈر ئۆتكۈزۈپ كەلگەن خوجاملار يۇرتدارلىق (ھاكىمىيەت) ئىشىدىن ۋە سىياسەت رەۋىشىدىن خەۋەرسىز ئىدى، شۇڭلاشقا پۇقرالارنىڭ ھالى خاراپ ۋە ۋەيرانچىلىققا يۈزلەندى. ھەتتا ئۇلار ئۆي - ماكانلىرىدا ئارام ئالالماي ۋە تۇرالماي جاڭگال جەزىرەلەرگە قېچىپ كېتىپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان دەرىجىگە يەتتى. كېچىلىرى مەخپىي ئۆيلىرىگە كىرىپ تاپقانلىرىنى غىزا تاماق قىلىپ يەپ، قازان تاۋاقلىرىنى ساقلىيالماي، بۇلاق ۋە چوڭقۇر يەرلەرگە تاشلاپ، ئەسلا كىشىگە كۆرۈنمەي جېنىنى ساقلايدىغان بولدى. يۇرتدارلىق ئىشلىرىدىن تاقەتلىرى تاق بولۇپ چىداشقىمۇ ھېچ دەرمانى قالمىدى» (130 - 131 - بەتلەر) دېگەن ھەسرەتلىك چىن قۇرلارنى يېزىپ قالدۇرغان.

كەلگۈندى خوجىلارنىڭ كاساپىتىدىن خانلارنىڭ نەسلى قۇرۇغان، خوجىلارنىڭ جەڭ-جېدەللىرى ئەۋج ئالغان 1820 - يىللارغا كەلگەندە، دىيارىمىزدىن ئالتە ياكى يەتتە كىشى «بىز بىر قانچە كىشى خانىنىڭ (چىڭ سۇلالىسى خانى) خىزمىتىگە بارساق، ئەرزىمىزنى ئېيتىپ چېرىك تەلەپ قىلساق، ئەگەر چېرىك بەرسە بىز شۇ ئىقلىمغا تەۋە بولۇپ يىراق-يېقىن دۈشمەنلەردىن قۇتۇلساق، بىر ئىقلىمغا تەۋە بولماي تۇرۇپ يۇرتىمىز ئاۋات، بالا-پەرزەنتلىرىمىز تىنچ-ئامان بولالمايدىكەن» دېگەن قارارغا كېلىپ كەشلىرىنى تەتۈر كېيىپ يولغا راۋان بولغان (131 - بەت).

بۇ كىشىلەر قوشۇن باشلاپ كېلىپ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ۋەتىنىمىزنى خوجىلار قولىدىن قايتا ئىستىلا قىلىشىغا سەۋەپ بولغان.

بۇ ئائىلە يەتتە كىشىنىڭ چىڭغا كۆرسەتكەن تۆھپىسى بەدىلىگە ئوردا ئۇلارنى ۋە جەمەتىدىن بولغان كىشىلەرنى يەتتە شەھەرگە ئەمەلدار قىلغان. كورلانىڭ ئۆششاقتال دېگەن يېرىگە ئۇلارغا ئاتاپ بىر بۇتخانا سېلىنغان. بۇ بۇتخانا شۇ چاغدا «ئۇلۇغ ئۆي» دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئىچىگە شۇ كىشىلەرنىڭ رەسىمى قويۇلغان. خىتايدىن مەنسەپكە تەيىنلەنگەن ھەر قانداق ئەمەلدار ياكى شۇ خىتايغا ئەگىشىپ ۋەتىنىمىزگە كەلگەن خىتايلار بۇ يەردە توختاپ بۇ ئائىلە ئۇيغۇرغا ئاتالغان بۇتخانىدا ئىبادەت قىلىپ، قەغەز كۆيدۈرۈپ ماڭىدىغان قائىدىنى بېكىتكەن. 1860 -يىللاردا بۇ بۇتخانا گۇم قىلىنغان. 14 -يىلدىن كېيىن چىڭ ھاكىمىيىتى دىيارىمىزنى قايتا بېسىۋالغاندا، بۇ كىشىلەرنىڭ ئەۋلاتلىرىنى تېپىپ ئۇلارغا ۋاڭ، گوڭ، بەيسې، بەيلى دېگەن ئەمەللەرنى بەرگەن. خەلق ئۇلارنى ۋاڭخوجام، گوڭخوجام دەپ ئاتاشقان.

ئۇيغۇرغا بېرىلگەن ئۇنۋان ۋاڭ خىتايچە شاھ دېگەن سۆز بولۇپ خىتاينىڭ نەزەرىدە ئۇلار پادىشاھ ئەمەس يەرلىك ھۆكۈمران ئىدى. بۇ سۆزنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا گاڭ بولۇپ ئۆزگەرگەن شەكلى ھازىرمۇ قومۇلدا قوللىنىلماقتا. دىققەتنى تارتىدىغان نوقتا خىتاي بەرگەن ۋاڭ (شاھ) دېگەن سۆزنىڭ دىنى تەبىقە ۋە دىندارلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان خوجا دېگەن سۆزگە قوشۇلۇپ كېتىشىدۇر. بۇ بىر سۆزنىڭ قوشۇلۇپ كېتىشى ئەمەس، خىتاي ۋەتىنىمىزدە يولغا قويغان ھاكىمىيەت بىلەن ئىلاھىيەت بىرلەشكەن تۈزۈمنىڭ سۆزدە ئەكس ئېتىشىدۇر. بۇ خىتاي بېكىتكەن ۋاڭلار بىلەن كەلگۈندى خوجىلار بىرلىشىپ، ئۇيغۇرلۇقنى ئۆخلىتىشتۇر.

تارىختا ئۇيغۇرنىڭ ھاكىمىيەتتىن مەھرۇم قېلىشى سۇتۇق بۇغراخاندىن باشلانغان خانلارنىڭ سەئىدىيە دۆلىتى دەۋرىدە ئورتا ئاسىيادىن كەلگەن خوجىلارغا بەيئەت قىلىشى نەتىجىسىدە ئوتتۇرىغا چىققان. دىني تەبىقە بىلەن ئۇيغۇر ھۆكۈمدارلار ئارىسىدىكى خان-خوجا زىددىيىتى پالاكەتنىڭ بېشىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خوجىلار خانلارنىڭ ئورۇقنى قۇرۇتۇپ ھاكىمىيەت سۈرگەن يىللاردا خەلق مەزھەپ قىرغىنچىلىقىدا قېلىپ ئارامچىلىققا ئېرىشەلمىگەن. بۇ ۋەزىيەتتە بۇرۇن ئەمەل تۇتۇپ، يۇرت سوراپ ئۆتكەن كىشىلەر ئۈمىتنى خىتايغا باغلاپ ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا سىغىنغان.

خىتاي ئۇيغۇرلارنى ئىستىلا قىلغاندىن كېيىن بىزنى دىن بىلەن ھاكىمىيەت بىرلەشكەن ۋاڭ-خوجالار نوپۇزى بىلەن باشقۇرغان. ۋاڭغوجاملارغا بېيجىڭدىكى خان سارىيى ئىچىگە ئايرىم ئوردا ۋە مەسچىت سېلىپ بەرگەن. شۇندىن كېيىن دىيارىمىزنى مۇسۇلمانلار يۇرتى، مىللىتىمىزنى سەللىلىك مۇسۇلمانلار دەپ ئاتىغان. ئۇيغۇرنىڭ ئورنىغا چەنتو (سەللىلىك مۇسۇلمان) دېگەن سۆزنى ئومۇملاشتۇرغان. ئۇيغۇر نامى ئۆچۈپ تۈرك سۆزى ساۋاتسىز، قالاق، ياۋايى دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ قالغان. موللا مۇسا سايرامىمۇ كىتابىدا خىتايغا بەيئەت قىلغان ئالتە كىشىنى تەنقىت قىلمىغان، پەقەت مۇسۇلمانلىق مەيدانىدا تۇرۇپ ئۇلارنىڭ نامىغا سېلىنغان بۇتخانىغا نەپرەت بىلدۈرگەن.

تارىختىكى خان-خوجا زىددىيىتى سەۋەپلىك ۋەيران بولغان مىللىي بىرلىك ۋە ئاخىرىدا مۇقىملاشقان ۋاڭخوجام، بەگخوجام ئەندىزىسى ئويلىنىشقا ئەرزىيدىغان ھادىسە. ۋاڭ خىتاينىڭ مۇستەملىكىچى ھاكىمىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرسە، خوجام دىنى سالاھىيەتنى بىلدۈرىدۇ. خوجىلارنىڭ خانلارنى يوق قىلىشى ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلۇقنىڭ تارمار قىلىنىشى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

دىققەت قىلىدىغان بولساق 1884 - يىلدىن كېيىن چىڭ سۇلالىسى ۋەتىنىمىزدە ئۆلكە تەسىس قىلىپ دىن بىلەن ھاكىمىيەتنى بىرلەشتۈرگەن. خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قويغان ئەمەلدارلىرى تۇڭگان ياكى تۇڭگانلار ئارىسىدا ياشىغان خىتايلاردىن بولغان ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىغا كەڭرى پۇرسەت يارىتىپ بەرگەن. بۇ ئارقىلىق خىتاي ئۇيغۇرلارنى بىز ئايرىم مىللەت ئەمەس پەقەت مۇسۇلمان، شۇڭا بىزنى مۇسۇلمان سوراۋاتىدۇ دېگەن تۇيغۇغا غەرىق قىلىپ مىللىي روھنى بىخۇتلاشتۇرغان.

دىن ۋە ھاكىمىيەت بىرلەشكەن، ئىلاھىيەت بىلەن سىياسەت بىر گەۋدە بولغان ۋاڭ-خوجا ئەندىزىسى ئاستىدا، ئۇيغۇر دېگەن نامنىڭ ئورنىغا مۇسۇلمان دېگەن نامنىڭ دەسسىتىلىشى تولىمۇ ئۇستىلىق بىلەن ئوينالغان ئويۇن. چۈنكى مىللەت بولغانىكەن ئورتاق تىلى، زېمىنى، تارىخى، ئۆرپ-ئادىتى ۋە ھاكىمىيىتى بولىدۇ. بۇنىڭ ئورنىغا مۇسۇلمان دېگەن سۆز ئالماشسا زېمىن، تىل، دۆلەت داۋاسى قالمايدۇ. چۈنكى دۇنيادا مۇسۇلمانلار زېمىنىنىڭ ھەممە يېرىگە تارالغان. مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىككە كەلگەن تىلى بولمايدۇ، بىر دۆلەتتە ياشىمىسىمۇ بولىدۇ، بىر زېمىنىنىڭ ۋارىسلىق ۋە مۈلۈك ھوقۇقىنى تالاشمىسىمۇ بولىدۇ. مۇسۇلمانلىق ئاتا - بوۋىلاردىن مىراس قالغان كىملىك بولمىغاچقا، ئۆزىنى پەقەت مۇسۇلمان دەپ قارايدىغان ئىنساندا ئەجدادتىن ئەۋلادقا داۋام قىلىدىغان ئورتاق تارىخ، ئورتاق ئادەت ۋە ئورتاق مىجەز خاراكتېرگە بولغان مىراسخورلۇق ۋە ئۇنى داۋام قىلىش ئىستىكىمۇ بولمايدۇ.

چىڭ سۇلالىسى ئۇيغۇردا ۋە تىبەتتە دىنى تەبىقىنى ھاكىمىيەتكە سۆرەپ كىرىش ئارقىلىق مىللىي ئاڭنى يوقاتقان، ئەمما موڭغۇللارنى ئۇنداق قىلالمىغان. شۇڭا چىڭ سۇلالىسى گۇمران بولغاندا، موڭغۇل ئاقسۆڭەكلەر دەرھال مۇستەقىللىق ئېلان قىلىپ مىللىي دۆلەت قۇرغان، ئۇيغۇر ۋە تىبەتلەر بۇنداق تېپىلغۇسىز بىر تارىخى پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويغان.

چىڭ خاندانلىقى خىتاي ھاكىمىيىتى تارىختا بىر قېتىم ئۆزىگە تەسلىم بولغان ئۇيغۇر بەيئەتچىلەرگە ئاتاپ بۇتخانا سېلىپ خاتالاشقان. ئۇلار ۋەتىنىمىزگە يەرلىشىپ ئۇيغۇرلارنىڭ دىنى ھېسسىياتىنى چۈشەنگەن ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىن ۋاقىپلانغاندىن كېيىن، تەدرىجى ئويۇن ئويناپ ھەيۋەتلىك بۇتخانىلار بار بېيجىڭغا، ھەتتا گۇگۇڭ دېيىلىدىغان خان سارىيىغا ئۇيغۇر ۋاڭخوجاملار ئۈچۈن مەسچىت سالغان. ئۇلار ئۇيغۇردىكى بەيئەتچىلەر بىلەن دىندار تەبىقىنى ھاكىمىيەتكە چىقىرىپ ۋاڭخوجام، بەگخوجام ئەندىزىسى بويىچە ئۇيغۇرنىڭ دىندارلىقىنى يۈكسەلتىپ مىللىي ئېڭىنى سۇسلاتقان. كىشىلەرنىڭ زېمىنغا بولغان مىراسخورلۇق تۇيغۇسى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئورتاق تىلغا بولغان ھەقدارلىقى ۋە مىللىي مەنپەئەتكە بولغان پىداكارلىق روھى سۇسلاپ، ئۇيغۇر دېگەن نام پەقەت گەنسۇدىكى سېرىق ئۇيغۇرلاردا ساقلىنىپ قالغان. نەتىجىدە 1912 -يىلى چىڭ سۇلالىسى ۋەيران بولۇپ خىتايدا مەركىزىي ھاكىمىيەت قالمىغاندىمۇ، ئۇيغۇر ۋائىخوجاملار سۇلالە تامغىسىنى تاكى 1931 -يىللارغىچە ئىشلىتىپ كەلگەن.

## تونۇگۈنكى ۋە بۈگۈنكى قەھرىمانلىق

ئۇيغۇرنىڭ قەدىمكى تەۋەررۈك تۇپراقلىرىدىن بولغان ئىلى دىيارى باتۇرلارنىڭ بۆشۈكى. يۈز يىلغا يېتىمگەن ۋاقىتتا بۇ دىياردا يۈز بەرگەن ئىككى قېتىملىق قوزغىلاڭ تىلغا ئېلىنسا ئىككى باتۇرنىڭ ئىسمى تەڭلا زىكىر قىلىنىدۇ. سادىر پالۋان ئىلىدا سۇلتانلىق قۇرۇش ئۇچۇن ئات چاپقان بولسا، غېنى باتۇر ئۇيغۇرغا جۇمھۇرىيەت قۇرۇش يولىدا قان تۆككەن. ئۇرۇش مەيدانىدىن ئىلىم سەيناسىغا، سەنئەت سەھنىسىگە ۋە توپ مەيدانىغا كۆچكەن، قورال ئاپتوماتتىن بىلىمگە، كومپيۇتىرغا ۋە كىتابقا ئۆزگەرگەن بۈگۈنكى دەۋردە بىزگە غېنى باتۇر بەكرەك كېرەكمۇ ياكى سادىر پالۋانمۇ؟ دېگەن سوئال پات-پات ئېسىمگە كېلىپ قالىدۇ. يەنە بەزىدە بۇ ئىككى باتۇر بىر دەۋردە ياشاپ قالغان بولسا قانداق بولار ئىدى؟ دېگەن غەلىتە خىياللارغا كېلىپ قالىمەن.

بۈگۈنكى ئۇيغۇرلاردا ئىلى سۇلتانلىقى ھەققىدە بىلىدىغان چوڭلارمۇ ئانچە كۆپ بولمىسا كېرەك، ئەمما سادىر پالۋاننى بىلىدىغان چوڭلارلا ئەمەس باللارمۇ خېلى كۆپ. سادىر پالۋان ھەققىدىكى قوشاقلارلا ئەمەس ناخشىلارمۇ ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ قۇلاقلىرىغا «سەن كىمنىڭ ئەۋلادى، ئۇيلىساڭچۇ!» دەپ ئاچچىق نىدا قىلىدۇ. مانا بۇ ناخشىنىڭ، سەنئەتنىڭ كۈچى. ئەدەبىيات-سەنئەت ئارقىلىق تېرىلگەن قەھرىمانلار سادىردەك ئۆلمەس بولىدۇ. ناخشا - قوشاقلاردا ياشاۋاتقان ئونبەش ياشتا باتۇر ئاتالغان سادىرنىڭ روھى ھەققانىيەت مەيدانىدىن قېچىپ خىلۋەتنى ماكان تۇتقان، 15 ياشقا نەچچە كىرىپمۇ باتۇر ئەمەس ئادەم بولالمىغان بۈگۈنكى كىشىلەرنىڭ ئەرۋاھىنى ئۇچۇرىدۇ، يۈزىنى قىزارتىدۇ.

سادىر پالۋان ھەققىدە ئۇيغۇردا بىر قانچە قوشاق ۋە ھېكايە كىتاپلار يېزىلغاندىن باشقا مەخسۇس بىر رومان يېزىلغان. تېيىپجان ھادىنىڭ «پالۋان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كەلدى» دېگەن ھېكايىسىدە سادىر قورقۇمسىزلىق، پاراسەت ۋە سەمىمىيەتنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن بىر قەھرىمان بولۇپ كۆز ئالدىمىزدا زاھىر بولىدۇ. «سادىر يولى» ناملىق رومانىدا سادىرنىڭ ئاددىيلىق ئىچىدىكى پىداكارلىقى، ھەققانىيەتچى روھى ۋە سەمىمى، ئاقكۆڭۈل خىسلىتى يورۇتۇلىدۇ. بۇ ئەسەرلەردە سادىر پالۋان جەڭلەردىكى شۇنچە پىداكارلىقى، ماھارىتى ۋە باشلامچىلىقى بەدىلىگە ھوقۇق، پايدا ۋە ھوزۇر تاماسىدا بولماي دۈشمەن يوقالغاندا ئىتىز بېشىغا قايتىپ كەتكەنلىكى يېزىلىدۇ.

رەھمەتلىك ئۇستاز زوردۇن سابىر «ئانا يۇرت» رومانىدا غېنى باتۇرنىڭ ئۆزىنى سادىر پالۋانغا سېلىشتۇرۇپ ئۇنى «سادىر قاڭرۇق» دەپ ئاتايدىغانلىقىنى يازىدۇ. مەنمۇ بەزەن ئىككى باتۇرنى سېلىشتۇرۇپ قالىمەن. ماڭا سادىر پالۋاننىڭ ئېلى سۇلتانلىقى قۇرۇلۇپ قوزغىلاڭ غەلىبە قىلغاندىن كېيىن يۇرتىغا قايتىپ ئاددىي دېھقانلىقنى تاللىغىنى يارايدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە «ئانا يۇرت» رومانىدا نىلقىدا ئىنقىلاپنى باشلىغان غېنى باتۇر بىلەن پاتىخ باتۇرلارنىڭ «ئۇرۇشنى بىز قىلساق مېۋىسى خەقنىڭ بولدى» دېگەن مەنىدىكى قاقشاشلىرى ئۇلارنىڭ باتۇرلۇقىغا كۆلەڭگە چۈشۈرىدۇ.

«ئانا يۇرت» رومانىدا يېزىلىشىچە غېنى باتۇر ئىنقىلاپ غەلىبىسىدىن كېيىن ھەربىي سوتنىڭ باشلىقى بولغان ئىكەن. زوردۇن سابىر ئۇنىڭ سوتلاردا قانۇننى قانداق ئىجرا قىلىپ ئادالەتنى قانداق قوغدىغانلىقىنى يازمىغان، ئەكسىچە سورۇنلاردا، تويلاردا سۈرگەن راھەت - پاراغەتلىرى ۋە بەزىدە چەككەن ھەسرەت، نادامەتلىرىنى يازغان. شۇ چاغدا ئەمەلىيەت شۇ بولسا كېرەك. ئۆمرىدە مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن بىر ئادەمنىڭ ساقچى، تەپتىش ۋە سوت ئارىسىدىكى خىزمەت تەقسىماتى ۋە نازارەتچىلىكنى توغرا چۈشىنىپ مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلالىشى ئاسان ئەمەس. شۇڭا «ئانا يۇرت»تا يېزىلغىنى ئۇنىڭ سوتتىكى ئادالىتى ئەمەس، جەڭلەر ۋە تويلاردىكى كارامىتى بولۇشى مۇمكىن.

سادىر پالۋان قاتناشقان ئىنقىلاپنىڭ ئاخىرى تۇمەنلىگەن ئۇيغۇرنىڭ ئانا ۋەتەننى تەرك ئېتىشى بىلەن نەتىجىلەنگەن بولسا، غېنى باتۇرمۇ ئۆزى قان تۆكۈپ ئالغان مېھرى ئىسسىق تۇپراقلاردىن ياش تۆكۈپ تۇرۇپ ئايرىلغان. شۇ چاغدا ۋەتەننى تەرك ئەتكەنلەرنى 60 مىڭدىن ئارتۇق دېيىشىدۇ. ھالبۇكى، كومپارتىيەنىڭ تەسەررۇپىدا قالغان 69 يىلدا ئۇلار ئۆزى كەتكەن بىلەن بىزگە قالغان «قەھرىمانلىق» قەلبلەردە كۆكلەپ كېيىنكىلەرگە تىز پۈكمەس بىر روھنى سىڭدۈردى. لېكىن، ئەپسۇسلۇق ئىچىدە شۇنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، بۈگۈنكى ئەۋلات سادىر پالۋان ۋە غېنى باتۇرلار ئېرىشكەن ئۇتۇقتىنلا ئەمەس، ئۇلار قان تۆككەن تۇپراقتىنمۇ بارغانچە ئۇزاقلىشىپ غايىپ بولماقتا.

بۈگۈنكى دەۋردە قەھرىمانلىق تىلغا ئېلىنسا ئۇقلارنىڭ تاتاتلىغان ئاۋازىنىلا ئەسكە ئېلىش ىبھاجەت. كېسەللىك، نادانلىق، نامراتلىق، ئادالەتسىزلىك، تەڭسىزلىك، مۇستەبىتلىك، نەپسانىيەتچىلىك دېگەندەك رەقىپلەرگە قارشى تەنتەربىيە، مۇزىكا، ئىلىم، ئىمان ۋە سەنئەت قاتارلىق قوراللار بىلەن كۆرەشكە ئاتلىنىشمۇ باتۇرلۇق، پىداكارلىق، قەھرىمانلىق تەلەپ قىلىدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق ئارزۇسى بولغان كىشىلىك ھوقۇق، ئەركىنلىك، ئادالەت ۋە ھەق ئۈچۈن قىلىنىۋاتقان كۆرەشكە شاھىتلىق قىلىش ئۈچۈنمۇ شېھىتلىك روھى ۋە باتۇرلۇق جاسارىتى كېرەك بولىدۇ. قۇرئاندا شېھىت سۆزى بىلەن شاھىت سۆزىنىڭ تومۇرى بىر بولۇپ، ھەقنى تونۇغان بىر مۇسۇلمانغا يا ھەقنى سۆزلەش، ھەقىقەتكە شاھىت بولۇش ياكى شېھىت بولۇشتا ئىككىلىنىش بولمايدۇ.

بۈگۈنكى بۇنداق پورۇخسىز جەڭدە لازىم بولىدىغىنى پەقەت ساۋاتسىز غېنى باتۇرلا ئەمەس، دۇشمەننى ھەم قىلىچ ھەمدە قىچىتەك سۆزلىرى بىلەن مات قىلغان سادىر پالۋانلار بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ جەڭ مەيدانىدا قورال تۇتۇپ ئۇرۇشتىن كېيىن كەتمەننى قولىغا ئالغان مىننەتسىز روھى تېخىمۇ ئۈلگىلىك. بۈگۈنكى ھەققانىيەت ئۈچۈن كۆرەشتە سادىردەك جان تىكىپ كۆرەش قىلىدىغان، ئەمما غەلىبىدىن بۇرۇن ۋە كېيىن ئەمەل تۇتۇشنى رەت قىلىدىغانلار بەكرەك مۇھىم.

چۈنكى سىز توپ مەيدانىدا كارامەت ھۆججۈمچى بولۇشىڭىز مۇمكىن، ئەمما كوماندا باشلىقى بولالمايسىز. چۈنكى بۇگۈنكى ملتىقسىز جەڭدە كوماندا مەشقاۋۇلى مەيدانغا چۈشمەيدۇ. بۇگۈنكى جەڭدە- مۇسابىقىدە ھۆججۈمچى ھەر قانچە كۆپ توپ كىرگۈزسىمۇ مەشقاۋۇل بولۇشنى تالاشمايدۇ. ھۆججۈمچىنىڭ غەلبەسى مەشقاۋۇل بولغانلىق بىلەن نامايەن بولمايدۇ. شۇڭا بۇ پورۇقسىز جەڭگە تەييارلانغان بۈگۈنكى ئۈيغۇر دائىم ئالقىشلىق ئاتامان بولۇشنى ئەمەس، بەلكى ئۈنسىز پىداكار بولۇشنى؛ قورالنىڭ سۈرىدىن باشقا سۆزنىڭ كۈچىگە، ئوقنىڭ قۇدرىتىگىلا ئەمەس، بىلىمنىڭ خورىماس قۇۋۋىتىگىمۇ ئىشەنگىنى ئەۋزەل.

## دىندارلىق خوجايىنلىقمۇ؟

2013 -يىلى 14 -ئاۋغۇست كۈنى بىر دوستۇم سائەت 10دىن ئاشقاندا تۇيۇقسىز چاقىرتىپتۇ. ئىككى كۈن ئىلگىرى ئۇ شىرىكلىكتىن چېكىنگەن ئىدى. بىز قەشقەردە قۇرۇلدىغان يەسلى ئۈچۈن بىرەر يىلغا يېقىن مەسلىھەتلەشكەن ئىدۇق. شۇ يىلى رامىزاندا ھاۋا ئىسسىپ كەتكەن بولۇپ ئۆرە يۇرسە پۇت، ياتسا دۈمبە تەرلەيتتى. ئىككىمىز شۇ ئىسسىققا قارىماي تاشلىنىپ قالغان بىر مەكتەپنى باللارنىڭ باغچىسى قىلىپ ئۆزگەرتكەن ئىدۇق. ئەپسۇس، ئۇ دوستىمىز بۇ ئىشتىن يالتىيىپ قالدى. سەۋەبىنى «ئانام ئۇنىمىدى» دېگەن بولدى. مەنمۇ بىلگەچ كوچلاپ سورىمىغان بولدۇم.

ماشىنىدا تېلېفونلار ئېتىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ: «ئابدۇۋەلى، سىلىگە راست گەپنى قىلماي كۆڭلۈم ئۇنىمىدى. سىلىنىڭ كەينىلىرىگە ساقچى چۈشۈپتۇ. شۇڭا مەن چېكىنىپ تۇرۇشنى توغرا تاپتىم» دېدى. بۇ گەپنى بۇرۇنلا پەرەز قىلغىنىم ئۈچۈن ھەيران قالمىدىم. ئۇنىڭ قالغان تەسەللىي ۋە مەدەتلىرى ئېسىمدە يوق، پەقەت «سىلىدىن بىر ئىشنى ئۆتۈنگەن بولاي، بۇندىن كېيىن دىنغا ياتىدىغان تېمىلاردا يازمىغان بولسىلا، بەزىلەر بۇ دىنىنىڭ ئىگىسى بىز، ئابدۇۋەلى ئارىلاشمىسۇن دەپ بەك نارازىكەن» دېگىنى ئېغىر كەلدى. تۇتقۇن چاغلاردا «بۇ دىنىنىڭ ئىگىسى بىز» دېگەنگە مەنداش جۈملە سوراقتا دائىم قايتىلاندى.

زالىملار ھامان قول سالاتتى. مەن پەقەت ئۇلارنىڭ قاچان ھەرىكەتكە ئۆتۈشىدىن بىخەۋەر ئىدىم. ئۇلارنىڭ پات ئىزدەشلىرى ۋە سۆھبەت خاتىرىسى ئالغان بولۇپ، ئۇنى بۇنى سوراشلىرى مېنىڭ بۇ مىللەتكە قانداق كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقىم ۋە نېمىلەرنى قىلىۋاتقانلىقىمنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن ئىدى. ئۇلار ماڭا ھەر قېتىم «بۇ مىللەتنىڭ ئىگىسى بىز، سەن غېمىنى قىلمەن دەپ چاتاق چىقارما» دېگەن

مەندە ئاگاھلاندۇرۇش بېرەتتى. مەن زالىم قىلغان بۇ تەھدىتلەرنى نورمال ھېس قىلغان بىلەن، قېرىنداشلىرىمنىڭ «بۇ دىنىنىڭ ئىگىسى بىز، ئارىلاشما» دېيىشلىرىگە ھەيران ئىدىم.

ماڭا «دىنىنىڭ ئىگىسى بىز» دېگەن گەپ بىر ئىخلاسمەن مۇسۇلماننىڭ ئاغزىدىن ئەمەس، بىر تەكەببۇر باينىڭ، ياكى قاپقى يامان خوجىدارنىڭ ئاغزىدىن چىققۇاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇيغۇر تىلىدا بىر كىشىنىڭ ئۆزىنى «بىز» دەپ سۆزلىشىدە ئېنىق بىر كىبىر ئەلەڭگىيتتى. بۇنداق ئىگىدارلىق تەلەپپۇزىدا سۆزلەشنىڭ كەينىگە قورۇقچىلىق يوشۇرۇنغان ئىدى.

دىنىنىڭ ئىگىسى دىنىمىزنى پۈتۈن قىلغان، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئاخىرقى پەيغەمبەر قىلىپ تاللىغان ئاللاھ بولماي، قانداقسىگە ئىنسان بولۇپ قالدى؟ ئاللاھقا تەۋە، ئىنساننىڭ قەلبىگە تەئەللۇق دىنغا خۇددى يېنىدىكى پۇلغا، بېغىدىكى ئالمىغا ئوخشاش ئىگىدارلىق تۇيغۇسىدا گەپ قىلىدىغان، بىرسى ئوغۇرلاپ كېتىدىغاندەك قورۇيدىغان كىشىلەرگە گەپتە تەڭ كەلگىلى بولمايدۇ. چۈنكى بۇ دۇنيادىكى تالىشىدىغان نەرسە قانچە كۆپ، مۇرەككەپ بولسا زىددىيەت شۇنچە ئۆتكۈر بولىدۇ.

«دىنىنىڭ ئىگىسى بىز» دېگەن سۆزدە دىننى ھەممىگە ھۆكۈمران قىلىۋالغان ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياۋروپا روھانىيلىرىنىڭ پۇرىقى بار. ئۇلار ئاللاھ بىلەن ئىنسان ئارىسىغا ئۆزىنى ۋاستىچى قىلىپ كۆرسىتىپ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ساھەسىنى مونوپول قىلغان. نەتىجىدە ئۇلار بۇ ساھەلەردىكى زۇلۇمدىن تويغان كىشىلەرنىڭ بارغانچە دىندىن يىراقلىشىپ كېتىشىگە يول ئاچقان ئىدى. ئەگەر بىرىنىنى دىندارلار ئوتتا كۆيدۈرمىگەن بولسا، كىشىلەر خىرىستىيان دىنىنى پەنگە قارشى دەپ نەپرەت بىلدۈرەرمىدى؟ كوپىرنىك يەر قۇياشنى ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلىدۇ، دېسە پوپلار چۈشىنەلمىگەنلىكى ئۈچۈنلا دىنغا قارشى دەپ پەتىۋا كەسمەي، بۇنى بىر تەبىئەت قانۇنىيىتىنىڭ بايقىلىشى ئىكەن، دەپ نورمال قوبۇل قىلغان

بولسا ئىدى، پوپلار كىشىلەرنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ قالمايتتى.

«دىنىنىڭ ئىگىسى بىز» دېيىلگىنى خاتالارغا قاراپ ئېلىنغان بىرىنچى قەدەم. ئىككىنچى قەدەم «ئاللاھنىڭ دىنىنى ئۈستۈن قىلىمىز» دېگەن باھانىدە ئۆزىنى ۋە ئۆزى توغرا دەپ ئۆگەنگەن چۈشەنچىنى ئۈستۈن ئورۇنغا چىقىرىش تەشنالىقىدۇر. بۇ خىيالدىكىلەر دىنغا مەنسۇپ بولغان ياكى بولمىغان ھەممە نەرسىگە دىنىي رامكا بەلگىلەپ، ئۆز چۈشەنچىسى بويىچە ھۆكۈم چىقىرىپ چاتاق چىققاندا، كىشىلەرنى چاتاق رامكىدىن ئەمەس دىندىن چىققاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ.

ئەلۋەتتە، «بۇ دىنىنىڭ ئىگىسى بىز» دەپ ئۆزىنى دىنىنىڭ خوجايىنى كۆرسەتكەنلەر ئىنسانلارغا دىنىنى سەت كۆرسىتىش ئۈچۈن قەستەن مەيدانغا چىقمايدۇ. مەسىلەن، ياۋرۇپا روھانىلىرىمۇ بىرونى قوياش مەركەز تەلىماتىنى ياقىلىغىنى ئۈچۈن ئوتتا كۆيدۈرگەندە «دىنىنى سەت كۆرسىتەيلى» دېمىگەن. پەقەت قۇياش مەركەز تەلىماتىنى چۈشەنمەستىن ئۇنى ياقىلاشنى دىنغا قارشى تۇرغانلىق دەپ بىلىپ قالغان. ئۇلار ھەرگىزمۇ «بىز پەنگە قارشى، شۇڭا بىرونىنى ئوتقا تاشلىدۇق» دېگەن ئەمەس. ئەمما ئۇلار ئۆزىنى دىنىنىڭ ئىگىسى دەپ جاكارلىغىنى ئۈچۈن، ئۇلار چىقارغان پەنگە قارشى پەتىۋالارنىڭ خاتالىقى كىشىلەرگە دىنىنىڭ خاتالىقىدەك كۆرۈنگەن. تەبىئىيكى، خاتالىقلارنىڭ يۈز بېرىشى ئۈچۈن مەقسەتنىڭ رەزىل بولۇشى شەرت ئەمەس، قوللانغان ئۇسۇل، تۇتقان يولنىڭ نامۇۋاپىق بولۇشى نەتىجىنىڭ خاتا بولۇشىغا يېتىپ ئاشىدۇ.

«دىنىنىڭ ئىگىسى بىز» دەۋاتقانلار تەھقىقكى خاتالاشقانلاردۇر. ئىسلام دىنىنىڭ ئىگىسى ئۆزىنى بىز دەۋاتقان بىر كىشى ياكى كىشىلەر ئەمەس، بەلكى ئاللاھتۇر. چۈنكى سۈرە فاتىھەنى ئوقۇساق، ئاللاھ دىنىنىڭ ئىگىسى يەنى «مالىكى ياۋمىددىن»دۇر. بۇ يەردە مالىك دېگەن ئىگە. ياۋم دېگەن كۈن، دىن دېگىنىمىز ماۋزۇيىمىزدىكى دىندۇر. ئۇيغۇر تىلىدا قىلىنغان تەرجىمىدە بۇ ئايەت «قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر» دېيىلگەن. قۇرئاننىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدە دىن سۆزى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىيامەت دەپ ئېلىنغان يەرلەر خىتايچىدا بولسا ھېساپ كىتاپ قىلىنىدىغان كۈن دېيىلگەن، ئىنگلىزچىدە بولسا تۆلەم بېرىش، جاۋاپ قايتۇرۇش، ھېسابىنى بېرىش كۈنى دېگەن مەنىدىكى سۆز بىلەن ئىپادىلەنگەن. قىيامەت كۈنىنىڭ ھېساپ كىتابىمىزنىڭ قىلىنىدىغان كۈن ئىكەنلىكى ئۇيغۇرغا ئايدىڭ بولغاچقا شۇنداق ئۆرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن.

دېمەك ئاللاھ دىنىنىڭ، ھېساپ ئېلىنىدىغان قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر. شۇڭا دەيمىزكى دىن ئاللاھنىڭ، ئېرىشكەنلىرىمىز بىزگە ئامانەت، سىناق سۈپىتىدە بېرىلگەن. بىز قىيامەتتە سىناقنىڭ جاۋابىنى، ئامانەتنىڭ ھېسابىنى ئاللاھقا بېرىمىز، بىر بىرىمىزگە ياكى دىندار ئاتالغان ئۇستاز، كاھىنلارغا ئەمەس.

يۇقىرىقىلاردىن بەرھەقكى، دىندارلىق ئىگىدارلىق ئەمەس، خوجىدارلىق ئەمەس، ھۆكۈمدارلىق ياكى كۈچلۈكنىڭ ئاجىز ئۇستىدىكى قازىلىقى تېخىمۇ ئەمەس، بۇرچدارلىقتۇر. بۇرچىمىز بۇ ھېساپ كىتاپنى دىنىنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھقا بېرىشتۇر. شۇڭا ھېچكىمنىڭ بىر بىرىدىن دىن بارىدا ھېساپ سوراشقا، دىندىن ئېمتىھان ئېلىشقا ھەققى يوق.

## سەۋەپ دۇنياسىدا سەن بار

كىچىك چاغلىرىمىزدا ھەممىمىزنىڭ نۇرغۇن سوئاللىرىمىز بولغان، بەلكىم ھەر خىل جاۋاپلارغا ئېرىشكەن بولۇشىمىزمۇ مۇمكىن. ئەمما ھەممىمىز ئېرىشكەن بىر ئورتاق جاۋاپ بار ئۇ نېمە؟ ئۇ كۆپىنچە ئىنچىكە ۋە بەزىدە بوم ئاۋازدا قولىقىمىزغا قۇيۇلغان «سوراپ ھارمايدىكەنسەن، خۇدايىم شۇنداق يارىتىپتىكەن!» دېگەندىن ئىبارەت. بۇ جاۋاپنى قايتا ئاڭلاپ باقمىغىلى خېلى ئۇزۇن يىللار بولۇپ كەتكەن ئىكەن. بىر كۈنى دوستۇمنىڭ ماشىنىسىدا كېتىۋېتىپ شۇ جاۋاپنى قايتا ئاڭلاپ كۆڭلۈم تاشلىدىم. كۆڭۈل قىلىش دېگەن ئاجايىپ بىر ئىش ئىكەن. دوستۇم ئەر-ئايال ئىككىلىسى دوكتور، غەرپتىكى بىر ئەلدە ياشايدۇ. ئەمما ئەستە قالغىنى ۋە قىزىغا دېگىنى كىچىكىمىزدە ئېرىشكەن ھېلىقى «خۇدايىم شۇنداق يارىتىپتىكەن!» دېگەن جاۋاپ.

شۇندىن كېيىن كۆزىتىپ باقسام كىچىكىمىزدە ئاڭلىغان بۇ جاۋاپنى باللارغا شۇ پېتى يەتكۈزۈپ كېلىۋاتقانلارمۇ ئاز ئەمەس ئىكەن. بۇ جاۋاپنىڭ ھەممە سوئالغا باپ كەلمەسلىكى ئېنىق. بەزى سوئاللارغا جاۋاپ بولسا بولىدىغاندەك تۇيۇلغان بىلەن «خۇدايىم شۇنداق ياراتقان» دېگەن جاۋاپنىڭ ئۆزىلا بىر سوئالغا ھامىلدار. شۇنداق ياراتقان دېگەندە زادى قانداق ياراتقان؟ دەپ سوئال قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. بەزى شەيئىلەرنى خۇدايىمنىڭ بىۋاستە ياراتمىغىنى ئېنىق بولغاچقا، بۇ جاۋاپ پەقەتلا ماس كەلمەي قالىدۇ.

سەۋەپ مەنىسىدە كېلىدىغان سۆزنىڭ ئېنگلىزچىدە بىر قانچە تۈرى بار. سەۋەپ دېگەن بۇ سۆزمۇ كۆپ مەنىلىك سۆز، ھەم ئىسىم، پېئىل بولغاندىن باشقا تۈرلەنگەندە سۈپەت ۋە رەۋىش بولۇپ كېلىدۇ. بۇ سۆز پېئىل بولۇپ كەلگەندە ئەقلى خۇلاسە چىقىرىش، سەۋەپ ھەققىدە ئىزدىنىش، قانۇنىيەتنى تېپىپ چىقىش،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھۆكۈم چىقىرىش دېگەندەك مەنىلەردىمۇ كېلىدۇ. سەۋەپ سۆزى سەپەت قىلىپ ئىشلىتىلگەندە ئەقىلگە ئۇيغۇن دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بىر مىللەتنىڭ تىلىدا مەلۇم سۆزنىڭ كۆپ مەنىلىك بولۇشى شۇ ئۇقۇم ھەققىدە بولغان ئىزدىنىشلەرنىڭ، ئويلىنىشلارنىڭ ۋە پائالىيەتلەرنىڭ كۆپ بولغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. كۆرۈنگەن، كۆرۈنمىگەن، تۇيۇلغان - تۇيۇلمىغان ھادىسىلەر، ۋەقەلەر، ئىشلار ۋە شەخسلەر ھەققىدە سەۋەپ-نەتىجە نوقتىسىدا تۇرۇپ ئىزدىنىش بىزنى ھەقىقەتكە يېقىنلاشتۇرۇپ ساختىلىق ۋە سەپسەتىدىن ئۇزاقلاشتۇرىدۇ.

بىز ياشىغان ئىقلىمدا «بىر سەۋەبى بولمىسا قۇيرۇق تۇرامدۇ تاشتا» دېگەن ھېكايە مىراس قالغان بىلەن، يەنە «ساپىقىنى سورىماي ئۈزۈمىنى يە» دېگەن تەييار تاپلىقمۇ ئومۇملاشقان. سەۋەپنى سوراپ، سەۋەپلەرگە قىزىقىپ، سەۋەپلەرنى تىزىپ قايىسىنىڭ نەتىجىگە تۈرتكە بولغانلىقىنى ئايرىغىدەك بىر ئىلمىيلىك بىز ياشىغان ئىقلىمدا ئومۇملاشمىغان. ھەر ئىشقا سوئال قويۇپ، ھەر قانداق نەرسىنى سەۋەپلەندۈرىدىغان روھ يېتىلمىگەننىڭ ئەكسىچە، بالىلارغا سەۋەپلەرنى ياپتا گەپ بىلەن يوشۇرۇش ئومۇملاشقان، مەسىلەن: ئانىلاردا بالىلارنى «يالغان سۆزلىمە لېۋىڭ ئىقىپ كېتىدۇ، كۆلگە سىيمە سۆركەڭگە چاقا چىقىدۇ، يالاڭباش يۈرمە چېچىڭنى يۆلتۈز يالىۋالىدۇ، باشقىلارغا تۈكۈرمە تىلىڭغا چاقا چىقىدۇ، چوڭلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتمە،پۇتۇڭ قايرىلىپ كېتىدۇ» دېگەندەك. گەرچە بۇلار ئاڭلىماققا شۇنداقلا ئېيتىلغاندەك قىلغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىلگەن سەۋەپلەرنىڭ ھېچ بىرى ئەقىلگە ئۇيغۇن ئەمەس. چۈنكى ھېچ بىرى دېيىلگەندەك قىلماسلىقنىڭ سەۋەبى ئەمەس. ئەڭ يامان يېرى بۇ بالىلارنى نېمە ئۈچۈنلەرنى سوراشتىن، نەتىجەلەرنى سەۋەپلەندۈرۈشتىن توسۇپ قويىدۇ.

ئۇيغۇرچىدا «سەۋەپ قىل، تەلەپ قىل»، «سەۋەپ قىلساڭ سۈۋەتتە سۇ توختايدۇ»، «بۇدۇنيا سەۋەپ دۇنياسى» دېگەندەك ئىبارىلەرنىڭ كەڭ بولغانلىقى ئۇيغۇرنىڭ نەتىجىلەرنى سەۋەپلەندۈرۈشكە ئىنتىلگەن رېئاللىقىنىڭ خاتىرىسىدۇر. مەسىلەن، بۇدۇنيا سەۋەپ دۇنياسى دېگەندە سەۋەپلەر ھەققىدە ئىزدەنمەسلىكنىڭ

ئاخىرەتكە مەنسۇپ ئىكەنلىكى ئىما قىلىنغان. بۇ ماقالىلاردا سەۋەپلەر ھەققىدە ئىزدەنمىگەن ھاياتنىڭ پەقەت ئاخىرەتتە بولىدىغانلىقى، بۇ دۇنيادا ياشىغان ئىكەنمىز چوقۇم سەۋەپلەردىن ئەقلى يەكۈن چىقىرىپ تۇرۇشنىڭ زۆرۈرلىكى ئەسكەرتىلگەن.

سەۋەپ قىلىش دېگەن سۆزنىڭ خاتا قوللىنىلغانلىقىمۇ دىققەتكە سازاۋەر. رەھمەتلىك ئانامنىڭ بىر مۇدىر دوستى بولىدىغان. دائىم ئاغرىپ توختىمايدىغان چىشىنى باخشىغا باقتۇراتتى. ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا «تۇخان، بىر سەۋەپ قىلىپ كېلەي دېگەن، بېرىشىپ بېرەملە، كېسەل دېگەننى خۇدايىم ياراتقان، شۇ سەۋەبىنىمۇ قوشۇپ ياراتقان بولغاندىكىن، خۇدايىمنىڭ ئايىتىنى ئوقۇپ ھۈرۈپ قويسا، شىپا بولار ئەمدى» دەپ، ماڭا قارىمىغانغا سېلىپ ئانامنى باشلاپ چىقىپ كېتەتتى. چىش ئاغرىقىنى بىر نەتىجە دېسەك ئۇنى قانداق سەۋەپلەندۈرۈشنى بىلمىگەندە، دورا يىمەي باخشىنىڭ ھۈرگەن تۈكۈرۈكىنى يەيدىغان ئەخمەقلىق كۆرۈلىدۇ.

ئالدىمىزغا نەتىجە سۈپىتىدە كەلگەن بىر كېسەل، بىر ھادىسە، بىر كېلىشمەسلىكنى ئەمەلىي، ئىلمىي سەۋەپلەندۈرۈش ئادىتى بولمىغاندا سەۋەپ قىلىشنى چارە قىلىش دەپ چۈشىنىپ ھەققى سەۋەبكە مۇناسىۋەتسىز چارىلەرگە مۇراجەت قىلىدىغان ھالەت ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. كېسەلنى خۇدايىم ياراتقان دېگەن ھۆكۈمنى سۈرۈشتىسىز قوبۇل قىلساق ئىزدىنىشنىڭ يولىنى ئېتىدۇ، سەۋەپلەر ئىچىدىكى پەقەت مۇشۇ سەۋەپكىلا شەكسىز ئىشەنگەندىن كېيىن باشقا سەۋەپلەر نەزەردىن ساقىت قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دوختۇرغا بېرىپ كېسەلنىڭ ھەققى سەۋەبىنى بىلىۋېلىشتىن مەھرۇم قالىمىز.

سەۋەپلەر ھەققىدە ئىزدىنىش، تەجرىبە قىلىش ۋە مۇنازىرە قىلىشلار ئومۇملاشمىغان بىز چوڭ بولغان مۇھىتتا، كىشىلەر كېسەلنى خۇدايىم ياراتقان دەپ كېسەل ھەققىدىكى سەۋەپلەرنىڭ بىرىنىلا ئېتىراپ قىلىپ خاتىرجەم بولىدۇ. نەتىجىدە دىنىنى سۈيئىستىمال قىلىدىغان داخانلىق، باخشىلىق، پىرخۇنلۇق، تۇمارچىلىق دېگەندەك خوراپاتلار ئەۋج ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىلىرىمىز بەزى كېسەللەرنىڭ

ئىرسىيەت، ئۆرپ-ئادەت، مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى، كىلىماتنىڭ ئۆزگىرىشى، ھايۋانلار بىلەن مۇناسىۋەتلىشىش قاتارلىق سەۋەپلەر بىلەنمۇ پەيدا بولىدىغانلىقنى ئاڭلىغاندا، يا دەسلەپكى قارىشىدىن گۇمانلىنىپ دىنغا قارشى چىقىدۇ، ياكى بۇ سەۋەپلەرنى ئىنكار قىلىپ تېخىمۇ جاھىللىققا يېپىشىدۇ.

كۆز ئالدىمىزدا يۈز بەرگەن ھادىسىلەرنىڭ رۇشەن سەۋەپلىرى ھەققىدە ئىزدەنمىگەندە تەئەللۇقاتىغا ئوغرى كىرسە، رەمچىنى ئىزدەيدىغان ئىش چىقىدۇ. چۈشنىڭ ئىلمىي سەۋەبىنى بىلمىگەندە، ئۇنىڭ بىر نورمال پسىخىك پائالىيەت ئىكەنلىكىدىن خەۋەرسىز، ئۇنىڭ ھېچ نېمىدىن بىشارەت بەرمەيدىغانلىقى ۋە ھېچ نېمىگە تۈرتكە بولمايدىغانلىقىنى بىلمەي، تىلەمچىدىن دۇئا تىلەيدىغان، بۇۋۋىدىن پاناھ تىلەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالىدىغان گەپ. «قۇتادغۇبىلىك» تە يۈسۈپ خاس ھاجىپ چۈشنى بىر نورمال روھىي ھادىسە دەپ يازغان ۋە چۈشتە مەلۇم رەڭلەرنىڭ كۆپ بولۇشىنى بەدەندە كۆرۈلگەن تەڭپۇڭسىزلىققا باغلاپ چۈشەندۈرگەن. ئەپسۇسكى، كىتاپ يېزىلىپ مىڭ يىل ئۆتۈپ، كىشىلەر تېخىچە چۈشتىن بىشارەت ئىزدەش بىلەن ئاۋارە، شۇڭا تەبىرنامىلەر بازارلىق.

ئەجداتلار ئېيتقاندەك «بۇ دۇنيا سەۋەپ دۇنياسى» دۇر. كۆزىمىزگە كۆرۈنىدىغان ۋە كۆرۈنمەيدىغان ھادىسىلەرنىڭ كەينىگە نۇرغۇن سەۋەپلەر يوشۇرۇنغان. بىز سەۋەپلەرگە ھاجەت چۈشمەيدىغان ئۇ دۇنيادا ئەمەس،«بىر بالاسى بولمىسا قۇيرۇق تاشتا تۇرمايدىغان» بۇ دۇنيادا ياشايمىز. شۇڭا نەتىجە سۈپىتىدە ئالدىمىزغا كەلگەن ھەر نەرسە بىر ياكى بىر قانچە سەۋەپكە، ھەتتا نۇرغۇن سەۋەپلەرگە باغلانغان. بۇنىڭغا ئۆزىمىز تولۇق ئىشەنچ قىلماي تۇرۇپ بالىلارنىڭ «نېمە ئۈچۈن؟ نېمىشقا؟» دېگەن سوئاللىرىغا ئىزدىنىپ جاۋاپ بېرىشكە كۆنەلمەيمىز. ھەممىدە ئۇلارنى دۇنيادىكى نېمە ئۈچۈنلەرنىڭ سىرىنى ئاچىدىغان، ھېچ بولمىسا شۇ نېمىشقىلار ئىچىدە ئېزىقىپ قالمايدىغان روھى ساغلاملىققا ئېرىشتۈرەلمەيمىز.

بۇ دۇنيا ئەقىل يەتمەس تاسادىپىيلىقلار بىلەن ئەمەس، ئەقىلگە ئۇيغۇن

سەۋەپلەر بىلەن تولغان. ھەممىمىز ئۆزىمىز توغرا تاپقان سەۋەپكە كۆرە قىلغان ئىشىمىزنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىمىز. شۇڭا ئاللاھ قۇرئاندا «ئىنسان پەقەت قىلغان ئىشىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ» دېگەن (نەجىم سۈرىسى،39 -ئايەت).

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## قەبرە سۆزلىگەن تارىخ

مەھەللەمدە بىر قەبرىستانلىق بار. ئۇ يەردە كىشىلەر مەڭگۈلۈك ئارامغا كەتكەن. پارسچىدا قەبرىستانلىقنى ئارامگاھ دەيدىكەن. نۇرغۇن ئادەم بىر ئۆمۈر تىرىشىپ، تىركىشىپ ۋە تېلىپ چارچاپ، ئاداققى مىنۇتلاردا ھەتتا قەيەرگە كۆمۈلىشىگىمۇ قارار بېرەلمىگۈدەك ھالغا چۈشۈپ ئۆلۈپ كېتىدۇ. مىڭلىغان كىشىلەر كۆمۈلگەن بۇ قەبرىستانلىقتا ماڭا پەقەت بىرلا ئادەم باردەك تۇيۇلىدۇ. ھەر ھېيتتا بىر تۇپ كىشى بۇ يەردىكى شۇ بىر ئۇيغۇرنىڭ بېشىدا دۇئا قىلىمىز. باللارغا مەرھۇمنىڭ ھېكايىسىنى ئېيتىمىز. بۇ قۇربان ھېيتتا كېلىپمۇ مەرھۇم ياتقان قەبرىگە قاراپ خىيالغا كەتتىم. قەبرە تۇركچە قوپۇرۇلغان، قوشنىلاردىن پەرقلىق ھالدا ئۇيغۇرچە بۆشۈكنىڭ شەكلىگە كىرگۈزۈلگەن. شەھىدانە خۇتەندە تۇغۇلغان بۇ ئۇيغۇرنى ئارمانلار ئىككى دېڭىز ئارىسىدىكى يېرىم ئارالغا، ئىككى قىتئە لەۋلەشكەن بۇ تۇپراققا ئۇچۇرۇپ كەلگەن.

ئەنقەرەگە دەپنە قىلىنغان بۇ كىشى بۇندىن 84 يىل بۇرۇنقى بىر ئەتىيازدا ئىككى ئىنىسىنى قەشقەرگە دەپنە قىلغان. «قەشقەرنىڭ قىشى ئاز، سوغۇقى ئەتىياز» دېيىشىدۇ. شۇ يىلى قۇربان ھېيت باھاردا كەلگەن ئىكەن. مەرھۇمنىڭ جەڭگاھلاردا ئەمىر ساھىپ ۋە شاھ مەنسۇر ئاتالغان نۇرەخمەت ۋە ئابدۇللا دېگەن ئىككى ئىنىسى يېڭىسار سېپىلى ئىچىدە مۇداپىئەدە ئىدى. شەھەرنى ئېلىش ئۈچۈن تىركىشىۋاتقان تاجاۋۇزچى تۇڭگان ئارمىيەسى ھېيتتىن بۇرۇن شۇنچە زورۇقۇپمۇ يېڭىتلىرىمىزگە تەڭ كېلەلمىگەن ئىدى. ھېيت كۈنى غەپلەت باستى. بۇ ئىككى تەقۋادار قۇماندان مۇبارەك ھېيتتا ئۇرۇشنى راۋا كۆرمىدى. ئۇلار قۇربان ھېيت كۈنى تۇڭگانلارنى بىزدەك ھېيت نامىزى ئوقۇيدۇ، قان تۆكمەيدۇ دەپ ئۇيغۇرچە تەسەۋۋۇردا دۈشمەننى مۇسۇلمان دەپ تونۇدى. پاجىئە مانا مۇشۇ خىيال بىلەن قاناپ كەتتى. ئىرادە مۇشۇ ئاڭ سەۋىيىلىك ئېرىپ كەتتى. ئەسكەرلەر ھېيت

خوشاللىقىغا چۈمگەن، يېڭىسار ئۇيغۇرلىرى بىلەن نامازغا تۇرغاندا قىيامەت قايىم بولدى. تاجاۋۇزچى تۇڭگان قوشۇنى قورالسىز ئەسكەر ۋە بىگۇناھ خەلق ئۈستىگە ئەجەل قوزغۇنلىرىدەك تاشلاندى. ھەپتىلەرچە داۋام قىلغان ئۇرۇشتا، دۈشمەنگە يۈزلىنىپ تۇرغان دەملەردە يېڭىلىپ باقمىغان شىريۈرەك خوتەن ئەزىمەتلىرى ئاللاھقا يۈزلىنىپ ناماز ئوقۇۋاتقان مەيداندا ئۇجمىدەك تۆكۈلۈپ كەتتى. يېڭىسارنى قوغداشقا قوماندانلىق قىلىۋاتقان ئاكا-ئىنىلەرنىڭ باشلىرى سېپىلغا ئېسىلدى. خوتەننى باغرىغا باسقان يېڭىسار بەدەلنى جان بىلەن ئۆتىدى. ئابدۇللا ۋە نۇرەخمەتنىڭ قوشۇنىغا نان بەرگەن يېڭىسارلىق ئاتىنىڭ بېشى كېسىلدى، سۇ بەرگەن يېڭىسارلىق ئانىنىڭ كۆزى ئويۇلدى. بۇندىن 84 يىل بۇرۇنقى قەشقەرنىڭ ئەتىياز پەسلى بۇ ساۋاقنى يۈلغۇننىڭ تۈۋىگە كۆمدى، قوملارغا يېزىپ توغراقلارغا ئويۇپ قويدى.

ئەنقەرەدە كۆز يۇمغان بۇ زات بۇندىن 71 يىل بۇرۇن ئۇرۇمچىدە ئىدى. تومۇز ئايلىرىنىڭ بىر كۈنى ئۇ يارىشىملىق بۇرۇت قويغان، خۇشچىراي غۇلجىلىق بىر كىشى بىلەن ئاق مەسچىتتە بىللە جۈمە ئوقۇدى. قايتىشىدا ئۇنىڭ ئېسىدە سۆھبەتتە دېيىلگەن «غايەڭ ۋاستەڭنى ئاقلايدۇ» دېگەن سۆز ساقلىنىپ قالدى. بۇ سۆزنى ئېيتقۇچى ئەخمەتجان قاسىمى ئىدى. گەرچە بۇنداق مەننى بىلدۈرىدىغان جۈملىلەر كۆپ بولسىمۇ، ئەخمەتجان قاسىمى بۇ سۆزنى ئىتالىيىلىك ماكياۋېللىنىڭ كىتابىدىن ئوقۇغانلىقىنى ئېيتتى. يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئۇنداق دېمىگەن ئىدى. بۇنى ۋاستە تاللىماسلىق دەپ چۈشەنگەندە ھەزرىتىم قوبۇل قىلالمايتتى. ئەمما ھەزرىتىم بۇنى روسلار بىلەن قىلىنىۋاتقان ھەمكارلىق، كومپىنزىم لاگىرى بىلەن بولغان ئالاقە توغرىلىق پاراڭغا باغلاپ چۈشىنىپ نەپسىگە ھاي بەردى. ئۇ شۇ يىلى خوتەنگە سايلامنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە بارغاندا ئەخمەتجان دېگەن بۇ گەپ تۇيۇقسىز ئېسىگە كېلىپ قالدى. خوتەن ئۇيغۇرلىرى ئۇنىڭ سەللە، ساقال ۋە تونسىز قىياپىتىگە قاراپ كۆزلىرىگە ئىشەنمىدى. ھەزرىتىمنىڭ يېنىدا بىللە كەلگەن يوپكا-كوپتىلىق، شلەپىلىك ئاياللىغا قاراپ ئاياللار ياقىلىرىنى چىشلەشتى.

ئۇ ئالدىغا چىققان ئوقۇغۇچىلىق تالىپلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بۇرۇتنى چۈشۈرۈپ

www.uyghurkitap.com

ساقالنى قويۇۋەتسە بولاتتى. ئەخمەتجاننىڭ «غايەڭ ۋاستەڭنى ئاقلايدۇ» دېگەن گېپى ئېسىگە كېلىپ جۈرئەتلەنگەنمۇ بولدى، ئەمما ئۆزى يىللاردىن بېرى كۆزىگە سۈرگىدەك بولغان بۇ دىندار، ساددا، پىداكار خەلقنىڭ ئېتىقادىنى ۋاستە قىلغۇسى كەلمىدى.

ھەزرىتىمنىڭ ئۇرۇمچىدە ئۆتكەن كۈنلىرى ئۇنى كۆپرەك ئىچىنى تىڭشاپ ئولتۇرۇپ كېتىدىغان قىلىپ قويغان ئىدى. بىر تەرەپتە پۈتۈن دۇنيادىكى ئېزىلگۈچىلەرنى كومپىنزم قۇرۇپ قۇتقۇزۇش سادالىرى ياڭرىسا، يەنە بىر تەرەپتە شەرقى ۋە غەربىي تۈركىستاننى بىر گەۋدە قىلغان بۈيۈك تۈركىستان قۇرۇش غايىسى چاڭ چىقىراتتى، پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ قۇرۇدىغان خەلىپىلىك ئۈچۈن ئۇھ تارتىپ، شەرىئەتنى تىكلىمەكچى بولغانلارمۇ جىددىي ھەرىكەتتە ئىدى. تۇڭگان گېنىرال ما چۇڭشياڭدىن ئۈمىت كۈتكەنلەر خەلىپىلىك قۇرۇلۇپ چېگرانىڭ مەككىگە تۇتىشىپ كېتىشىنى بەكرەك ئارزۇ قىلاتتى. ھەزرىتىم خەلىپىلىك تەرەپتارلىرى، كومپىنزم مەستانىلىرى ۋە تۈركىستانچىلارنىڭ ئىچىدە تەسىرىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان ئىدى. بۇ ئۈچ ئېقىمنىڭ يىغىلىشلىرىدىكى قىزغىن مۇنازىرىدىن ئۈمىتلەنگەن ھەزرىتىم ئۆيىگە قايتار يولدا كۆۋرۈكتە جۇغلىشىپ قىمار ئويناۋاتقان ئىشسىزلار، خىتايلار ئاچقان قاۋاقلاردىن جىلمىيىپ قاراۋاتقان ياغلىقلىق قوي كۆزلەر، كوچىلاردا ئورۇسلار تاشلىۋەتكەن سىگارتنى تالىشىپ بوغۇشۇۋاتقان باللارنى كۆرۈپ ئېزىلىپ كېتەتتى. سورۇنلاردا ۋەز ئېيتىۋاتقانلارنىڭ چاپانلىرىنى سالدۇرىۋېلىپ مەدىكار بازىرىدا سوغۇقتىن دۈگدەيگەن كىشىلەرگە تارقىتىپ بەرگۈسى كېلەتتى.

قومۇلدىن قەشقەرگىچە زىيالىلار ئىچىدە «بىز تۈركمۇ، ئۇيغۇرمۇ؟» دەپ تالىشىۋاتقان كىشىلەردىن ئۇنىڭ «سەن ئادەم بولالىدىڭمۇ؟ ساڭا ئادەم بولۇش ھوقۇقى بېرىلدىمۇ؟ سەن ئادەمدەك ياشاۋاتامسەن؟» دەپ سوراپ باققۇسى كېلەتتى. رەھمەتلىكنىڭ ئۆمرى بولغان بولسا بۇ مۇنازىرىنىڭ «بىز ئۇيغۇرمۇ، مۇسۇلمانمۇ؟» دېگەن يېڭى نۇسقىدا بازارغا چىققان كۈنلەرنى كۆرگەن بولاتتى، مەسىلىلەرنى يانچۇقتىكى بىر تەڭگىنىڭ ئىككى يۈزى شەكلىدە ئەمەس، كېچە

بىلەن كۈندۈزنىڭ قارشىلىقىدا چۈشىنىدىغان كىشىلەرنىڭ نىمشقا ئازايماي كۆپىيىپ كەتكەنلىكىنى چۈشىنەلمىگەن بولاتتى. ھەزرىتىم بولغان بولسا جاھاننىڭ ھەسەن-ھۈسەندەك رەڭدارلىقىنى، بىرلىكىنىڭ خالىق ئاللاھقا، كۆپ خىللىقىنىڭ مەخلۇققا خاس ئىكەنلىكىنى گۈزەل مىسرالار ۋە مەنتىلىق بايانلاردا يەشكەن بولاتتى.

ئۇ 1949 - يىلى باش كۆزدە تۇڭگانلار بىلەن خەلىپىلىك قۇرۇشنىمۇ، ختايلار بىلەن قۇرىدىغان ئاپتونوم رايوندا ياشاشنىمۇ، ئۆزى ئويلىغان ھۆر شەرقى تۈركىستان غايىسىنىمۇ ئەقلىگە سىغدۇرالمىدى. ئۇ يالقۇن چاچىدىغان تەبلىغلەر بىلەن بۇ مىللەتنى قوراللاندۇرالايتتى. ئۇ ئاۋامنى ۋەز بىلەن قوزغاشقا يەنە قادىر ئىدى. ئەمما دۆلەت قۇرۇپ باققان بۇ كىشىگە خەلقنى ۋەز ئارقىلىق قوزغاتقان بىلەن، ھاكىمىيەتنى ۋەز بىلەن ئېلىش ۋە تۇتۇپ تۇرۇشنىڭ تەسلىكى ئايدىڭ ئىدى.

شۇنداق قىلىپ ئۆرۈمچى ئاخىرى دۇنيادا ئەزگۈچى ۋە ئېزىلگۈچىدىن ئىبارەت ئىككى خىل كۈچ بار دەپ قارايدىغانلارنىڭ قولىغا قالدى. ئۇلار ئۆزىنى ئېزىلگۈچى ئۇيغۇرنىڭ ۋەكىلى دەپ قارايتتى. ۋەتەندىكى ئىنسانلارنى تۈرك ياكى ئۇيغۇر دەيدىغانلار تۈركىيەگە، ئادەملەرنى مۇسۇلمان ياكى ختاي دەپ ئىككىگە ئايرىپ تەسەۋۋۇر قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ بىر قىسمى ئەرەبىستانغا سەپەر قىلدى. كەتمەي قالغانلارنىڭ ۋەكىللىك سالاھىيىتىنى ختاي يوق قىلدى.

1949 -يىلى بىرىنچى ئۆكتەبىر يېڭى كەلگەن قىزىل ھۆكۈمەت كىشىلەر كۆنۈپ كەتكەن مۇسۇلمان-ختاي تەسەۋۋۇرىنى بۇزۇپ قوياتتى. سوۋېتتا قىلىنغاندەك كىشىلەر تىزىمغا ئېلىنىپ ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز بويىچە ئاپتونومىيەلەر پىلانلاندى. ئۇلۇغ تۈركىستان ئارزۇسىنى ۋە ئۇيغۇرغا ئالى مۇختارىيات (ئاپتونومىيە) خىيالىنى سۈرىۋاتقانلار نائىلاج پامىردىن ھالقىپ «ۋەتەن ئۈچۈن ۋەتەندىن ئايرىلدى». مەرھۇم بۇ كارىۋاندا مەشئەل ئىدى.

-دادا، بۇ بوۋىمىزنىڭ بىزدەك نەۋرىلىرى يوقمۇ؟ نېمىشقا ھەر ھېيتتا بىزلا

كېلىپ دۇئا قىلىمىز، نېمىشقا ئۇلار كەلمەيدۇ؟-قىزىمنىڭ تۈيۇقسىز سورىغان سوئالى مېنى خىياللاردىن ئويغاتتى.

-بۇنى بىلمەيدىكەنمەن بالام. بەلكىم بار بولغىيدى. ئەمما مۇشۇ كەلگەن ھەممىمىز ئۇنى بوۋىمىز دەپ بىلىمىز. نېمىشقا دېسەڭ، بۇ بوۋاڭ بولمىغان بولسا مۇشۇ يەردىكى ھېچ بىرىمىز پەقەت ئاتا-ئانىمىزنىڭ ئاتا-ئانىسىنىلا بىلىپ، نەچچە مىڭ يىل بۇرۇنقى ئۇلۇغ بوۋا ۋە مومىلاردىن خەۋەرسىز قالغان بولاتتۇق. بۇ قەبرىدە ياتقان بوۋاڭنىڭ ئېيتىشىچە بۇرۇن تەڭرىتاغ دەپ بىر بوۋاي ۋە تارىم دېگەن بىر موماي بولۇپ ئۇنىڭ غولجا، قەشقەر، كۇچا، خوتەن، كورلا، ئۈرۈمچى، تۇرپان، چۆچەك، ئاقسۇ، كۇچا، ياركەنت، ئارتۇچ، قومۇل دېگەن نەۋرىلىرى بولغان ئىكەن. ئۇ بىزگە ئۇزۇن يىللار بۇرۇنقى مومىمىز ۋە بوۋىمىزنىڭ ھېكايىسى يېزىلغان كىتاپنى قالدۇرۇپ كەتكەن. شۇڭا ئۇنىڭ روھىغا دۇئا قىلىمىز-دەپ جاۋاپ بەردىم. قىزىم ئاتالىرىنى جۈپلەپ دۇئاغا قول كۆتۈرگەن ھالەتتە كۆزۈمگە تېخىمۇ سۆيۈملۈك كۆرۈنۈپ كەتتى.

## قەشقەردە ئوردا، جامە ۋە بازار

قاراخان ئاتالغان بوۋلار پايتەخت قىلغان قەشقەر بوگۇنگىچە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدە مۇھتەرەم مويسىپىتلاردەك سالاپەتكە ئىگە. ئۇيغۇرنى چۈشىنىش ئۈچۈن قەشقەرنى كۆپرەك ۋاراقلاش، ئوقۇش، يادلاش ۋە تەپەككۇر قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بوگۇنكى قەشقەر ھېيتگاھنى ئوق قىلىپ ئايلىنىدۇ. جامەدىن چىقساق ئوردا ئالدى، خام بازىرى كۆزىمىزگە چېلىقىدۇ. جامە، ئوردا ۋە بازار بىر ئۈچ بۆلۈكنى ھاسىل قىلىدۇ. ئۇيغۇر مەدەنىيىتى مۇشۇ ئۈچ نوقتا ئارقىلىق تۇتاشقان بىر تەكشىلىك. مەن بۇ تەكشىلىكنىڭ مەركىزىدە تۇرۇپ دائىم خىيالغا كېتەتتىم. نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى يىقىلماي مۇستەھكەم تۇرغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدائەجداتلارنىڭ بۇ ئۈچ پۇتنى بىر بىرىگە سوقماي، چىرماق سالدۇرماي تۇتۇپ تۇرغان پاراستى ئەڭگۈشتەردەك موھىم رول ئوينىغان.

ئەجداتلار تەپەككۇر تارىخىدا تىجارەت، ھاكىمىيەت ۋە مەنىۋىيەتنى بىر بىرىگە زىتلاشتۇرماي ماسلاشتۇرغان. ئۇلار بۇ ئۈچ ئامىلنىڭ تەڭپۇڭلۇقى ۋە ھەمكارلىقىنى تەرەققىيات ئۈچۈن ماتور قىلغان. ئۇيغۇرلار بۇ ئۈچ تۈۋرۈكنى بىرلەشتۈرۈشتەك بىمەنىلىككە يول قويمىغان. شاھلىرىمىز ئوردىنى مەسچىت قىلىۋالمىغان، ئۆلىمالىرىمىز بازارغا تارازا كۆتۈرۈپ كىرىۋالمىغان. پۇلدارلىرىمىز ھېيتگاھنىڭ ئىچىگە دۇكان ئاچمىغان، ياكى سەللە يۆگەپ مېھراپقا چىقىۋالمىغان. بايلار ئادەتتە تىجارەتكە مەشغۇل بولۇپ زاكات، پىترە، ئۆشرەنى بېرىشتە جامەدە ئاڭلىغانغا ئەمەل قىلغان. ئەمەلدارلار ئىبادەتنى مەسچىتتە قىلغان بىلەن يۇرتدارلىقنى ئوردىدا ئۆز قانۇنىيىتى ۋە دۆلەتچىلىك يوسۇنى بىلەن يۈرگۈزگەن. ئالىملار مەدرىسىنىڭ ۋەخپىسى بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈپ ئۆمرىنى ئىلىمگە ئاتىغان، ئوردا ياكى تىجارەتكە يانتاياق بولمىغان. بۇ ئۈچ كۈچنىڭ تىزگىنىنى ئۆزىلا تۇتماقچى بولغان نائىنساپلار ئۇيغۇر تارىخىدا ئىزچىل چىقىپ تۇرغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاپاق خوجا ۋەكىللىك قىلغان جاھالەتچى كۈچنىڭ مەقسىدى مۇشۇ ئۈچ نوقتىنى ئۈزۈلا تىزگىنلەش ئىدى. شۇڭا ئۇلار دىنىي نوپۇزىغا قانائەت قىلماي ئوردىغا كۆز تىككەن، ھوقۇق ئارقىلىق تىجارەتنى كونترول قىلغان. نەتىجىدە ئۇيغۇرلارنىڭ تەپەككۇرىدىكى ئۈچ نوقتىغا تەڭ ئەمەل قىلىدىغان، ئۈچ نوقتىنىڭ مەركىزىدە ياشايدىغان، ئۈچ نوقتىنىڭ تەڭپۇڭلىقىدا مەسلىلەرگە قارار بېرىدىغان ئىلمىيلىك سۇسلىشىپ كەتكەن. كىشىلەر جەمئىيەتكە ئىلاھىيەت ۋە روھانىلىق پەنجىرىسىدىن قارايدىغان، دۇنيانى ئاق ۋە قارا دەپ ئىككىگە ئايرىپ تونۇيدىغان، ھەممە ئىشتىن ئاق-قارىنى ئايرىيمەن دەپ ئەسەبىيلەرچە كۈچەپ ئارىدا كۆك، قىزىل ۋە سېرىق ئامىللارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلىدىغان بولۇپ كەتكەن. ئاقىۋەتتە كىشىلەر ھەر قانداق ئىشتا، ھەرقانداق مەسىلىگە يولۇقسا ئاق تاغلىق ۋە قارا تاغلىق بولۇپ ئايرىلىش كېسىلىگە گىرىپتار بولغان.

ھالبۇكى ئۇيغۇردا ھاكىمىيەت، روھىيەت ۋە تىجارەتكە تەڭ ئېتىبار بېرىدىغان بۇ روھ پۈتۈنلەي يوقاپ كەتمىگەچ، ئۇيغۇرلار تاكى بۈگۈنكى كۈنلەردىمۇ خىتايدا ئىككىنچى چوڭ كۈچلۈك مىللەت بولۇپ، دۇنيادىكى ئىككىنچى چوڭ ئىقتىسادىي كۈچكەقاتابىل تۇرۇپ كەلمەكتە. بۇ تاقابىللىقنىڭ تىجارەت، روھىيەت ۋە سىياسىي جەھەتتىكى ئىپادىلىرىنى، سىلىشتۇرۇش ئارقىلىق تېخىمۇ رۇشەن كۆرەلەيمىز.

خىتايدا گەرچە ئەمەلگە ئاشمىغان بولسىمۇ،تىبەتلەر ئۇيغۇرلار بىلەن ئوخشاش ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ئىگە مىللەت. مەن ئىشلىگەن مەكتەپتە ئەڭ ھوقۇقلۇق ئۈچ مىللەت -خىتاي، تۇڭگان ۋە تىبەت ئىدى. گەنسۇ ئۆلكىسىدە ھوقۇق تەقسىماتىمۇ مۇشۇ ئۈچ مىللەت ئارىسىدا بولاتتى. ۋاھالەنكى تىبەتلەرنىڭ سىياسىي ھوقۇقى بولغان بىلەن تىجارەتتە بوش ئىدى. مەكتەپ ئىچىدە تۇڭگان، ئۇيغۇر، خىتاي ئاچقان ئاشخانىلار بار، ئەمما تىبەت ئاچقان نە بىر ئاشخانا، نە بىر دۇككان يوق ئىدى.

مەن خىتاينىڭ لەنجۇ شەھىرىدە خىزمەتتە يۈرگەن چاغلىرىمدا شەھەرنىڭ ئاۋات جايلىرىدا بىر قانچە ئورۇندا ئىزچىل كەم بولماي كەلگەن ئۇيغۇر تائاملىرىدىن

ھوزۇرلىنىپ كەلدىم. ھەتتا ئۇيغۇرلار ئورۇن ئېلىپ قاشتاش ۋە رەخت تىجارەتىمۇ قىلغان بولدى. ئۇندىن باشقا قۇرۇق يەل يېمىش، جايناماز ۋە شاپاق دوپپا تىجارىتى قىلىدىغان يېقىن ئاغىنە بۇرادەرلىرىم بار ئىدى. شۇڭا ئۇيغۇر باللار پائالىيەت قىلىشتا مەكتەپتىن ئىقتىساد ھەل قىلالمىسا بايلاردىن يىغىش قىلىپ گۈل كەلتۈرەتتى. تىبەت ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپ ئىقتىساد بەرمىسە ئامالى يوق ئىدى. ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەسچىتى شەھەردە بولغاچ يىغىلىش كۆپ ۋە قولاي ئىدى. تىبەتلەر بارىدىغان بۇتخانىلار تاغدا بولغاچ ئادەتتە بارالايدىغانلار ئاز بولاتتى.

تۇڭگانلار مەسچىتتە، بازاردا بولغان بىلەن خىتاينىڭ قارشىسىدىكى بىر مەدەنىيەت، بىر سىياسىي كۈچ سۈپىتىدە مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. مەكتەپتە بولىدىغان سەنئەت، تەنھەرىكەت ۋە تۈرلۈك كۆرەكلەردە بىر كۈچ بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقالمايتتى. ئۇلار ئۆزىگە خاس تىل، ئىدىيە ۋە ھەرىكەت بىلەن گەۋدە بولۇپ باشقىلارغا ئۆزىنى نامايەن قىلىشقا قادىر ئەمەس ئىدى. ناگان، ناگاندا يۈز بېرىدىغان نارازىلىقلاردا ئۇيغۇر باللارنىڭ دوپپا ۋە ئەتلەسلىك تۈرلۈك سەپنىڭ ئالدىغا چىقاتتى. ساقچىلارنىڭ تىنتىشلىرى، يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقلىرى مەكتەپ مەمۇرىيىتىگە بىر مىللىي كۈچتىن، كومپارتىيەگە رىقابەتچى بىر سىياسىي نوپۇزنىڭ سۈرىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى.

خىتاي ئىسلاھاتقا يۈرۈش قىلىپ بازارغا يۈزلەنگەندە ئۇيغۇلار بازاردا كاۋاپنى ئومۇملاشتۇرۇپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. گۇاڭجۇدا رەستە ئېچىپ خىتايلارغا بازارنىڭ نېمىلىكىنى ئۆگەتتى. خىتايدا نامايىش قىلىشقا يول قويۇلغاندىن كېيىن بېيجىڭدا تۇنجى نامايىشنى قىلغانلار ئۇيغۇرلار ئىدى. ئۇيغۇرلار مۇستەھكەم ئېتىقادى بىلەن خىتاي مۇسۇلمانلىرى دېيىلسە، دۇنيانىڭ كۆزىگە ئالدى بىلەن تاشلىنىدىغان مىللەت بولۇپ قالدى. بۈگۈن قارايدىغان بولساق خىتايدا ئۇيغۇر ئۆزىگە مەنسۇپ يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك، كىتاپچىلىق بازىرى، كىنو بازىرى، سەنئەت بازىرى پەيدا قىلالىغان مىللەت بولۇپ قالدى. دېمەك، ئۇيغۇر يەنىلا بازاردىن، مەنئۇيەتتىن ۋە ھاكىمىيەتتىن ئۆز ئۇلۇشىنى تالىشىۋاتقان، بۇ ئامىللارنىڭ ھېچ بىرىدە مۇرەسسە قىلماي، ئەڭ كەسكىن كۆرەش قىلىۋاتقان مىللەت.

www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇرلار خىتايدا پۇل بازىرىنى ئاچقان مىللەت. ئاۋام خىتايلار تېخىچە دوللار بىلەن يۇئەننىڭ ئايرىۋاشلاش نىسبىتىنى بىلەلمەي يۈرگەن چاغلاردا ئارتۇچ، بەشكىرەم، غۇلجا قاتارلىق يۇرتلارنىڭ شۇڭقارلىرى گۇاڭجۇ، شاڭخەي، بېيجىڭلاردا ئۇچۇپ يۈرۈپ دوللارچىلىق قىلغان. ھەتتا ئۇيغۇرلارنىڭ بۇنداق پۇلچىلىق تىجارەت تۈرى غەرپلىكلەرنىڭ خىتاي ساياھەت قوللانمىلىرىغا كىرگۈزۈلگەن. تاشقى پىرىۋوت زاپىسىغا خېلى چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن. بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا بازىرى ئېچىلغاندا خىتاي بانكىلىرى ئوخشىمىغان ئەللەرنىڭ پۇللىرىنى كۆرۈپ باقمىغان شارائىتتا ئۇيغۇرلار شۇ پۇلارنىڭ سودىسىنى قىلىپ بېيىغان.

ھېيتگاھتا تۇرۇپ ھېس قىلغىلى بولىدىغان بازار، ئوردا ۋە رۇھىيەت دېگەن بۇ ئۈچ ئامىل قانۇن تۈزىدىغان، قانۇن بويىچە ھۆكۈم قىلىدىغان ۋە ھۆكۈمنى ئىجرا قىلىدىغان ئۈچ ئورگاننىڭ بولۇشىنى تەقەززا قىلاتتى. بۇ غەربتە دېيىلىۋاتقان پارلامېنت، ھۆكۈمەت ۋە سوتنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرى ئىدى. بۇرۇن بازاردا ئالارمەن بىلەن ساتارمەن كېلىشەلمىسە قازى قانۇن بويىچە ئايرىپ، قازى چىقارغان ھۆكۈمنى ئەمەلدارلار ئىجرا قىلاتتى. دېمەك، ئۇيغۇرلاردا بولغان ئوردا، بازار ۋە روھىيەت دېگەن ئۈچ ئامىل كېيىنكى پارلامېنت، سوت ۋە ھۆكۈمەت دېگەن ئۈچ ئامىلغا تەرەققىي قىلغان بولسا بۈنى دېموكراتىك تۈزۈم دېگەن بولاتتۇق.

ئۇيغۇرغا ھاكىمىيەت، تىجارەت ۋە روھىيەتتىن ئىبارەت ئۈچ يىلتىزىدىن دېموكراتىيە ئۈنۈپ چىقىدىغان بىر دەۋرىي شارائىت بولمىغاننىڭ ئۈستىگە 1949 -يىلى كومپارتىيە بۇلارنىڭ ھەممىنى يىغىپ ئاپاق خوجىغا ئوخشاش ئاستىغا باستۇرىۋالدى. خەلقنى ئەزگۈچى ۋە ئېزىلگۈچى دەپ ئىككى قۇتۇپقا ئايرىپ تارىختىن «ئاتاڭ بازار،ئاناڭ بازار» دەپ رىسقىنى بازاردىن تېپىپ يەيدىغان بۇ مىللەتنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم كىشىلەر ھاكىمىيەت ۋە تىجارەتكە مەسچىتتە تۇرۇپلا قارار چىقىرىدىغان بولۇۋالدى. بەزىلەر ھاكىمىيەت تەرەپكە ئۆتۈپ روھىيەتكە قازى بولۇۋالدى. بەزى تىجارەتچىلەر بازار ئېچىشتا ئۆلىماغا تايىنىپ يۈز يۈيدىغان سوپۇندىن تارتىپ قول ئېرىتىدىغان

قەغەزگىچە پەتىۋا سورايدىغان كۈنگە قالدى. كىشىلەر ئۆيدىكى ھېساپ تالاغا توغرا كەلمىسە، تىجارەتنىڭ قانۇنىيىتىدىن كۆرۈپ، بۇ ساھەنىڭ ئىلىمدارلىرىنى ئىزدىمەي موللىنى ئىزدەيدىغان غەلىتە خۇيلۇق بولۇۋالدى.

ئىككى مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە قەشقەرنى يۆلەپ تۇرغان «ئاتاڭ بازار، ئاناڭ بازار»، «كاجنى بازار ئۇگىشايدۇ»، «مەڭگۈ ئۆلمەيدىغاندەك تىجارەت قىل، ئەتىلا ئۆلىدىغاندەك ئىبادەت قىل» دېگەن قاراشلار ئۇيغۇرنىڭ داستىخىنىغا تارىمدەك بەرىكەت، ئىلىدەك شەربەت ئاتا قىلىپ كەلدى. ئۇيغۇر گەرچە بۇ شەھەردىكى ئوردا- ھاكىمىيەتتىن ئايرىلىپ قالغان بولسىمۇ، قەلبىدە ئۆزىنى بۇ زېمىنغا ھاكىم ساناشتىن ۋاز كەچكىنى يوق. ئۇلار يەنىلا ھاكىملىق روھىدا بازارغا لايىق ياسىنىپ، جامەلەرنى ئاۋات قىلىپ، دۇنياغا تەتۈر يوللارنى بىر چىرايلىق ئۇگىشاپ ياشاپ كەلمەكتە. نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان ھاكىمىيەت، تىجارەت ۋە ئىلاھىيەتكە تەگىپۇڭ قاراپ، بىرىگە بىرىنى زىت قىلماي، بىرىنى دەپ يەنە بىرىدىن ۋاز كەچمەي زامانىۋىي ھاياتقا يۈزلەنگەن بۇ مىللەتنىڭ قەدەملىرى يەنىلا مەزمۇت. ئۇيغۇرغا بازارلا بولسا ۋىجدان، نومۇس، ئىمان ۋە ئىناۋەتلەرنىڭ مۇجەسسىمى بولغان مەنىۋىيەتتىن باشقا ھەممىنى پۇل قىلالايدۇ. ھېيتگاھنى ئوق قىلىپ ساما سېلىۋاتقان بۇ خەلق دۇنيادىن ئىبارەت بۇ چوڭ بازاردا قەدەملەرنى تەرەققىيات رېتىمىغا تەڭشىمىسە، بازارغا باقمىسا، تەپەككۇردىكى تەگىپۇڭلۇق، تەرتىپ ۋە تەمكىنلىكنى ساقلىمىسا، بىر بىرىگە پۇتلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى، تىجارەتتە كاجلىق قىلسا، زىيانغا قالىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

## مۇساپىرنىڭ ۋەتىنى

ئۇنىڭ بىلەن كۆڭۈلسىزلىك ئەنقەرەدە باشلاندى. بىللە بەيتۇللاھتا ئىبادەت قىلغاندا، ئىستانبۇلدا مارمارا دېڭىزىغا قاراپ تۇرك قەھۋەسى ئىچكەندە نىيەتلەر بىر، تىلەكلەر بىر ئىدى. يۈرەكلەرنىڭ ئوخشاش بىر ئازاپتىن تىترەپ، قانلارنىڭ ئوخشاش بىر ھاياجاندا دولقۇن ئۇرىدىغانلىقى ئەقلىمىزگە ئايدىڭ ئىدى. بۇ دوستلۇق شۇ قەبرىگە بېرىش بارماسلىقتىن چاچراپ كەتتى.

مەن تۇرۇۋاتقان مەھەللىدە ئۆزى يېتىملىكتە ئۆسۈپ بۇ يېتىم مىللەتكە باش بولغان، ئۇيغۇرنى باش تىققۇدەك بىر ماكانغا ئېرىشتۈرەلمەي ئارماندا جان ئۈزگەن بىر كىشىنىڭ- ھەزرىتىم دەپ تونۇلغان بىر زاتنىڭ قەبرىسى بار ئىدى. ئۆيۈمگە كەلگەن ئەزىز دوستلىرىمنى ھەمىشە شۇ يەرگە باشلاپ باراتتىم. بۇ ئىش ماڭا خۇددى قەشقەرگە كەلگەن دوستلارنى ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قەبرىسىگە باشلاپ بارغاندەك ھوزۇرلۇق تۇيۇلاتتى. شۇ قەبرىگە يول ئالغان قەدەملەر ماڭا ۋەتەنگە قاراپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ ھاياجانغا چۆمۈلەتتىم. قەبرە بېشىدا مۆڭلۈك قىرائەت، تەسىرلىك دۇئالار بىلەن كۆزلەر ئىسسىق ياشقا تولاتتى. مەرھۇمنىڭ پىداكار ھاياتىنى، ئۇنىڭ ئەنقەرەنىڭ مەركىزىدىكى ئۇلۇستا پارلامېنت ئەزالىرىغا دوكلات سۇنۇپ، مۇخبىرلار بىلەن كۆرۈشۈپ، بايانات ئېلان قىلىپ شەھەرنىڭ يەنە بىر چېتىدىكى ئۆيىگە كېتىشتە ئون نەچچە كىلومېتىر يولنى ھەمىشە پىيادە باسىدىغانلىقىنى سۆزلىشەتتۇق.

كۆرۈشمىگىلى بىر يىلدىن ئاشقان ئۇ دەملەردە مەن ھاياجان بىلەن تولا سۆزلەپ ئۇنىڭ كەيپىياتىغا دىققەت قىلمىغان ئوخشايمەن. يازغان تىزغانلىرىمنى بۇرۇنقىدەك سۆيۈپ ئوقۇۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ، ئەپتىدە كۆرۈلگەن بىزارلىققا سەپ سالمىغان ئوخشايمەن. گەپ ھەزرىتىمنىڭ قەبرىسىگە كۆچكەندە چېچەك چىقتى.

ئۇ تۇيۇقسىز:

-قەبرىنى زىيارەت قىلىش بىدئەت، سىلى دىنىنى بىلمەي كىشىلەرنى گۇناھقا باشلاپسىلە، دۇئا دېگەننى قەبرىگە بېرىپ قىلماي ئۆيدە قىلسىمۇ بولىدۇ. نەچچە ئون كىشىنى ئازدۇرغاننى ئازدەپ، ھازىر تۇردا يەنە قالايمىقان بىر گەپلەر بىلەن دىنغا ھۆجۇم قىلىپ، ئۆلىمالارغا تىل ئۇزاتقىلى تۇرۇپسىلە،-دەپ چېچىلىپ كەتتى.

ئۇنىڭ چىرايىغا خۇددى باشقا بىر ئادەمنى كۆرۈۋاتقاندەك قاراپ ئولتۇرۇپ قالدىم. بەلكىم ئۇنىڭ مېنى باشقا بىر ئادەمدەك كۆرۈپ تونۇيالماي قېلىۋاتقىنىغا ئۇزۇن بولغان بولسا كېرەك، ئۆزىنى تۇتالماي بىراقلا قايناپ كەتتى. ئۇ قايسى ئۆلىمانىڭ ئۆزىگە نېمە دەپ تېلېفون قىلغانلىقى، قايسى دوكتورنىڭ يازغانلىرىنى قانداق چۈشەنگەنلىكى، قايسى ھاجىمغا قىلغان «ھۆجۇم»لىرىمنىڭ ئۇنى بىئارام قىلغانلىقى ھەققىدە سۆزلىدى. قارىغاندا بۇ قەدىناس دوستۇم مېنى ئاقلايمەن دەپ كۆپ زورۇققاندەك قىلاتتى.

پاراڭلاشقاندەك بولۇپ ئولتۇردۇق، ئىككىلىمىز سىقىلىۋاتقان بولساقمۇ ھېچ قايسىمىز قارشى تەرەپنى ئاياپ خوش دېيەلمەيتتۇق. ئاخىرى مەن ئۆزۈمنى سوراپ ئۇنىڭ ئەتە ئىشلەيدىغانلىقىنى، ئىشقا ئۇزاق ماشىنا ھەيدەيدىغانلىقىنى باھانە قىلىپ ئورنۇمدىن تۇردۇم. شۇنچە ناخۇش بىر سۆھبەت بولدىكى ئاخىرىدا تۇركچە يېنىككىنە كاللا سوقۇشتۇرۇپ خەيرلەشمىدۇق.

ئۆيگە يېنىپ كېلىپ ئارىمىزدا بولغان پاراڭلارنى باشتىن ئەسلەپ چىقتىم. ئەسلى مەن ھەزرىتىم ھەققىدە بىر كىتاپ يازماقچى بولغان. بىز بىرلىكتە ئابدۇقادىر داموللام ۋە ھەزرىتىمدىن باشلاپ قارغىلىقتا ۋاپات بولغان ئابلىكىمخان مەخسۇمغىچە بولغان يولباشچىلارنىڭ ئىزىنى رۇشەنلەشتۇرۇپ، بۈگۈنكى ئۇيغۇردا زىنددىيەتلىك مۇرەككەپ، غەلىتە تۇسكە كىرىپ قالغان دىنى كەيپىياتقا چىراق ياقماقچى بولغان ئىدۇق. مانا ئەمدى تەرىمىز تۇرۇلگەن، كۆڭۈللەر زىدىلەنگەن ھالدا ئاچا يولغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇرۇلدۇق. زادى نېمە سەۋەپتىن بۇ پىلانلارنىڭ يوققا چىقىپ، بۇ ئارزۇلارنىڭ سۇغا چىلاشقىنى ماڭا قاراڭغۇ. باشقىلارغۇ ھەر خىل چۈشەنگەندۇ، ئەمما ئۇ قايسى يازمامدىن، قانداقسىگە ئۆلىملارغا تىل تەككۈزۈپ، دىنغا ھۇجۇم قىلدى دەپ قالغاندۇ؟ بەكمۇ سورىغۇم بار ئىدى، ئەپسۇس.

يازغانلىرىمدىن ئۇنى شۇنچە بىئارام قىلغىدەك ئۆلىمالارغا تىل تەككۈزگەن، ئۆزۈم ئېتىقات قىلىدىغان دىنغا «ھۇجۇم» قىلغان بىرەر تەپسىلات ئېسىمگە كەلمىدى. پەقەت ئۇنىڭ بىلەن تېلېفوندا بىر قېتىم مۇنازىرىلىشىپ قالغىنىم ئېسىمدە. تېلېفوندا ئۇنىڭ بالىسىغا ئۇيغۇرچە گەپ قىلمىغىنى ئاڭلانغاندا ئەسكەرتىپتىمەن. -ئاداش، بالاڭلا ئۇيغۇرچە بىلمەمدۇ؟ سىلى بولساڭلىمۇ ئۇيغۇرچە سۆزلەڭلا بالاڭلىغا! دېيىشىمگە ئۇ: -ھە، ئاللاھ ئۇدۇنيادا تىلىمىزدىن سورىمايدۇ، دىنىمىزدىن سورايدۇ. بالام ياخشى بىر مۇسۇلمان بولسا ماڭا پەرىز قىلىنغىنى شۇ. شۇڭا ئۇنى مۇسۇلمانلار ئاچقان خۇسۇسىي مەكتەپتە ئوقۇتۇۋاتىمەن. بۇ مەكتەپ بىزنىڭ رايۇن بويىچە بىرىنچى، -دېدى. مەن ئۇنىڭ گېپى تۈگىشىگە ئۇلاپلا: -ھەممىنى بىلگۈچى ئاللاھ ئۇيغۇرچە بىلمەسمۇ؟ بۇ دۇنيادىغۇ ئۇيغۇر تىلىغا دۆلەت ياراشمىدى، ئۇ دۇنيادىمۇ تىلىمىز ئاللاھقا يارىماسمۇ؟ دېيىشىمگە ئۇنىڭ قاتتىق بىر تىنغىنى ئاڭلاندى. مەن بۇ ئىشلارنى شۇ كۈنلا ئۇنتۇپ كەتكەن بولسام كېرەك، ئاخىرىدا نېمىلەرنى دېيىشكىنىمىز ئېسىمدە يوق.

ھە راست، ھەزرىتىمنىڭ قەبرىسىگە بېرىشنىڭ گېپى چىقىشتىن بۇرۇن بالىلارنى باغچىدا ئويناتقان ئىدۇق. ئۇ تېلېفونىغا قاراپ: -ئىراقنىڭ شىمالىدىكى كورتلار مۇستەقىللىق ئۈچۈن بىلەت تاشلايدىكەن. ئامېرىكىنىڭ پۇلىنى ئېلىپ يەھۇدىينىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئويناشتىن ئەجەپمۇ ۋاز كەچمىدى بۇ خەق! - دېدى. -ئۇنداقتا بىزچۇ، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى، ئامېرىكا ئۇيغۇر جەمئىيىتى، ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشى قاتارلىق ئۈچ تەشكىلاتىمىز ئامېرىكىدىن پۇل ئېلىۋاتىدىغۇ؟ ئىككىسى بىر گەپ. بىزمۇ ئۇيغۇر ھۆرلۈككە چىقىدىغانلا ئىش بولسا يەھۇدى بولامدۇ، ناسارا بولامدۇ، بۇددىست بولامدۇ ھەمكارلىشىمىز. ھۆرلۈك ئۈچۈن ھەرقانداق

مىللەت ھەرقانداق يولنى تاللاشقا ھوقۇقلۇق! - دېدىم.

-ئاداش ئۇنداق دەپ ئىماندىن ئاجراپ كەتمەيلى،-دېدى ئۇ كۆزۈمگە مەنىلىك قاراپ. مەنمۇ دەرھاللا: -ۋەتەنسىز مۇساپىرنىڭ ئىمانى چاپانغا ئوخشايدىكەن ئاداش، ھەر قانچە ياراشتۇرۇپ كىيىپ، تېشىڭدا ھېيىت ئويىنساڭمۇ ئىچىڭدىن بىر ئۇھ چىقىدىكەن. چاپاننىڭ ئەڭ ئىسسىقنى ئېلىپ كىيىۋالساڭمۇ ئىچىڭ ئىسسىمايدىكەن. ۋەتەنسىز ئوقۇغان نامازمۇ خۇددى جايناماز سالماي ئىبادەت قىلغانىدەك يۇرەككە بارمايدىكەن. 50 - يىللاردا خوتەندە ئىنقىلاپ باشلىغان ئابلىمىت داموللامنىڭ «ۋەتەن دېگەن جايناماز، ئۇنى قولۇڭغا ئېلىپ پاكلىماي تۇرۇپ ئوقۇغان ناماز مەقبۇل ئەمەس» دېگەن شۇئارىنى ئەمدى چۈشىنىۋاتىمەن،-دېيىشىمگە ئۇ تەتۈر قاراپ بالىسىنى چاقىرغان بولۇپ نېرى كەتكەن ئىدى.

مۇشۇلارنى ئويلاپ روھىم چىقىپ كەتكەنىدەك، ئارامسىزلانغانىدەك بولۇپ كەتتىم. نېمىمۇ قىلاريدىم، شۇ ئىخلاسمەن دوستۇمنىڭ كۆڭلىنى چىگىپ، بىر ئېغىز گەپنى ئاز قىلسام، بىرەر نۇۋەت ھە دەپ ئۆتكۈزىۋەتسەمچۇ. يولۇققان مەسىلىلەر ھەققىدە نېرۋامنى چېچىپ ھاياجانلىنىپ، زېھنىمنى چېچىپ بىر نەرسە يېزىپ، ۋاقتىمنى چېچىپ پالاقلاپ ئاۋارە بولماي سەل تەمكىن بولسامچۇ؟ بەزى گەپلەرنى يازماي چىرايلىق داستىخاندا تۈگەتسىمۇ، دېمەي ئىچىگە يۇتىۋەتسىمۇ بولاتتىغۇ! بۇ كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئويلاپ ۋەتەن، ۋەتەن دېگەن بىلەن مۇساپىرنىڭ ۋەتىنى دوستلارنىڭ كۆڭلى ئىكەن دېگەن ئويغا كەلدىم. ۋەتەننى ئاللىمساقمۇ دوستلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا بولسىمۇ تىرىشقان ئەۋزەلكەن ئەسلى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## مۇھاجىرەتتىكى باللار ۋە شېئىر

ئۇيغۇر باللار ئويۇنلىرىغا نەزەر سالغىنىمىزدا قوشاقلىق ئوينىلىدىغان تۈرلەرنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. باللار ئويۇن جەريانىدا قوشاق ئېيتىشنى ياخشى كۆرىدۇ، قاپىيەلىك سۆزلەر باللار ئويۇنلىرىغا سىڭىپ كەتكەن بولىدۇ. مەسىلەن، چۆچەكىم چۆچەك، ئوتتۇرىسى دۆمبەچەك، سۇ قۇيسام تېشىپ كەتتى. ئۆرمىلەپ قېچىپ كەتتى. ئاق تېرەك، كۆك تېرەك. خانىم سىزگە كىم كېرەك؟ بۇندىن باشقا قىزلار ئامراق چاكوم ئويۇنىمۇ قوشاقسىز ئوينالمايدۇ. مەسىلەن، چاكوم، چاكوم تاماكوم. كىچىكى، كىچىك ئالا كۈچىكى. تەكشۈرۈشىمىزچە باللىق چاغلاردىكى بۇ قوشاقلار مۇھاجىرەتتىكى ئاتا-ئانىلارنىڭ ئېسىدە بىر ئۆمۈر ساقلىنىپ قالغان.

باللار قوشاقلىرىنىڭ ھەممىلەنگە بۇ قەدەر سىڭىپ كېتىشىدىكى سىر نەدە؟ ئېسىمىزدە نەسىر، ھېكايە ۋە چۆچەكنىڭ بۇ قەدەر چوڭقۇر ساقلىنىپ قالماي شېئىرلارنىڭ ساقلىنىپ قېلىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەپ نېمە؟ سەۋەپ رېتىمدا، يەنى ئاھاڭدارلىقتا. شېئىرلاردا بولىدىغان ئاھاڭدارلىق، مۇزىكچانلىق ئەستە ساقلاشنىڭ قولاي بولۇشىنى بەلگىلىگەن. مەسىلەن، يامغۇر ياغدى، قار ياغدى، شارقىراپ كەتتى. ئۆتتۈكۈمنى مايلىسام پارقىراپ كەتتى. ئىككىنچى سەۋەپ شېئىرلاردىكى جۈملە ۋە سۆزلەرنىڭ قىسقا بولغانلىقى. مەسىلەن، ئاپتاپ چىق، ئاپتاپ چىق، بەش بالاڭنى باشلاپ چىق. ئۈچىنچى سۆزلەرنىڭ مۇرەككەپ گىراماتىكىلىق تۈرلىنىشلەردىن خالى بولغانلىقىدىن. مەسىلەن، نىنو نىنونى، قويسۇن كىنونى، قويسا قويسۇن قويمىسا يوق، بەرسۇن بەش مونى.

دېمەك، شېئىرلاردىكى يۇقىرىقى خۇسۇسىيەتلەر سەۋەپلىك باللىقتا دەپ ئويىنىغان شۇ قوشاقلار بۈگۈنگىچە ئېسىمىزدە. دېمەك، شېئىردىكى بۇ خۇسۇسىيەت

بىزگە مۇھاجىرەتتە ئانا تىلنى باللارغا سىڭدۈرۈشنىڭ ئەڭ قولاي يولىنىڭ شېئىرلار ئىكەن دېگەن قاراشنىڭ توغرىلىقىنى ئەسكەرتتى.

ھەممەيلەن ئەستە ساقلىغان بۇ باللار قوشاقلىرىدىكى يەنە بىر دىققەتكە سازاۋەر نوقتا، ئۇنىڭ باللار ئويۇنلىرى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەنلىكىدە. ئىنسان ئويۇنغا ئامراق، باللار ئويۇنىيالايدىغان نەرسە چوڭلارغا قارىغاندا، تېخىمۇ كۆپ بولغاچقا باللار ئويۇنغا تېخىمۇ ئامراق. شۇڭا بۇ ئويۇن بىلەن بىرلەشكەن قوشاقلار باللارنىڭ قەلبىگە تېخىمۇ ئاسان ۋە چوڭقۇر ئۆزلىشىپ كەتكەن.

يۇقىرىقى قوشاقلارنىڭ ھەممەيلەنگە بىر ئۇمۇر ھەمراھ بولۇشىدىكى ئۈچىنچى سەۋەپ باللارنىڭ قوشاققا تەبىئى ئامراقلىقى. ئۇلارنىڭ ئۆزۈن سۆز جۈملىلەر بىلەن خوشىنىڭ بولماسلىقى. قوشاقلاردا سۆزلەر قىسقا، مىسرالار تېخىمۇ قىسقا بولغاچقا باللارنىڭ ياقتۇرىشىغا ئېرىشكەن. باللار قوشاقلارنى ياقتۇرۇپ قېلىشى ئەستە ساقلاشنى قولايلاشتۇرغان.

قوشاقلارنىڭ باللارنىڭ تىل تەرەققىياتىدىكى رولىغا قارايدىغان بولساق، بىرىنچىدىن: قوشاقلاردىكى قاپىيەچانلىق ۋە ئاھاڭدارلىق باللارغا سۆزلەرنى قانداق توغرا تەلەپپۇز قىلىشنى ئۆگىتىدۇ، سۆزلەرنى ئاسان ئۆزلەشتۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ. قوشاقلاردا ئاھاڭدارلىق قاپىيە بىلەن كۈچلىنىدىغان بولغاچقا، ئەگەر سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇزى توغرا چىقمىسا قاپىيە بۇزۇلۇپ ئاھاڭدارلىققا تەسىر يېتىدۇ. شۇڭا قوشاقلارنى كۆپ ئۆگىنىش باللاردا سۆزلەرنى خاتا تەلەپپۇز قىلىشتىن ساقلاپ قالىدۇ، شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ، نۇقسانىنى قوشاقلارنى يادلاۋاتقان باللارمۇ ئۇقۇتقۇچىنىڭ ياردىمىسىز ئۆزلىگىدىن ھېس قىلالايدۇ. مەسىلەن:

جان نېمە، جانان نېمە، ۋەتەن نېمە،
ھەر كىشىنى ئادەمى ئەتكەن نېمە،
يانمىسا كۆڭۈل ئۆيىدە بىر چىراق،

گۆش تېرە، بۇ ئۇستىخان بۇ تەن نېمە.

بۇ يەردىكى «جانان» دېگەن سۆزدە بىرىنچى بوغۇمدىكى «ئا» تاۋۇشى سوزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. شېئىردىكى ئاھاڭدارلىق بۇ شېئىرنى يادىلىغۇچىدىن شۇنداق تەلەپپۇز قىلىشنى تەلەپپۇز قىلىشى تەقەززا قىلىدۇ. بولىدۇ.

ئەي پەقىر ئۇيغۇر ئويغان ئۇيقۇڭ يېتەر،
سەندە مالا يوق، ئەمدى كەتسە جان كېتەر،
بۇ ئۆلۈمدىن ئۆزۈڭنى قۇتقۇزمىساڭ،
ئاھ سېنىڭ ھالىڭ خەتەر، ھالىڭ خەتەر.

مۇھاجىرەتتە ياشاۋاتقان ئۈچ-تۆت ياشلىق بالىلار بۇ يەردىكى خەتەر سۆزىنىڭ مەنىسىنى بىلمەيدۇ. ئەمما ئالدىنقى قۇرلاردىكى كېتەر، يېتەر دېگەن سۆزلەرگە ئاساسەن بۇ يەردە بىر ئەر بىلەن ئاياللاشقان بوغۇمنىڭ بولۇشى كېرەكلىكىنى ھېس قىلىدۇ.

شېئىرلاردىكى قاپىيە سۆزلەردىكى ئۇرغۇنى ئىگىلەشكە ۋە تىلىنىڭ تاۋۇش قۇرۇلمىسىنى پەرىقلەندۈرۈشكە پايدىلىق. مەسىلەن: ئات، قات، تات دېگەن قاپىيەداش سۆزلەردىن تۈزۈلگەن بىر شېئىرنى يادىغا ئالغان بالىدا تەبىئىي ھالدا سۆزلەرنىڭ ئاھاڭ جەھەتتە يېقىن كەلسىمۇ، مەنە جەھەتتە پەرقلىق بولىدىغانلىقىغا دائىر چۈشەنچە شەكىللىنىدۇ.

سۆزلەردىكى ئۇرغۇ خاتا يەرگە قويۇلۇپ ئوقۇلسا، قاپىيەلەنمەي شېئىرنىڭ ئاھاڭدارلىقىغا تەسىر يېتىدۇ. شۇڭا بالىلار قوشاق ئارقىلىق بىر قىسىم ناتونۇش سۆزلەرنى توغرا تەلەپپۇز قىلىشنى ئۆگەنگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئوخشاش باشقا سۆزلەرنىمۇ تەلەپپۇز قىلالايدىغان بولىدۇ. مەسىلەن:

تاۋار بالالار، تاۋار بالالار،
تاۋاردىن ئەتىۋار بالالار.

بۇ يەردە «ئەتىۋار» دېگەن سۆزدە «ئە» سوزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. ناۋادا

«ئە» سوزۇپ ئوقۇلمىسا ئاھاڭدارلىق بۇزۇلىدۇ. رىتىمنى بۇزماسلىق ئۈچۈن بالا بۇ يەردە ئەتىۋار دېگەن سۆزنىڭ تەلەپپۇزىنى توغرا دېيىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

شېئىرلارنى يادىلاش نەتىجىسىدە تىلنىڭ تاۋۇش قېلىپى، تاۋۇش پورمىلاسى باللارنىڭ مېڭىسىدە مۇقىملىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن باللار سۆزلەرنىڭ ئاھاڭى، شەكلىنى پەرىقلەندۈرۈپ ۋە سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلىشى ھەققىدە چۈشەنچىگە ئېرىشىدۇ. بۇ يېڭى سۆزلەرنى تۇرلەشتە ئاسانلىق تۇرغۇزىدۇ. مەسىلەن، ئويۇنچۇق سۆزىنى بويۇنچۇق، دورامچۇق قاتارلىق سۆزلەر بىلەن قاپىيەلەشتۈرۈپ ئەستە ساقلىغان بالا قىزغانچۇق دېگەن سۆزنى ئاسانلا قوبۇل قىلىدۇ ۋە مۇشۇ قېلىپتا تۇرلەنگەن يېڭى سۆزلەرنى ئۆزلەشتۈرىدۇ.

شېئىرلاردىكى قاپىيە باللارغا گراماتىكىلىق قۇرۇلمىلارنى ئۆزلەشتۈرۈشتە ياردەمچى بولىدۇ. رىتىمدارلىق مەزمۇننى ئەستە ساقلىشنى قولايلاشتۇرىدۇ. رىتىملىق شېئىرى جۈملىلەر باللاردا بىر مىسرانىڭ كەينىدىن كېلىدىغان يەنە بىر مىسرانى ئەسلىشكە قولايلىق يارىتىدۇ. مەسىلەن، ئاق تاش كۆك تاش، سەن بىلەن مەن ئاداش. بۇ مىسرالاردا بوغۇم سانى ئېنىق بولۇپ كەم ياكى ئارتۇق بولۇپ قالسا رىتىم بۇزۇلىدۇ. باللار مۇشۇنداق مىسرالارنى يادىلاش جەريانىدا سۆزلەرنىڭ ياسىلىش ۋە تۇرلىنىش ئۇسۇللىرىنى ئۆزلەشتۈرۈپ ماڭىدۇ. مەسىلەن، سىناق قىلىنغان بىر ئوقۇغۇچى «ئويغان» شېئىرىدىكى پېئىلنىڭ ئار، ئەر شەكلىنى ئۆزلەشتۈرگەندىن باشقا ئۆزگەرتىپ يېڭى شەكىللەردە قوللىنىشنىمۇ ئۆگىنىۋالغان. مەسىلەن، «ئاھ سېنىڭ ھالىڭ خەتەر» دېگەن مىسرانى«ئاھ، سېنىڭ ھالىڭ خەتمەس» دەپ ئۆزگەرتكەن. دېمەك، باللار بۇ رىتىملىق مىسرالاردىن سۆزلەرنى ئۆگىنىپلا قالماي ئۆزگەرتىپ، ئۆزى جۈملە تۈزۈشتە قوللىنىدۇ.

فوكس مەمنىڭ «باللار نېمىشقا شېئىرنى سۆيىدۇ» دېگەن كىتابىدا دېيىلىشىچە شېئىرلارنى كۆپ يادىلاپ بەرگەن باللار بىلەن شېئىر يادىلاشتىن مەھرۇم قالغان باللارنىڭ تىل ئىقتىدارى ۋە ئوقۇش قىزغىنلىقى ئالاھىدە پەرقلىنىدىكەن. مۇشۇ

ساھەدىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ بايقىشىچە ئەگەر باللار تۆت يېشىدا سەككىز شېئىرنى يادا بىلسە سەككىز يېشىغا بارغاندا ئەڭ ياخشى ئوقۇرمەن بولالايدىكەن.

شېئىرلارنى كۆپ يادلاش باللارنىڭ ئەستە ساقلاش، يەنى خاتىرە ئىقتىدارىنى كۈچەيتىدۇ. شېئىرلارنى كۆپ يادلاش ئارقىلىق باللارنىڭ تاۋۇشلارغا سەزگۈرلىكى ئېشىپ ئاڭلىغان ۋە كۆرگەن ھادىسىلەرنى سۆز ئارقىلىق تەسۋىرلەش قابىلىيىتى يېتىلىدۇ. ئادەتتە پروزا ئەسەرلىرىدە بىر سۆزنى بىلمىسە، ئەستە ساقلاش قولاي بولمىغاچقا شۇ يەردە ئۇنتۇلۇپ قالىدۇ. شېئىرلاردا گەرچە شۇ ۋاقىتتا بىر سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمىگەن بولسىمۇ يادلىۋالغان بولغاچقا، كېيىن يولۇققان چاغدا ئېسىگە ئېلىپ ئۆزلەشتۈرەلەيدۇ. شېئىرلار ئارقىلىق باللار تىلدىكى ئاھاڭ، قۇرۇلما ۋە تەرتىپنى ياخشى ئۆزلەشتۈرۈپ، يېڭى بىر تىلنى ئۆگىنىشتە ئەۋزەللىككە ئېرىشىدۇ، ئوقۇپ چۈشىنىش ۋە ماتېماتىكا ئىقتىدارى يۈكسىلىدۇ.

شېئىرلارنى كۆپ يادلاش باللارنىڭ تىل ئارقىلىق ئۆزىنى ئىپادىلەش، يېزىقچىلىق ۋە ناتىقلىق ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدۇ. شېئىرلاردا سۆزلەر تاللانغان، تاۋلانغان، ئوبرازلىق بولغاچقا بۇ باللارنىڭ تىل ۋە يېزىق ئارقىلىق ئۆزىنى ئىپادىلەش ماھارىتىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق بولىدۇ. شېئىرىي جۈملىلەر ۋە بىرىكمىلەر ئىخچاملانغان بولغانلىقى ئۈستىگە ئاھاڭدارلىققا قويۇلىدىغان تەلەپ قاتتىق بولغاچقا، شېئىرلارنى كۆپ يادلىغان باللارنىڭ ناتىقلىق ئىقتىدارى ئالاھىدە گەۋدىلىك بولىدۇ.

دېمەك رىتىملىق تىل سەنئىتى بولغان شېئىرلار باللارنىڭ تىل تەرەققىياتىدىكى رولى باللارنىڭ تىل ئىقتىدارى، تەپەككۇر ئىقتىدارى ۋە ئالاقە ئىقتىدارىنىڭ يېتىلىشىدە كۆرۈلىدۇ. شېئىرلارنىڭ ئەستە ساقلاشقا قولاي بولۇشىدىكى سەۋەپلەر رىتىم، قاپىيە ۋە ئىخچاملىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. يۇقىرىقى ئامىللار باللارنىڭ ئانا تىلدىكى سۆزلەرنى، قۇرۇلمىلارنى ۋە ئاھاڭنى ئەستە قالدۇرۇشقا تۆھپىسى زور بولىدۇ.

باللارغا شېئىرلارنى يادلىتىش باللار ياخشى كۆرىدىغان، باللارنىڭ تىل

ئىقتىدارنى ئۆستۈرىدىغان، شۇنداقلا باشقا ئىقتىدارلارنى ۋاقتىدا يېتىشتۈرۈشتە قىلىنمىسا بولمايدىغان مۇھىم بىر تەربىيە ئۇسۇلى. بولۇپمۇ مۇھاجىرەتتە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بۇ تېخىمۇ مۇھىم. تىل ئادەتتە بىر قورال. قورالنىڭ تەرەققىياتى ئىشلىتىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك. چەتئەللەردە ئانا تىلنىڭ ئىشلىتىش ئورنى ئىنتايىن چەكلىك. ئانا تىل مۇھىتى يېتەرسىز، ھەتتا ئاتا-ئانىلارنىڭمۇ ئانا تىل ئىقتىدارى ئاجىزلايدىغان ئەھۋال ئاستىدا، مۇھاجىرەتتە بالىلارنىڭ يېزىق ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش قىيىن، شۇڭا بالىلارنىڭ كۆپرەك شېئىر يادلىشى مۇھاجىرەتتىكى ئانا تىل ئوقۇتۇشىدا تېخىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئىككىنچىدىن مۇھاجىرەتتە بالىلارنىڭ ساۋادىنى چىقىرىپ قويغان بىلەنمۇ ئوقۇيدىغان كىتاپ يېتەرسىز. شۇڭا بالىلار ئوقۇغان بىر - ئىككى كىتابىنى ھامان ئۇنتۇپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۇلارغا قوشاق يادلىتىپ قويساق، مۇمكىن بولسا بىرەر مەشھۇر داستانىمىزنى يادلىتىۋەتسەك مەڭگۈ ئېسىدىن چىقمايدۇ. بۇندىن باشقا ئۇيغۇر بالىلار ئارىسىدا ئاغزاكى تىل سەنئىتى بولغان قوشاقچىلىقنى ئادەتلەندۈرۈش ئارقىلىق ئۇيغۇر بالىلارنىڭ يېزىق ساۋادى چىقىپ بولالماسلىق، ساۋادى چىققان تەقدىردىمۇ داۋام قىلىپ ئوقۇغىدەك كىتاپلارنىڭ بولماسلىقى سەۋەپلىك كۆچلەنمەيدىغان ئانا تىل سەۋىيەسىنى، ئۆپرىماس ئاساسقا ئىگە قىلىش ئېھتىماللىقى ھەققىدىكى سىناقلارنى قىلىپ بېقىشقا بولىدۇ.

ماقالىنىڭ تۈگەنجە قىسمىدا شۇنى خۇلاسە قىلىشقا بولىدۇكى، شېئىرلار مۇھاجىرەتتىكى پەرزەنتلەرنىڭ تىل تەرەققىياتىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئاتا بوۋىلارنىڭ مەشرەپ سورۇنلىرىدا ئوقۇپ كەلگەن بېيىت ئېيتىش، قوشاق توقۇپ چاقچاقتا كەلتۈرۈش ئادەتلىرى ۋە داستانلىرى تارىختىن بېرى ئۇيغۇر پەرزەنتلەرنىڭ ئانا تىل خەزىنىسىنى بېيىتىپ كەلگەن. ئۇيغۇر مۇقاملىرىدىمۇ داستانلار كەم بولسا بولمايدىغان بىر تەركىپ. داستانلار قوشاقلار بىلەن مۇزىكىنىڭ ئەڭ مۇكەممەل بىرىككەن شەكلى. داستانلار ئاھاڭدارلىق، مەزمۇندارلىق ۋە ئاممىباپلىق قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇر تىلى تەھدىتكە ئۇچراۋاتقان بۈگۈنكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆنلەردە چوڭلار ئارىسىدا بىپىت ئېيتىش، داستانچىلىق ۋە قوشاقچىلىق ئەنئەنىسىنى تىرىلدۈرۈش ۋە داۋام قىلىش ئارقىلىقمۇ ئۇيغۇر بالىلارنىڭ ئانا تىل سەۋىيەسىنى كۆچلەندۈرۈشكە ھەسسە قوشقىلى بولۇش مۇمكىن.

## كامراندىن مىراس مىڭ يىللىق دەرس

«توققۇز ياشلىق ئەرلەر ۋە ئاياللار» ماۋزۇلۇق يازمام تور دۇنياسىغا ئوت ياقتى. يېزىلىۋاتقان سوئال ۋە ئىنكاسلارنىڭ كۆپلىكىدىن جاۋاپ بېرىپ بولالماي قالدىم. بەزىلەر مەدرىسىلەردە نامەھرەملىك ئېكى يېتىلگەن، يات جىنسلارنى رەت قىلغان توققۇز ياشلىق سەبىلەردىن پەخىرلەنسە، يەنە بەزىلەر يازمىدا دېيىلگەن ياتاقلىق قارىخانىلارنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى ئىنكاس قىلىشتى. شۇئاندا بىرەيلەن بالىلىرىغا ياتاقلىق مەدرىس ئىزدەپ ئېلان چىقاردى، مۇنازىرە يەنە قىزىپ كەتتى. مەدرىسكىمۇ ياكى مەكتەپكىمۇ؟ دېگەن تالاش - تارتىشقا پىلتە ئۇلاندى.

ئەمما يازمىغا مەقسەتلىك قوشۇلغان، كىشىلەرنىڭ ئەقلىگە، ۋىجدانىغا قالدۇرۇلغان بىر سوئال، بىر ئۆلۈم ئۇنىسىز ئۇنتۇلۇپ كەتتى. ھېچكىم «توققۇز ياشلىق ئەرلەر ۋە ئاياللار» دېگەن يازمىدا تىلغا ئېلىنغان ئۆلگۈچىنىڭ كىملىكىنى سورىمىدى. ھېچ بىر قىزغىن ئىنكاسچى 14 ياشلىق بىر سەبىنىڭ ئۆلۈمگە يا تاڭ قالمىدى، يا ئېچىنمىدى. ۋاقىتسىز نابۇت بولغان 14 ياشتىكى بىر قارى بالىنىڭ تۇيۇقسىز ئۆلۈمى مەھرەم-نامەھرەمنىڭ دىنىدىكى مۇھىملىقىنى قوغداشقا تەييار كىشىلەرنىڭ بىر ھەرىپ يېزىشىغىمۇ ئەرزىمىدى. بۇ ئۆلۈم تىرىكلىك غەملىرىگە، مۇنازىرە تۇزانلىرىغا كۆمۈلۈپ قالدى. بۇ ئۆلۈم ئاتا - ئانىغا دەرت بولدى، ئەمما ئۇيغۇردا بۇ نېمە پاجىئە، قانداق، نېمە ئۈچۈن يۈز بەردى؟ بۇندىن كېيىن مۇشۇنداق ئىشقا قانداق سەۋەپ قىلىش ۋە ئىبرەت ئېلىش ھەققىدە گەپ بولمىدى.

2017 -يىلى كەچ كۈزنىڭ بىرىدە كامىران دۇنيا بويىچە ئىككىنچى چوڭ قۇملۇقتىن يىراق بىر دېڭىز ساھىلىدا تىرىكلەر بىلەن خوشلاشتى. ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى دوختۇر بولۇپ، ئۇلار ئوغلىنى قۇرئان يادلىتىش ئۈچۈن ئىستانبۇلدىكى بىر مەدرىسكە قويۇپ كەتكەن ئىكەن. تالىپلار ئارىسىدا قېچىشقاق چىقىپ بالىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

يۇقۇپتۇ. بالا تارتىنچاق بولغاچقا چىداپ كېتىپتۇ. قولىغا چىققان يارىنى پەلەي بىلەن يوشۇرۇپتۇ. پۇتىغا يۇققان قىچىشقاقنى پايپاق بىلەن چاندۇرماپتۇ. ۋاقىت ئۆزارغانچە مىكروپ قانغا ئۆتۈپ قىزىتىپتۇ. دوختۇرغا كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ ۋاقتى ئۆتكەنمۇ قانداق شىپا تاپماي قازا قىپتۇ.

مەن كامىران قازا قىلغان كۈنى ئىستانبۇلدا ئىدىم. ئۆلۈم بولغان شۇ مەدرىستە ئالتە ئاي ئىشلىگەن ئىدىم. سىنىپقا كىرىشىمگە پايپاق پۇرىقى، تەر ھىدى سەۋەپلىك بېشىم قاياتتى. سىنىپ كىچىك ئادەم كۆپ بولغاچ ئاسان پۇراپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىنا زەي بولغاچقا بەشىنچى ئايغىچە ئىسسىمايتتى. دەرىزىنى ئاچسا سوغۇق بولغانلىقى ئۈستىگە شاۋقۇن سۈرەنىنىڭ دەستىدىن دەرس ئۆتكىلى بولمايتتى. تاقاپ قويسا سېسىق پۇراپ كۆڭۈل ئاينىيتتى. سوراشتۇرسام بىر بالىمىز مەكتەپتىمۇ بۇ پۇراقنىڭ گېپى بولغانلىقىنى، بۇ سەۋەپتىن تۈرك ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇيغۇر بالىلارنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇشنى خالىمايدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. قارىسام تازىلىقى ناچار بالىلارنىڭ كۆپى ئۇيچە ياتاق ياكى باشقىلارنىڭ ھامىيلىقىدا ئىكەن. ئاتا-ئانىسى يېنىدا يوق، ئەسلىدىنلا يۇرىكى سۇ، دىلى ئۇزۇك، كۆڭلى يېرىم بۇ بالىلارنىڭ مەكتەپتە ياتىنىڭ ئالدىدا تارتقان خورلۇقى يۈرىكىمنى ئەزگەن ئىدى.

مەن ئاتا-ئانىلار ۋە ھامىيلار يىغىنىدا بۇ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغان، تۈزەشتىكى تۈزۈم ۋە قائىدىلەرنى چۈشەندۈرگەن ئىدىم. شەخسىي تازىلىقنى ياخشىلاش ئۈچۈن ھەر دۈشەنبە، چارشەنبە ۋە جۈمە كۈنى بىر بىرلەپ تەكشۈرۈش ئورۇنلاشتۇراتتىم. ئەمما ياتاقتا يېتىپ ئوقۇيدىغان ۋە باشقىلارنىڭ ھامىيلىقىدا تۇرۇۋاتقان بالىلارنىڭ تازىلىقى تولۇق تۈزەلمىدى. تىرناقلار ئۆسۈك، كىيىملەر بۇ ھەپتىدىن يەنە بىر ھەپتىگە قەدەر ئوخشاش پېتى تۇراتتى.

كۆزۈمگە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. كامىران مەن كۆپ تەكشۈرگەن كىيىمى كىر، يۈزى سۇلغۇن بالىلارنىڭ بىرى بولۇشى مۇمكىن ئىدى. كامىراننىڭ ئۆلۈمنى ئۇنۇتالمىدىم، ھەر ئۆلۈم خەۋىرى ماڭا شۇ ئىسمى كامىران قويۇلۇپ، ئۆزى كامىران بولالمىغان

سەبىنى ئەسلىتەتتى. بۇ پاجىئە مەن ئۇ يەردىن كېتىپ بىر يېرىم يىل بولغاندا يۈز بەرگەن ئىدى. خۇددى چوڭلارغا خاس غەم بىلەن شۇ باللارنى تاشلاپ كېتىپ ئۆلۈمگە سەۋەپ بولغاندەك. مەن كەتمىگەن بولسام، دائىم تەكشۈرۈپ تۇرغان بولسام، بىر ۋاق ئىسسىق تاماق، بىر ئېغىز ئىللىق گەپ بىلەن شۇ ئاتا - ئانىلىق يېتىملارنىڭ دەردىگە دەرمان بولغان بولسام بۇ پاجىئە يۈز بەرمەستى دەپ ئويلايتتىم.

كامراننى ئۇياتچان بالا دېيىشتى. مىجەزى مۇلايىم. ئىچى كۆچلۈك تولىمۇ ئەقىللىق، چىرايلىق بالا ئىكەندۇق رەھمەتلىك. كامران نەۋايىنىڭ شېئىرلىرىدا كۆپ تىلغا ئېلىنغان سۆز بولۇپ مۇرادىغا يەتكەن، مەقسىدى هاسىل بولغان، ئارزۇسىغا قانغان دېگەن مەنىدە ئىدى. بەلكىم ئۇيغۇرلاردا «چالىقۇشى» دېگەن فىلىم رېكورت بۇزغان يىللاردا پەرزەنتلىك بولغان بىر جۈپلەر ئاجايىپ ئارمانلار بىلەن بۇ ئىسىمنى قويغان بولغىيدى. بەلكىم كامراننىڭ ۋەتىنى بولغان تۈركىيەدە ئۇنىڭ ئىمانغا سادىق، ئىسلامغا ئاشىق بىر ئوغۇل بولار دەپ ئارزۇلىغا بولغىيدى.

ئۆلۈم بولغاندىن كېيىن بۇ ھەقتە سوراپ قىسقا جاۋاپلارنى ئالدىم. كامران ئىقامەت ئالالمىغانلىق سەۋەپتىن مەكتەپكە بارالمىغان ئىكەن. بۇ مەسىلە مەن ئىشلىگەن چاغدىمۇ مەۋجۇت ئىدى. ئاتا - ئانىسى قۇرئان يادىلاش ئۈچۈن بىزگە تاپشۇرغان باللارغا ئىقامەت ئالغىلى بولمايتتى. هامىيسى بولمىغان باللارغا ئىقامەت بېرىلمەيتتى، شۇنىڭ بىلەن گەرچە ئاتا-ئانىلار باللارنى تۈركىيەدە دىنىدا ۋە پەندە تەڭ ئوقۇتۇشنى نىشان قىلسىمۇ شارائىت پەندە ئوقۇشقا يول قويمايتتى.

كامران ئانا باغرىدىن، ۋەتەن ئاسمىنىدىن قۇشقا ئايلىنىپ ئۇچۇپ كەتكەنچە قايتىپ كەلمىدى. خۇددى نەۋايى شېئىرلىرىدا «يا جاھاندىن تاپمىدىم كامرانلىق، يا زاماندىن كۆرمىدىم مېھرىبانلىق» دېگەندەك يىراقتىكى بىر جۈپ ئۇيغۇر ئارمانلىرىغا قانماي قازا قىلغان ئوغلىنىڭ يىراقىدا قالدى. بۇ ئىسىمنى ئۇلار بەلكىم پەرزەنت كۆرۈپ هاياجانغا چۆمگەن دەملەردە نەۋايى قالدۇرغان قۇرلاردىن تاپقاندۇ. بەلكىم

«چالقۇشى» فىلىمىدە ئۇزاق سەرسانلىقتىن كېيىن، مۇرادىغا يەتكەن كامراننىڭ ئىسمى ياش بىر جۇپنىڭ يۈرەك تارىنى تىترەتكەندۇ. شۇ سەۋەپتىن ئۇلار ئارزۇلۇق ئوغلى كامراننى ئۇزلىرى سۆيگەن تۈركىيەگە دىندا كامىل تەربىيەلەش ئۈچۈن ئەۋەتكەن بولغىيدى.

كامراننىڭ ئۆلۈمىدىن بىزگە بىر دەرس مىراس قالدى. بىلسەك ئەسلى بۇ مىڭ يىل بۇرۇن يۈسۈپ بوۋىمىز ئۆگەتكەن ساۋاق ئىدى. ئۇچۇرۇم بولمىغان باچكىمىز نېمە بولسا ئۇۋىسىدا بولسۇن دېدۇق. بىلسەك ئۆگىتەيلى، بىلمىسەك ئۆگىنىپ تەربىيەلەيلى دېگەن قارارغا كەلدۇق. يات يەردە ئالىم بولۇش، قارى بولۇشتىن بۇرۇن باغرىمىزدا سەبىيلىكىگە قانغان بالا بولسۇن دېگەن نىيەتكە كەلدۇق. ئۇنىڭمۇ باشقا باللاردەك يېنىمىزدا شوخلۇقى بولسۇن، كەپسىزلىك قىلىدىغان كۈنلىرى، كۈلۈپ كۈلدۇرۇپ كۈلپەت سالىدىغان چاغلىرى بولسۇن دەپ ئارمان قىلدۇق.

مىڭ يىل بۇرۇن بوۋىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ بالىنى ئاللاھنىڭ ئامانىتى دەپ ئاتاپ، ئىنساننىڭ بۇ ئامانەتنى باشقا بىرىگە تاپشۇرۇش ھوقۇقى بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن ئىدى. بوۋىمىزنىڭ نەزەرىدە بالا ئاللاھنىڭ ئامانىتى بولۇپ ئۇنى رەببىمىزدىن باشقىغا تاپشۇرۇش خىيانەت ئىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئاتا-ئانىلارنى باققۇچى ئەمەس، تەربىيەچى بولۇشقا ئۈندەپ تەربىيەچى بولۇش ياكى باققۇچى بولۇشتىكى پەرقنى ئىنسان بىلەن ھايۋاننىڭ پەرقىگە ئوخشاتقان ئىدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ دۇنيادا ھېچ بىر ھايۋان بالىسىنى يات بىرىگە بېقىشقا بەرمەيتتى. ھەتتا مۇشۇك جېنىدا بىرى ئاسلىنىغا ئېرىشىلغان ھامان يولۋاسقا ئايلىناتتى. بوۋىمىز بىزنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ئاڭسىز ھايۋانمۇ بالىسىنى ياتقا بېقىشقا بەرمەيۋاتسا، بېقىشلا ئەمەس تەربىيەلەش بۇرچىنى ئۈستىگە ئالغان ۋە شۇ قابىلىيەتكە لايىق يارىتىلغان ئىنساننىڭ ئامانەتكە خىيانەت قىلىشىنىڭ ئەقىلگە سىغمايدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى.

بوۋىلاردىن قالغان مىڭ يىل بۇرۇنقى تەجرىبىلەر، ئىبرەتلەر ۋە دەرسلەر

ھەققىدە ئويلىسام، شۇ بوۋىلار تەنقىت قىلغان ئەھۋالنىڭ ھېلىمۇ مەۋجۇت ۋە يەنىلا تەنقىتكە لايىق تۈرۈۋاتقانلىقىنى بايقايمەن. بوۋىلار مىڭ يىل بۇرۇن بەرگەن تەلىمنى، ئۆتكەن دەرسنى چۈشەنمىگەچكە بۈگۈن مىڭلىغان ئۇستاز تۇتۇپمۇ مەسىلىمىزنى يېشەلمەيۋاتىمىز، مىڭ يىل بۇرۇن تەنقىتلەنگەن ۋەزىيەتتىن بۈگۈنگىچە قۇتۇلالمىغىنىمىزنىڭ سەۋەبى، ئۆزىمىزگە خاس ۋەسىيەتتىن ياتلار قىلغان نەسىھەتنى ئەلا بىلىپ كەتكىنىمىزدىن بولسا كېرەك.

www.uyghurkitap.com

## ئانا تىلمۇ دادا تىلمۇ

مۇھاجىرەتتە داۋام قىلىۋاتقان ئانا تىل ئوقۇتۇشىغا نەزەر سالغىنىمىزدا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئاساسەن ئانىلار ۋە قىزلاردىن تەركىپ تاپقانلىقى دىققەت تارتىدۇ. ئانا تىلغا بېغىشلانغان پائالىيەتلەردىمۇ ئانىلار زاللارنى تولدۇرىدۇ. ماڭا باللارغا ئانا تىل ئۆگىتىشتە ئۇچرىغان قىيىنچىلىقلار، قوللىنىدىغان كىتاپلار ۋە ھەر قايسى ياشتىكى باللارغا ماس ئۆگىتىش ئۇسۇللىرى ھەققىدىكى سوئاللارمۇ ئانىلاردىن كېلىدۇ. بۇ ئەھۋال ئالدىمىزغا ئانا تىل ئانىلارنىڭ تىلىغا ئايلىنىپ قالدىمۇ دېگەن تېپىشماقنى تاشلايدۇ.

ئادەتتە ئانىلارنىڭ باللار بىلەن كۆپرەك بىللە بولۇشى، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا پاراڭ تېمىسىنىڭ كۆپرەك بولۇشى، مۇناسىۋەتنىڭ بەكرەك قويۇق بولۇشى تەبىئىيلىك. تەتقىقاتلاردىن قارىغاندا قوش تىللىق ئائىلىلەردە باللار ئانا سۆزلىگەن تىلغا ۋارىسلىق قىلىپ، دادا سۆزلىگەن تىلدا ئاڭلاپ چۈشىنىش باسقۇچىدا تۇرۇپ قالىدىكەن. ھەتتا بوۋاق تۇغۇلغاندىن كېيىن يىغىسىنىڭ رىتىمىمۇ ئانا تىلىنىڭ رىتمى بىلەن بىردەك بولىدىكەن. چۈنكى تۆرەلمە ئانا قورسىقىدا ئاناسىنىڭ ئاۋازىنىلا تۇيىدىكەن. ھالبۇكى، ئانا تىل تەربىيەسىنىڭ ئانىلارغا پۈتۈنلەي مەنسۇپ بولۇپ كېتىشى ئويلىنىشقا تېگىشلىك. باللار تىلنى ئانىلاردىن ئەڭ ياخشى ئۆگىنەمدۇ؟ ئانا بىلەن دادىنىڭ ئانا تىل ئۆگىتىشتە رولى ئوخشاش بولامدۇ؟

تەتقىقاتلارغا قارىغاندا باللارنىڭ تىل تەرەققىياتىدا دادىلارنىڭ رولى ئانىلارغا قارىغاندا بەكرەك گەۋدىلىك بولىدىكەن. تەتقىقاتچىلار 2 ياشتىن 3 ياشقىچە باللارنىڭ تىل تەرەققىياتىدا ئانا ۋە دادىنىڭ رولىنى سېلىشتۇرۇپ مۇشۇ خۇلاسىگە كەلگەن. دېيىلىشىچە 6 ئايلىقتىن باشلاپ دادىسى كىتاپ ئوقۇپ بەرگەن بالا 3 ياشقا كىرگەندە ئانىسى كىتاپ ئوقۇپ بەرگەن باللاردىن ياخشىراق سەۋىيەگە ئۇلاشقان. بۇنداق

باللار ئالاقىدا ئاكتىپ بولۇپ مەكتەپكە ئاسانراق كۆنگەن، ساۋادىمۇ تېز چىقىدىكەن.

باللار ئادەتتە ئانىلار بىلەن كۆپرەك بىللە بولغاچقا ئانىلار بالىغا ماسلاشتۇرۇپ سۆزلەپ يېڭى سۆزلەرنى كۆپ ئىشلەتمەيدىكەن. ئۇلار سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇزىنىمۇ باللارنىڭ تەلەپپۇزىغا يېقىنلاشتۇرۇپ ئېيتىدىكەن. شۇڭا باللار ئانىلارنىڭ تىلىدىن يېڭىلىق ھېس قىلماي قىزىقىش تۆۋەنلەيدىكەن. دادىلار بۇنىڭ ئەكسىچە باللار بىلەن كۆپ ئارىلاشمىغاچ ئۇلارنىڭ چۈشىنىش - چۈشەنمەسلىكىدىن بىخەۋەر بەزى يېڭى سۆزلەرنى ۋە جۈملىلەرنى ئىشلىتىپ قويىدىكەن. بۇ باللارغا يېڭىلىق تۇيۇلۇپ دوراپ سۆزلەش ئارقىلىق يېڭى سۆز ۋە جۈملىلەرنى ئۆزلەشتۈرىۋالىدىكەن.

ئانىلار باللار بىلەن پاراڭلاشقاندا كۆپىنچە «ھەئە، ياق» تىپىدىكى سوئاللارنى كۆپ سورايدىكەن. بۇنداق سوئال پاراڭنى قىسقارتىپ باللارنىڭ كۆپرەك سۆزلىشىگە پۇرسەت بەرمەيدىكەن. دادىلار باللارغا «كىم، قانداق، قاچان، نېمە، قەيەردە، نېمىشقا» دېگەن تىپتىكى سوئاللارنى كۆپرەك سورايدىغان بولۇپ، بۇلارغا بىر ئېغىز سۆز بىلەن جاۋاپ بەرگىلى بولمايدىكەن. شۇڭا دادىسى بىلەن كۆپرەك بىللە بولغان، بىللە ئوينىغان ۋە دادىسى كىتاپ ئوقۇپ بەرگەن باللارنىڭ تىل ئىقتىدارى بۇ پائالىيەتلەردە پەقەت ئانىسى بىلەنلا بىللە بولغان باللارغا قارىغاندا كۈچلۈك بولىدىكەن.

ئانىلار باللار بىلەن كۆپرەك پاراڭلىشىدىكەن، ئويناشقا توغرا كەلگەندە تىنچ، تەكرار، خەتەرسىز ئويۇنلارنى ئوينايدىكەن. دادا بولسا بالىغا تۈرلۈك قىزىقارلىق ئويۇنلارنى، خەتەرلىك ئىشلارنى ۋە جىددىي رېتىمدىكى ھەرىكەتلەرنى ئوينىتىدىكەن. ئويۇن جەريانىدا دادا كۆپرەك ھەرىكەتكە ئائىت ئابستراكىت سۆزلەر ئىشلىتىلىدىكەن. بۇ جەرياندا سۆزلەرنىڭ تەكرارلىنىشى ئاز، جۈملىلەر ئۆزگىرىشچان بولىدىكەن. بۇ ھالدا باللار تىلنى ھەرىكەتكە باغلاپ ئاسانلا ئۆزلەشتۈرۈپ ماڭىدىكەن.

دادىلار كىتاپ ئوقۇغاندا ئانىلارغا قارىغاندا بەكرەك ھەرىكەت ۋە ھېسسىيات

قوشۇپ ھېكايىلەرگە جان كىرگۈزىدىكەن. ئۇلار ئادەتتە كىتاپتىكى بار ۋەقە ياكى ھېكايىنى بېيىتىشقا ماھىر بولىدىكەن. بەزىدە كىتاپتىكى رەسىمگە قاراپ پەرقلىق ھېكايىلەرنى توقۇپ چىقىدىكەن. بۇ باللارنى ھېكايىگە بەكرەك قىزىقتۇرۇپ ئۆزلەشتۈرۈشنى قولايلاشتۇرىدىكەن. شۇڭا ئادەتتە باللار دادىسىنىڭ كىتاپ ئوقۇپ بېرىشىنى بەكرەك ياقتۇرۇپ قالىدىكەن. كىتاپ ئوقۇش جەريانىدا يارىتىلغان مۇنداق جانلىق مۇھىت باللارنىڭ تىلىنى بېيىتىدىكەن.

خۇلاسە قىلساق، بۇ يازمىدا پايدىلىنىلغان «ئىلمىي ئامېرىكىلىقلار» ژورنىلىنىڭ 2014 -يىللىق ۋە «ئەمەلىي تەرەققىيات پسىخولوگىيەسى» ژورنىلىنىڭ 2006 -يىللىق سانلىرىدىكى تەتقىقاتلاردىن قارىغاندا ئانا تىل تەربىيەسىدە دادىنىڭ رولى بەكرەك مۇھىم، ئۈنۈملۈك ۋە گەۋدىلىك دېيىشكە بولىدىكەن. شۇڭا ئانا تىل ئۆگىتىشنى يالغۇز ئانىلارغا تاشلاپ قويسا، كۆزلىگەن نىشانغا تولۇق ۋە تېز يەتكىلى بولمايدۇ.

كۆزىتىشلەرگە قارىغاندا ئۇيغۇرلار ئەرلىك جاسارەت ۋە ئاياللىق نازاكەتكە ئەستايىدىل ۋە پەرقلىق مۇئامىلە قىلىدىغان مىللەت. ئەگەر مۇھاجىرەتتە ئۇيغۇر ئوغۇللىرى ئانا تىلنى ئانىلاردىنلا ئۆگەنسە ئۇلارنىڭ ئاياللىققا ماس ئۇيغۇرچىسى جامائەتتە ئالقىشلانماي قېلىشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇيغۇر تىلىدا ئەرلەر ۋە ئاياللارغا خاس سۆزلەر، ئىملىقلار ۋە ئۈندەشلەر پەرقلىق بولۇپ، ئوغۇللار ئانا تىلنى ئانىلاردىنلا ئۆگەنسە بۇ پەرقلەرنى ئۆزلەشتۈرەلمەي ياكى خاتا ئۆزلەشتۈرۈپ سورۇندا كۈلكىگە قېلىشى، شۇنىڭ بىلەن باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئۇيغۇرچە سۆزلەشتىن ۋاز كېچىشى مۇمكىن.

ئائىلە ئانا تىل ئارقىلىق سىڭدىغان ئۇيغۇرلۇقنىڭ بۆشۈكى. ئائىلە باللارغا ئانا تىل ئارقىلىق ھاياتتا ئۇيغۇرغا خاس ئەرلىك ۋە ئاياللىق رولنى قانداق ئېلىشنى ئۆگىتىدۇ. باللار ئانىلاردىن مېھىر، سەۋر، ئەدەپ ۋە نازۇكلۇقنى ئۆگىنىپلا قالماي، دادىلاردىن يۇمۇرلۇق خاراكتېر، تەۋەككۈلچى روھ، قايتماس ئىرادە، چىدامچان ئادەتنى ئۆزلەشتۈرۈشى كېرەك. ئۇيغۇر ئانىلاردىكى ئاياللىق پەزىلەت ۋە دادىلاردىكى



www.uyghurkitap.com

ئەرلىك خىسلەتنى ئائىلىدە ئانا تىلغا يۇغۇرۇپ بالىلارغا تەڭ سىڭدۈرۈش ئۈچۈن ئاتا-ئانا ئانا تىل ئۆگىتىشتە ئورتاق تىرىشسا مۇۋاپىق بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئايرىلغىنىم ۋەتەنلا ئەمەس

ئۇيغۇرغا بولۇۋاتقان زۇلۇمنى كۆرۈشكە كۆز، سۆزلەشكە تىل، ئويلاشقا ئەقىل ئاجىزلىق قىلىدۇ. قەلبىمىزنى ئۆرتەۋاتقان غەزەپنى تەسۋىرلەشكە ئاللاھ ياراتقان بارلىق تىللاردا سۆزلەپ، بارلىق ئىمكانلىرىمىزنى يىغساقمۇ يەتمەيدۇ. بىز كۆرۈۋاتقان خورلۇقنى ھېچ بىر ئۇيغۇر رەسىم بىلەن سىزالمايدۇ، پەقەت سىزىلغان كۆرۈنۈشلەرگە قاراپ ئۈنسىز ياش تۆكىدۇ. بىز تارتىۋاتقان تىرىك ئايرىلىش ئازابىنى ھېچ بىر ئۇيغۇر يازالمايدۇ، لېكىن يېزىلغانلاردىن كۆزىنى ئۈزەلمەيدۇ. بىزنى قىيناۋاتقان ئۈۋالچىلىق، ئاجىزلىق، چارەسىزلىك ۋە قايمۇقۇشلارنى بىزدىن باشقا ھېچ بىر ئىنسان سېزەلمەيدۇ، ھېچ بىر يۈرەك ھېس قىلالمايدۇ، ھېچ بىر تىرىك جان ئىچىگە سىدۇرەلمەيدۇ. ئەمما زۇلۇم ئاتلىق بۇ ئىت، خورلۇق ئاتلىق بۇ رودىپاي بىزگە قانچە پىششىمۇ، پاچىقىمىزدىن تالاپ قېنىمىزنى شوراۋاتسىمۇ بىر بىرىمىزنى سۆيدۇرمەيۋاتىدۇ.

قانلىرىمىزغا ۋىرۇستەك يامرىغان ئىشەنچسىزلىك، روھىمىزنى بەنت قىلىۋەتكەن چۈشەنمەسلىك سەۋەبلىك قۇچاقلىشالمايۋاتىمىز. ئارىمىزدىكى رەھىمسىزلەرچە قىلىنىۋاتقان ھۇجۇم، ھازازۇللارچە چېچىلىۋاتقان نەپرەت، قارا قورساقلارچە قىلىنىۋاتقان تۆھمەتلەر زۇلۇمغا قارشى يەڭ تۈرگەنلەرنى دات، پەندىيات دېگۈزىۋاتىدۇ.

ئۇيغۇرنىڭ بېشىدا كۆيۈۋاتقان جەھەننەم ئازابىغا قارشى دەسلەپ ئەرىز، ئىمزا تەشەببۇسى چىقتى. ئاندىن سۆيۈملۈك ھەدە - سىڭىللىرىمىز ۋە قەدىردان ئانىلىرىمىزنىڭ پىداكارلىقى بىلەن «بىر قەدەم بىر ئاۋاز ھەرىكىتى» مەيدانغا چىقتى. بۇ ھەرىكەت ۋە تەشەببۇسلارغا قوشۇلۇپ ئۇۋۇسىدا ھوشيار تۇرغان پىتنە - پاسات، غەزەپ-نەپرەت، قىساسخورلۇقلارمۇ خىرىقىراپ تىلىنى ساڭگىلىتىپ ئوتتۇرىغا چىقتى. ئىش باشلىغانلارنىڭ دىققىتى قىلىۋاتقان ھەرىكەتكە ئەمەس، ئەتراپىدىن كېلىۋاتقان

نەپرەتكە بۆرالدى. ھەرىكەتنى، ئەمەلىيەتنى، ئۆنۈمنى ئۆيلىشىدىغان ئەقىللەر ئۆزىنى چۈشەندۈرۈش، قەلبنى ئىپادىلەش، پائالىيەتنى ئاقلاش بىلەن مالال بولۇشقا باشلىدى.

زۇلۇمغا قارشى ھەرىكەتنى چۆكتۈرۈش ئۈچۈن چىشىنى بىلەۋاتقانلار بىلەن زۇلۇمغا قارشى داۋانى قىلىۋاتقانلارنىڭ بىر تىللىق، بىر دىنلىق، بىر نىيەتتىكى كىشىلەر ئىكەنلىكى ھېچكىمنىڭ ئەقلىگە قاراڭغۇ ئەمەس. ئۇنداقتا نېمىشقا خاتالار، ئەيىپلەر، تەدبىرسىزلىكلەر ھەققىدە ئۈچۈق - ئاشكارە سۆزلەشمەيمىز. نېمىشقا ئۆزئارا دېيىشىۋالساق، ئىككى ئېغىز مۇڭداشساق، بىر پىيالە چاي ئىچىشسەك تۈگەيدىغان مەسىلىلەرنى دۈشمەنلىكنىڭ دەسمايىسى قىلىۋالىمىز؟ بىر بىرىمىزگە يول قويساق، يولنى توسمىساق، خاتا قىلغان بولساق ئۈچۈق - ئاشكارە ئېتىراپ قىلىپ، توغرا قىلىۋاتقان بولساق جامائەتنىڭ ئالدىدا ئاشكارە قوللىشىپ، جاھانغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ قۇچاقلاشمايمىز؟

مەھرۇم قالغىنىمىز ۋەتەنلا ئەمەس، ۋەتەن ئاتالغان بىر داستىخان، بىر تونۇر، بىر ئىللىق ئۆي. ئەجداتلار «ئۆيى يوقنىڭ ئويى يوق» دەپ توغرا ئېيتقان. ئۆيىمىز بىر بولمىسا، بېقىشىپ ئولتۇرۇپ غىزالىنىدىغان داستىخىنىمىز بولمىسا، قانداق قىلىپ بۇ ۋەتەن ئاتلىق ناننىڭ غېمىنى تالاشماي يىيەلەيمىز! ھەممەيلەن تونۇرنىڭ ئەتراپىدا جەدەل قىلساق نانسىز ئاچ قالمايمىزمۇ؟

مۇساپىر داۋاگەرلەر، مۇھاجىر ئىنقىلاپچىلار، مۇجاھىت جەڭچىلەر ئوتتۇرىسىدا كەم قالغىنى چۈشىنىش، ئىشەنچ ۋە سۆيگۈ. ئۇيغۇر ۋەتەندىن ئايرىلىپلا قالمىدى، ۋەتەن تۇپراقلىرىغا دەسسەپ تۇرغاندا تاپانلىرىمىزدىن يۇرەككە ئېقىپ تۇرىدىغان، بىللە يىگەن تونۇرنىڭ نېنى، بىللە ئىچكەن ئۆستەڭنىڭ سۈيى بىلەن تومۇرلاردا ئۆركەش ياسايدىغان سۆيگۈدىن ئايرىلدى. ئارىمىزدىكى پاسىللار دېڭىز ئەمەس، تاغلار ئەمەس، قۇش ئۇچالماس چېگرالار ئەسلا ئەمەس، بەلكى ئىشەنچسىزلىك. تىللىرىمىزنى ھاقارەتكە، تۆھمەتكە، نەپرەتكە ئۇندەۋاتقىنى ئۇيغۇرنىڭ نۇقسانى، دۈشمەنىنىڭ بوھتانى ئەمەس، بەلكى چۈشەنمەسلىك.

## ئۇقۇماسلىق گۇناھ

ئۈرۈمچىدە دۆڭكۆۋرۈككە ھەپتىدە بىر بېرىپ تۇرمىسام ئۈرۈمچىدە ياشىمايۋاتقاندەك، بەلكى بىر ختاي شەھىرىدە ياشاپ مۇساپىرلىقنىڭ دەردىنى تارتىۋاتقاندەك تۇيغۇدا بولاتتىم. تۈركىيەدە قەيسەرى ماڭا ئۈرۈمچەمدىكى دۆڭكۆۋرۈكنىڭ ئۆزىدەك بىلىندۇ. ئۇيغۇرسىراپ كەتكەنلىرىمدە بەش سائەتتىن ئارتۇق ئاپتوبۇستا ئولتۇرۇپ، يولدا قۇراللىق ساقچىلارنىڭ ئانچە - مۇنچە كىملىك تەكشۈرۈشلىرىدىن قەشقەردىكى قىسمەتلەر ئەسلەپ، قىينىلىپ دېگەندەك ئاران دېگەندە ئۇيغۇر ئەڭ كۆپ بۇ شەھەرگە بارىمەن. نەچچە قېتىم بارغىنىم ئېسىمدە يوق، ئەمما بارغۇم كېلىپلا تۇرىدۇ. ھەر قېتىم بارسام ئۇيغۇرنى قايتىدىن تونىغاندەك بولىمەن.

قەيسەرىدە يېڭىدىن بەرپا بولغان بىر ۋاقىتلىق ئۇيغۇر قوراسى ۋە بۇندىن يېرىم ئەسىر بۇرۇن كەلگەن ئۇيغۇرلار قۇرغان بىر كۆچۈم ئۇيغۇر مەھەللىسى بار. ئۇ يەردە ئۇيغۇرلارنىڭ سالغان مەسچىتى ۋە بىر ھويلىلىق تەشكىلات بار. بۇ يازدا ئۆرۈك پىشىشقىدا بارغىنىمدا تەشكىلات ھويلىسىدىكى ئۇيغۇر تىككەن ئۆرۈكنى ئۆز قولۇم بىلەن ئېغىتىپ باقتىم. ئۆرۈكنى ۋەتەنداش دوستلار بىلەن بىللە، غۇلجا چاقچاقلىرىغا جۆر بولۇپ يېگىنىمىز ئۈچۈن، گەرچە كۆچانىڭ ياكى يېڭىسارنىڭ ئۆرۈكلىرىگە يەتمىسىمۇ، تۈركىيە بازارلىرىدا سېتىلىدىغان ھەرقانداق ئۆرۈكتىن تەملىك بىلىنگەن ئىدى.

قۇربان ھېيتتا دادا قۇچىقىدا يايراپ، ئانا مېھرىگە قانالمىغان، ئاتا-ئانىلىرى ختاي تۈرمىلىرىگە بەنت قىلىنغان يېتىم باللارنى يوقلاش ئۈچۈن قەدىناس دوستۇم ئابدۇكېرىم، ژورنالىست ئەركىن تارىم ۋە مىركامىلجانلار بىلەن قەيسەرىگە قاراپ يولغا چىقتۇق. يول بويى قەيسەرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قانداق تەۋەككۇلچىلىك

ۋە مۇشەققەتلەر بىلەن تۈركىيەگە يېتىپ كەلگەنلىكى، تايلاند ئورمانلىقىدىكى ۋە تۈرمىلەردىكى ئايالـلار دۈچ كەلگەن پاجىئەلەر، دېڭىزغا چۆكۈپ، ئىسسىقتا ئاغرىپ، سەپەردە يۇقۇملىنىپ ئۆلۈپ كەتكەن بالىلار ھەققىدە پاراڭلار بولدى. ئازاپتىن نېرۋىسىدىن ئاداشقان بىر ئايالنىڭ كەچمىشى يۈرەكلەرنى ئەزدى. بىر مىللەت خورلانغان ۋاقىتتا ئەڭ دەھشەت خورلۇققا، ئۇۋالچىلىققا ۋە زىيانكەشلىككە ئۇچرايدىغىنى ئايالـلار ۋە بالىلار بولىدىكەن. ئەرلەر ئۆلىدىكەن، ئۆلتۈرىدىكەن. ئۇلار خۇددى ئاياللارنى تاللىغاندەك ياشاشنىمۇ، ئۆلۈمنىمۇ ئۆزى تاللىيالايدىكەن. ئەمما بىچارە ئايالـلار قۇچاقتىكى بالىسىغا، پېشىغا ئېسىلىپ يىغلاۋاتقان يۈرەك پارىلىرىغا چىدىماي بېشىغا نېمە خورلۇق كەلسۇن، قانچىلىك دەپسەندە قىلىنسۇن ياشاشنى تاللايدىكەن. ئەرلەر باتۇرانە ئۆلۈمگە كەتكەن بىلەن ئايالـلار ۋە بالىلار ئاجىزانە تۈرمۇشقا تۇتقۇن بولىدىكەن.

بالىلارغا ھېيتلىق تارقىتىدىغانلىقىمىز ھەققىدىكى خەۋەر ئۇيغۇر قوراسىنى تىرىلدۈردى. مۇڭلۇق قورا بىر دەمدە بالىلارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى بىلەن كۆلدى. ئەركىن ئاكىمىز بالىلارنى زىيارەت قىلىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى. بالىلاردىن چوڭ بولغاندىكى غايىسى سورالغاندا كۆپىنچىسى دوختۇر بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئىچىمدە، ئەلھەمدۇلىللاھ، دېدىم. مەن 2015 -يىلى كەلگىنىمدە بۇ بالىلارنىڭ خېلى كۆپ بىر قىسمى «مۇجاھىد بولۇپ كاپىرلارنى يوقىتىمىز» دېيىشكەن ئىدى. بالىلارنىڭ مۇجاھىد بولىمەن دېگىنى ئۆلىمەن دېگىنى، دوختۇر بولىمەن دېگىنى ياشايمەن، ئاجىزلار ۋە بىمارلارغا ھاياتلىق يول ئاچىمەن دېگىنى ئىدى. جاھاندا ئەڭ تېز قۇتۇلىدىغان ئىش ۋە تاللاشنىڭ ئەڭ ئاسىنى مەيدىگە قورالنى تېڭىپ ئۆلۈش ۋە ئۆلتۈرۈش. ئەمما قولغا كىتاپ ئېلىش ئەقىل، جاسارەت ۋە جاپا تەلەپ قىلىدىغان ئۇزۇن مۇساپە، بۇنداق ياشاش ۋە ياشىتىش يولى نۇرغۇن ئادەمگە ئېغىر كېلىدۇ. بالىلارنىڭ مۇجاھىتلىقتىن ئىبارەت ھايات مەسئۇلىيەتلىرىدىن قۇتۇلۇش يولىنى ئەمەس، دوختۇرلۇقتىن ئىبارەت ئۆلۈم خەۋپىدىن قۇتۇلدۇرۇش يولىنى تاللىغىنى مېنى سۆيۈندۈردى.

ھېيتلىق تارقىتىشتا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان باللارغا ئاۋال تارقىتىش بەلگىلەندى. كۆڭلۈمنى يېرىم قىلغىنى بىر ئۆيگە لىققىدە تولۇپ ئولتۇرۇشقان باللارنىڭ كۆپىنچىسى ئوقۇمايدىغانلار چىقىپ قالدى. ئونغا يېقىن ئوقۇۋاتقان بالىغا 50 لىرادىن ھېيتلىق تارقىتىپ بەردۇق. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر ئاداشلار ۋاتسئاپ توپىدا مودىل ۋە رەسىمدە داڭق چىقارغان بىلالنى ئالاھىدە مۇكاپاتلىدىم. ئۇنىڭ ياسىغان ئايروپىلان مودىلى ماڭا ھېلىلا بىلالنى ئېلىپ تەڭرىتاغلىرىدا پەرۋاز قىلىدىغاندەك تۇيۇلدى.

ئوقۇمىغانلارغا ئىلھام بولسۇن ئۈچۈن بىرەر قۇر قۇرئان ئوقۇتتۇق ۋە ئايەتلەرنى تەجۋىتلىك ئوقۇپ بەرگەنلەرگە ئالاھىدىرەك مۇئامىلە قىلدۇق. شۇ ئەسنادا بىر ئوغلىمىز مۇڭلۇق قىرائىتى بىلەن ھەممەيلەننىڭ قەلبىنى تىترەتتى. ھېيتلىق نۆۋىتى ئۇنىڭغا كەلگەندە مەكتەپتە ئوقۇپ - ئوقۇمايدىغانلىقىنى سورىدىم. بالا بىپەرۋا بىر قىياپەتتە «ئوقۇمايمەن!» دەپ جاۋاپ بەردى. ئۇنىڭ قىرائىتىنى بىرەر قۇر ماختىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان ھېيتلىقنى ئازراق قىسقارتتىم ۋە مەكتەپكە كىرگەندە مۇكاپاتقا قوشۇپ تولۇقلاپ بېرىدىغانلىقىم ھەققىدە ۋەدە بەردىم. كۈتۈلمىگەندە بالا ماڭا قاراپ ۋارقىرىدى.-ئېلىڭە بۇنداق پۇلىڭىزنى، مەكتەپتە ئوقۇمايمەن مەن، قۇرئان ئوقۇيمەن. مەكتەپتە ئوقۇماسلىق گۇناھ ئەمەس، قۇرئان ئوقۇماسلىق گۇناھ! بالا شۇنداق دېگىنىچە قولىدىكى پۇل ئۈستەلگە ئاتتى ۋە يىغلىغان پېتى چىقىپ كەتتى.

بىر ئەپسۇسلۇق، بىر ئاچچىق ئازاپ قانلىرىمنى مۇزلاتتى.21 -ئەسىردە، مەكتەپلەردە ئايرىم دىن دەرسى ۋە مەخسۇس قۇرئان دەرسى ئۆتۈلىدىغان تۈركىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بىر پەرزەنتى ئاللىقاچان قۇرئان ئوقۇشنى، مەكتەپتە ئوقۇشنىڭ قارشىسىغا قويۇپ بولغان ئىدى.

ئالدىمغا كەلگەن باللارغا ھېيتلىق تارقاتقاچ توختىماي مەكتەپتە ئوقۇش ھەققىدە نەسىھەت قىلاتتىم. ئوقۇشقا قوشۇلغانلارغا بىر ئاز پۇل قوشۇپ بېرەتتىم. باللارغا ھېيتلىق تارقىتىپ بولۇپ كۆزۈم باشتىن ئاياق قاپقارا ئورانغان بىر

توپقا چۈشتى. ئەسلى بىز باللارغا ھېيتلىق تارقىتىدىغان بولغان ئىدۇق. خاتالىق بولغان ئوخشايدۇ، دەپ سورىسام ئۇلارمۇ باللار ئىكەن. لېكىن مەن ھېچ يېرىنى كۆرەلمىگەچكە ئۇلار بالىمۇ ئەمەسمۇ ئۇقالمىدىم، بويىدىن قارىسام بالىدەك، ئەمما ئىككىسىنىڭ قولىدا بۆۋەك بالا.

ھېيتلىق بېرەمدۇق - بەرمەمدۇق دېگەن مەنىدە دوستۇم ئابدۇكېرىمغا قارىدىم. ئۇ: «بېرەيلى، بەلكىم ئۇكىلىرى بولسا كېرەك» دېدى. بالا كۆتۈرىۋالغان ھېلىقى ئىككى قىز ئالدىمغا كەلگەندە سورىسام بالىسى ئىكەن. بىرى توي قىلىپ ئاجرىشىپ كېتىپتۇ. بىرىنىڭ بالىسى 20 كۈنلۈك. ئابدۇكېرىم بىلەن ئىككىمىز تەڭلا ئۇلارنىڭ پۇل ئېلىۋاتقان، يېشىنىڭ كىچىكلىكىگە بىردىن بىر ئاشكارە ئىسپات بولۇپ تۇرغان كىچىككىنە قوللىرىغا قارىدۇق. بۇ قوللار تېخى قورچاق ئويناپ قانمىغان، ئاجىز، كىچىككىنە قوللار ئىدى. ئەكرەم نىيازنىڭ «سىڭلىمغا» دېگەن ناخشىسى ئېسىمگە كەلدى. قالغان قارا ئورانغان قىزلاردىن سورىدىم، ياشلىرى 11، 12 ياشلاردا...ئوقۇشسىز...ئاتا-ئانىسىز، كۆز ئالدى نۇرسىز، يورۇقسىز.

باللارغا ھېيتلىق تارقىتىپ بولۇپ ھېلىقى ئوقۇشنى رەت قىلغان بالىنى ئىزدىدۇق. باشقا باللاردىن سوراپ يۈرۈپ ئاخىرى تاپتۇق. دوستۇم ئابدۇكېرىم ئۇنى ئايرىم چاقىرىپ قۇرئان ئوقۇش بىلەن مەكتەپتە ئوقۇشنىڭ زىت ئەمەسلىكى، مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇسا قۇرئاننى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىدىغانلىقى، كىتاپ ئوقۇمىغان ئادەمنىڭ قۇرئاننى ھەرقانچە ئوقۇسىمۇ چۈشەنمەيدىغانلىقى ھەققىدە چۈشەنچە بەردى. ئۇ بالىنىڭ باشلىرىنى سىلاپ،«قارا ئوغلۇم، قۇرئان ئوقۇش ساۋاپ، ئەمما مەكتەپتە ئوقۇماسلىق گۇناھ، ئوقۇماسلىق سېنى بىر ئۆمۈر پۇلسىز، يولسىز، ئاڭسىز ئادەم قىلىپ قويىدىغان ئەڭ چوڭ گۇناھ، بۇنى ئۇنۇتما!» دەپ ئۇنىڭغا ئەڭ كۆپ ھېيتلىق بەردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## ئۆلۈكمىزمۇ بىرلەشمەسمۇ

2012 -يىلى كۈز ئايلىرىنىڭ بىرىدە شەھىدانە خۇتەنگە بارغاندا مەرھۇم روزى سايىتنىڭ قەبرىسىنى يوقلىغان ئىدىم. قەبرە بېشىدا ئۇنىڭ بۇ بەختى شورلۇق مىللەت ئۈچۈن چەككەن پەرياتلىرى بىر بىرلەپ ئېسىمگە كەلدى. مەرھۇم «ئاھ مېنىڭ مىللىتىم» دېگەن شېئىرىنىڭ ئاخىرقى مىسرالىرىدا مۇنداق دېگەن ئىدى:

جامائەتكە ئەجەپ جىق سۆزلەدىڭ روزى يەنە سۆزلە،
دېدىم مىللەت ئۆزىنى بىلىشتە گوللىيدۇ، ياشنايدۇ.

مىللەتنىڭ ئۆزىنى بىلىشتە گوللەپ ياشنايدىغانلىقى مۇنداقلا دېيىلگەن گەپ ئەمەس ئىدى. شائىر مىللەتنىڭ ئۆزىنى بىلىشى دېگەندە تارىختىن قالغان تەجرىبىلەرنى، مىراسخورلۇق قىلىۋاتقان مەدەنىيەتنى، دىن ۋە ئەنئەنىنى بىلىشنى كۆزدە تۇتقان بولۇشى، ئۆزىنىڭ كىم بىلەن، قانداق شارائىتتا، قايسى دەۋردە ياشاۋاتقانلىقىنى بىلىشىنىمۇ تەكىتلىگەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئەپسۇس، ئۇيغۇرغا خەرىتە سىزىۋاتقانلار دائىم ئىدىيەنى، دىنىنى بىلىپ مىللەتنى، دۇنيانى بىلمەي، ياكى مىللەتنى ۋە دۇنيانىلا بىلىپ دىن ۋە ئاخىرەت ئۈچۈن ھازىرلانماي يۈرىۋاتقاندەك ئىدى.

قەبرىستانلىق ئىككىگە ئايرىلغان بولۇپ ئوڭ تەرەپ كادىرلارغا، سول تەرەپ دېھقانلارغا ئايرىلغان. كادىرلارنىڭ قەبرىسى بۇرۇنقى بۇشۇك شەكلىدە قاتۇرۇلغان، چاققان چىقىرىلغان مېھراپنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇرچە قىسقىچە تەرجىمھال يېزىلىپ ئاستىغا مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر نەقىشلەنگەن ئىدى. دېھقانلارنىڭ قەبرىسىگە توپا يۆلەپ، كېسەك دۈۋىلەپ ياكى بىرەر قۇرۇق شاخ تىكلەپ قويۇلغان ئىدى. مەرھۇم روزى سايىتنىڭ قەبرىسى كادىرلار بىلەن دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوقچىيىپ تۇراتتى، ياسىلىش شەكلىدىن كادىرلارنىڭ قەبرىلىرىگە ئوخشايتتى. مەرھۇم ئۆلۈپ كېتىشتىن بۇرۇن بۇنداق كەسكىن ئايرىلىشنى بايقىمىغان بولسا «بۇ مىللەتتە

ساقاللىقلار نامازخانلىقتا يۈزلەندى، ساقالسىزلار لاغايلاشقا، مەمەدانلىقتا يۈزلەندى» دەپ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى كەسكىن ئىككى قاشقا ئايرىلىپ كېتىشىنى سۈرەتلىمەكتە ئىدى.

ئىككىگە ئايرىلغان قەبرىستانلىق پەقەت كۆز ئالدىمدىن كەتمىدى. «دېھقان بولماق تەس» دېگەن شېئىرى بىلەن ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى باغرىغا باسقان بىر شائىر دېھقانلار قەبرىستانلىقىغا پاتمىغان ئىدى. قەشقەر شەھەر ئىچىدە 90 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا نەزىر قىلىدىغانلارنى ئۇيغۇرلار، قىلمايدىغانلارنى مۇسۇلمانلار دېيىش ئوتتۇرىغا چىققان بولسىمۇ، جەمئىيەتتە پۈتۈنلەي ئىككى قاشقا ئايرىلغان ھالەت شەكىللەنمىگەن ئىدى. قەبرىستانلىقنىڭ ئىككىگە ئايرىلىش ئىشىمۇ كۆرۈلمىگەن ئىدى.

خوتەندىن قايتىپ گۇمىدا دوستلارغا روزى سايىتنىڭ كادىرلار بىلەن دېھقانلار قەبرىستانلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغانلىقىنى، بىر مىللەتنىڭ ئىككى قەبرىستانلىققا بۆلۈنۈپ بەكمۇ ئېچىنارلىق مەنزىرە ھاسىل قىلغانلىقىنى سۆزلەپ بەردىم. ئۇلار مەكتەپلەردە، ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدىمۇ بۇنداق ئىككى قۇتۇپنىڭ كۆرۈلگەنلىكىنى ئېچىنىپ سۆزلەپ بەردى.

گۇمىدا يۈز بەرگەن قەبرە چېقىش ۋەقەسىنى ئاڭلاپ، خوتەندىكى قەبرىلەرنى ئىككىگە ئايرىشنىڭ ئۇنچە ئاددى ئىش ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدىم. بىر كېچىدە گۇمىدىكى بىر قەبرىستانلىق پۈتۈنلەي چېقىپ ۋەيران قىلىنغان ئىدى. سەۋەبى بەزىلەرنىڭ نەزىرىدە قەبرە قاتۇرۇشنىڭ دىنىمىزغا ئۇيغۇن بولمىغانلىقى ئىكەن. بۈگۈن ئىككىگە ئايرىلغىنى ۋە چېقىلغىنى قەبرىلەر، ئەتىچۇ؟ ئۆلۈكلەرنى تىنچ قويمىغان بۇ چۈشەنچە تىرىكلەرنى ساق قۇيارمۇ؟ ئۆزى ياقتۇرمىغاننى قارشىغا ئايرىغاندىكى مەقسەت يوقۇتۇش بولماي نېمە؟ قەبرىلەرنىمۇ ئىككىگە ئايرىۋالغان، ئۆلۈكلەرنىمۇ تىنچ قويمىغان بۇ ئىدىيە بىلەن قانداقمۇ تىنچ ياشىغىلى بولسۇن؟

ئاۋال مىللەتنى ئۇيغۇر-مۇسۇلمان دەپ ئىككىگە ئايرىغان، ھەتتا تىرىكلەرنى ئەمەس ئۆلۈكلەرنىمۇ ئىككىگە ئايرىغان، بىر مىللەتنى قەبرىدىمۇ بىر يەردە ياتقۇزمىغان، دىن دېيىلىپ تەبلىغ قىلىنىۋاتقان بۇ تەلۋىلىك بىزگە نەدىن يۇقتى؟ ئۇيغۇر تارىخىنىڭ قايسى بېتىدە بەگلەر ۋە پۇقرالار قەبرىستانلىقى دەپ ئايرىلغان؟ يەكەندىكى سەئىدخان، ئارتۇچتىكى سۇتۇق بۇغراخان، ئوپالدىكى مەھمۇت قەشقەرى، كۇچادىكى راشىدىنخان، خوتەندىكى ھەبىبۇللاھخان، غۇلجىدىكى سۇلتان ئۇۋەيسخان، قورغاستىكى تۇغلۇق تۆمۈرخان تارىختىن بېرى پۇقرالار بىلەن ياتمامدۇ؟ دىيارىمىزدا تارىختىن بېرى باي بىلەن كەمبەغەلنى، پۇلدار بىلەن پېقىرنى، مۇساپىر بىلەن يەرلىكنى ئايرىمىغان، ئۇيغۇرنى بىر بايراق، بىر ۋەتەن، بىر تىل قىلىپ باغلىغان ئىسلام نېمە بولۇپ بۇگۈنگە كەلگەندە بىر مىللەتنى ئىككى قىرغاققا ئايرىيدىغان بولۇپ قالدى؟ روزى سايىت توغرا ئېيتىدۇ، «مىللەت ئۆزىنى بىلىشتە گۇللەيدۇ، ياشنايدۇ»، ئۆزىنى بىلمىسىچۇ؟ سەرسانلىق، خارلىق، زۇلۇم ۋە زىنداندا ۋايسايدۇ.

## ئۇيغۇردا ئىمان ۋە خىتايدا ئىنساپ

ئاۋام ئۇيغۇردا «خىتايدا ئىمان بولمىغان بىلەن ئىنساپ بار» دېگەن بىر گەپ بار. مەن بۇ گەپنى ئاڭلىغان چاغلىرىمدا مەنىسىنى تازا بىلمەيتتىم، ئەمما كىچىكلىكتە ئىشلەتكەننى ئاڭلىغان ۋە ئۆزۈممۇ تۇزۇك ئاڭقارماي ئىشلەتكەن بولۇشۇم مۇمكىن. مەكتەپلەردە ئوقۇپ ئۇيغۇر نېمە، خىتاي نېمە بىلگەندىن كېيىن بۇ گەپكە ھەيران قالدىم. خىتاي تىلىنى پۇختىلاپ ئۆگەنگەندىن كېيىن تەرجىمە جەريانىدا ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئىنساپ» دېگەن بۇ سۆزگە خىتاي تىلىدىن بىۋاستە ماس كېلىدىغان بىر سۆز تاپالمىدىم. تىلىدا ئىنساپ دېگەن بىر سۆز بولمىغان بىر مىللەتكە ئۇيغۇر نېمە ئۈچۈن ئىنساپلىق دەپ باھا بېرىدۇ؟

ئويلاپ مۇلاھىزە قىلسام ئۇيغۇر ئۈچۈن ئىمان مۇسۇلمانلىق ئۆلچىمى بولسا، ئىنساپ ئىنسانلىق ئۆلچىمى ئىكەن. ئۇيغۇر ئۈچۈن ئۆز مىللىتىدىكى بىر ئادەمنىڭ ياخشى - يامانلىقى ئۇنىڭ ئىمانى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىلىدۇ. ئۇيغۇر بىر كىشىنى «دىلىدا ئىمانى بار، كىشىگە ئازارى يوق، خەقنىڭ ھەققىنى يېمەيدىغان» دەپ باھالايدۇ. ئۇيغۇرنىڭ ياخشىلىقنى ئىمانغا باغلىغان ئۇيغۇر، دىنسىز خىتاينىڭ ياخشىلىقنى ئىمان بىلەن ئۆلچىسە بولمايدىغانلىقنى بىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر ئىنساپ چۈشەنچىسى بىلەن خىتايغا باھا بەرگەن.

ئۇيغۇرنىڭ خىتاينى ئىنساپ نوقتىسىدىن باھالىغانلىقى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئىنساپ بارمۇ لويى (بېگىم)» دېگەن ئىبارىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. بىر خىتاينى ئادالەتكە چاقىرغاندا ئۇ ئىمان بولمىغاچ، قۇرئاننى پىرىنسىپ قىلغىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭغا ئىمانغا خىلاپ ئىش قىلما دەپ، خىتاب قىلغىلى تېخىمۇ بولمايدۇ. مۇشۇنداق شارائىتتا ئىنساپ ئۇيغۇرنىڭ خىتايغا قويغان ئىنسانلىق ئۆلچىمى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىماندا تەكىتلىنىدىغىنى ئاللاھ قويغان شەرتلەر بولسا، ئىنساپتا تەلەپ قىلىنىدىغىنى ئىنسان پەيدا قىلغان ئۆلچەملەردۇر. ئىنساپ ئۆلچىمىنى ئۇيغۇر دىن بىلەن يۇغۇرۇپ ئۆزىگىمۇ قويىدۇ. مەسىلەن، قەرز سۈرۈشتە قىلىش، ھەققىنى ئېلىش دىنغا-ئىمانغا ئۇيغۇن، ئەمما كېچىكىپ كەتسە ئەپۇ قىلىش، تولۇق بېرەلمىسە خىجىل قىلماسلىق ئىنساپقا لايىق. زۇلۇمغا قالغاندا قىساس ئېلىش ئادالەتنىڭ شەرتى بولسا، كەچۈرۈم قىلىش ھەم ئىمان ھەمدە ئىنساپنىڭ تەقەززاسى. قىز-ئاياللارنى باش كۆزىنى پۈتۈن يۆگەشكە بەزى ھۆكۈملەرگە كۆرە ئىماننىڭ تەقەززاسى بولسا، باش كۆزىنى يۆگەپ ئىش تاپالمايۋاتقان، قىيىنچىلىقتا قالغان قىز-ئاياللارغا مۇۋاپىق كىيىنىش بارىسىدا يول كۆرسىتىش ئىنساپنىڭ تەلىپى.

ئۇيغۇردا ئىمانسىز دەپ ھاقارەت يوق، ئەمما نائىنساپ، ئىنساپسىز دېگەن سۆزلەرنى ئاھانەت دەپ بىلىمىز. «نائىنساپقا ئاش بەرسەڭ، تېشىڭ راستىمۇ دەيدۇ» دېگەن ماقالدىمۇ ياردەم ئالغۇچىنىڭ گۇمانخور، مۇتىھەملىكى تەنقىت قىلىنغان. ئۇيغۇردا كىشىنىڭ ئاللاھقىلا ئايان ئىمانىغا قاراش ئەمەس،قىلىقىدا ئاشكارە بولغان ئىنسابىغا قاراش ئۇدۇم بولۇپ كەلگەن. دائىم مەسىلىنى دىن-ئىمان نۇقتىسىدىن كۆزىتىپ، ئۆز خەلقىمىزگە يات مىللەتكە بېرىلگەن پەتىۋا بويىچە ھۆكۈم قىلساق،ئۆلۈملۈك بولمىغان ئايالغا قارىلىق كىيدۈرۈپ، ئەرلەرگە ياغلىق ئارتقۇزغاندەك ئىش بولىدۇ. توغرا ئەرەپ ئەرلىرى ياغلىق ئارتىدۇ، ئەمما بۇنداق ئادەتنى ئۇيغۇرغا دىن دەپ كۆرسەتسەك ئىنساپقا ياتمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇلاردىن بىرىنى تاللىغان ياكى ھېچ بىرىنى تاللىمىغان ئۇيغۇر بىلەن ئارىمىزدا زىتلىق كېلىپ چىقىدۇ. بۇ زىتلىق ھامان زىددىيەتكە قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ. مەسىلەن: يۈزنى يۆگەمدۇق ياقمۇ، قارا كىيەمدۇق ئاقمۇ، ئامىن دېگەندە ۋارقىرامدۇق شۈكمۇ، سەللە زىننەتمۇ يوقمۇ، قىز-ئاياللار سىرىتتا بىلىم-تېخنىكا ئوقۇمدۇ ياكى ئۆيدە ئىشسىز قېلىپ مۇھتاجلىقنى توقۇمدۇ؟...دېگەن زىتلىقلار ئايىغى بېسىقماي جېدەل ئۇنۇپ كېتىدۇ.

ئۇيغۇرنىڭ ياخشىسىدا ھەم ئىمان، ھەم ئىنساپ بار، خىتاينىڭ ياخشىسىدا

ئىمان بولمىغان بىلەن ئىنساپ بار دېگەن قاراش، ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي نوپۇسى بىلەن ئۇچراشقان دەسلەپكى چاغلاردا شەكىللەنگەن چۈشەنچىسى بولۇشى ئېھتىمال. مىللىتىمىز مۇشۇ نوقتىدىن مۇساپىر خىتايلارغا ئىزچىل ئىنساپلىق بولغان. ئەپسۇس، بۈگۈن ئۇيغۇر خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ زۇلۇمىغا ئۇچرىغاندا ئىنساپسىزلارچە سۈكۈت قىلىۋاتقان خىتاي نوپۇسىغا دۇچ كەلدى. تارىختا خىتاي ئەپكەش كۆتۈرۈپ ياكى قەھەتچىلىكتىن قېچىپ ۋەتىنىمىزگە كەلگەندە ئۇيغۇرلار دىن نوقتىسىدائەمەس، ئىنساپ نوقتىسىدا تۇرۇپ ياردەم قىلغان. بۈگۈن بىز قىلغان ئىنساپ خىتايدىن يانمىدى.

بۈگۈن ئۇيغۇرنىڭ بىر بۆلىكى يات ئەللەردە زۇلۇمدىن، تۇتقۇندىن قاچقان مۇساپىر بولۇپ ياشاۋاتىدۇ. قېچىپ بارغان يېرىمىزدە بەلكى ئۆزىمىز ئارزۇلىغان مۇسۇلماندەك بولىمىز ھەم كۆرۈنەلەيمىز ياكى ماسلاشماي ئامالىمىز يوق. چۈنكى ھەممە ئادەمدىن ئىمان تەلەپ قىلغىلى بولمايدۇ. ئەمما ئەجداتلىرىمىز قىلغان ئىنساپنى ھەر زامان قولدىن بەرمەيمىز. خىتاينىڭ بىزگە قىلىۋاتقان ئىنساپسىزلىقى بىزنى ئۆزگىلەرگە ۋە ئۆزىمىزگە تېخىمۇ ئىنساپلىق بولۇشقا سەۋەپ بولغىنى ئەۋزەل. مۇساپىرەتتە ياتقا ۋە ئۆزىمىزگە، ئەتراپقا ۋە ئەھۋالىمىزغا باھا بېرىشتە، پەتىۋا ۋە ھۆكۈم قىلىشتا قولىمىزدا ھەم ئىمان تارازىسى ھەمدە ئىنساپ ئۆلچىمى بولغىنى ئاقىللىق.

نۆۋەتتىكى ئانىلار ئىشسىز، باللار ئوقۇشسىز، ئاتىلار زىنداندا بىمار، مومىلار مۇھتاجلىقتا خار چاغدا ئەتراپىمىزغا ماكانىغا، زامانغا باقساق، يوتقانغا قاراپ پۇت سۇنۇپ باقساق ئىنسابىمىزغا كەلگەن بولىمىز. دائىم مەسىلىگە ئىمان نوقتىسىدىن قاراپ ھۇجۇمغا ئۆتكەن ياكى ھۇجۇملارغا سەۋەپ بولغانىنىڭ ئورنىغا، ئىنسابىمىزغا نەزەر سالساق بەزىدە خەلقىمىزگە زۇلۇم قىلىۋاتقىنىمىز، ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز بوزەك قىلىۋاتقىنىمىز سېزىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

## ئۇيغۇرنىڭ ئىسمى

ئۇيغۇرنىڭ ئىسمى ئۇنتۇلدۇرۇلغان ئىدى. موڭغۇللار جاھان سورىغان مەزگىلدە تارىخقا ئۇيغۇر ئۇستاز ئىدى، ئۇيغۇر يېزىقى موڭغۇل ئىمپىرىيەسىنى دۆلەت يېزىقى بولغان، تەزكىرىلەرگە ئۇيغۇر نامى مەدەنىيەت دەپ پۈتۈلگەن. ھەتتا خىتاينىڭ موڭغۇللارنى قوغلاپ قۇرغان مىڭ سۇلالىسى تارىخناملىرىدىمۇ ئۇيغۇر دېگەن نام بار ئىدى. خىتايلار ئىسلام دىنىنى ئۇيغۇرنىڭ دىنى دەپ ئاتاپ، ئۇيغۇر دېگەن سۆز بىلەن بارلىق مۇسۇلمانلارغا ئىسىم قويغان ئىدى. ۋاھالەنكى، تارىخنىڭ ئويۇنلىرىغا رەڭ تەڭشەيدىغان خىتاي تەزكىرەچىلىرى ئۇيغۇر نامىنى تەدرىجى قىسقارتىپ، سۇسلاشتۇرۇپ مۇسۇلمان دەپلا يېزىشقا باشلىدى. ۋاقىت ئۆتكەنچە ئۇيغۇرنىڭ تەسىرىدە مۇسۇلمان بولغان خىتاي تىلىلىقلارنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن بىزنى چەنتو، يەنى سەللىلىك مۇسۇلمان دەپ پۈتۈكلەرگە قوندۇرۇشقا باشلىدى. بۇ ئۇنۇتۇشنىڭ مۇقەددىمىسى بولدى. خۇددى خىتاي 1956 -يىلدىن كېيىن يۇرت-ئايماقلىرىمىزنى گوڭشى، دادۈي، شۆدۈي دېگەنناملار بىلەن ئاتاپ، ئاتا - بوۋىلاردىن قالغان ئۇيغۇرچە ئىسىملارنى ئۇنتۇلدۇرغاندەك تارىختىمۇ مىللەت نامىمىزنى شۇنداق ئۇنتۇلدۇرغان ئىدى.

ئۇيغۇرنىڭ ئىسمى ئۇنتۇلغان ئىدى. ئۇيغۇرلار ئۆزىنى بىر بىرىگە خوتەنلىك، قەشقەرلىك، قومۇللۇق دەيتتى، خىتايىنى كۆرگەندە ئۆزىنى چەنتۇ، ئورۇسنى كۆرگەندە مۇسۇلمان دەپ بىلەتتى. ئۇيغۇر غەرپتىن كەلگەن مۇساپىرنى كۆرسە ئۆزىنى يەرلىك، سەھرادىن كەلگەن خېرىدارنى كۆرگەندە ئۆزىنى شەھەرلىك دەپ تونۇيتتى. ئېيتىلىشىچە خىتاي كومۇنىست ھۆكۈمىتى 1950 - يىللاردا بىر ستاتىستىكا قىلغان بولۇپ، ئاھالىنىڭ بەلگىلىك پېرسەنتى ئۆزىنى «مۇسۇلمان» دەپ ئەنگە ئالدۇرغان ئىكەن.

1955 ـ يىلى ئۇيغۇرنىڭ ئاتا مىراس زېمىنىدا ئۇيغۇرنىڭ ئىسمى چاقنىدى. ئۇيغۇرنىڭ ئىسمى تۇنجى بولۇپ دىيارىمىزنىڭ قاشقىسىغا يېزىلدى. ئاپتونوم رايون دېگەن ئىسمغا ئۇيغۇر دېگەن سۆزنى يازدۇرۇش ئۈچۈن يۈزلىگەن كىشى تۈرمىلەردە يەرلىك مىللەتچى ئاتىلىپ جان بەردى. ئۇيغۇر دېگەن ئىسىمنىڭ ھوقۇقىنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە بىر زېمىنغا قويۇلۇشىغا خىتاي ھەرگىز تەن بەرگەن ئەمەس. خىتايلار دائىم ئاپتونوم رايون دەپ ئاتاپ ياكى ئۆزى ئامراق ئاتالغۇ بىلەن ئاتاپ ئۇيغۇرنى «ئۇنتۇپ» قالاتتى.

ئۇيغۇرنى ئۇنتۇلدۇرۇش بورىنى 1995 ـ يىلدىن كېيىن قايتا قاپ تاغلىرىدىن ھۇشقۇيتتى (ئۇيغۇر تىلىدىكى كوھقاپ دېگەن سۆز قاپ تاغلىرى دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئەرەب-پارس رىۋايەتلىرىگە مەستانە بولغان يىللاردا بوراننى قاپ تاغلىرىدىن چىقىدۇ دېگەن رىۋايەتكە ئىشىنىپ قالغان ۋە «يەل قوپتى، شامال ئەستى» دېگەن ئاتالغۇنى بوران چىقتى دەپ ئىپادىلەيدىغان بولغان). بىر خامان تەلۋىلەر «بىز ئۇيغۇر ئەمەس، مۇسۇلمان» دېگەن سەپسەتە بىلەن كىشىلەرنىڭ ئەقلىنى ناركوز قىلىشقا باشلىدى. سەپلەر ئايرىلدى، مەسچىتلەر ۋە جامائەتلەر ئىككى قاشقا بۆلۈندى. ئۆزىنى ئۇيغۇر ئەمەس، مۇسۇلمان دەيدىغانلارنىڭ بىر قىسمى ئوت قويۇپ بولۇپ ھېچ يېرى كۆيمەستىن قېچىپ تۈركىيە، ئەرەپ دۆلەتلىرى ۋە غەرپ ئەللىرىنى ماكان تۇتتى. ئۆزىنى مىللىتىم ئۇيغۇر، دىنىم ئىسلام دەيدىغان كىشىلەر ئوتنىڭ ئىچىگە تۇتۇرۇق بولدى.

2013 ـ يىلدىن كېيىن ئۇيغۇرنىڭ ئىسمى ئۇنتۇلدۇرۇش ۋە ئۇنتۇشقا ئەمەس، ھەر بىر شەخسكە بېسىم، ئازاب ۋە يوك بولۇشقا يۈزلەندى. خىتايچە ئىسىم قويىدىغانلار مەيدانغا چىقتى. خىتايغا ئوخشاش ئۈچ خەتلىك ئىسىملار كۆپەيدى. كىشىلەر ئىسىم قويغاندا خىتايچە خەتلەرنىڭ مەنىسىگە قاراشقا باشلىدى. ھەتتا خىتاينىڭ ئاغزى كەلمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، بەزىلەر ئىسمغا ئاتىسىنى قوشماس بولۇشقا باشلىدى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتابلىرى بېكىتى

ئۇيغۇرنىڭ ئىسمى يوق. بۇ تەكىسىز جاھان، تەمسىز دۇنيادا قەنزۇۋان بەرگى تۈركلەرنىڭ ئاغزىدىن لازىم بولساق دوغۇ تۈركىستانلى، تۈركمەنىستانلى دېگەن تاۋۇشلار تۈكۈلگەن بىلەن، قەلبىدىن «ئۇلارمۇ ئادەم!» دېگەن سادا چىقمايدۇ. زۇۋانداز ئەرەپلەرنىڭ ئاغزىدىن قەھرىمان تۈركىستانى دېگەن ماختاشلار ئېقىپ تىرىك جانلار، سوقۇپ تۇرغان يۈرەكلەرنىڭ ئىسمى ئۇنتۇلىدۇ. شۇلارنىڭ نەزىرىدە بىز كۆپىنچە سان، ھەرىپ، قورال ياكى بازارلىق مال. ئەگەر ئادەم سانالساق قېنى كىم ئافغان تاغلىرىدا، سۈرىيە سايلىرىدا جان ئۈزگەن ئون ئۇيغۇرنىڭ ئىسمىنى دەپ بېرەلەيدۇ؟

ئۇيغۇرنىڭ ئىسمى بولمىغاچ ئۇيغۇردا ئىسىم زاپاس، كۆپ ۋە سامان نەرقى ئەرزان. تۈركىيە، مىسىر ۋە سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى ئۇيغۇر ئىسمىنى مۇھەممەت، ئابدۇللا، زۇبەير، خالىد، خەتتاپ دەپ ئاتىۋالىدۇ. بەزىدە ئۆزىمۇ ئۇنتۇپ قېلىپ ئىسىمكارت قاچىلانغان ھەميانغا قارايدۇ. ئۇلار بىر سومكىغا لىق ئۇيغۇرچە ئىسىم يەنە بىر سومكىغا خىتاي ياسىغان مەرۋايىت-مارجانلارنى سېلىپ يۈرىشىدۇ. بۇ سومكىلار نەرقىگە چىقسا، پات-پات سېتىلىپ تۇرىدۇ.

ئۆزى ھۆر بولمىغان ئىنسانىنىڭ ئۆزىگە مەنسۇپ، ئۆزى سۆيگەن ئىسمى بولمايدۇ. ھۆر بولمىغان مىللەتنىڭمۇ پۇلغا يارايدىغان جىسمىلا بولۇپ، ھېچكىم سېتىۋالمايدىغان ئىسمى بولمايدۇ. بۇ جىسىمغا ساتقۇچى، سەرىپ قىلغۇچى ۋە بازارغا سالغۇچى خالىسا ماركا قويىدۇ، خالىمىسا خالتىغا سولايدۇ. تېنى ھۆرلۈكتە سەرسان، روھى قورقۇنچقا قۇل بولغان ئىنسانىنىڭ ئىسمى جانباقتاخۇن.

ئەركىنلىكتە بىر ئۇيغۇرنىڭ ئۆزىگە مەنسۇپ، ئۆزگەرمەس ئىسمى ۋە جىسمى بارمۇ؟ ئۇيغۇرنىڭ ئىسمى خەقنىڭ نامىدەك گېزىتلەردە، سورۇنلاردا، مەجلىسلەردە، سەينالاردا ئاشكارە چاقنامدۇ؟ مۇھاجىرەتتە مانا مەن ئۇيغۇر، ماۋۇ مېنىڭ ئىسمىم، مانا ماۋۇ ماڭا ھالال قان بەرگەن دادامنىڭ ئىسمى دېيەلەيدىغان ئۇيغۇرنىڭ سانى قانچە؟ ئەپسۇس، ئەركىنلىكتە بىر بولسا ئۇيغۇرنىڭ ئىسمى يوق، بىر بولسا ئۇ سەينادا نۇرغۇن ئىسىملار تىزىلىپ يايما ئاچىدۇ.

## بوۋاڭلار شۇنداق كىشى ئىدى

بالىلىرىم، بوۋاڭلار تۈگەپ كەتتى. رەھمەتلىك چېقىلماس قورام تاش ئىدى، ئۇۋۇلۇپ كەتتى، يىقىلماس تاغ ئىدى، گۆمرۈلۈپ كەتتى. قۇچاق يەتمەس توغراق ئىدى، ئۆرۈلۈپ كەتتى. ئۇ چوڭ قىلغان تۆت ئوغلىنىڭ ئىككىسى سىياسىي سەۋەپتىن تۈرمىدە مەھبۇس، بىرى داۋا سېپىدە يات ئەلدە مۇساپىر. رەھمەتلىكنىڭ كۆزلىرى يا يېقىندىكى يا يىراقتىكى ئوغۇللىرىنى كۆرەلمەي تۇتۇلۇپ قالغان ئىدى. مانا ئەمدى ئۇلارنىڭ قايتىپ كېلىشىنى ساقلاپ سوقۇۋاتقان يۈرىكىمۇ ھەرىكەتتىن توختاپتۇ.

بوۋاڭلارنىڭ كۆزى تۇتۇلۇپ قالغاندا قوللىرىغا ئېسىلىپ يىغلاپ كەتكەن ئىدىم. چۈنكى بۇ كۆزلەر ئەمدى يىراقتىكى ئوغلىنى ۋە ئالتۇندەك نەۋرىلەرنى كۆرەلمەيتتى. شۇ چاغدا يىراقلارغا كەتكەن داداڭلارنىڭ 15 يىل بۇرۇن «سىلەر مىللەتكە چىقىش يولى ئەمەس، تەسەللى ئىزدەۋاتىسىلەر» دېگەن سۆزلىرى قۇلاق تۈۋىمدە ياڭرىغاندەك بولغان ئىدى. مانا ئەمدى، داداڭلار يىللار ئۆتۈپمۇ تاپقانلىق خەۋىرىنى بەرمىگەن چىقىش يولىغا مەنمۇ ئاتلىنىش ئالدىدا تۇراتتىم. شۇ چاغدا بوۋايىغا يۈرەكتىن باشلىنىدىغان بۇ يولنىڭ بىزنى نەگە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەلمىگەن ئىدىم.

بوۋاڭلارنىڭ كۆزلىرىنى كۆرمىگىنى ياخشى بولدى، دەپمۇ ئويلىغان ئىدىم بىر تۇرۇپ. ئاتا-بوۋىلارنىڭ ئىزى قالغان، بۇزۇلۇپ چېقىلىۋاتقان مەھەللىنى، كۆزلىرى ئەخلەتلەر بىلەن تىندۇرۇلغان بۇلاقلار ۋە قاشالانغان كۆز يەتمەس سازلىقلىقنى، ئۆزلەشتۈرۈپ تەييار قىلىنغان يەرلەرگە كېلىپ جايلىشىۋالغان توپ-توپ ھاكاۋۇر كۆچمەنلەرنى، خالانىڭ تاملىرىغىچە يېزىلغان كومپارتىيە تەشۋىقاتىنى كۆرۈپ چىدىمايدىغان ئۇ كۆزلەرنىڭ تۇتۇلۇپ قالغىنىمۇ بىر ھېكمەت ئىدى. ھەقىقەت ئىزدىگەن كۆز ھەقنى سۆزلەيدىغان تىلنى جىم تۇرغۇزمايتتى. ئېغىزلار ئېچىلغان

ئۇيغۇر كىتابخانىسى
www.uyghurkitap.com

هامان ھەر بىر كۆزى ئوچۇق ئۇيغۇرغا قىرى- ياش، خوتۇن-بالا دەپ ئايرىمايدىغان تۇۋاق تەييار، تاياق تەييار، قاماق تەييار ئىدى.

سىلەر يات ئەلدىكى مۇساپىرەتتە ياشاۋاتقان مىڭلىغان ئۇيغۇرنىڭ باللىرىغا ئوخشاش پەقەت دادا، ئانا دېگەن ئىسىملار ئىچىدە ياشايسىلەر. يېنىڭلاردا چۆچەكچى بوۋا، موماڭلار يوق. مۇشۇنداق مۇسۇبەتلىك كۈندە بىر چەتتە بوغۇلۇپ يىغلاۋاتقان داداڭلار ۋە يۇم - يۇم ياش تۆكۈۋاتقان ئاناڭلارغا قاراپ نېمە بولغاننى تۈزۈك ئاڭقىرىپ بولالمايدىغان، ئاڭقارغان تەقدىردىمۇ ئۇلارنى يىغلاتقان ئازاپنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ بولالمايدىغان ياشتا سىلەر. شۇڭا سىلەرگە بىر نەرسە دېگۈم كەلدى.

باللىرىم، ئۇيغۇردا مېيتنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن تۇپراق بېشىدا ئىمامدىن سورىلىدۇ. - دادىمىز نېمە ياخشىلىقلارنى قىلغان، قانداق ئادەم ئىدى؟ بۇ سوئالغا ئىماملار بەزەن مەرھۇمنىڭ تەرىپىنى قىلىپ يىغلاپ تۇرۇپ جاۋاپ بېرىدۇ، جامائەتمۇ يىغا ئارىلاش ئاۋاز قوشىدۇ، «مەھەللىمىزنىڭ چىرىقى ئىدى، يۇرتىمىزنىڭ تۈۋرىكى ئىدى!» دېگەن سادالار ياڭراپ، قوشاق قوشۇپ ياد ئېتىشلەر باشلىنىدۇ. بەزىدە ئىمام سورىغۇچىغا ئۇيلىغانلىرىنى ياساپ جابدۇپ دەيدۇ. جامائەت سۈكۈت قىلىدۇ، بەزىدە خوشياقماي ئىككى ئېغىز چىرايلىق سۆزلەپ قويىدۇ، جامائەت بوش ئەسنىشىدۇ. باللار، ھەر قېتىم مۇشۇ سوئال سورالغاندا تېنىمنى بىر تىترەك باسىدۇ، چۈنكى بۇ دۇنيادا باللىرىمىز، ئۇ دۇنيادا ئۆزىمىز خىجالەت تارتىدىغان مۇشۇنداق بىر كۈن، بىر ۋاقىت ھامان بېشىمىزدا بار. بۇ دۇنيادا بۇ سوئالنى باللىرىمىز مەھەللىمىزدىكى قىلمىشىمىزدىن خەۋەردار ئىمامدىن، جامائەتتىن سورىسا، ئۇ دۇنيادا بۇنداق سوئالنى ھاياتىمىزدىكى بارلىق قىلمىش-ئەتمىشلىرىمىزنى كۆرگۈچى ئاللاھ ھەر بىرىمىزدىن سورايدۇ. بۇۋاڭلار بۇ دۇنيا ۋە ئۇ دۇنيادىكى مۇشۇنداق سوئاللارغا بىر ئۆمۈر تەييار ئۆتكەن، ھەر زامان جاۋاپكار ياشىغان كىشى ئىدى.

بوۋاڭلارنىڭ يۇقىرىقى سوئاللارغا قانداق تەييارلىق قىلغانلىقى ھەققىدە سۆزلەپ بېرەي باللىرىم. بىر كۈنى ئايدىڭ بولاق دەپ ئاتىلىدىغان مەھەللىمىزنىڭ بېشىغا بىر توپ ماشىرەڭ شەپكە كىيىشكەن خىتايلار كەپتۇ. ئۇلار بولاقلارنىڭ بويىدا قارغىلاردەك ئولتۇرۇپ كۆرۈشكىلارغا سۇ تولدۇرۇپ، مۇشتۇمدەك موملارنى چىلاپ يەپتۇ. ئايلار ئۆتۈپ كىشىلەر نېمە بولغاننى ئاڭقىرىپ بولغىچە مەھەللىمىزگە ئېقىپ كېلىدىغان ئۆستەڭنىڭ بېشىدا بىر مەھەللە پەيدا بولۇپتۇ. كىشىلەر ماشىرەڭ شەپكە خوتۇنلارنىڭ كۇندۇزلىرى ئۆستەڭ بويىدا كىر يۇيۇشقانلىرىنى، ئەرلەرنىڭ قاچقان تۇڭگۇزلارنى بولاق بويىدا قوغلاپ يۇرۇشكەنلىرىنى كۆرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپتۇ. ئۇ ئۆستەڭنىڭ سۈيى بىلەن ئەتكەن تاماقلار يېيىلمەس، نانلار سىڭمەس، قايناتقان چايلارمۇ يىندەك تېتىيدىغان بولۇپ قاپتۇ.

شۇنداق كۈنلەردە مەھەللىگە ئۇرۇمچىگە ئىشلىگىلى كەتكەن بوۋاڭلار قايتىپ كەپتۇ. ئۇ بولغان ۋەقەنى ئاڭلاپ، ئەتىگەندە بامداتتىن يانغان جامائەتنى باشلاپ خىتايلار جايلاشقان مەھەللىگە بېرىپتۇ. ماشىرەڭ شەپكە خىتايلاردىن بىرى ئوق چىقىرىپ قورقۇتماقچى بوپتۇ. بوۋاڭلار تۆيدۇرماستا ئارقىسىدىن ئەگىپ بېرىپ قورالنى تارتىۋېلىپ خىتاينى باغلاپ شەپكىسىنى ئاغزىغا كەپلەپ قويۇپتۇ. ئۆستەڭ بويىدا يۇرگەن چوشقىلارنى سۇرۇپ توقاي قىلىپ، سۇ بويىدىكى قوتانلارنى ۋەيران قىپتۇ. شۇندىن كېيىن خىتايلار سۇ بويىدا كىر يۇيۇشقا، چوشقا بېقىشقا پېتىنالماس بولغان ئىكەن.

بوۋاڭلارنىڭ كېسىلى ئاخىرقى باسقۇچقا كەلگەن كۈنلەردە كەنتتىكى كىشىلەر يوقلاپ كىرىپتۇ. مەھەللىدە ئۇن ئائىلىگە بىر كىشى باشلىق قىلىپ بېكىتىلگەن بولۇپ، يوقلىغۇچىلار قاتارىدا شۇ باشلىقمۇ بار ئىكەن. بۇ مەخلۇق مەھەللىدىكى قۇرئان ۋە جەينامازلارنى تىزىملاپ كومپارتىيە تارقاتقان دەرسلىكتىن باشقا بارلىق ئۇيغۇرچە كىتاپلارنى كۆيدۇرگەن ئىكەن. بوۋاڭلار ئۇنى ئاۋازىدىن تونۇپ، «چىقە بۇ ئۆيدىن ھەي ئىمانسىز يالاقچى، سەن يالايدىغان تاپان بۇ يەردە يوق! چىقە مېنى سىياسىي مەھبۇسنىڭ دادىسى دەپ چاق! مېنى قۇرئان ئوقۇپ ئولتۇرۇپتۇ،

دەپ دوكىلات قىل، چاينى ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن ئىچتى دەپ ئەرز قىل! شۇڭلا دە خىتايلىرىڭغا، بىز خىتاينىڭ ئەمەس ئاللاھنىڭ بەندىسى، بۇ زېمىن خىتاينىڭ ئەمەس، ئاللاھنىڭ بىزگە بەرگەن نېمىتى! مۇشۇ تۇپراقتا كۆمۈلۈپ، مۇشۇ تۇپراقتىن ئۈنگەن خەلق بىز. خىتايلىرىڭ بىزنى يالماپ تۈگىتىمىز دەپ خام خىيال قىلمىسۇن بىز ئۆلسەك توغراقتەك يەنە كۆكلەيمىز، نەپرىتىمىز خىتاينىڭ يولىغا تىكەن بولۇپ ئۈنۈپ، ئۇلارنى ھېچ يەردە خاتىرجەم ماڭالماس قىلىۋېتىدۇ!» دەپ ۋارقىراپ ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ.

بالىلىرىم، بوۋاڭلارنىڭ ھېكايىسى كۆپ. بىزدە بۇنداق قەھرىمان بوۋاي ۋە غەمگۇزار موماي لارنىڭ چۆچەكلىرى بەكمۇ نۇرغۇن. ئەگەر ئۆيغۇرچە ئوقۇشنى بىلسەڭلار بۇنداق ھېكايىلەرنى ئۆزۈڭلارمۇ ئوقۇيالايسىلەر. ھەمدە يات ئەللەردە ئىسمىڭلاردىن غەيرىلىك ھېس قىلىدىغان، تاماقلىرىڭلارغا قىزىقسىنىدىغان، بايراملىق كىيىملىرىڭلارغا ھەۋەسلىنىپ قاراپ كېتىدىغان ساۋاقداشلىرىڭلارغا مۇشۇنداق باش ئەگمەس، ئاق كۆڭۈل، گۈلسۆيەر ۋە گۈلچىراي بىر مىللەتنىڭ پۇشتى ئىكەنلىكىڭلارنى سۆزلەپ بېرەلەيسىلەر.

## بۈگۈن مۇناپىقلىق كۈنى

بۈگۈن قانداق كۈن؟ بۈگۈن بىرىنچى ئۆكتەبىر، ئۇيغۇر ئۈچۈن ماتەم كۈنى. بۈگۈن يەنە قانداق كۈن؟ بۈگۈن كاتالونىيەلىكلەرنىڭ مۇستەقىللىق دەپ كوچىلارغا ئېقىپ، توساقلارغا ئۆزىنى ئۇرۇۋاتقانلىقى جاھانغا تارالغان كۈن. بۈگۈن يەنە ھونگكىرىيەدە ئۇيغۇر-ھون دوستلۇق جەمئىيىتى قۇرۇلۇۋاتقان كۈن. ھالبۇكى، بۈگۈن ئۆزى ھۆر ئەللەردە ياشاۋاتقان بىلەن قەلبى خىتاي كومپاتىيەسىنىڭ زۇلۇمغا تەلپۈنۈۋاتقانلار، ئەركىنلىك ئاسمىنىدا تۇرۇپ قۇللۇق قەپىزىگە ئىنتىلىۋاتقانلار ئۈچۈن قىپ-قىزىل مۇناپىقلىق كۈنىدۇر.

خىتايدا ئىنسانلىق داۋاسى قىلغان ئۇيغۇر ئىككى يۈزلىمچى، ئۇيغۇرلۇق داۋاسى قىلغان ئۇيغۇر بۆلگۈنچى ئاتىلىپ قاملىۋاتقان، ھەق-ناھەق ۋە ئاق قارىنى ئايرىغان، نەپسىگە قۇل بولمىغان ھەرقانداق كىشى سولىنىپ قىينىلىۋاتقان، ئىگەم ئاللاھ دېگەن ھەر بىر جان تەربىيەلەش مەركەزلىرىگە مەھكۇم بولۇۋاتقان، ئۇيغۇر خەلقى ئۈستى ئوچۇق تۈرمىگە بەنت قىلىنغان مۇشۇنداق كۈنلەردە ھېچ بىر خىتاي تەلەپ قىلمىسىمۇ، بىر بىرىگە بەش يۇلتۇزلۇق قىپ-قىزىل يۈرەكلەرنى يوللاۋاتقان، ئۇندىدارلىرىغا «كومپارتىيەنى سۆيىمەن، جوڭخۇا ئېلىمنى ياخشى كۆرىمەن» دېگەندەك شۇئارلارنى چىقىرىۋاتقان كىشىلەرنى چۈشىنەلمەيمەن.

خىتاي دۆلىتى ئىچىدە ئۇيغۇر نېمە دېگۈزۈلسە، نېمە كىيگۈزۈلۈپ، يېگۈزۈلسە قوبۇل قىلىمىز. ئۇلار شۇنداق قىلىپ تاشلىسىمۇ سۆيۈملۈك، ئۇلار ھەر زامان ئۆزرىلىك، ھەر زامان چۈشىنىشكە لايىق، ئەمما چەتئەللەرگە چىقىپ ئۆزىنى خاتىرجەملىكنىڭ قوينىغا ئاتقان، ئۇيغۇرلۇق سالاھىيىتى بىلەن قوغداشقا ئېرىشىپ پاراۋانلىقتىن بەھرىمەن بولىۋاتقان، «ئۇيغۇر مەن!» دەپ يۈندىسىنى ئېقىتىپ، پاناھلىققا ئېرىشۋالغان كىشىلەرنىڭ قېرىنداشلىرىنى بىگۇناھ تۈرمىگە تاشلاپ، قىيناپ

ئۇيغۇر كىتاب تورىستانى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ تور ئادرېسى

يوق قىلىۋاتقان زالىمغا «ئەي زالىم، قولۇڭنى تارت، بىزمۇ ئادەم، بىزنى ئادەمدەك ياشىغىلى قوي!» دېمەكتە يوق، ھېچ بولمىسا قەلبىدە بولسىمۇ نارازىلىق، ھەتتا سۆكۈت قىلىش ھوقۇقىنىمۇ ئىشلەتمەستىن، شۇنچە يىراقتىن شۆلگەي ئېقىتىپ يالاقچىلىق قىلىشلىرى، خىتاي تىرىنقىغىمۇ ئېلىپ قويمايدىغان خۇشامەتلىرىنى ساداقەتمەنلىك بىلەن يوللاشلىرى، خۇددى خىتاي كېچەيۇ كۈندۈز نازارەت قىلىپ تۇرىدىغاندەك قۇللۇق لەۋھەلىرىنى بويىنىغا تاقىۋېلىشلىرىنى بىر نورمال ئىنساننىڭ ئەقلى بىلەن چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس.

بۈگۈن مۇساپىرەتتە ۋەتەنگە تەلپۈنۈپ ياشاۋاتقان ئۇيغۇر تىلۋىزورنىڭ ئالدىدا كاتالونلارنىڭ يېرىلغان باشلىرى ئۈچۈن ئازاپلاندى. بۈگۈن زۇلۇمغا جاق تويغان ئۇيغۇر نامايىشلاردا «ھۆرلۈك!» دەپ جار سالدى. بۈگۈن يۈرەك پارىلىرىنىڭ بىر ئېغىز سۆزى، بىر ئىللىق تەبەسسۇمىنى كۆرەلمىگەن ئۇيغۇر ئادالەت قېنى! دەپ قان يىغلىدى. بۈگۈن مۇناپىقلىق قېنىدا غەليان قىلىدىغان، خورلۇققا قانمىغان، زالىمنىڭ تاپىنىدا چەيلىنىشكە خۇمار بولغان ئۇيغۇرچە ئىسىملىك كىشىلەر بايرام تەنتەنىسى ياڭراتتى. چۈنكى بۈگۈن ئۇلارغا مۇناپىقلىق كۈنى، قۇلدارلارغا تىزلىنىش كۈندۇر.

## بۈگۈنكى ئوقۇرمەن ۋە «تارىخى ھەمىدى»

(مولla مۇسا سايرامى ۋاپاتىنىڭ 100يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆيۈشتۇرۇلغان ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۈچۈن يېزىلغان)

«تارىخى ھەمىدى» ئوسمانىيە سۇلتانى ئابدۇلھەمىدخانغا بېغىشلانغان، ئۇيغۇر تارىخىنى رىۋايەتلىك قەدىمكى زاماندىن ھازىرقى زامانغا ئۇلىغان مۆتىۋەر تارىخ كىتابىدۇر. كىتابتا ئۇيغۇرلارنىڭ 19 -ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى كەچۈرمىشى ئاپتورنىڭ بىۋاسىتە قاتناشقان ۋەقەلىكلىرى ۋە باشقىلاردىن ئىگىلىگەن مەلۇماتلىرى ئاساسىدا بايان قىلىنغان. مەزكۇر كىتاب بۇندىن يۈز نەچچە يىل بۇرۇن (1908 -يىلى) يېزىلغان بولغاچقا، بۈگۈنكى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئوقۇرمەنلىك تەلپى، ئادىتى، تەپەككۇر ئۇسۇلى، تارىخ قارىشى ۋە مىللەت قاراشلىرى بىلەن سىغىشىدىغان تەرەپلەر ۋە سىغىشمايدىغان ئامىللار مەۋجۇت. بۇ ماقالىدە بۈگۈنكى نەزەردە ئوقۇلغان «تارىخى ھەمىدى»دىن تۇغۇلغان قاراشلار مۇلاھىزە قىلىنىدۇ.

1.كىتابنىڭ ژانىرى ۋە تىلى

گەرچە «تارىخى ھەمىدى» تېخى يۈز يىللار بۇرۇن يېزىلغان تارىخ كىتابى بولسىمۇ، يېزىلىش ئۇسلۇبى نەچچە يۈز يىل بۇرۇنقى «تارىخى رەشىدى»، «بابۇرنامە»، «شەجەرەئى تۈرك» دېگەندەك كىتابلار بىلەن ئىزچىللىقتا ئىگە. بۇ مەنىدە دەۋرىمىزدىكى تارىخقا دائىر كىتابلارنىڭ يېزىلىش ئۇسۇلىدىن پۈتۈنلەي پەرقلىق. شۇڭا كىتابتا بۈگۈنكى كىتابلاردەك تەتقىقات ئۇسۇلى، دائىرىسى، ئوبيېكتى، مەنبەلەر ۋە ئارخىپلارنىڭ بېرىلمەسلىكى تەبىئى. كىتابتا بەزى تارىخى شەخسلەرنىڭ ئوبرازى يارىتىلغان بولۇپ، دىئالوگ ۋە تەسۋىرلەر بۇ شەخسلەرنى جانلىق ئادەمگە ئايلاندۇرغان. شۇڭا بۈگۈننىڭ تىلى بىلەن مەزكۇر ئەسەر تەتقىقات ئەسىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەمەس ئەدەبىي ئەسەر، بىر تارىخى ئۇچىرىك دېيىشكە بولىدۇ. ئەسەرنىڭ تىلى ئۈچىنچى شەخس ئاڭلاتما بايان شەكلىدە بولۇپ، تارىخى شەخسلەر خۇددى ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى پېرسوناجلارغا ئوخشايدۇ. تەسۋىرلەردىن ئوقۇرمەن تارىخى شەخسلەرنى كۆرگەندەك، ئۇلار بىلەن بىۋاستە مۇڭداشقاندەك تۇيغۇغا كېلىدۇ. بەزى بايلاردا ئاپتور ئۆزىنىڭ بىۋاستە كەچۈرمىشلىرىنى يازىدۇ (225-214).

ئاپتور ئەسەردە مەلۇم تارىخى شەخس، ھادىسە ۋە ھېكايەت ھەققىدە سۆزلەپ كېلىپ،ئۆز پىكرىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن ئايەت، ھەدىس ۋە نەمۇنىلىك ئەسەرلەردىن نەقىل كەلتۈرىدۇ. بەزىدە ئۆزى بېيىتلارنى تۈزۈپ، مەسەل ۋە ھېكايەتلەرنى قوشۇپ ماڭىدۇ. بۇ نوقتىدا كىتاپ ئۇيغۇر قەدىمكى ۋە يېقىنقى ئەدەبىياتىدىكى تەزكىرىچىلىك، قىسسەچىلىك ۋە داستانچىلىق ئەنئەنىسى بىلەن ئورتاقلىققا ئىگە.

كىتاپتا ئىلمىي تىل ئەمەس ئەدەبىي تىلنىڭ قوللىنىلىشى ۋە ئۇنىڭ ھازىرقى ئەدەبىي تىلدىن پەرقلىق بولۇشى، سۆزلەردە ئەرەب-پارىسچىنىڭ كۆپرەك بولۇشى، بولۇپمۇ ئادەم، ۋەقە ۋە مەنزىرىلەرنىڭ تەسۋىرىدە ئوخشىتىشلارنىڭ كۆپ قوللىنىلىشى بۈگۈنكى ئوقۇرمەننىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ.

ئاپتور ئەسەرگە قوشقان شېئىرلاردا فارىسچە شېئىرلارنىڭ كۆپ بولۇشى، ئۇيغۇرچە شېئىرلاردا فارىسچە سۆزلەرنىڭ جىقراق قوللىنىلىشى ۋە ئاپتور يازغان بەزى بېيىتلارنىڭ فارىسچە بولۇشى، ئۇيغۇر ئەدىپلىرىدە ئەرەب- فارىس تىلى سۆيگۈسىنىڭ شۇ زامانلارغا قەدەر خېلىلا كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇ زامانلاردا ئەرەبچە، فارىسچە شېئىرلارنى يازغان ئابدۇقادىر داموللام، دىۋان تۈزگەن ھۆسەيىنخان تەجەللىلەر بۇ سۆيگۈنىڭ ئىسپاتى بولىدۇ، ئاپتور يەنە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلاردا ئەرەب-فارىسچە دۇئالارنى يازىدۇ. شۇڭا مەزكۇر ئەسەر ئەينى دەۋردىكى تارىخ يېزىش ئۇسلۇبى بويىچە يېزىلغان، ئۆز دەۋرىنىڭ تىل ئادىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن، ئۇيغۇرلاردىكى قىسسەچىلىك، داستانچىلىق ۋە تەزكىرىچىلىك ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلغان بىر ئەدەبىي ئەسەر دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ.

## 2. كىتاپ يېزىلىشتىكى سەۋەپ

ئالدى بىلەن ئاپتور «تارىخى رەشىدى»دىن كېيىن، بىر مۇكەممەل تارىخ كىتابىنىڭ يېزىلمىغانلىقىنى سەۋەپ دەپ كۆرسىتىدۇ، ئاندىن دوستلىرىنىڭ تەۋسىيەسىنى سەۋەپ قىلىدۇ. ئاپتۇرنىڭ بۇرادەرلىرى مۇھتەرەم ئەجداتلارنىڭ شانلىق تارىخى، قانلىق ۋەسىيەت ۋە ئىبرەتلىك ئىزلىرى ھەققىدە بىر كىتاپ يېزىلسا، شۇ سەۋەپلىك قەھرىمانلار يادلىنىسا، روھىغا دۇئا قىلىنسا، خۇددى ھەدىستە «ياخشىلىققا دالالەت قىلغۇچى، شۇ ياخشىلىقنى قىلغانغا باراۋەر» دېگەندەك، بۇ كىتاپنى يېزىشقا دالالەتچى بولغان ئۆزلىرىنىڭمۇ گۇناھلىرى يۇيۇلۇپ، ئەيىپلىرىنىڭ ئەپۇ قىلىنىشىنى ئۈمىت قىلىشقان. ئاپتۇرنىڭ دوستلىرى يەنە كىتاپتا تەسۋىرلەنگەن خۇدا رازىلىقىنى كۆزلەپ، ئەزىز جانلىرىنى پىدا قىلغان شېھىتلەر كېيىنكى ئەۋلاتلارنىڭ سۆھبەتلىرىدە زىكىر قىلىنسا، ئاپتورنىڭمۇ ئاللاھ ئالدىدا ئەجىر-مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلىقىنى تەكىتلەشكەن. ئۇلار يەنە ئەرەب ۋە ئەجەملەرنىڭ ئۆز قەۋمى ۋە ماكانى ھەققىدە كىتاپلار يېزىشقانلىقىنى، يەتتە شەھەر كىشىلىرىنىڭ تارىخىدا بولغان ۋەقەلەرنى توپلاپ، بىر كىتاپ قىلغانلارنىڭ ئازلىقىنى شۇڭا يېزىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى تەۋسىيە قىلىشقان. يىغىپ ئېيتقاندا كىتاپنىڭ يېزىلىشىغا، ئاپتورنىڭ ساۋاپ ئىزدىگەن دىنىي بۇرچى، پىداكار ئەجداتلارغا بولغان ۋارىسلىق بۇرچى ۋە دوستلىرىنىڭ تەۋسىيەسىگە سادىق سەممىيىتى ئاساسلىق سەۋەپ بولغان. شۇڭا ئاپتۇر ھەر بىر ماۋزۇنى باشلىغاندا دوستلىرىغا خىتاپ قىلغان شەكىلدە باشلايدۇ.

## 3.كىتاپتىكى ئەجداتلار

«تارىخى ھەمىدى» دە، 1864 -يىلدىكى كۇچا قوزغىلىڭىدىن باشلانغان ۋەقەلەرنى ئاپتۇر ئۆزى بىۋاستە ئاڭلىغان، تەكشۈرۈپ توپلىغان ۋە باشتىن كەچۈرگەنلىرى بويىچە، ئۇندىن بۇرۇنقى تارىخنى «رەۋزەتۇسسافا»، «مۇنتەخەببۇت تاۋارىخ»، «تارىخى رەشىدى»، «تاۋارىخى خەمسەئى شەرقى» قاتارلىق كىتاپلارنى مەنبە قىلىپ يازغان. بۇ مەنبەلەردە مىللەتلەر قەدىمكى يەھۇدى رىۋايەتلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاساسىدا چۈشەندۈرۈلگەن بولغاچقا بۇگۈنكى تىلشۇناسلىق، ئارخولوگىيەلىك، ئانتروپولوگىيەلىك (ئىنسانشۇناسلىق) پاكىتلارغا مۇخالىپ كېلىدۇ. مەسىلەن، «ئومۇمەن، تۈرك، موغۇل، تاتار، قىرغىز، قىپچاق، ئۇيغۇر، مانجۇ، نايمان، چېركەس، داچېك، داغىستان، تۇرغۇت، نوغاي، بارلاس، جالايىر، دىلىم، جۇرجىت، يەجۇج-مەجۇج قاتارلىق نەچچە مىڭ قەبىلە ۋە نەچچە مىڭ تائىپىنىڭ نەسەپلىرى تولۇق تۈرك بىننى يافەسكە يېتىدۇ» دېگەن باياندىكى بەزى مەزمۇنلار بۇگۈنكى تىلشۇناسلىقتا ئۇيغۇن ئەمەس. مەسىلەن: تۈركنىڭ ئەۋلاتلىرى دېيىلگەن مىللەتلەردىن تاتار، قىپچاق، قىرغىز، ئۇيغۇر، نوغاي قاتارلىقلار تۈرك تىللىرىدا، موڭغۇل، تۇرغۇت، بارلاس قاتارلىقلار موڭغۇل تىللىرىدا، مانجۇ، جۇرجىت قاتارلىقلار مانجۇ-توڭگۇس تىللىرىدا سۆزلىشىدۇ. داچېك ۋە يەجۇجى - مەجۇجلارنىڭ بۇگۈنكى قايسى مىللەت ئىكەنلىكى كىتاپتا دېيىلمىگەن، بۇگۈنمۇ ئايرىغلى بولمايدىغان بىر مەسىلە.

ئۇيغۇر ئەجداتلىرىنىڭ تارىخى ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئەسىرلەردە ئادەتتە يۇقىرىقىدەك، بىر بولسا يەھۇدى رىۋايەتلىرىدىكى يافەسكە باغلانسا، يەنە بىر بولسا ئىران رىۋايەتلىرىدىكى فەرىدۇنغا تۇتاشتۇرۇلىدۇ. ئىككىلا رىۋايەتتە ئۈچ ئوغۇل تىلغا ئېلىنىدۇ. يەھۇدى رىۋايەتلىرىنىڭ مۇسۇلمانلار ئارىسىدا يايغىن بولغان بەزى ۋارىيانتىدا يافەسنىڭ ئوغلى تۈرك دېيىلگەن بىلەن باشقا ۋارىيانتىدا يوق. ئىران رىۋايەتلىرىدە فەرىدۇننىڭ تۇر، سەلىم، ھىلاج (ئىرەج) دېگەن ئۈچ ئوغلى بولغان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى تۇرغا باغلىنىدۇ. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ۋە «قۇتادغۇ بىلىك»تە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى ئالىپ ئەرتوڭاغا باغلانغان.

دوكتۇر ئەسەت سۇلايماننىڭ قارىشىچە ئىران مەنبەلىرىدىكى ئافراسىياپ بىلەن ئۇيغۇرچە مەنبەلەردىكى ئالىپ ئەرتوڭا بىر كىشىنى كۆرسىتىدىكەن. قاراخانىلار دەۋرىدىكى مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار بىلەن قوچۇ خانلىقىغا مەنسۇپ بۇددىست ئۇيغۇرلار ئوخشاشلا ئالىپ ئەرتوڭانى ئورتاق ئەجدات دەپ قارىغان. ئالىپ ئەرتوڭانى ئۇيغۇر دۆلەتچىلىك تارىخىنىڭ مەنبەسى دەپ قاراش، يۇقىرىقى ئىككى شاھ ئەسەردە تىلغا ئېلىنىپ باشقا ئەسەرلەردە ئۇچرىمايدۇ. بۇ ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىرىنىڭ 11

- ئەسىرلەردىن كېيىن، ئۆز تارىخنى چۈشىنىشتە ئەرەپ-فارىس مەنبەلىرىنى ئاساس قىلغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

دېمەك، موللا مۇسا سايرامى پايدىلانغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجداتلىرى ھەققىدىكى مەنبەلەر رىۋايەتلىك ئۇسلۇپتا يېزىلغان كىتاپلار بولۇپ، بۈگۈنكىدەك پاكىت، تەھلىل ۋە يەكۈن شەكلىدە يېزىلغان ساپ ئىلمىي ئەسەرلەرنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرىشى تەبىئىي. بۇ مەنبەلەردىن ئېلىنغان بايانلار ئوقۇرمەنلەرنى ئەجداتلارنىڭ ئۆتمۈشى ھەققىدىكى قاراشلار بىلەن ئۇچراشتۇرغان بولسىمۇ، بۇلارنى ئىلمگە، پاكىتقا ئۇيغۇن بىر تارىخى ئۇچۇر دېيىشكە بولمايدۇ.

4. كىتابتىكى قوشنا مىللەتلەر

«تارىخى ھەمىدى» بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارغا قوشنا بولۇپ، ياشاۋاتقان مىللەتلەر ھەققىدە كەڭرى مەلۇمات بەرگەن. تەرتىپ بويىچە قارىغاندا كىتاپتا رۇس، تۈرك، موغۇل (تۈركلەشكەن موڭغۇل)، قالماق (بۈگۈننىڭ ئىبارىسىدە جۇڭغارلار)، تۇڭگانى، خىتاي، ئافغان، قىرغىز، ئۆزبېك، قازاق، قىپچاق، تاجىك قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ناملىرى تىلغا ئېلىنغان.

ئاپتورنىڭ قەلىمىدە يافەسنىڭ ئوغۇللىرى قاتارىدا تۈرك، چىن ۋە رۇس بولغان. چىن دەسلەپكى بەتلەردە خىتاي مىللىتىنى كۆرسەتكەندىن باشقا تارىختىكى خىتايلار ۋە شۇ چاغدىكى مانجۇلار قۇرغان دۆلەتنى كۆرسەتكەن. چىن دەپ ئاتالغان خىتاي مىللىتى يافەسنىڭ ئوغۇللىرىدىن بىرى بولۇپ، ماچىن چىننىڭ ئوغلى دېيىلگەن. چىن ھەققىدە ناھايىتى مەدھىيىلىك بىر ھېكايە كىرگۈزۈلگەن(48-47). مەزكۇر ھېكايىدىكى شەرق دۇنياسىغا مەشھۇر «مۇشكى خوتەن»، خوتەن ئىپارىنىڭ (خوتەن ئىپارى، خوتەندە ۋە تىبەتتە ياشايدىغان، ئۇيغۇرچە ئاھۇ دېيىلىدىغان بىر كېيىكتىن چىقىدىغان خۇشپۇراق ماددا) تىلغا ئېلىنىشى، بىزگە ئاپتورنىڭ ماچىن دېگەندە خوتەننى كۆرسەتىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئاپتۇر كىتابىدا چىن ۋە تۈرك

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن بولسىمۇ رۇس ھەققىدە ھېچ بىر مەلۇمات بەرمەيدۇ.

ئاپتور كىتابىدا موڭغۇللارنىڭ تۈركلەشكەنلىكى، قالماقلارنىڭ تاجاۋۇزى، تۇڭگانلارنىڭ مەنبەسى ۋە ئۇلارنىڭ يەتتە شەھەرگە كېلىشى، ئۆزبېكلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئاق مەسچىتتىكى قازاقلار، قىرغىزلارنىڭ قەشقەرگە كىرىشى، خىتايلارنىڭ ياقۇپ بەگ ھاكىمىيىتىنى يوقىتىشى قاتارلىق مەزمۇنلار ھەققىدە توختالغان. بۈگۈنكىدىن بىز بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارغا قوشنا موڭغۇل، قىرغىز، تۇڭگان، خىتاي قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئەينى دەۋردىكى ئەھۋالى ھەققىدە مەلۇماتقا ئېرىشىمىز. بولۇپمۇ ئاپتور قالماق (بۈگۈنكى تىلىمىزدا جۇڭغارلار)، خىتاي ۋە تۇڭگانلار ھەققىدە بەرگەن بايانلىرى كۆپرەك بولغان.

ئەپسۇسكى، كىتاپتا خىتايلار ھەققىدىكى مەلۇماتلاردا سەل مۇبالىغە (47 بەت)، قىسمەن ئەپسانىۋى (57،67،71ب) ۋە يۇزە (131ب) بولغانىنىڭ ئۈستىگە بىراز ئاساسسىز (145ب) تەرەپلەرمۇ بار. ئۇندىن باشقا كىتاپتا بارلىق زىددىيەت، زۇلۇم ۋە تەڭسىزلىكلەرنىڭ مەنبەسىنى يەرلىك ھاكىم ۋە خىتاي ئەمەلدارلارغا ئارتىپ، خاننى ئاقلاش ۋە خىتاي ھاكىمىيىتىنى ھەقلىق كۆرسىتىش خاھىشى بار.

كىتاپتا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تىلداش قېرىنداشلىرىمىزنى بېسىۋالغان روسلار ھەققىدىمۇ مۆرىتى كەلگەندە، بىر - ئىككى جۈملە يېزىلغاندىن باشقا تۈزۈك مەلۇمات بېرىلمىگەن. روسلارنىڭ قانداق تارىخ سەھنىسىگە چىقىپ، قانداق كۈچىيىپ ئۆز زامانىسىدىكى قۇدرەتلىك بىر ئىمپېرىيە ھالىتىگە كەلگەنلىكى ھەققىدە ئەتراپلىق بايان بېرىلمىگەن. ئەمەلىيەتتە ئەينى چاغدا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇپ ۋە شىمالى پۈتۈنلەي روسلارنىڭ ئىقتىسادى كونتروللۇقى ئاستىدا ئىدى. روسلار تەيىنلىگەن ئۆزبېك، تاتار ئاقساقاللىرى ھەرقايسى شەھەرلەردە ئالاھىدە ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن ئىدى.

ئەينى چاغدا موللا مۇسا سايرامىغا ئوخشاش زىياللارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتىغا تەسىر كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان قوشنا مىللەتلەر، بولۇپمۇ روس، چىڭ ۋە

بىرىتانىيە ئىمپېرىيەلىرى ھەققىدە بىۋاستە مەلۇماتقا ئىگە بولالمىغانلىقى ئىچنارلىق. بەلكىم بۇ تۆمۈر خەلپە، مويدىن خەلپە، قاتارلىق ئىنقىلاپچىلارنىڭ مەغلۇبىيەتلىك ئاقىۋىتىنىڭ قىسمەن سەۋەبى بولۇشى مۇمكىن.

بۇندىن يۈز يىل بۇرۇن ئۇيغۇر زىيالىيلارنىڭ ئەتراپىمىزدىكى ئىنگلىزلار، روسلار، خىتايلار ھەققىدە يەتكۈزگەن مەلۇمات نەچچە يۈز يىل بۇرۇن ئەرەپ-پارىسچە يېزىلغان كىتاپلاردىن كەلگەنلىكى ئىچنارلىق. بولۇپمۇ روس، بىرىتانىيە قاتارلىق ئىمپېرىيەلەرنىڭ مۇستەملىكە تالىشىش كۆرەشلىرىدىن، ئوسمانىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ مەغلۇبىيەتلىرىدىن ئاۋامنىڭ ئەمەس، موللا مۇسا سايرامىغا ئوخشاش زىيالىيلارنىڭمۇ بىخەۋەرلىكى بۈگۈنكى ئوقۇرمەنلەرنى ئەپسۇسلاندۇرىدۇ.

بۇندىن يۈز نەچچە يىل بۇرۇن يېزىلغان مەزكۇر كىتاپتا ئىستىقبالىمىزغا مۇناسىۋەتلىك روس، ئەنگلىيە ۋە خىتاي ئىمپېرىيەلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئويۇن ھەققىدە بىر مەلۇماتنىڭ بولماسلىقى، زىيالىيلاردىكى بىلىم ۋە ئۇچۇر مەنبەسىنىڭ بۇنداق رىۋايەتلىك، كونا ۋە تارلىقى بىزگە ئۇلارنىڭ بۇندىن 100 يىل بۇرۇنقى ئۇيغۇر ئاۋامنى جاھان يېڭىلىقلىرىدىن، دۇنياۋى يۈزلىنىشتىن، دۇنيادىكى كۈچلەردىن ۋاقىپلاندۇرۇشتىكى رولىنىڭ نەقەدەر يېتەرسىز ۋە نۇقسانلىق بولغانلىقىنى كۆرۈپ ئالغىلى بولىدۇ. بۇ رىئاللىق بۈگۈنمۇ تامامەن ئۆزگەرگەن ئەمەس. مەسىلەن: ئەركىن مۇھەتتا نەشىر قىلىنغان «مۇسۇلمانلار نېمە ئۈچۈن ئارقىدا قالدى؟»، «مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىدا قېلىشى بىلەن دۇنيا نېمىلەرنى يوقاتتى؟»، «يول بۇ يەردە» دېگەنگە ئوخشاش كىتاپلار مىسىردا 20 - ئەسىرنىڭ 50 -يىللىرىدا يېزىلغاندۇر. بۇ كىتاپلار شۇ دەۋردىكى، يات تۇپراقتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ يېزىلغان، بۈگۈنكى مەسىلىلەر، مىللىي كىرزىسىمىز بىلەن ئانچە ئالاقىسى يوق. ئۇيغۇرلاردا بۇنداق كونا زاماندىكى ئەسەرلەرنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ئارقىلىق مۇسۇلمانلار دۇنياسىدىكى يېڭى مەسىلىلەرنى چۈشىنىشى ھېلىمۇ مەۋجۇت. خۇددى قەدىمكى ئەرەپ - پارىسچە كىتاپلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى ۋە قوشنىلارنىڭ ھاياتى ھەققىدە پاكىتلىق ئىلىم بېرەلمىگەندەك، ئاتمىش - يەتمىش يىللار بۇرۇن

www.uyghurkitap.com

يېزىلغان ئەرەبچە كىتاپلارمۇ بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارغا مۇسۇلمانلارنىڭ دۇنيادىكى هازىرقى ئورنى، چېكىنىش سەۋەبى ۋە كەلگۈسى تەرەققىياتى ھەققىدە تېگىشلىك چۈشەنچە بېرەلىشى ناتايىن.

## 5. كىتاپتىكى تەنقىدىي تەپەككۇر

«تارىخى ھەمىدى» بۈگۈن ئۈچۈن تەنقىدىي تەپەككۇرغا تويۇنغانلىقى بىلەن قىممەتلىك. كىتاپتا تەنقىدىي تەپەككۇر تۆۋەندىكىچە ئىپادىلەنگەن. بىرى شۇ زاماندا ھەق دەپ قوبۇل قىلىنغان رىۋايەتلەر رەت قىلىنغان. ئەينى چاغدا چىڭگىزخان، تۇغلۇق تۆمۈرخان قاتارلىق موغۇل شاھلارنىڭ ئەجدادى ھېساپلانغان ئايال پادىشاھ ئەلەنقىۋانىڭ نۇردىن ھامىلدار بولغانلىقى، بۇ نۇرنىڭ ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ نۇرى ئىكەنلىكى ھەققىدىكى رىۋايەتلەر بولغان. ھەتتا ئەلىشىر نەۋايى يېزىلىشىغا سەۋەپ بولغان «رەۋزەتۇسسەفا» دېگەن كىتاپتىمۇ بۇ رىۋايەت توغرا دەپ قوبۇل قىلىنغان. ئاپتور «تارىخى ھەمىدى»دە بۇ قاراشنى پاكىتلار بىلەن ئاغدۇرۇپ تاشلىغان.

كىتاپتىكى تەنقىدىي تەپەككۇر يەنە ئاپتورنىڭ ئەينى دەۋردە دىن نامىدا ئەۋج ئالغان تۈرلۈك ئېقىملارنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى ئېچىپ كۆرسىتىپ بەرگەنلىكىدە ئىپادىلەنگەن. بولۇپمۇ ئۈچتۇرپاندا ئەۋج ئالغان كوبراۋىيە تەرىقىتىنىڭ خاتالىقلىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەنلىكى تېپىك ئەھمىيەتكە ئىگە. ئاپتور يەنە كىتابىدا ھەر قايسى ئۇيغۇر ۋىلايەتلىرىدە ئەۋج ئالغان مازارغا چوقۇنۇش خاھىشىنى تەنقىت قىلىپ، تۇرپاندىكى ئەسھابۇل كەفنىڭ يالغانلىقىنى ئىسپاتلىغان. كىتاپتا يەنە تارىخى پاكىتلار بىلەن خوتەن ۋە باشقا يۇرتلاردىكى بىر قىسىم مازارلارنىڭ ساختا ئىكەنلىكىنى ئېچىپ تاشلىغان.

كىتاپتا ئاپتور ئۆزىنىڭ دىنى، تارىخى بىلىملىرىگە تايىنىپ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئەرەب - پارىسلاردىن ۋەتىنىمىزگە كېلىپ، «مەھدىلىك» داۋاسى قىلغانلارنىڭ

ئەپتى بەشرىسىنى ئېچىپ تاشلىغان. ئۇندىن باشقا كىتاپتا تارىخى شەخسلەرنىڭ غالىبىيەت ۋە مەغلۇبىيەت سەۋەپلىرى پاكىتلىق تەھلىل قىلىنغان. كىتاپتا يەنە شاھلار، ئالىملار، شېھىتلەر ۋە غازىلارنىڭ سەۋەنلىكلىرى، مەغلۇپ بولۇشىدىكى ئەمەلىي سەۋەپلەر مۇلاھىزە ۋە تەنقىت قىلىنىپ ھەممىنى ئاللاھ ۋە تەقدىرگە ئارتىپ قويۇشتىن ساقلانغان. ئەمما شۇنىمۇ قەيت قىلىش كېرەككى، كىتاپتا شەخسلەر، ھادىسىلەر ۋە ھاكىمىيەتلەر ھەققىدىكى تەھلىل، تەرىپ ۋە بايانلاردا دائىم ئەقىدە نوقتىسىدىن تەھلىل قىلىش، ئاقىۋەتلەرنىڭ ھەممىنى تەقدىرچىلىك بىلەن چۈشەندۈرۈش ۋە ھەممىگە دىن دېيىلىپ قالغان رىۋايەتلەرگە تايىنىپ ھۆكۈم قىلىش خاھىشىمۇ خېلى كۈچلۈك بولغان.

6. كىتاپتىكى خەلىپە، ئوسمانىيە ۋە ياقۇپبەگ مايىللىقى

كىتاپتا ئاپتور ئۇيغۇرلاردىن چىققان يەرلىك قوزغىلاڭ رەھبەرلىرىدىن بەكرەك ياقۇپ بەگ ھاكىمىيىتىگە مايىللىق بىلدۈرگەن. مەسىلەن: ياقۇپبەگ بەڭ خۇمارى سەۋەپلىك ئۇخلىيالماي دۈشمەنىنىڭ قەستىنى تاسادىپى بايقاپ قالغان ئىككى ئافغان ئەسكەرنى تارتۇقلايدۇ ۋە ئەسكەرلەرنىڭ بەڭ، نەشە چېكىشىگە ئىجازەت بېرىدۇ (409 -بەت). ئوخشاش ۋەقە راشىدىن خوجا ھۆكۈمرانلىقىدىكى كۇچادا يۈز بەرگەن بولۇپ، قىمار ئويىنغان ئەسكەرلەرنىڭ ئويغاقلىقى سەۋەپلىك مەغلۇبىيەتتىن ساقلىنىپ قالغان خوجا راشىدىن ئەسكەرلەر ئارىسىدا قىمار ئويناشنى چەكلىمىگەن. ئاپتور راشىدىن خوجا قىلغان ئىشنى شەرىئەتكە خىلاپ دەپ سەلبى مىسال سۈپىتىدە بەرگەن. ياقۇپ بەگنىڭ قىلغانلىرىنى باھا بەرمەي ئۆتكۈزىۋەتكەن.

ئەسەردىكى ئوسمانىيە مايىللىقىمۇ كۈچلۈك بولغان. ھالبۇكى ياقۇپبەگنىڭ بەيئىتىنى قوبۇل قىلغان ۋە ئۇنى مىراخور باشى دەپ قوبۇل قىلغان خەلىپە، ياقۇپ بەگ ئۆلتۈرۈلۈپ جەسىتى كۆيدۈرۈلگەندە ھېچ بىر سادا چىقارمىغان. ئوسمانىيە ئارخىپلىرىغا قارىغاندا ياقۇپ بەگ ھاكىمىيىتى قەشقەر ئەمىرلىكى دەپ ئېتىراپ قىلىنغان، ئەمما چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن بېسىپ ئېلىنغاندا ھېچ بىر بايانات

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بېرىلمىگەن. ئەكسىچە ئوسمان ئىمپېرىيەسى بېيجىڭغا ئۆمەك ئەۋەتىپ چىڭ سۇلالىسى بىلەن بىرلىكتە غەرپكە تاقابىل تۇرماقچى بولغان. 1860 -يىلى چاغدا ۋاسلى ۋاسىلىيېۋ خىتايىنىڭ مۇسۇلمان بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويغان، بۇ ئوسمانىيەدىكى پانئىسلامىزىمچىلارنىڭ دىققىتىنى تارتقان ۋە بۇ ھەقتە مۇلاھىزە قايىنىغان، بېيجىڭغا مەخسۇس خادىم ئەۋەتىلىپ دەۋەتچىلىك قانات يايغۇزۇلغان. ئوسمانىيە ئوردىسىدا ئەرەبچە دەرس بېرىدىغان ئابدۇلئەزىز غۇلجالى دېگەن كىشى چىڭ سۇلالىسىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ يۈكسەك ئورنىنى ئىستانبۇلدىكى ئىقدام دېگەن گېزىتتە ماقالە ئېلان قىلىپ مەدھىيەلىگەن. دېمەك، ئوسمانىيە ياقۇپ بەگ ھاكىمىيىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇش بولماسلىقىدىن بەكرەك ئۆزىنىڭ بېيجىڭدا ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغان پانئىسلامىزىم غايىسى ۋە غەربكە تاقابىل تۇرۇشتىكى شېرىكلىك مۇناسىۋىتىگە بەكرەك كۆڭۈل بۆلگەن.

«تارىخى ھەمىدى» تەرغىپ قىلغان مەيلى خەلىپىلىك مايىللىقى، ئوسمانىيە مايىللىقى ۋە ياقۇپ بەگ مايىللىقى بولسۇن بىر تەپەككۇر قىلىپ بېقىشقا ئەرزىيدىغان، تېخىچە تارىخقا ئايلانمايدىغان مەسىلە. كىتاپتا يېزىلىشىچە كوچا، خوتەن ۋە قەشقەر قوزغىلاڭچىلىرى رەھبەرلىرىنى ئۆزلىرى تەختكە ئولتۇرغۇزغان. ياقۇپ بەگ خوتەنگە ھۇجۇم قىلغاندا خوتەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھەبىبۇللاھ مۇپتى ئۈچۈن دەريا - دەريا قان ئاققۇزغانلىقى «تارىخى ھەمىدى» دە يېزىلغان بولۇپ، ئەينى دەۋردە 50 مىڭدىن ئارتۇق كىشى جان بەرگەن. شۇ قەھرىمان خەلق نېمە ئۈچۈن چىڭ ئارمىيەسى كەلگەندە، ياقۇپ بەگنىڭ جەسىدى كۆيدۈرۈلگەندە جان بەرمەيدۇ. چۈنكى خەلق ياقۇپبەگ دۆلىتىنى ئۆز ھاكىمىيىتى دەپ تونىمىغان. ياقۇپ بەگ قوشۇنلىرىنىڭ چىڭ ئارمىيەسىگە قارشى چېقماي چېكىنىپ چىقىپ كېتىشىنى ئاپتور «ۋەتەننى سۆيۈش ئىمانىنىڭ جۇملىسىدىندۇر» دەپ تەسۋىرلەيدۇ. دېمەك، ئاپتورمۇ بۇ ۋەتەننى ياقۇپ بەگ باشلاپ كەلگەن قوشۇننىڭ ۋەتىنى دەپ قارىمىغان. ئەمما كۆپىنچە سەھىپىدە ئۇلارغا مايىللىق بىلدۈرگەن. كىتاپتىكى خەلىپە، ئوسمانىيە ۋە سىرتتىقى ياردەم ۋە كۈچلەرگە بولغان مايىللىق بۈگۈنگىچە مىراس قالمىغان دېيەلمەيمىز. بۇنداق ئۆز ۋەتىنىگە، خەلقىگە ۋە مىللىي ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك زىددىيەتلىك تونۇش،

زىددىيەتلىك پىكىر، ھەرىكەتلەرنىڭ مىراس قىلىشى بىلەن ئىچىنىشلىق ھالەتنىڭ ئۆزگەرمەي داۋام قىلىشى ئوتتۇرىسىدا بىر مۇناسىۋەت يوق دېيەلمەيمىز. تارىخنى ئوقۇش تارىختىن ئىبرەت ئېلىش ئۈچۈن بولسا تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك بولسا كېرەك.

«تارىخى ھەمىدى» ئۇيغۇر تارىخى ھەققىدە يېزىلغان ئەڭ ئېسىل ئەسەرلىرىمىزنىڭ بىرى. موللا مۇسا سايرامىمۇ خۇددى خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخشۇناس دوكتورى كىم خودۇڭ ئېيتقاندەك ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ ياخشى تارىخچى. ئەلۋەتتە، يۈز يىل بۇرۇن يېزىلغان بىر كىتاپنى بۈگۈننىڭ نەزەرىدە تۇرۇپ باھالىساق كىتاپ ھەققىدە بەزى پەرىقلىق تونۇشلارغا كېلىمىز. بىر ئوقۇرمەندە بۇنداق پەرىقلىق تونۇشلارنىڭ بولۇشى ھەرگىزمۇ كىتاپنىڭ قىممىتىگە شەك چۈشۈرمەيدۇ. مەزكۇر كىتاپنىڭ بىزنى مۇشۇنداق قاراشلارغا ئىگە قىلالىغانلىقى ۋە يۈز يىلدىن بېرى ئوقۇلۇشقا، تەتقىق قىلىنىشقا ۋە قايتا قايتا نەشىر قىلىنىشقا سازاۋەر بولۇۋاتقانلىقى ئۇنىڭ قىممىتىنى شەكسىز ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

(2017 - يىلى 6 - ماي، ئىستانبۇلدا ئېچىلغان ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرلارنى خاتىرلەش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇلغان.)

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

## كىم خېرىدار، كىم زىبا

سەھەر ئىشقا ماڭغىچە ئۇيغۇرلار فەيسبۇكتا مۇنازىرە قىلىنىۋاتقان بىر مەزمۇنغا دىققەت قىلدىم. يېزىلىشىچە قىز - ئاياللار قانچە ئىقاپلانسا ئەرلەرنىڭ شۇنچە قەدىرلىشىگە ئېرىشىدىكەن. ئاياللارنىڭ ئۆزى ئەمەس ھەتتا چېچىمۇ كۆرۈنمەس، تېپلماس ھالغا كەلسە ئاياللارنىڭ بىر تال چېچىنى ئۇچرىتىپ قالغان ئەر ئۇنى ئەتىۋارلاپ ساقلايدىكەن. بۇ مەزمۇنغا تولۇق چۈمكۈلۈپ قارا ئېقىندەك كېتىۋاتقان ئاياللارنىڭ رەسىمى قىستۇرۇلۇپتۇ.

مەن ئىككى يىل بۇرۇن مەككە تەسىراتلىرىمدا «ئانامنىڭ رەڭدار ياغلىقى» دېگەن ماۋزۇدا ئۇيغۇرنىڭ رەڭدار زېمىنىدىن ئۆرنەك ئالغان رەڭلىك رومالارنى ۋە رومالچىلارنى سېغىنىپ يازغان ئىدىم. رەھمەتلىك ئانام مەككىدە شۇنداق ھەسەن - ھۈسەندەك ياغلىقلار... چىگىۋالغانلارنى ئۇيغۇرمىكىن دەپ چاقىرىپ سالغان ئىدى. يازمام ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن بەزى ئوقۇرمەنلەردىن قارا ئەمەس، رەڭلىك ياغلىق ئورىغان رەھمەتلىك ئانامغا ھاقارەت قىلغان قېرىنداشلارنى ئۇچراتقىنىم ئۈچۈن، سەئۇدىچە قارا گۆللەردىن پەرقلىق ئۇيغۇرچە رەڭدار لالىلەرنى يېزىشتىن ۋاز كەچكەن ئىدىم. سەئۇدىدىكى قىبلىگە ئەمەس سەئۇدىغا ئىقتىدا قىلىدىغان، دۇنيانى سەئۇدىيىلىقلاردا ئومۇملاشقان ئاق ۋە قارا دەپ ئىككىلا رەڭدە تەسەۋۋۇر قىلىدىغانلارغا يەنە ئۇيغۇرچە رەڭدارلىقتىن سۆز قىلغۇم يوق. پەقەت يازمىدا تىلغا ئېلىنغان ئايال-قىزلىرىمىزدىكى قىممەتنىڭ ئەرلەرنىڭ قولىدا ئەتىۋارلانغان چاچقا باغلىنىپ قېلىشى توغرىلىق ئويلىغانلىرىمنى يازماقچىمەن. ماقالىدە مەدھىيەلەنگەن ئاچا-سىڭىللىرىمىز ئەرلەردىن قانچە يوشۇرۇنسا شۇنچە قىممەتلىك بولىدۇ، دېگەن تەشەببۇس ئۈستىدىمۇ ئويلىرىمنى تۆكمەكچىمەن.

مۇنازىرە قىلىنىۋاتقان يازمىدىكى چېچى ئەرلەرنىڭ قولىدا ئەتىۋارلىق بولۇشنى

ئايلانغان ئايال قىممەتلىك ئايال دېگەن قۇرلار، ماڭا «قىز بالا ئەردە ياخشى بولمىسا يەردە» دېگەن ماقالىنىڭ بۈگۈنكى يېڭى نۇسقىسىدەك تۇيۇلدى. ماقال دېگەنلىك ئورتاق ئېتىراپ قىلىنغان قىممەت - قاراشتىن دېرەك بېرىدۇ. يۇقىرىقى يازمىدا ئەرنىڭ قولىدا ئەتىۋارلانغان چاچ ئارقىلىق ئائىللىق قىممەتنى بېكىتكۈچى بىلەن، مەزكۇر ماقال-تەمسىلدىكى «ئائىللىق قىممەت ئەرنىڭ قولىدا» دېگەن قاراشنى تەشەببۇس قىلغۇچى ئوتتۇرىسىدا پەقەت زامان ۋە ماكان پەرقى بولۇشى مۇمكىن، ئەمما پىكىر جەھەتتە پەرق يوق. ئۇدۇللا ئېيتساق ئائىللىق قىممەت ئەرگە، ئەرنىڭ خېرىدارلىق قىلىشىغا، قەدىرلىشىگە ۋە ئېتىبارىغا ئىرىشمەكتۇر دېگەننى تەرغىپ قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئۆز قىممىتىنى ئۆزى ياراتقان قىممەتتىن ۋە شۇ قىممەت سەۋەپلىك باللار، ئەرلەر ۋە ئائىللارنىڭ قەلبىدە قوزغالغان قايىللىقتىن، ئېتىراپتىن ۋە پەخىرلىنىشتىن كۆتۈش قىز-ئائىللىرىمىزنى بېغىمىزدىكى ئانار، ئالما ۋە جىنەستىلەرگە ئايلاندۇرىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە قەدىر - قىممەتنى ئەرلەرنىڭ قولىدىكى چېچىدىن ئىزدىگەن جۇۋان، ئۆزىنىڭ بەختىنى يىگىتلەرنىڭ قوغلىشىدىن كۆتىۋاتقان قىز، ئىنسانلىق ھوقۇقنى يولدىشىنىڭ ئىلتىپاتىدىن تاما قىلىۋاتقان ئايال ئۆزىنى زاۋۇتتىن چىققان يالتىراق گۈللەرگە تەڭ قىلغانلاردۇر. ئۇلار ئۆزى خالاپ تۇرۇپ ئىنسانلىق قىممەتنى ئەرلەر قىزىقىدىغان ئويۇنچۇققا، ئۇلار باھالاپ بېكىتىدىغان مەھسۇلاتقا، ئۇلارنىڭ تارازىسىدىكى مالغا ئايلاندۇرۇپ قويغان بولىدۇ.

ئائىللىق قىممەت نازلىق تەبەسسۇم، گۈزەل رۇخسار ۋە خۇشپۇراقلارغا پۈركەنگەن لاتاپەتلەر بىلەنلا ئۆلچەنسە بۇ بىر ئائىلىنىڭ پەرۋىشكارى، يۈرەك باغرىلارنىڭ غەمگۈزادى، ئەرنىڭ مېھرىبانى سۆيىتىدىكى ئايالنىڭ ئۆلچىمى ئەمەس، ئەكسىچە بىر خىزمەتكار، ياكى بىر مۇلازىمنىڭ ئۆلچىمى بولۇپ قالىدۇ. ئائىللىق قىممەتنى يىگىتنىڭ ياقتۇرىشى، ئەرنىڭ ئەزىزلىشى ۋە باھالىشىغا باغلاپ قويۇش ئائىللارنى مەھسۇلات، مۇلازىم سۆيىتىدە كۆرۈپ ئەرلەرنى خېرىدار، خوجايىن ھالىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىشنىڭ نەتىجىسى. بۇ ئائىللارنىڭ تاۋارلاشتۇرىلىشى، بويۇملاشتۇرىلىشى

www.uyghurkitap.com

بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئېنىقكى بۇ ئەخلاققا مۇخالىپ، ئادالەتكە زىت.

ئەر تەسەۋۋۇرىنىڭ يۇقىرىقىدەك خېرىدارلىق، خوجايىنلىق، غالىپلىق ۋە قابىللىق بىلەن چەكلىنىپ قېلىشى سەۋەپلىك بولسا كېرەك ئۇلۇغ، داڭلىق، قەھرىمان دېگەن سۆز تىلغا ئېلىنسا، ئەقلىمىزگە تەبىئىيلا ئەرلەر كېلىدىغان بولۇپ قالغان. شۇڭا بولسا كېرەك «يۈز مەشھۇر ئۇيغۇر» دېگەن كىتاپقا كىرگۈزۈلگەن 110 داڭلىق كىشى ئىچىدە ئايال زاتىنىڭ سانى پەقەت بەش. خاتىپلىرىمىز، رەھبەرلىرىمىز، يېتەكچى، ئۇستازلارنىڭ ئاساسەن ئەرلەردىن بولۇشى، ئەقلىمىزگە ئەرلەرنىڭ ھازىرقى ئورنىنى ھەقلىق كۆرسىتىپ، بىزنى ئەرلەرنىلا مەشھۇر دېگۈزىۋاتقان بولسا كېرەك.

مەسچىتلەر، مەسلىھەتلەر ۋە مۇراسىملاردىكى ئەرلەرنىڭ مۇستەھكەم ئورنى ئېڭىمىزدا ئاياللارنى تەبىئىيلا قارشى قۇتۇپقا، بېقىندى تۇپقا، تارماق ئېقىنغا تەۋە قىلىپ، مەنىۋىيىتىمىزگە ئىنساننىڭ بىر پۈتۈنلىكى يىلتىز تارتالمىغان بولۇشى ئېھتىمال. ئەقىدىمىزدىكى ئۆگۈتلەر ئېيتىدۇركى، ئەر بولسۇن ياكى ئايال بولسۇن ئورتاق نوقتىمىز ئىنسانلىق. ئورتاق ئىنسانلىقتا تەكىتلىنىدىغان ھۆرمەت، قەدىر، ئىشەنچ، بۇرۇچ، ھوقۇق ۋە ھۆرلۈكلەر ئىككى جىنسقا ئورتاق، ھەم شۇنداق بولۇشى كېرەك.

ئاياللار ئەلەردىن قانچە يوشۇرۇن، مەخپىي، ئۇزاق بولسا شۇنچە قىممەتلىك بولىدۇ، دېگەنلىك ئاياللار ھاياتتىن، ھالاۋەتتىن، جەمئىيەتتىن، ئىجادىيەتتىن، مېھنەتتىن يىراق تۇرسۇن، بىز ئىلتىپا قىلغان قىممەتكە قانائەت قىلسۇن دېگەن چىرايلىق ئالدامچىلىقنىڭ ئاياللار ئەخلاقى دەپ تەرىپلىنىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. چۈنكى دۇنيادا ئاياللارسىز جەمئىيەت بولمايدۇ، ئاياللارغا قەتئىي مۇھتاج بولمايدىغان خىزمەت، ئىجادىيەت ۋە تىجارەتمۇ مەۋجۇت ئەمەس. بۇ يەردە ئاياللارغا سۆزدە ئەرلەردىن يوشۇرۇن يۈرسە قىممەتلىك بولىدۇ دېيىلگەن بىلەن، ئەمەلدە جاھاندىن بىخەۋەر، ئىلىمدىن ناقىس، يورۇق ئالەمدىن ئۇزاق جاھالەت قاراڭغۇلۇقىدا قالسا باشقۇرماق، باستۇرماق، مالاي قىلماق ئاسان بولىدۇ دېگەن مەنە ئېپادىلىنىۋاتقانلىقى سىر ئەمەس.

ئەگەر ئاياللار ئەرلەردىن قانچە يوشۇرۇن بولسا شۇنچە قىممەتلىك بولىدۇ دېگەن ھۆكۈم لوگىكىغا ئۇيغۇن بولسا، ئەرلەرنىڭ ئاياللاردىن قانچە خۇپىيانە بولۇشى ئۇلارنىمۇ ئاياللاردەك قىممەتكە ئىگە قىلىشى كېرەك. نېمە ئۈچۈن ئەرلەرگە بۇ تەلەپ قويۇلمايدۇ. ئۇلارنى قىممەتلىك بولۇشتىن توسۇپ تۇرغان سەۋەپ نېمە؟ نېمە ۋەجىدىن ئەرلەرنى ئاشكارىلىقتا قىممەت يارىتىشقا تەشەببۇس قىلغان ئېسىل ئەخلاق، ئاياللارنى خۇپىيانلىق ئىچىدە ئەرلەر ئىلتىپات قىلىدىغان قىممەتنى تاما قىلىشقا كۆندۈرۈپ ئۇلارنى تۆھپىدىن، ھۆرمەت ۋە قىممەتتىن مەھرۇم قويغىدەك.

جەمئىيەتتە قىممەتنىڭ ئەمگەك بىلەن يارىتىلىدىغانلىقى، ئەزىزلىكنىڭ ئەجىر بىلەن كېلىدىغانلىقى، ھۆرمەتنىڭ بېغىشلاش ۋە تۆھپىدىن ۋۇجۇتقا كېلىدىغانلىقى مۇنازىرىسىز رىياللىق. ئاياللارنى ئەرلەردىن پۈتۈنلەي يىراقلاشتۇرۇش دېگەنلىك جەمئىيەتتىن، دارامەتتىن، خىزمەتتىن، تۆھپىدىن يىراقلاشتۇرۇشتىن دېرەك بېرىدۇ. ئاياللارنى جامائەتتىن يىراقلاشتۇرۇش ئاياللارلا ئەمەس، ھەتتا بالىلار ئۇچراۋاتقان مەسىلىلەرنىمۇ نەزەردىن يىراقلاشتۇرۇشقا ئېلىپ بارىدۇ. ئاياللار كۆزدىن يىراق بولسا ئۇلارنىڭ ئازاپلىرىمۇ كۆڭۈلدىن يىراق بولىدۇ. جامائەت سورۇنىدا كۆرۈنمىگەن، جامائەتكە ئاشكارە بولمىغان مەسىلە ھەل قىلىنمايدۇ. ئاياللار نەزەردىن يىراقلاشتۇرۇلغان مىللەتتە بالىلارمۇ دىققەتتىن يىراق قالىدۇ. ئاياللار ۋە بالىلار قىممەتسىز، نەزەرگە ئېلىنمىغان مىللەتنىڭ كەلگۈسىمۇ نەزەرگە ئېلىنىشى پارلاق بولۇشى ناتايىن، تۇمانلىق بولۇشى تەبىئىيدۇر.

بۈگۈنكى ئەرلەر ھاكىممۇتلەق دۇنيادا ئاياللار تاۋارلاشتۇرۇلىۋاتىدۇ. بولۇۋاتقان دۇنيا گۈزەللەر مۇسابىقىسى، بالا كېلىنچەكلەر تىجارىتى، جىنسىيەت سودىسى بۇنىڭ تىپىك مىسالى. ئەرلەر خېرىدار سۈپىتىدە ياشىغاچقا ئاياللارنى تاماشا قىلىدىغان سورۇنلار، كۆرگەزمە قىلىدىغان مۇسابىقىلەر، ئالداپ ساتىدىغان جىنايەتلىك قىلمىشلار داۋام قىلىۋاتىدۇ. ئەرلەرنى ھوزۇرلاندۇرالايدىغان ھەممە نەرسە مەھسۇلاتقا، تاۋارغا ئۆزگىرىپ ئەرلەرنىڭ ھوزۇرلىنىش جەريانى يوللۇق تىجارەتكە ئايلىنىپ بولدى. شۇڭا بۇنداق خەلقئارالىق قايىنامدا ئۆز ئاچا - سىڭىللىرىمىزنىڭ ئاياللىق قىممىتى ئەرنىڭ

قولىدا ئەتىۋارلانغان تەبەسسۇمىدىن، جامالىدىن، چېچىدىن ئىزدىشى، ئۆزىنى جەمئىيەتتىن ئايرىپ، بىر بىرىنى ئەرلەرنىڭ قولىدىكى ئويۇنچۇقتەك مۇئامىلىگە كۆندۈرىشى ۋە ئۆزىنىڭ ئادالەتسىز مۇئامىلە ۋە ئېتىبارسىز ئىجتىمائى ئورنىنى تۈرلۈك شەكىللەردە ئاقلىشى مەنچە ئۇيغۇن بولمايلا قالماي، زىيانلىق.

ئۇيغۇر ماقال تەمسىللىرى ئىچىدە «خېرىدارىڭ بولمىسا زىبالىقىڭ بى ئېتىبار» دېگەن ماقال بار. مەنىسىدىن قارىغاندا بۇ ماقال كىشىگە ئانىلارنىڭ پىكرىگە مەنسۇپتەك تۇيغۇ بېرىدۇ. «قىزلا بالا ئەردە ياخشى بولمىسا يەردە» دېگەن ماقالدىكى تەلەپپۇز ئاتىلارغا خاس بولۇشى ئېھتىمال. باشتىكى ماقالدا قىزلار مەھسۇلاتقا ئوخشىتىلغان بولسا، كېيىنكىسىدە بىر ئامانەت بويۇمدەك تەسەۋۋۇر قىلىنغان. مەيلى ئاتا بولسۇن ياكى ئانا بولسۇن بالىلارغا ئىنسانلىق تەربىيەسى سىڭدۈرۈلگىنى، دۇنيا ئۇلارغا ئاق-قارادىن ئىبارەت ئىككى قۇتۇپلۇق شەكىلدە، ئەر-ئايالدىن ئىبارەت كۆۋرۈكسىز ھالەتنىڭ ئىككى قىرغىقى سۈپىتىدە چۈشەندۈرۈلمىگىنى ئەۋزەل. ھەدە-سىڭىللىرىمىزنىڭ ئايالىق قىممىتىنى ئەرنىڭ قولىدا ئەتىۋارلانغان چېچىدىن ئىزدىشى، ئۆزىنى جەمئىيەتتىن ئايرىپ بىر بىرىنى ئەرلەرنىڭ قولىدىكى ئويۇنچۇقتەك، ئۆيىدىكى مۇلازىمەدەك مۇئامىلىگە كۆندۈرىشى ۋە بۇنداق ئادالەتسىز مۇئامىلە ۋە ئېتىبارسىز ئىجتىمائىي ئورنىنى تۈرلۈك شەكىللەردە ئاقلىشى مەنچە ئۇيغۇن ئەمەس. ئەگەر ئانىلاردا، قىزلاردا بۇنداق تەربىيە ئومۇملاشسا، بۇنداق كۆندۈرۈشلەر ئەخلاق دېيىلىپ مۇقەددەسلەشتۈرۈلسە ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل قىممەت يارىتىدىغان، ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ئىنسان ئىكەنلىكىنى جاكارلايدىغان، ئۆز قەدرىگە، ھەققىگە قىلىنغان تاجاۋۇزلارنى كەسكىن رەت قىلىدىغان ئەۋلاتلارنى يېتىشتۈرمىكىمىز تەس بولىدۇ. چۈنكى ئانا بىرىنچى مۇئەللىم، ئائىلە بىرىنچى مەكتەپ.

## مۇسبەتتە بىر منۇت سۆكۈت

بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار يۆلەككە مۇھتاج، چۈنكى زالىم بىزنى يىقىتىۋەتتى. بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار تىلەككە مۇھتاج، چۈنكى ئادالەت بىزدىن يىراقلاپ كەتتى. بۈگۈنكى ئۇيغۇر تەسەللىگە مۇھتاج، چۈنكى ۋىجدانلىق ھەر بىر ئۇيغۇر ھازىدار. بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار مۇھەببەتكە مۇھتاج، چۈنكى دۈشمەنگە بولغان نەپرەت كۆزلىرىمىزگە بىر بىرىمىزنىمۇ نەپرەتلىك كۆرسەتمەكتە. بۈگۈنكى ئۇيغۇر قەدىرلەشكە مۇھتاج، چۈنكى ھەر بىر ئۇيغۇر خەشەكتىن خار. بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار قانچىلىك خاتالاشسۇن ئاشكارە تۈۋە قىلسىلا چۈشىنىشكە مۇھتاج، چۈنكى ھەر بىرىمىزنىڭ بېشىدا بىر دەرت، قەلبىدە بىر ئەلەم، يەلكىسىدە بىر تاغار غەم.

بۈگۈنكى ئۇيغۇر قوللاشقا مۇھتاج، چۈنكى ھەر قانچە پۇتلىشىپ، تىللىشىپ، چىشلىشىپ يۈرۈپ مەغلۇبىيەتنىڭ پاتقاللىرىدا بىر بىرىمىزنىڭ كۆزىگە لاي چاچساقمۇ بىر بىرىمىزنى ئۇتالمايمىز. بىز ئالللىقاچان ئۇتتۇرۇپ بولغان، بىز ھەممىمىز ئىددىيەگە، تاماغا، نەپسانىيەتكە ھۆرلۈكنى ئۇتتۇرۇپ قويغان قىمارۋاز يىتىمەكلەر. ئەمما ئۇيىمىز، ھويلىمىز بىر، چاقالمايمىز. ئۇيغۇرلۇق ئاللاھ سالغان يولدۇركى، يانالمايمىز، قېرىنداشلىق ئاللاھ چىگكەن باغدۇركى، ئۈزەلمەيمىز.

ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ بېشىغا تارىختىن بېرى ھېچقاچان بۈنداق مۇسىبەت كەلگەن ئەمەس، بۈنداق ماتەمدارلىق بۇ مىللەتتە ھېچ بىر زامان بۇ قەدەر ئۇزۇن داۋاملاشمىغان. ئۇيغۇردا ھەرقانداق ھازىدارلىق قىرىق كۈندىن ئاشمايدۇ، ئەمما بۇ ھازىدارلىقنىڭ، بۇ يىغا زارەنىڭ، بۇ پەرياتنىڭ تۈگەيدىغان كۈنى باردەك ئەمەس.

ئۇيغۇرلار ھەر قانچە قان چېچىشىپ كەتسىمۇ، مۇسىبەت كەلگەندە رەقىبىنىڭ ئۆلۈمگە داخىل بولىدۇ. ئۇيغۇرلار ھەر قانچە ئۆچلىشىپ كەتسىمۇ، بىر بىرىنىڭ

تاۋۇتىنى تالىشىپ كۆتۈرىدۇ. ھەر كۈن غەپلەتتە بولسىمۇ مۇسىبەت كۈنىدە غەپلەتتە قالمايدۇ. چۈنكى بىزدە ئۆلۈم نەپرەتنى ئۆلتۈرىدۇ، غەزەپنى كۆمىدۇ، نىزانى دەپنە قىلىدۇ.

مۇسىبەت كەلدى، قېرىنداشلىرىم، مۇسىبەت! ئۇيغۇرنىڭ تىرىكلىكى ئۈچۈن باش قاتۇرالمىدۇق، ھەرىكەت قىلالمىدۇق، ئەمدى ئۆلۈم كەلگەندە بولسىمۇ بىر مىنۇت سۈكۈت، بىر مۇڭلۇق قىرائەت بىلەن قەلبىمىزنى بىرلەشتۈرەيلى! ۋەتەندە، ئەزىز تۇپرىقىمىزدا، ئاتا - بوۋىلارنىڭ قېنى بىلەن بويالغان مۇبارەك زېمىنىمىزدا ئىمانىمىز دەسسىلىۋاتىدۇ، غۇرۇرىمىز چەيلىنىۋاتىدۇ، نومۇسىمىز ئاياق ئاستىدا، ئەمما چەتئەللەردىكى بىزچۇ؟ بىر بىرىمىزنىڭ پېيىدا، نومۇسسىزلىق سېپىدا، مەككارلىقنىڭ چېپىدا تاماشا قىلىۋاتىمىز. بىر مىنۇت سۈكۈت قىلايلى. قەلبلەردىكى شۆھرەتپەرەسلىك كېپەنلەنگىچە، ئاداۋەت كۆمۈلگىچە، كۆزلەردىكى ھەسەت دەپنە قىلىنغىچە بىر مىنۇت قىرائەتكە قۇلاق سالايلى، چۈنكى قەلبلەر ئاللاھنى ياد ئېتىش بىلەن ئەمىن تاپىدۇ.

## ھېساپ سورامدۇق ئىنساپمۇ؟

2017 - يىلى 3 - نويابىر ئىستانبۇل سەفاكۆيدىكى يېتىم باللارنىڭ ئېلېكترونلۇق مەكتەپ نومۇرى، ئوقۇش ئەھۋالى ۋە ئېھتىياج ھەققىدە بىر پىلان تەييار قىلىپ دوستلارغا يوللىدىم. مەقسەت يېتىملارنى بىلىم ئارقىلىق قۇتقۇزۇش، باللارغا ئوقۇتۇش ئارقىلىق ياردەم بېرىش ئۇچۇن ئىدى. پىلان بويىچە بۇ يېتىم باللارنىڭ مەۋسۇملۇق ئوقۇش ئەھۋالى، ئەۋەتىلگەن ياردەمنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالى يېرىم يىلدا بىر دوكلات قىلىناتتى. بۇنى كۆرگەن بىر دوستۇم «سىزگە ئىشىنىمەن، مەن پۇلنى رامزاندا ئەۋەتەي، ھېسابىنى سورىمايمەن!» دەپ قالدى. ئۇنىڭ ماڭا ئىشەنگىنى خوش قىلغان بىلەن ھېساپ سوراشتىن ۋاز كېچىشى ماڭا توغرا بىلىنمىدى.

ئۇيغۇردا «ھېساپلىق دوست ئايرىلماس» دېگەن ماقال بار. بىللە قۇرۇلۇپ كېيىن ئايرىلغان ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ھەققىدە گەپ بولسا پۇل ھەققىدىكى سۆز - چۆچەكلەر دائىم قۇلاقلارنى بىئارام قىلىدۇ. مۇساپىرەتكە بىرگە ئاتلىنىپ، نامايىشلاردا بىر قاتاردا تۇرۇپ، ھەتتا بىللە تۈرمىدە ياتقان كىشىلەرمۇ بىر بىرىگە ئارتقان سەھۋەنلىكلىرىدە ئىقتىساتنى تىلغا ئالماي ئۆتەلمەيدۇ. شۇنچە يېقىن دوستلار، سەپداشلار، قېرىنداشلارنى ئايرىغان نەرسە ھېساپنىڭ ئېنىق ئايرىلمىغانلىقى، ئىشەنچنى، ئىنساپنى، ئىمانىنى تەكىتلەپ، نەق ھېساپنى ئاشكارىلاشتىن تارتىنغانلىقى.

ھېساپ بېرىش دېگەنلىك پۇلنىڭ ھېسابىغىلا قارىتىلغانمۇ ئەمەس. ھەرقانداق جامائەتنىڭ خىزمىتىنى قىلىمەن دېگەن كىشى، جامائەتكە نېمىلەرنى قىلىپ بېرەلەيدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بېرىپ شۇ ئورۇنغا كېلىدۇ. شۇ ۋەدىسى، ۋەدىگە ۋاپا قىلغىدەك ئىقتىدارى، ئىمكانى ۋە پەزىلىتى بىلەن جامائەتنىڭ ئالدىغان چىقىدۇ. چەتئەلگە چىققان 10 يىللىق كەچۈرمىشىمدە شۇنى بايقىدىمكى، چەتئەللەردە جامائەتنىڭ خىزمىتىنى قىلغان دوستلار جامائەتكە نە بەرگەن ۋەدىسى، نە ۋەدىسىنىڭ

ئەتجسى ھەققىدە ھېساپ بەرمەيدۇ. ئەتجدە دائىم بۆلۈنۈشكە تەييار، زىددىيەتكە مايىل، قوللاشتىن مۇستەسنا قالىدۇ.

ھېساپ بەرمەسلىكنىڭ گۇناھىنى بىرەر تەشكىلاتقىلا ئارتىپ قويغىلىمۇ بولمايدۇ. ھېساپ ئالغىدەك توغرا، ئادىل، ساغلام بىر جامائەتنىڭ بولماسلىقىمۇ ھەل قىلغۇچى ئامىل. ئۇيغۇر مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆججەت ئېلىشى ۋە بېرىشى سۇننەت. بىز ئۇ دۇنيادا ئاللاھقا ھېساپ بېرىشكە ئىشەنگەن مۇسۇلمان ئىكەنمىز، بۇ دۇنيادا رەھبەردىن ھېساپ ئېلىشنى بىلىشىمىز كېرەك. كۆڭۈل ئايىماي، ئادىل، للىلا تۇرۇپ ھېساپ سورايدىغان جامائەت بولمىسا، ھېساپ بېرىشكە كۆنۈك جامائەت ئەرباپلىرىمۇ بولمايدۇ.

2017 - يىلى 4 - ئىيۇل باشلانغان ئۇيغۇرلارنىڭ مىسىردىن قېچىش دولقۇنىدا بولغان بىر ئىش ھەر ئىشتا ھېساپ سوراش، كىشىلەرنى ئىنساپلىق قىلىش ئۈچۈن ياردەمنى ھېساپلىق قىلىشنىڭ ئەھمىيىتىنى ئىسپاتلايدۇ. تۇيۇقسىز تۇتقۇنغا ئۇچرىغانلىقى سەۋەبلىك مىسىردىن قاچقان 5 ئۇيغۇر ياۋرۇپاغا كەلمەكچى بولۇپ بىلەتكە چىقىنالماپتۇ. شۇ دۆلەتتىكى ئۇيغۇرلار بۇ مۇھتاجلارغا بىلەت ئېلىپ بەرمەكچى بولۇپ پۇل توپلاپتۇ. ئارىدىن بىرەيلەن ئۇلارنىڭ بۇ پۇللارنى ياۋرۇپاغا يەرلەشكەندىن كېيىن جامائەتكە قايتۇرۇشى، بۇ قايتۇرۇلغان پۇللار بىلەن بىر جامائەت فوندى تەسىس قىلىنىشى ھەققىدە مەسلىھەت سايتۇ. ئەمما جاۋاپ «بۇ پۇللار ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن بېرىلگەن، شۇڭا ئۇلاردىن ھېساپ سورالمايدۇ» شەكلىدە بېرىلىپتۇ. دېگەندەك بۇلار ياۋرۇپاغا كەپتۇ. قىشلىق كىيىم - كېچەك ۋە ئورۇنلىشىش ياردىمى ئۈچۈن 2 مىڭ ياۋرودىن ئارتۇق پۇلغا ئېرىشىپتۇ. ئارىدا ھېچ بىر ئورتاق قارار بولمىغىنى ئۈچۈن ھېلىقى باللار بۇ پۇللارنى قايتۇرۇش ھەققىدە غىڭ قىلماپتۇ. جامائەتمۇ ھېلىقى مەسلىھەتنى ئەمدى توغرا تېپىشقا كېچىكىپتۇ.

دېمەك، جامائەتتە ھېساپ ئېلىش ئېڭى بولمىغاچقا، شۇ بىچارە باللار قولىغا پۇل كىرگەندىمۇ ئۆزىگە ئوخشاش مۇھتاجلارغا ياردەم قىلىش پۇرسىتىگە ۋە ئېڭىغىمۇ

ئېرىشەلمەيتتۇق. ئەگەر جامائەت ئۆزىمىز بۇ دۇنيادا نەق ئالىدىغان ھېساپنى نېسى قىلىپ ئاخىرەتكىچە كېچىكتۈرمەي، ئاللاھقا ئامانەت قويىماي ئالغانلاردىن، رەھبەر بولغانلاردىن، تەشكىلاتلاردىن ئېلىشقا جۈرئەتلىك بولغان بولساق، ئۆلارنىڭ بۇ دۇنيادا بىزگە، ئۇ دۇنيادا ئاللاھقا يارىشى ئۈچۈن پۇرسەت يارىتىپ بەرگەن بولاتتۇق.

بىز مۇسۇلمان خەلق. ئاللاھنىڭ ھېساپ ئالىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز. ئەگەر بىز بىر بىرىمىزگە، ياشاۋاتقان يېرىمىزدىكى جامائەتكە ۋە پۈتكۈل مىللەتكە خىزمەت قىلىشتا مىللەتنىڭ بۈگۈنى ھەققىدە ھېساپلىق مەلۇماتلارغا ئېرىشىپ، ھېساپلىق پىلانلارنى تۈزۈپ، كەلگۈسى پىلانىمىزنى مىللەتكە ھېساپ بېرەلىگۈدەك يازساق ۋە ھەرىكەت قىلساق، قىلغان ھېساۋىمىزنىڭ نەتىجىسى ھەققىدە قورقماي دوكلات بېرەلەيمىز ۋە ئۇنۇمىنى كۆرىمىز، كۆرەلمىگەن تەقدىردىمۇ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى ھېساۋىمىز ئاسانلىشىدۇ.

بىر ئۇيغۇر بولۇش سۈپىتىم بىلەن بىرەر تەشكىلاتنىڭ يىللىق خىزمەت دوكلاتى، مالىيە دوكلاتى ۋە خادىملار باھالاش دوكلاتىنى كۆرۈپ، قورقماي تەنقىت قىلالىسام دەيمەن. ئۇيغۇر رەھبەرلەرنىڭ ھېساپتىن خاتالىق چىققانلىقى، ۋەدىسىگە ئەمەل قىلالمىغانلىقى، خىزمەتلەرنى ئۇنۇمسىز قىلغانلىقى سەۋەپلىك مىللەتتىن كەچۈرۈم سوراۋاتقان، ئىستىپا بېرىۋاتقان، يىغلاپ تۇرۇپ گۇناھىنى تىلەۋاتقان ھالىتىگە شاھىت بولىدىغان بىر كۈننى كۆرەلىسەم دەيمەن!

ئۇيغۇردا «ھېساپتىن ھەسەل چىقتى، ئىنساپتىن كېسەل» دېگەن بىر ماقال بار. مىللەتنىڭ خىزمىتىنى قىلغان كىشى شۇ مىللەتنىڭ ھەر بىر ئەزاسىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلغىدەك جۈرئەتكە ئىگە بولۇشى، مەيدانغا ھېساپ بېرىمەن دەپ قانداق چىققان بولسا، ھېساپنى بېرىشتە شۇنداق مەردانە بولۇشى كېرەك. خەلقمۇ ئۆزىگە مەنسۇپ ھېساپنى ئاللاھقا ھاۋالە قىلماي، ۋاقتىدا ئېلىشقا جاسارەت قىلىشى كېرەك. تەشكىلاتلار خەلقنىڭ ئىنكاسىنى پىتنە، دوستلارنىڭ باھاسىنى غەيۋەت، ئاگاھلاندۇرۇشلارنى ھۇجۇم دەپ مىللەتنى بىرلىككە، ئىنساپقا، ئىمانغا دەۋەت قىلىش بىلەن كېسەلنى يوشۇرماسلىق كېرەك. يۇقىرىقى ماقال-تەمسىلدىمۇ ھېساپ سورىماي ئىنساپقا ھاۋالە قىلىنغان ئىشتا خاتالىق يۈز بېرىدىغانلىقى تەكىتلەنگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورخانىسى
www.uyghurkitap.com

## ھەممە ئۇيغۇر مەزلۇم ئەمەسمۇ؟

بېيجىڭدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىم ئىدى. 1997 - يىلدىكى «5 - فېۋرال غۇلجا ۋەقەسى» باھانىسى بىلەن ئۇيغۇرلار تەقىپ ئاستىغا ئېلىندى. كۆكۈللەر دەككە - دۈككىدىگە چۈشۈپ، تەتىلىمىز تەشۋىشلەر ئىچىدە بەكمۇ تەستە ئۆتتى. غۇلجىدىن ۋە ئۈرۈمچىدىن كېلىۋاتقان شۇم خەۋەرلەرنى ھەر كۈنى ئاڭلاپ ئۇنىمىز ئىچىمىزگە چۈشەتتى. شۇنداق تۇرۇپ بىرەيلەن ئۈرۈمچىدىن كەپتۇ دېسە، نېمە بولۇۋاتقاننى ئاڭلاش ئۈچۈن ئازاپقا قانمىغاندەك قېشىغا باراتتۇق.

ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە قايتقاندا ئىسمايىل ئەمەت سىياسىي ئۆگىنىش قىلغۇزدى. بۇ بېيجىڭدا بىز تۇنجى كۆرگەن سىياسىي ئۆگىنىش، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر مىنىستىر دەرىجىلىك رەھبەر رىياسەتچىلىك قىلغان ئالاھىدە سىياسىي ئۆگىنىش ئىدى. سىياسىي ئۆگىنىشتە ئىسمائىل ئەمەت گەپنى خىتايچە باشلىۋېدى، تەرەپ-تەرەپتىن غۇدۇراشلار بېسىقمىدى. ئۇنىڭ كاتىپى بولسا كېرەك، بىر خىتاي ئۇيغۇرچە سۆزلەش تەكلىپىنى بەردى. ئىسمائىل ئەمەتنىڭ ئۆزى بىلەن كەلگەن يەنە بىر خىتايغا «ئۇيغۇرچە سۆزلىسەم سىلەر چۈشەنمىسەڭلار قانداق بولىدۇ؟» دېگىنى ھېلىمۇ ئېسىمدە.

ئوقۇش باشلانغاندىن كېيىن غۇلجىدىن تەتىل قىلىپ قايتقان دوستلىرىمىزنىڭ كۆزىدىن بىرەر ئايغىچە ياش قۇرىمىدى. تۆكۈلۈۋاتقان ياشلار قەلبلەرنى ئىللىتتى، ئېرىتتى، ئاداۋەت ۋە كىرلەرنى تازىلىدى بولغاي يىغلىش، يوقلاش، مۇلاھىزىلەر كۆپىيىپ ئۆملۈك كۈچلىنىشكە باشلىدى. باشقا مەكتەپلەردىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆتكۈزىلىدىغان لېكسىيەلەرگە قىزىقىشىمۇ بارغانچە كۈچەيدى.

ئىلھام توختى مۇئەللىم بۇنداق لېكسىيەلەردە ئاكتىپ ئىدى. ئۇ بىر قېتىم «قازاقلار روسىيەگە ئۇزۇن مەزگىل مۇستەملىكە بولغان» دېگىنىدە بىر قازاق ئوقۇغۇچى: «ئۇنداقتا ئۇيغۇرلارنى خىتاينىڭ مۇستەملىكىسى دېسەك بولامدۇ؟» دەپ سورىغان ئىدى. ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئۈنسىز بىر-بىرىمىزگە قارىشىپ قالغان ئىدۇق. ياشلىق كۆزلەر، سولغۇن يۈزلەر، ھەسرەتلىك سۆزلەردىن «بىز زادى كىم؟ بىزگە نېمە بولدى؟ ئەتىمىز قانداق بولىدۇ؟» دېگەن سوئاللار تۆكۈلەتتى.

شۇ يىلقى 8 -مارت ئاياللار بايرىمىنى تەبرىكلەش بېيجىڭدىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن بىر يىغىلىش، دەرد تۆكۈش پۇرستى بولغان ئىدى. پائالىيەتكە مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇغۇچىلىرى قۇرۇپ چىققان «يىپەك يولى مەدەنىيەت جەمئىيىتى» ساھىپخان بولغان ئىدى. ماقالە ئوقۇغان قىزلاردىن مۇيەسسەر ئابدۇراخمان سۆزلىگەن «ئاياللىق ئىسمى ئاجىزە ئەمەس» دېگەن ماۋزۇ ھېلىمۇ ئېسىمدە. يىغىلىشنى ئاستىن ئۈستۈن، پات-پاراق قىلىۋەتكىنى مەندىن ئېنگىلىزچە ئۆگىنىۋاتقان ئەسقەرنىڭ ماقالىسى بولدى. ئۇ «ئاياللار دېگەن مەزلۇم خەق، ئەرنىڭ سۆزى دائىم ھەق» دېدى. ئۇ بۇنىڭ بىلەنلا قالماي «قىز بالا دېگەن ئاق قەغەز، نېمە سىزسا بولىدۇ، ئۈچۈرسە ئىزى قالىدۇ. ئوغۇللار بولسا كۆلرەڭ قەغەز ھەر قانچە سىزساڭمۇ ئېنىق چىقمايدۇ، ئۆچۈرسەڭ ئىزى بىلىنمەيدۇ» دەپ گەپ ساتقىلى تۇردى. ئالقىشقا ئاقتىم يەتمەي نارازىلىقىمنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، زالنى توغرىسىغا كېسىپ چىقىپ كەتتىم.

مەكتەپ قىرائەتخانىسىغا قايتىپ كىتاپقا كىرىشىپ بولالمىدىم. ئەسقەر ماقالە ئوقۇۋاتقاندا غۇلجىدىكى ماتەم سەۋەبلىك ياشلانغان كۆزلەرنىڭ غەزەپتىن چاقنىغىنىنى كۆردۈم. ئاتايىن سائەتلەرچە يول يۈرۈپ بىر ئېغىز ئۇيغۇرچە تەسەللىي ئىزدەپ كەلگەن كۆڭۈللەرنىڭ زىدىلەنگىنى زالنى بىر ئالغان غۇدۇراشلاردىن مەلۇم ئىدى. ئىچىم پۇشۇپ كىتاپنى ئۇيان - بۇيان ۋاراقلاپ ئولتۇراتتىم، بىر چاغدا ئۆتكۈر سۆلى ئۈچكەن، كۆزلىرى ياش بىر توپ قىز كىرىپ كەلدى. بۇ قىزلارنى بەك تونۇپ كەتمىسەممۇ ئادەتتە جۇشقۇن، مەغرۇر، ئەركىن يۈرۈيدىغان قىزلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى مەكتەپىمىزنىڭ تەييارلىق فاكۇلتېتىدا ئوقۇيدىغان بولۇپ، بەزىلىرى 95 -96 - يىللىرى ئىچكىرى تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرىنى تۈگەتكەنلەر ئىدى. «ئابدۇۋەلى ئاكا، چىقىڭە سىرىتقا!» دېگەن ئاۋازدىن سەل مەڭدەپ قالدىم.

كارىدورغا چىقىشىمغا قىزلار ماڭا يوپۇرلۇپ كېلىپ سوئاللارنى ياغدۇرۇۋەتتى. «سىز نېمىشقا ھېلىقى ئەسقەر دېگەن بالىنى سەھنىگە چىقاردىڭىز؟ بىزنىڭ ھازىر كۆرۈۋاتقان كونىمىز ئاز كېلىۋاتامدۇ؟ سىزنىڭ نېمىشقا ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈپ قىزلارغا ھاقارەت قىلىۋاتقان ئادەمنى سەھنىدىن چۈشۈرمەي ئۆزىڭىز تىڭشىۋېتىسىز؟ سىزچە ئوغۇللار كۆچلۈك كۆلرەڭ قەغەز، بىز ئاجىز ئاق قەغەزمۇ؟ مەزلۇم دېگەن نېمە دېگەن گەپ؟» دېگەن سوئاللارنىڭ قايسىغا جاۋاپ بېرىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدىم.

ئەسقەرنىڭ ماقالىسىدىكى «قىز بالا ئاق قەغەزگە، ئوغۇللار كۆلرەڭ قەغەزگە ئوخشايدۇ» دېگەن گەپنى ئەسلى مەن دېگەن ئىدىم. ئەمما زادى ئېنگىلىزچە دەرستە دېدىممۇ، يىغىلىشلارنىڭ بىرىدە دېدىممۇ ياكى ئۇنىڭ بىلەن پاراڭ ئارىلىقىدا دەپ تاشلىدىممۇ ئېسىمدە يوق (يېقىندا سورۇشتە قىلىشىمچە بۇنى مەندىن ئېنگىلىزچە ئۆگەنگەن بالىلار بىلەن پاراڭ ئارىلىقىدا دېگەن ئىكەنمەن. يازمامنى تورغا چىقارغاندىن كېيىن شۇ سورۇندا بار بىر دوستۇم ئۈيغۇردا قىزلارنىڭ سۆز-چۆچەككە يېقىنلىقىنى تەنقىتلەپ دېگەنلىكىمنى ئېيتىپ بەردى). مەيلى قانداق شارائىتتا دېگەن بولاي بۇ سۆزنىڭ خاتا چۈشىنىلىپ، خاتالىقلارغا سەۋەپ بولۇپ، قىزلارنى يىغلاتقانلىقى راست ئىدى. سۆھبەتتە دېيىلگەن گەپنى ئەسقەرنىڭ ئۇنداق ئىستىمال قىلىشى خىيالىمدا يوق ئىدى.

قاراپ تۇرۇۋەرسەم بولمايتتى. كارىدوردا ئۆيان - بۇيان ئۆتكەنلەر بىر توپ قىزلارنىڭ غەزەپلىك كۆزلىرى ۋە چوقانلىرى ئارىسىدا تىنەپ قالغان ماڭا دىققەت قىلىشماقتا ئىدى. ئۆزۈممۇ بىلمەي قىزلارنىڭ ئاخىرقى سوئالىغا:

-مەزلۇم دېگەن ئەسلى ئەرەپچە سۆز بولۇپ، مەنىسى زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى دېگەن گەپ...دەپ تۇرۇشۇمغا بىر قىز: -ئۇنداقتا ھازىر بارلىق ئۇيغۇرلار مەزلۇم ئىكەنمىزغۇ؟ ئۇيغۇرلار بۇندىن باشقا يەنە قانداق مەزلۇم بولساق بولاتتى؟ بېيجىڭدىكى بارلىق غۇلجىلىق ئىشلەمچى، تىجارەتچى باللارنى تۇتۇپ كەتتى. ئوقۇغۇچى باللارمۇ كۈندە سوراققا ئۇچراپ تۇرۇۋاتىدۇ. غۇلجىدا كوچىلاردا قان، ئۈرۈمچىدە ھەممە يەردە ۋەھىمە، يۈرەكلەردە قان. مانا ھازىر ئۇيغۇر بولغان گۇناھىمىز ئۈچۈن يا يۇرتىمىزدا، يا ياقا يۇرتتا ئادەمدەك ياشىيالمايۋاتساق، جىنايەتچىدەك نەگە بارساق شۇ يەردە تەكشۈرۈش، سوراق، قاماق تەييار تۇرسا يەنە قانداق مەزلۇم بولساق بولاتتى؟ دەپ بېقىڭە ھازىر ھۆكۈمەت زۇلۇمنى ئاياللارغا قىلىپ، ئاياللارنى مەزلۇم كۆرۈپ ئەرلەرنى ئايرىپ قويۇپتىمۇ؟ ئۇيغۇر ئەرلەر زۇلۇمغا ئۇچرىماپتىمۇ؟ توغرا دەيسىلەر بىز مەزلۇم بىر ياقتىن ھۆكۈمەتنىڭ، يەنە بىر ياقتىن سىلەر ئەرلەرنىڭ زۇلۇمىڭلارغا ئۇچراۋاتقاندىكىمىز! -دېدى. بۇ ھەققانىي رەددىيەلەرنى ئاڭلاپ ئۇجۇقۇپلا كەتتىم، قىزلارنىڭ ئۇ كۈنى يەنە نېمىلەرنى دېگەنلىكى ئېنىق ئېسىمدە يوق، ئاڭلىسام ئەسقەرنى ئىزدەپ بېرىپ زاكۇنلىشىپ دېگەنلىرىگە تويغۇزۇپتۇ.

قىرائەتخانىغا قايتىپ كىرسەم خاتىرەمگە چىرايلىق پۈچۈركا بىلەن مۇنۇ قۇرلار يېزىلىپتۇ. «سۆيۈملۈك ئابدۇۋەلى ئاكا، سىز بۈگۈن مېنى بەكمۇ ئۈمىتسىلەندۈردىڭىز، سىزنى خاتا تونۇپ قاپتىمەن. سىزمۇ مىڭلىغان ئۇيغۇر ئەرلىرىگە ئوخشاش ئاياللارغا كۆچىڭىز يەتكەچكە ئۆزىڭىزنى كۈچلۈك دەپ قارايدىكەنسىز. بېشىمىزغا كېلىۋاتقان بۇ خورلۇق ۋە زۇلۇملارنىڭ ئالدىدا ئۆزىڭىزنىڭ ئاجىز، مەزلۇملىقىنى بىلمەي بىزنى مەزلۇم، ئاجىز دەپ ئويلايدىكەنسىز. سىزنى ھۆرمەت قىلىرىمدىن ئۈچۈردۈم. ئاخىرىدا سىزگە مۇنۇ شېئىرىمنى قالدۇراي:

قىز بالا ئالتۇنمىدۇر، ياقۇتمىدۇر،
نەرقىگە كىملەر چىقىپ، نەق پۇل چىقارسا ساتقىلى،
بىز يارالغانمۇ مالاي، ئالتۇن كۈمۈشكە يۆرگىلىپ،
جىلۋە ناز ئەيلەپ بىراۋنىڭ كۆڭلىنى يايراتقىلى؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ شېئىرنىڭ ئىگىسى مۇشۇ كۈنگىچە بىر سىر. بۇ يېشىمغا كەلگىچە نۇرغۇن شېئىرلارنى ئوقۇدۇم، يادلىمىغاننىڭ ھەممىسى ئۇنتۇلدى، ئۇنتۇلۇپ كەتتى، ئەمما مەن بىرلا كۆز يۈگۈرتكەن بۇ تۆت مىسرانى ھېلىغىچە يادىمدىن چىقىرالمىدىم. شۇ كۈنى بىر توپ قىزنىڭ «ھەممە ئۇيغۇر مەزلۇم ئەمەسمۇ؟» دېگەن خىتابى ھازىرغىچە قۇلاق تۈۋىمدىن كەتمەيدۇ.

2017 -يىلى 1 -مارت، ئەنقەرە

## ئاداۋەت تۇتتۇقمۇ روزىمۇ؟

2017 ـ يىلى رامىزاننىڭ ئالدىدا بېرلىندا ئېچىلغان يىغىن سەۋەپلىك نەچچە كۈندىن بېرى قايناۋاتقان تەرەپلىك ۋە تەرەپسىز مۇنازىرە، مۇلاھىزەلەرنى ئوقۇپ تۇردۇم، ئەمما تۇكرۇك چاچرىتىۋاتقان غەزەپ، قېيداش ۋە قالپاق كەيدۈرۈشلەردىن بىزار بولدۇم. داۋا يولدا پەيدا بولغان زىددىيەتنى ھەل قىلىشتا ھېچ ئىش قولۇمدىن كەلمىسىمۇ، ھېچ بىر تەدبىرگە چامىم يەتمىسىمۇ ئويلىماي تۇرالمىدىم. چۈنكى مەن ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ھادىسىلەرگە ئەزەلدىن قول قوۋۇشتۇرۇپ تاماشا كۆرۈپ تۇرغان ئادەم ئەمەس.

ئۇيغۇرغا ئالاقىدار ئەھۋاللاردا قولۇمدىن كېلىشچە ھەرىكەت، سۆز ۋە پىكىر قىلىپ كەلگەنلىكىم جامائەتكە ئايدىڭ. بىر نەرسە يازمىغىنىم يازالمىغىنىم ئەمەس، نېمە قىلىش ھەققىدە ئەلگە ياردىمى بولغىدەك بىر ئامالنى تاپالمىغانلىقىمدىن بولغان. ئامالارنى ئوتتۇرىغا قويغان ئۇستازلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ كەلدىم، ئەمما قوبۇل قىلىنغان بىر سادا ئاڭلانمىدى. مىللەت تارىختىكى ئەڭ ئېغىر، ئۆزۈن ۋە ئازاپلىق قىيناقلارنى باشتىن كەچۈرىۋاتقان بىر ۋاقىتقا توغرا كەلگەن بۇ زىددىيەتكە چارە ئويلاشتا ئۆزۈمنى تېخىمۇ چارەسىز ھېس قىلدىم.

بۇ زىددىيەتكە ئىشتىراك قىلغان كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى ماڭا ئاكا دېمەتلىك، ئۇستاز دېمەتلىك ۋە دوست دېمەتلىك كىشىلەر. مەن ئۇلارنى ياخشى تونۇيمەن. ئۇلارنىڭ مىللەت سۆيگۈسى، داۋاغا پىداكارلىقى، ھەق يولدا مۇستەھكەملىكى ماڭا ئايدىڭ. ئۇلار قىلغان ۋە قىلىۋاتقان ياخشى ئىشلارغا مەن شاھىت. ئۇلارنىڭ مىللەتنىڭ ھەر بىر ئەزاسىغا قەدەر كۆڭۈل بۆلۈپ، قولىدىن قانچىلىك كەلسە ئايىماي زېھنىنى، ۋاقتىنى ۋە ھەتتا پۇلىنى سەرپ قىلىپ خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىنى ھەر قانچە يازساممۇ تولۇق ئىپادىلەپ بولالمايمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مېنىڭ چۈشەنمەيدىغىنىم شەخس سۈپىتىدە شۇنچە سۆيۈملۈك بولغان كىشىلەرنىڭ ئۆزى مەنسۇپ ساھەلەر بويىچە ھەمكارلىشىپ، بىر قانچە كەسپىي قوشۇن بولۇپ ئۇيۇشالماسلىقى ۋە بىر بىرىنى سۆيەلمەسلىكىدۇر. سۆيگۈ ئەسلىدىنلا ھېسسىيات مەسىلىسى بولغاچقا بۇنى تاڭغىلى بولمايدۇ، ئەمما مىللەت زالىمنىڭ قولىدا خورلىنىۋاتقان مۇشۇ پەيتتە، ھېسسىياتىمىزنى قايرىپ قويۇپ بىر بىرىمىزگە ئەمەس، زالىمغا تاقابىل تۇرساق بولاتتى. ئەسلى مۇشۇ مۇبارەك ئايدا، شەيتان باغلانغان رامىزان كۈنلىرىدە خۇسۇمەت، نەپرەت، كۆڭۈلسىزلىكتىن ساقلىنىپ ھەمكارلاشمىساقمۇ، ئۆچلەشمىسەك بولاتتى.

ئۇيغۇرنىڭ ھەق ھوقۇقلىرىنى قوغداش، مەۋجۇتلۇقىنى پەرۋىش قىلىش ۋە ھەققە دەۋەت قىلىش ئۈچۈن مەيدانغا چىققان ھېچ بىر قېرىندىشىمىزنى ئەيىپلەشكە تىلىم بارمايدۇ. ئەمما مىللەتنىڭ بېشىغا مۇسىبەت كەلگەن مۇشۇ كۈنلەردە ئۇلارنىڭ بىر بىرىنى قوللىيالمايۋاتقان، يېتەكلىيەلمەيۋاتقان، روزىنىڭ خاسىيىتىدە بولسىمۇ ئەپۇچان بولالمايۋاتقانلىقى مېنى ئازاپلايدۇ. ئۇ ياققا قارىسام ھېلىلا مىللەتنىڭ دەردىگە تارامىلاپ تۆكۈلۈپ كەتكەن بىر ئاكىمىزنى كۆرسەم، بۇ ياققا قارىسام كېچىلەپ دەردىمىزنى ئازايتىش ئۈچۈن ئىزدىنىۋاتقان بىر قېرىندىشىمىز كۆزۈمگە چېلىقىدۇ. ئۇ شەھەرگە بارسام بىر ئۇستاز دىنىمىزنىڭ غېمىدە پۇچىلانسا، بۇ مەھەللىگە كەلسەم يەنە بىر ئۆلىما ئەۋلات ئوتىدا ئۆرتىنىدۇ.

داۋا سېپىدىكى ئۇستازلىرىم، ئاكىلىرىم مىللەتنى سۆيىدۇ، ئەمما بىر بىرىنى سۆيمەيدۇ. دەۋەت كوچىسىدىكى پېشىۋالىرىم دىننى قوغدايدۇ، ئەمما بىر بىرىنى پۇتلايدۇ، بىرى يەنە بىرىنىڭ شەرىپىنى تىيىنغا تەڭ قىلمايدۇ. مەيلى دىن ياكى مىللەت دەيدىغان بولسۇن، بىر بىرىنى پەقەتلا ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئۇلارچە بولسا دىن ۋە مىللەت شۇلارغىلا تاپشۇرۇلسا، قالغانلار قول قوشتۇرۇپ تەييار تۇرسىلا بولىدۇ. ئادەمنىڭ يۈرىكىنى سىقىدىغان ئامىللارنىڭ بىرى دەل مۇشۇ. ھازىر خىتاينىڭ زۇلمى مىللەتنى ئامالسىز باش ئەگدۈرسە، داۋاچىلارنىڭ مۇستەبىتلىكى، زىددىيەتخۇمارلىقى، ئاداۋەتخورلۇقى ۋە گۇمانخورلۇقى مىللەتنىڭ يۈرىكىنى غاجاپ ئىشەنچىنى زىدىلەۋاتىدۇ.

مانا بۇ قېتىم بىز ئۇلۇغ رامىزان كۈنلىرىنى مۇسىبەت ئىچىدە كۈتىۋالدۇق. مىللىتىمىز چىراقسىز زۇلمەتتە، زوھۇرسىز مۇشەققەتتە پەرز روزىسىنى تۇتۇۋاتىدۇ. ئۇلار ھەر مىنۇت ھەر دەقىقە بېشىغا كېلىدىغان كۈلپەتنى بىلىپ تۇرۇپ، ئاللاھنىڭ ئەمرىنى بىجا كەلتۈرۈشكە تىرىشىۋاتىدۇ. ئۇلار شۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە بىزدىن ئۈمىت كۈتىۋاتىدۇ، بىزگە ئىشەنچ باغلاۋاتىدۇ. ئەركىنلىكتە ياشاۋاتقان ھەر بىرىمىز گەرچە ئۇلارغا چوڭ ئىش قىلىپ بېرەلمىسەكمۇ ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن روزا تۇتساق، مىللەتنىڭ ئاخىرقى ئۈمىدى ئۈچۈن بولسىمۇ ئاداۋەت تۇتمىساق دەيمەن. روزانىڭ مەنىسى ئۆزىنى تۇتۇشتۇر. بىز دەل مۇشۇ ئايدا، خىتاي بىزنى ھالالدىن چەكلەپ ھارامغا دەۋەت قىلىۋاتقان دەل مۇشۇ كۈنلەردە، ئەركىن دۇنيادا ياشاۋاتقان دىن ۋە مىللەت داۋاسىدا كۆيۈۋاتقانلار ئۆزىمىزنى ھارامدىن، گۇناھتىن چەكلەپ سۆيگۈگە، ئەپۇغا، سەۋرگە دەۋەت قىلساق دەيمەن.

2017 - يىلى 30 - ماي، رامىزان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## «ئالتۇن كەش»نى ئوقۇپ

خالىدە ئىسرائىلنىڭ «ئالتۇن كەش»نى يازغانلىقى ماڭا سۆيۈنچە بەرگەندەك خۇشخەۋەر بىلىندى. ئاز، ساز ۋە تەملىك ئەسەرلىرى بىلەن ئۇيغۇرغا ئەدەبىياتنىڭ لەززىتىنى ھېس قىلدۇرغان بۇ يازغۇچىمىزنىڭ قەلىمىدىكى ھەر بىر تەسۋىر، دىئالوگ ۋە ۋەقلىك ماڭا يادا دېگۇدەك ئىدى. رومان ھەققىدە يېزىلغان باھالارنى ئوقۇماسلىققا تىرىشتىم، چۈنكى پىكىرىمنىڭ رامكىلىنىپ، تۇيغۇلىرىمنىڭ بېقىنىپ قېلىشىنى خالىمايتتىم. بىرەر كىتاپنىڭ مەزمۇنىنى باشقىلاردىن ئاڭلاپ قالسام ئوقۇغۇم كەلمەيدىغان خۇيۇم بار ئىدى. شۇڭا روماندىن ئالىدىغان يېڭى لەززەت، يېڭى تۇيغۇ، يېڭى پىكىرلەرگە دەخلى بولىدىغان ھەرقانداق تەسىردىن ئۆزۈمنى تارتتىم. ھەتتا رومانىنى ئوقۇپ يىغلاپ ئولتۇرغان ئايالىمدىن «نەرى يىغلاتتى؟» دەپمۇ سورىمىدىم. ئۆيدىكى «ئالتۇن كەش»نى خۇددى قولۇم تەگسىلا تۈزۈپ كېتىدىغان گۈلنى ئاۋايلىغاندەك ئاۋايلاپ نەچچە سىلاپ ئاخىرى ئوقۇشقا جۈرئەت قىلدىم.

«ئالتۇن كەش»نى ئوقۇپ بولۇپ تۇگەپ كەتكىنىگە ئەپسۇسلانغاندەك بىر تۇيغۇدا بولدۇم. كىتاپنى يېپىپ بىر ئەۋلات ئۇيغۇر زىيالىلارنىڭ ھاياتىنى خاراپلىققا مەھكۇم قىلغان «ئوڭچىلىققا قارشى تۇرۇش»، «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش»، «شىيۇجېڭجۇيىغا قارشى تۇرۇش»، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دېگەنلەر ھەققىدە خىيالغا كەتتىم. ئۇيغۇرنىڭ بېشىدا قۇيۇندەك پىرقىراپ توختىمىغان ۋە ھازىرمۇ داۋام قىلىۋاتقان، شەكلى ئۆزگەرگەن بىلەن مەزمۇنى ئۆز پېتى ھەرىكەتلەر، ئەمەلگە ئاشماس شوئارلار، ساداقەت ۋە مەيدانىنى جاكارلاپ قەسەم بېرىشلەر ھەققىدە ئويغا چۈمدۇم. توختىماي ۋەھىمە سېلىش بىلەن ئۇيغۇرنىڭ جاسارىتىنى قورۇتىدىغان، كىچەيۇ كۈندۈز تەقىپلەش بىلەن خۇدۇكسىرىتىدىغان؛ ئۇيغۇرغا يات بارلىق قەبىھلىكلەرنى قوترۇتۇپ، قەلبلەردىكى ئەڭ پىنھان، ئەڭ بىغۇبار تۇيغۇلارغىچە تاجاۋۇز قىلغان بۇنداق فاشىست، ئەسەبىي تۈزۈمدىن سىقىلدىم.

مەن كىچىكىمدىن روماندا كىشىلەرنى قورقۇنچلۇق ئاقىۋەتكە گىرىپتار قىلغان ئوتچى، ئەكسىلئىنقىلابچى، مىللەتچى دېگەن سۆزلەرنى ئاڭلاپ چوڭ بولغان ئىدىم. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىدا جەمەتىمىزدىن چىققان تونجى زىيالىي، تاغام ئەيسا ئەمەت 1958 - يىلى ئوتچى، مىللەتچى ئاتىلىپتىكەن. ئۇ ئەقلىمنى غۇۋا بىلسەم مەھەللىمىزدىكى كىشىلەرگە ئاربالاشتۇرۇلماي، ئايرىم بىر يەردە ئەمگەككە سېلىناتتى. سەۋەبىنى سورىغانلىرىمدا رەھمەتلىك ئانام ئاكىسىنىڭ «ئېچىلىپ سايراش» ۋاقتىدا بىر تۇتاش تارقىتىلىۋاتقان رەخت بېلەتنى ھەققىدە پىكىر قىلىپ، «خەنسۇ ئايالىلار ئۇيغۇرلاردەك ئۇزۇن كۆينەك كىيمەيدۇ، شۇڭا ئىككى مىللەتكە ئوخشاش ئۇزۇنلۇقتىكى رەخت بېرىلىدىغان بېلەت تارقىتىش خاتا» دېگەن ئىكەن. رەھمەتلىك بۇنىڭ بەدەلىنى تاكى 80 - يىللارغىچە ئۆتەپتۇ.

ئوقۇرمەننىڭ بىر كىتاپنى ئوقۇش جەريانى ئەمەلىيەتتە ئۆزىدە بار بىلىم، مەلۇمات ۋە ئەسلىمىلەرنى قايتا جانلاندۇرۇش جەريانى بولىدىكەن. «ئالتۇن كەش»نى ئوقۇپ ئۆزۈم ئوقۇغان كىتاپلاردىكى ئوتچى، يەرلىك مىللەتچى، ئەكسىلئىنقىلابچى ئاتىلىپ تۇتۇلۇپ جاپا چەككەن يازغۇچى، ئۆلىما، رەھبەر ۋە مۇتەخەسسىسلەر، شۇنداقلار شېھىت بولغان قەھرىمانلار بىر بىرلەپ كۆز ئالدىمدىن ئۆتتى.

«مەدەنىيەت ئىنقىلابى»غا ئوخشاش مىڭلىغان زىيالىنى خاراپ قىلغان، ئۇيغۇرنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى «تۆت كونا» دېيىلىپ ۋەيران قىلىنغان بۇ بالايى - ئاپەتلەر ھەققىدە ئۇيغۇردا بىر ئىلمىي ئەسەر ئوتتۇرىغا چىقمىدى. مەن مۇشۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئۈچۈن 2002 - يىلى لەنجو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخ فاكۇلتېتىغا دوكتورلۇققا كىرمەكچى بولدۇم، ئەمما ماقالەمگە «مەدەنىيەت ئىنقىلابى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر پاجىئەسى» دېگەن سەزگۈر تېمىنى تاللىغىنىم ئۈچۈن قوبۇل قىلىنمىدىم. ئۇيغۇرلارنىڭ 1949 - يىلدىن بۇيانقى «ئازات، بەختىيار، ئىلغار» ھاياتى تەشۋىق قىلىنىشقا رۇخسەت بولۇپ، تارتقان خورلۇق، نامراتلىق ۋە بېسىم ئىچىدىكى تۇرمۇشى تەتقىق قىلىنىشقا ئىجازەت يوق ئىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

«ئالتۇن كەش» رومانى ئۇيغۇر زىيالىلار تارىخشۇناسلىق مېتودى بىلەن يازالمىغان تارىخنى، ئەدەبىيات سېھرى كۈچى بىلەن ئوقۇرمەنلەرگە تەقدىم قىلدى. ئاتا بوۋىلارنىڭ تېخى 40 نەچچە يىللار بۇرۇنقى پالاكەتلىك ۋە كۈلپەتلىك كەچمىشلەر ئۇنتۇلۇپ كېتىۋاتقان دەۋرىمىزدە بۇنداق بىر رومانىنىڭ يېزىلىشى ئامەتتۇر. مەنچە بۇنداق ئەسەرلەر مىللەتنى تارىختىكى ئورتاق پاجىئەگە يۈزلەندۈرۈپ، كۆز ئالدىدىكى ۋەھشىيەتلەرگە قانداق تاقابىل تۇرۇشنى ئۆگىتىدۇ. مىللەتتە مېھىر، قەيسەرلىك ۋە چىدام يېتىلدۈرىدۇ. بۇنىڭغا يەھۇدى يازغۇچىلىرىنىڭ ئۆز مىللىتى باشتىن كەچۈرگەن قاباھەتنى قېزىپ، مىللەتنى ئاگاھلاندۇرۇشنى داۋام قىلىۋاتقان تەجرىبىسى ئۆرنەك بولۇپ تۇرۇپتۇ.

كىتاپ «ئالتۇن كەش» درامىمىسىنى ئويناپ چىققانلىقى سەۋەپلىك كۈلپەتلىك قىسمەتكە مەھكۇم بولغان بىر ئەۋالات ئۇيغۇر زىيالىلارنىڭ پاجىئەسىنى مەركەز قىلىپ باشلىنىپ، ئۇلارنىڭ «ئالتۇن كەش»نى قايتا سەھنىلەشتۈرۈش ئارزۇسى بىلەن ئاياقلاشقان. ئەمەلىيەتتە بۈيەردە بىر ئەۋلات ئۇيغۇر زىيالىلىرىنىڭ كومپارتىيە رەھبەرلىكىدە «تۇغۇلىشى» ۋە ئالدىنىشلارنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن ئۆزلۈك ئېڭىدا قايتىدىن «تۇغۇلۇش» ئىستىكى بىشارەتلەنگەن. مېنىڭ پەيسبۇكۇمدا تۇغۇلغان كۈنۈم 1949 -يىلى 10 -ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى دەپ يېزىلغان. سەۋەبى مەن شۇندىن باشلاپ ئۇيغۇرنى يەر ئۆزلەشتۈرگەندەك ئۆزلەشتۈرۈش، «تۇغۇش» باشلانغان دەپ قارايمەن. شۇندىن كېيىن چۈۋۈپ توقۇش، يىمىرىپ قۇرۇش، خاراپ قىلىپ بەرپا قىلىش ئەسەبىيلىكى ئىزچىل داۋام قىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

«ئالتۇن كەش» رومانىدا تەسۋىرلەنگەن 1949 -يىلدىن كېيىنكى «يېڭى زامان، يېڭى تۇرمۇش، يېڭى ئەۋلات»قا ئوخشاش پۈتۈنسۈرۈك بىر مىللەت قايتا قۇرۇش ئوبېكتى قىلىنىپ، خۇددى بىر بوۋاق سۈپىتىدە يېڭىدىن ئېغىزلاندۇرۇلۇش، بۆشۈككە بۆلۈنۈش تەقدىرىدىن قۇتۇلۇپ بولالمىدى. نەچچە مىڭ يىللىق دېھقان مىللەتكە تېرىقچىلىقنى ئۆگەتتى، ئۆگىتىۋاتىدۇ، تاشقا مەڭگۈلۈك خەتلەرنى ئويغان مىللەتكە يېزىقلارنى لاھىيەلەپ بەردى، قانداق سۆزلەشنى ئۆگىتىۋاتىدۇ، مانا ئەمدى

تـوي قىلـىش، ئۆلـۈم ئۆزتـىش، ئۇسـۇل ئويـناش، ناخشا ئېيتىشـنى كەنتلەرگـە يىغىـپ ئۆگىتىۋاتـىدۇ. ئەمـدى، ئىسـىم قويىدىغـان، نىـكاھ ئوقۇيدىغـان، مېيـىت ئۇزىتىدىغـان ئۆلىمالىقمۇ كومپارتىيەگـە قالـدى.

رومانـدا تىلغا ئېلىنغـان 50 - يىللاردا يېتىشكەن ئۇيغـۇر زىيالىيلارنىـڭ «ئالتـۇن كەش»نى يېڭى ئەسىردە قايتا ئويناش ئىستىكى ئويلىنىشقا تېگىشلىك. بۇ فاشىست، قـالاق، مۇسـتەبىت ھۆكـۈمرانلىقنىـڭ ئۆزگـەرمىگەنلىكـى سـەۋەبلىك ئۇيغـۇرنىـڭ تەپەككـۇرىدا كۆرىنەرلىك بىر يېڭىلىق ۋە يۈكسـىلىش بولمىغانلىقتىن قايتا قۇرۇلسا، يـا خىتـاي قىلغانـنىـڭ شـەكلىنى ئۆزگـەرتىـپ داۋام قىلـىدۇ ياكـى تەتـۈرىنى قىلـىدۇ. بىرى ھەممىنى مىللىيلەشتۈرىمىز دېسـە، يەنە بىرى ھەممىنى دىنىيلەشتۈرۈشتە مۇرەسسـە قىلمايـدۇ. شـۇڭا كىتاپنىـڭ ئاخىرىـدا يېزىلغانـدەك «ئالتـۇن كەش»نى ئۆز پېتى قايتا سەھنىلەشتۈرۈش ئۇيغـۇن ئەمـەس. ھازىـر ئۇيغـۇرلار ۋەتەنـدە پەقەت ئارتـىس بولۇش بىلەنـلا بەختـىيارلىككـە ئېرىشـەلەيدۇ. ئەگـەر ھازىرقى شـارائىتتا «ئالتـۇن كەش»نـى ئۆزى يېزىـپ، رېژىسـورلۇقنى ۋە ئارتىسـلىقنىمۇ ئۆزى قىلىـپ سەھنىلەشتۈرسـە ياكـى شۇنىڭغا تىرىشسا 58 - يىللاردىكى قاباھەت ئەمەس، ئومۇمى قىرغىنچىلىق باشلىنىدۇ.

«ئالتـۇن كەش»تە تەسـۋىرلەنگەن «مەدەنىيەت ئىنقىلابـى» خىتايدا تۇنجى قېتىم بولغـان ئىش ئەمـەس، ھەمـدە خىتايدىلا بولغان ئىشمۇ ئەمەس. «شىـنخەي ئىنقىلابى» دەۋرىدىـن كېيىـن خىتايـدا ئوتتۇرىغـا چىققـان چاچ كېسـىش ھەرىكىتى، تۈركىيەدىكى سـەللىنى چەكلـەش ھەرىكىتى ئەمەلىيەتتـە «مەدەنىيـەت ئىنقىلابـى» بىلـەن تومۇرداش. خىتاينىڭ چېچىنى كېسـىش بىلەن ئۇيغۇرنىڭ ساقىلىنى كېسـىش، تۈركنىڭ سەللىسـىنى تارتىۋېلـىش بىلـەن ئۇيغۇرنىڭ ياغلىقىغا زوراۋانلىق قىلىشـنىڭ ماھىيىتى بىرئىنسـاننىڭ ھۆرلىكى ۋە ھوقۇقۇقىغا قىلىنغان تاجاۋۇز. بۇنداق ھۆر ئىنساننىڭ ئەمەس، مۇستەبىت ئىددىيەنىـڭ ئۈسـتۈنلىكى قوغدالغان مىللەتلەردە يۇقىرىقىـدەك ئىنقىلاپلار قايتا - قايتا يـۈز بېرىـپ، كىشـلەرنىڭ تەپەككـۇرىنـى ئىنسـانىيلىقتىن يىراقلاشـتۇرىۋېتىدۇ. 1965 -يىلى باشلانغان «مەدەنىيـەت ئىنقىلابـى» دەۋرىدە ئېگىز پاشنىلىق ئاياقلار، كاستۇم بۇرۇلكىلار، ئۇزۇن چاچلار بۇرژازىيەچە كىيىنىش دەپ يوقۇتۇلغان بولسا، بۈگۈن ئۇزۇن

www.uyghurkitap.com

كىيىملەر، ساقال - بۇرۇتلار رادىكاللىق دەپ باستۇرۇلماقتا. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دا كىتاپلار كۆيدۈرۈلگەن، زىيالىلار قامالغان بولسا، بۈگۈنمۇ ئوقۇمۇشلۇقلار تۇتقۇن قىلىنىپ، كىتاپلار چەكلەنمەكتە. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دا بېلىكىگە قىزىل بەلگە تاقىغان ساۋاتسىز ئىسيانچىلار جاھان سورىغان بولسا، بۈگۈنمۇ قوراللىقلار، ئالا كالتەكلەر ئۇيغۇرنىڭ يۇرتىنى مۇجىماقتا. نەتىجىدە ئۇيغۇردا كىتاپنىڭ، پەننىڭ، ئەركىنلىكنىڭ، ئىنسانى قەدىر - قىممەتنىڭ ئورنى بارغانچە تۆۋەنلىمەكتە. شۇنىڭ بىلەن ئاۋامنىڭ كۆزى ساقال-چاچقا قاراشقا، يوپكا-كوپتا ماراشقا كۆندۈرۈلمەكتە. ئۇيغۇرنىڭ تەپەككۇرى كىيىمنىڭ ئۇزۇن قىسقىلىقىغا قاراپ ئەخلاق باھالاشقا، شۇئارنىڭ ياڭراق - سۈسلىقىغا قاراپ ئاتامان سايلاشقا، ئاۋازىنىڭ مۇڭىغا، خىتابىنىڭ تورىغا قاراپ ئۇستاز تاللاشقا يەنە بىر قېتىم گىرىپتار قىلىنماقتا.

«ئالتۇن كەش»نى «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» تەكرارلانمايدىغان شەكىلدە قايتا ئويناپ چىقىش ئۈچۈن بىر گورۇھ كىشىلەر مەنپەئەتنى مونوپول قىلىش، ھوقۇقنى قوغداش، قارشىلىقلارنى بەربات قىلىش ئۈچۈن مۇھاپىزەت قىلىۋاتقان ھوقۇق مۇستەبىتلىكى، مۈلۈك مونوپوللىقى ۋە ئىددىيە مەركەزچىلىكى قارشىسىغا كىشىلىك پىكىر، قىممەت، ھوقۇق، ئىززەت، ھۆرلۈكنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان بىر ئىنسان مەركەزچىلىكى چاقىلىشى كېرەك. بۇ ئالدىنقى شەرت ئورۇنلانماي تۇرۇپ «ئالتۇن كەش»نى قايتا سەھنىلەشتۈرۈش خاھىشىنى، ئۇيغۇر تارىخىدا بىر قانچە رەت يۈز كۆرۈلگەن قايتا قۇرۇش ئىستىكى دەپ چۈشەنسەك بۇمۇ بەك مۇبارەكلىگۈدەك ئىش ئەمەس. چۈنكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى بىردەم يات ھۆكۈمرانلار قايتا قۇرۇشتا ئەسەبىيلەشسە، بىردەم ئۆز سەرخىللار چوۋۇپ توقۇشقا يەڭ تۇرۇپ كەلدى. مەدەنىيەتنىڭ ئىجاتچىسى بولغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئارزۇ تەلەپلىرى، ئېرىشىدىغان ۋە مەھرۇم قالىدىغان تەرەپلىرى بولسا ئېتىبارسىز قالدى.

«ئالتۇن كەش» ئەسلى بىر ئۆگەي ئانىنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىنى ئەزىزلەپ ئۆستۈرۈپ، ئۆگەي بالىلارنى خورلاپ چۆكتۈرگەنلىكىنىڭ ھېكايىسى. 1946 -يىلى ئاقسۇدا 17 سەپدىشى بىلەن شېھىت بولغان ئابدۇللا روزى «ئۆگەي ئانا»

درامىسىدا ئەينى چاغدا خىتاينى سوراۋاتقان گومىداڭنى يالماۋۇز ئۆگەي ئانىغا ئوخشىتىپ يازغان. لوتپۇللا مۇتەللىپ رىژىسورلۇق قىلىپ سەھنىلەشتۈرگەن بۇ ئەسەر كىشىلەرگە زۇلۇمنى، تەڭسىزلىكنى تونۇتقان. 90 -يىللاردا ئۆمەرجان ئالىمنىڭ «ئۆگەيلىمە» دېگەن ناخشىسىدىمۇ ئوخشاشلا بىر قەبىھ ئۆگەي ئانىغا نارازىلىق خاھىشى بار. «ئالتۇن كەش»تىمۇ زالىم ئۆگەي ئانا تۆگىمەي تەكرارلىنىۋاتقان زۇلۇمنىڭ مەنبەسى دەپ قارالغان. مەنچە ئۆگەي ئانا قولىدا ئەزىزلىنىۋاتقان ئۆزلەر ۋە خارلىنىۋاتقان ئۆگەيلەرنىڭ ھېكايىسى ئاياقلاشمايدۇ. چۈنكى ئاياقلىشىشقا تېگىشلىك ئالدىنقى شەرت تەپەككۇردۇر.

دىققەت قىلىدىغان بولساق،«ئۆگەي ئانا»، «ئۆگەيلىمە»، «ئالتۇن كەش» دېگەن ئەسەرلەردە ئۇيغۇر ۋە خىتاي بىللە ياشايدىغان بىر ئائىلە، بىر غاپىل ئاتا ۋە ئۇنى ئالداپ بالىلارغا زوراۋانلىق قىلىدىغان بىر زالىم ئانا تەپەككۇرى مەۋجۇت. ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر ۋە خىتايلار بىر ئائىلىگە تەۋە ئەمەس. ھېچ بىر مىللەت يەنە بىر مىللەت بىلەن بىر ئائىلە كىشىلىرى ئەمەس، بەلكى مۇستەقىل كىشىلەر توپىدۇر. ئۇيغۇرلارمۇ ھېچ بىر مىللەت بىلەن بىر ئائىلە كىشىلىرى ئەمەس. ئۇيغۇر بىلەن خىتاي بىر ئائىلىدىكى بالىلار ئەمەس، پەرقلىق ئائىلىلەردىكى مۇستەقىل كىشىلەر. پەقەت بۇ ئىككى ئائىلە قوشنا. ئۇيغۇر ھېچ بىر مىللەتنىڭ ئىنىسى، ئاكىسى ياكى بالىسى ئەمەس. ئۇيغۇرنىڭ بوۋىسىنىمۇ ۋە بۈگۈنكى كىيىنىمۇ ھەر قانداق مىللەت بىلەن قازىنى، قاشاسى ۋە ھويلىسى ئايرىم. ئۇيغۇرنىڭ باراۋەر مىللەتلىكىنى ئىنكار قىلىدىغان بۇنداق تەپەككۇر ئەندىزىسى ئالدامچىلىق بولۇپ، ھېچ قاچان ھەققى ئەمەلگە ئېشىپ باقمىغان، قوبۇل قىلىنمىغان، قوبۇل قىلىنمايدۇ.

خۇلاسە قىلغاندا بىرى تەپەككۇر ۋە تۇرمۇش ئۆزگەرمىگەن شارائىتتا «ئالتۇن كەش»تىكى ئۇيغۇرنى قايتا قۇرۇش ئىستىكى ئۇيغۇن ئەمەس. مەيلى خىتاي سەھنىگە چىقارسۇن ياكى ئۇيغۇر ئۆزى سەھنىنى ئالسۇن، ئۇيغۇرنىڭ مەدەنىيىتى ھېچ بىر كۆچىنىڭ قولىدىكى پوپايكا ئەمەس. يەنە بىرى «ئالتۇن كەش»تىكى مىللەتلەرنى بىر ئائىلە، ئاكا-ئۇكا دەيدىغان تەپەككۇر ئەندىزىسى ئۇيغۇن ئەمەس. ئۇيغۇر

خىتاي بىلەنلا ئەمەس، ھېچ بىر مىللەت بىلەن ئاكا-ئۇكا، ئاچا - سىڭىل ئەمەس. ئۇيغۇرنىڭ مۇستەقىل گەۋدە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئالدىنقى شەرتنى مەيلى خىتاي زىيالىلار ۋە ھۆكۈمىتى ياكى ئۇيغۇر سەرخىللار قوبۇل كۆرمەيدىكەن، «ئالتۇن كەش»تەك ئۆگەي ئانا زۇلمىنى پاش قىلغان دراممىلار قانچە قېتىم ئوينالسا، يازغان، سەھنىلىگەن، ئالقىشلىغانلار شۇنچە قېتىم جازالىنىشتىن قۇتۇلالمايدۇ. نەتىجىدە «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»مۇ ۋە بۈگۈنكىدەك ئۇنىڭدىن ئېغىر تراگېدىيەلەرمۇ قايتا سەھنىگە چىقىدۇ. ئۇيغۇردا بۈگۈن قايتىلىنىۋاتقان قىسمەت، تەكرارلىنىۋاتقان زۇلۇم كۆز ئالدىمىزدا «ئالتۇن كەش»تىن بەتتەر بىر تراگېدىيەنى زاھىر قىلىۋاتىدۇ.

# ئۇستاز ماڭغان ئۇيغۇرلۇق يولى

بۈگۈن ئۇيغۇرغا دەرت ئۈستىگە دەرت كەلدى. بۈگۈن ئانا تىلغا ئۇششۇك تەگدى. بۈگۈن بىرىنچى دېكابىرنىڭ مۇزلۇق كۈنىدە، ئۇيغۇرلۇق سىڭگەن قەلبلەرگە قار ياغدى. بۈگۈن تىلىمىزنىڭ پەرۋىشكارى، ئۇستازىمىز مىرسۇلتان ئوسمانوفتىن ئايرىپ قالدۇق. ئۇيغۇرنىڭ نىداسى بوغۇلغان، دىلى مۇجۇلغان، قاناتلىرى بوغۇچلانغان بۇ كۈنلەردە ئۇستازىمىز ھايات يۈرۈپ بەرسە، تۆرلەردە تۆرۈپ بەرسە، كوچىلاردا مېڭىپ بەرسە بولاتتى. ئۇستاز ئارىمىزدا بولسا سۇنۇق كۆڭۈللەر پۈتۈن بولاتتى، چۈشكۈن كۆزلەر ئۈستۈن بولاتتى، مىسكىن روھلار جۇشقۇن بولاتتى. ئۇستاز ئىززەتلەر ئېزىلىپ، غۇرۇرلار پايخان بولۇۋاتقان بۇ دەملەردە غەشلىكلەرگە غەمخان ئىدى. ئۇستازىمىز ئارمانلار قېرىپ، غايىلەر غېرىپ بولغان زېمىستاندا گۈلخان ئىدى زۇلمەتلىك بۇ زامان چۆلىدە ئېزىقماي تىك ياشاش، تىرىك ياشاش ئۈچۈن جېنىمىزغا جان، روھىمىزغا يۆلەك ئىدى. بۇ مىللەت ئۇستازدەك ئالىملىرى بىلەن ۋەزمىن، بۇ ۋەتەن ئۇستازدەك پىداكارلىرى بىلەن ئۇلۇغ، سۆيۈملۈك ۋە غەمگۈزار ئىدى.

ئۇستاز ئانا تىلغا باغۋەن، پەرۋىشكار ئىدى. مەرھۇم ئانا تىلىمىزنى مۇكەممەلەشتۈرگۈچى ۋە بۇ مۇكەممەلىكنى ئىسپات قىلغۇچى ئىدى. بىز تىلىمىزنىڭ قائىدىلىك تەلەپپۇزىنى، يېزىقىمىزدىكى ئۆلچەم-قېلىپلارنى مەرھۇمنىڭ ئىلمىدىن ئۆگەندۇق. ئۇ «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز لۇغىتى» ۋە «ئۇيغۇر تىلىدىكى تىنىش بەلگىلىرى» دېگەن كىتاپلىرى بىلەن ئانا تىلغا مىزان بېكىتتى. ئۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھېچ بىر تىلدىن قېلىشمايدىغان كۈچىنى «ئۇيغۇرچە-خىتايچە چوڭ لۇغەت» ئارقىلىق ئىسپاتلاپ، ئۇيغۇرچە ھەممىگە قابىل سۆزلەر ئارقىلىق ئۇيغۇرغا ناقايىل كۆزلەرنى تەسلىم قىلدى.

ئۇستاز ئۇيغۇرلۇق تارىخىغا مېھرىبان ئىدى. ئۇ ئۇرقۇن مەڭگۈ تاشلىرىغا ئويۇلغان، دىۋانلارغا پۈتۈلگەن مۇقاملارغا كۆمۈلگەن، يېزا-سەھرالارغا چېچىلىپ كەتكەن مومىلار ۋە بوۋىلارنىڭ يادىكارىنى بىزلەرگە ئۆگىتىپ تارىخىمىزنى تىرىلدۈردى. ئۇ لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئەجدادىنى چومۇل دەپ ئاتالغان قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىسىگە باغلىدى. خوتەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ سۆزىدىن ئاق ھون ئىزلىرىنى بايقىدى. ئۇ مەھمۇت قەشقەرى قالدۇرغان ھېكمەتلىك كىتاپنى ئەۋلاتلارغا قورال، نەۋايىدىن مىراس ئانا تىل سۆيگۈسىنى ھەقدارلارغا ئەڭگۈشتەر قىلدى. ئۇ قەدىمكى تىلىمىزنى قۇرۇتماي بۈگۈنگە ئۇلىغان، سىڭقۇسەلىنىڭ سۆزىنى ناۋايىغا چاتقان، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئاچقان يولنى گۇمنامدىن تاپقان ئىدى. ئۇستاز ئۇيغۇرلۇق تارىخىنى مەڭگۈ تاشلاردىكى سۆزلەر، «دىۋان»دىكى ھېكمەتلەر، «قۇتادغۇبىلىك»تىكى ماياكلار ۋە ناۋايى ياققان چىراقلار بىلەن يورۇتقان ئىدى.

ئۇستاز ئۇيغۇرلۇق غەزىنىسىگە پاسىبان ئىدى. رەھمەتلىك ئالىم ھاياتىدا ئۇيغۇرنىڭ تەۋەرۈك ماكانلىرىدىن شەھدانە خوتەن، ئەزىزانە قەشقەر، غالىبانە قومۇل ۋە غازىيانە ئاقسۇلارنى كەزگەن، لوپنۇردىكى قالپاقلىق چاللار، كۇچادىكى ئاق رومال مومايلار ۋە تۇرپاندىكى قىزىل بۆكلۈك ئاقساقاللار بىلەن مۇڭدىشىپ ئۇلارنىڭ تىلىدىكى غەزىنىلەرنى ئاچقان، ئۇنچىلەرنى توپلىغان ئىدى. ئۇنىڭ «ئۇيغۇر دىئالېكتلىرى»، «قومۇل شىۋىسى»، «خوتەن دىئالېكتى» ۋە «لوپنۇر دىئالېكتى» ھەققىدە يازغان خاس ئەسەرلىرى ئاۋام تىلىدا چېچىلىپ ياتقان شۇ قىممەتلىك ۋەسىيەت ۋە مىراس ھېكمەتلەرنىڭ بىزگە قالدۇرۇلغان خاتىرىسى ئىدى.

ئۇستازنىڭ تەتقىقاتى ئۇيغۇرلۇق روھىنى نامايان قىلغان ئىدى. مەرھۇم ئۇستازىمىز ئۇيغۇر سۆزىنىڭ مەدەنىيەت دېگەن مەنىسىنى ئەجداتلار ياراتقان مەدەنىيەتلەرنى قېزىش ئارقىلىق تەھقىقلىگەن. ئۇ بۇ يولدىكى ئىشتىياقى بىلەن ئۆزلەرنى، ئىجتىھاتى بىلەن ئۆزگىلەرنى ئىشەندۈرگەن ئىدى. ئۇ ئەل ئۈچۈن قىلىنىدىغان خىزمەتتە ئۇيغۇر سۆزىنىڭ يەنە بىر مەنىسىگە مۇناسىپ دوستلار بىلەن تاشتەك ئۇيۇشۇپ ۋە خىزمەتداشلارنى سۈتتەك ئۇيۇشتۇرغان ئىدى. ئۇستاز يېتەكچىلىك

قىلغان «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاكوستىكىلىق تەتقىقاتى»، «ئۇيغۇر دىئالېكىت ۋە شېۋىلەر لۇغىتى» قاتارلىق نەتىجىلەر ئۈملۈكىنىڭ، ئۇيۇشقان ئۇيغۇرلۇق روھىنىڭ نامايەندىسىگە ئايلانغان. ئۇ ئانا تىل گىرامماتىكىسىغا ئاتالغان تۇنجى كىتابنى نەسىرۇللا يولبولدى بىلەن، تىلشۇناسلىق لۇغىتىنى مەترېيىم سايىت بىلەن، نەۋايى تەتقىقاتىنى خەمىت تۆمۈر بىلەن، قۇتادغۇ بىلىك تەتقىقاتىنى ئامىنە غاپپار بىلەن ئىشلەپ، مەھمۇت قەشقەرى مەقبەرىسىنى ئىبراھىم مۇتىئىي بىلەن بىللە ئىسپاتلاپ چىققان.

مەرھۇم ئۇستاز ئىلىم تەلەپكارلىرىغا تەلەپچان، پاسىبان خۇشچىراي ئىدى. ئەينى يىللاردا رەھمەتلىككە ئەرگەشكەن ئۇيغۇر ۋە باشقا ئەل-مىللەتتىن بولغان ھەۋەسكارلار بۈگۈن مۇتەخەسسىسلەرگە ئايلاندى، شاگىرتلار مانا ھازىر ئۇستاز بولۇپ تونۇلدى. مەن رەھمەتلىك بىلەن 90 -يىللارنىڭ ئاخىرىدا ئۇرۇمچىدە مۇلاقەتتە بولغان ئىدىم. ئۇ مەندىن ئوپالدىكى ھەر بىر ئايماق، ئېدىر، قىر ۋە قىشلاقلارغىچە سوراپ، بىلمىگەنلىرىمنىڭ مەنىسىنى دەپ بەرگەن ئىدى. شۇ چاغدا مەھەللەمگە يېقىن يەردىكى قاراخانىلار خانى قىلىچ بۇغراخاننىڭ قەبرىسى، شۇ قەبرە جايلاشقان كەنتتىكى تۆردى چوڭ سالغان پەننى مەكتەپ، 30 - يىللاردا ئوپالغا سېلىنغان تىياتىرخانا ۋە مەھمۇد قەشقەرى مازارىنىڭ ئىسپاتلىنىش جەريانى قاتارلىقلار ھەققىدە ھەيران قالارلىق مەلۇماتلارنى ئېيتىپ بەرگەن ئىدى. ئەگەر شۇ سۆزلەر يېزىۋېلىنسا، ھەر بىر مەزمۇن بىر ئۈزۈن ماقالىگە مېغىز بولغان بولاتتى.

مەرھۇم ئۇستازىمىز دوستى تۇرغۇن ئالماسنى پەرزەنتلىرى ئارقىلىق ئۇ ۋاپات بولغىچە يوقلاپ تۇرغان ئىدى. دوستىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە «تارىخى رەشىدى»نىڭ نەشىر قىلىنىشىغا تۈرتكە بولغان ئىدى. ئۇستاز ئەينى يىللاردا خۇددى تۇرغۇن ئالماسنىڭ كىتابىغا رەددىيە يازمىغانغا ئوخشاش بۈگۈنكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىغا تېگىلغان ئىتىراپ، تۆھمەت ۋە ئىقرار قىلغۇزۇشلارغا ئاۋاز قوشمىغان ئىدى.

ئۇستاز ئىز سالغان ئۇيغۇرلۇق يولى يۈرەكتىن باشلانغان مەڭگۈلۈك يول،

ئىلىمگە، ئەلگە ۋە ئائىلەملەرگە جاۋاپ ئىزدىگەن ئىشتىياق يولىدۇر. ئۇ بۇ يولدا مېڭىپ كۆللەردە سۇسىز، باغلاردا ئاچ قالغان، تۈرمىلەردە ياتقان. ئۇ بۇ يولدا ھاكىمىيەت ۋە ھاكىملارغا ياراپ ئەپلىك ۋە نەپلىك ياشاشنى ئەمەس، ھەقنى ياقلاپ نەتىجىلىك ياشاشنى تاللىغان. شۇڭا ئالىم بۇ يولدا ئەمەلدىن تاج، پايدىدىن كەمەر باغلىغان ئەمەس. شۇڭا ئۇستاز كاتەكتەك بىر يۇرۇش ئۆيدە مىڭلىغان سارايلاردىن كاتتا ئارمانلار ئىچىدە، يوقۇلۇۋاتقان مىراسلارنىڭ غېمىدە ياشىغان ئىدى. ئۇستاز شۇنىڭغا شاھىت ئىدىكى، بۇ يولدا شەرەپكە لايىق ئەمەللەر ئاز، ئەمما شەرەپ تاماسىدىكى تىجىمەلەر كۆپ ئىدى، بۇ يولدا قان شورار يالماۋۇز، جان سورار قاتىللار بار ئىدى، يەنە ھېچ نېمە سورىماس، ھېچ نەرسە بىلمەس، ئەمما ھېچ ئىش قىلدۇرماس رودىپايلار تەييار ئىدى.

ئۇستاز باشلىغان بۇ يول ئۇيغۇرلۇق يولى، مەدەنىيەت- ئۇيغارلىق يولىدۇر. بۇ سەۋەپلەرگە كۆرە ئايىغى چىقىدىغان، ئىلىم بىلەن تۈزىلىپ، سەنئەت بىلەن بېزەلگەن، ئىجات ۋە يېڭىلىق بىلەن داۋاملىق يورۇيدىغان ئايدىڭلىق يولدۇر. ئۇستازدەك ھەقكە، ھەقىقەتكە ۋە ھەققانىيەتكە ئاشىق بولمىغان ھېچ بىر جاھالەتلىك قەلب بۇ يولغا زار ئەمەس، ئۇستاز بەلگە سالغان بۇ يولدىكى يولۇچى ئۇيغۇرمۇ جاھىل پىرلارغا ئىنتىزار ئەمەس.

## ئىلھام توختى تۆھمەتكە قالغاندىن كېيىن

«ئىلھام توختى كىم ئۇچۇن قەھرىمان» دېگەن يازمىنى يېزىپ بولۇپ، ئىچىمنى بىر نەرسە تاتىلىغاندەك بىئارام بولدۇم. قاماقتىكى خورلۇقلار ئاز كەلگەندەك ئۇستازنىڭ ئەركىن دۇنيادىكى قېرىنداشلىرىدىن ئىشتىۋاتقان ھاقارەتلىرى ھېس تۇيغۇلىرىمنى توختىماي قوچۇپ تۇردى. ھەقسىزلىك ئۇچۇن دەس تۇرۇپ توغرا قىلغىنىم بىلەن، ئۇسلۇبۇم قارا بايراق ئاشقۇنلار ياكى قىزىل بايراق كوممۇنىستلارنىڭ كالتەكچىلىكىدەك تۇيۇلۇپ كەتتى. يازغانلىرىمدىن دائىمقىدەك رازى بولمىغاننىڭ ئۈستىگە بىرسىگە ھەيۋە قىلغاندەك، بىرىنى زاڭلىق قىلغاندەك، بىرىگە كالتەك شىلتىپ ھۇجۇم قىلغاندەك تۇيغۇ مېنى تىنچ قويمىدى. مەيلى ئەسەرلىرىمدە، ياكى كۈندىلىك ھاياتىمدا بولسۇن بىرىگە سۆز كۆرسىتىش، مەسخىرە قىلىش ياكى كالتەك پۇلاڭلىتىش ماڭا ياراشمايدىغان قىلىق ئىدى.

يازامىغا چۈشكەن ئىنكاسلار ئىچىدە ئايەتلەرنى سۇيىئىستېمال قىلىپ ھەيۋە قىلغىنىم ۋە مەسخىرەۋازلىقىم دېيىلمىدى. بۇ نوقتا تەرەپسىز ئىلمىيلىكتە تىلغا ئېلىنمىدى. چۈنكى ئەخمەتجان ئوسمانىنىڭ ھاقارەتكە بولغان غەزەپ، تۆھمەتكە ئۇچرىغان ئىلھام توختىغا بولغان ھېسداشلىق مېنىڭ ۋە ئۇقۇرمەنلەرنىڭمۇ كۆزىنى پەردىلىگەن بولسا كېرەك. ئەمما مۇسۇلمانلىق داۋاسى قىلىپ قۇرئاندىن سۆز باشلىغان ئىكەنمىز «دىن سەممىيەتتۇر» دېگەن ھەدىس بويىچە راستچىل بولۇشىمىز كېرەك. كۆزىمىز رۇشەن بولغايكى ھەقنى كۆرگەي، ھەققە مايىل تىلىمىز ھەقىقەتلەرنى تەستىقلىغاي.

تۈنۈگۈندىن بېرى ئەقلىم بىلەن نەزەر سالسام يازامىدا مۇنداق ئىككى غەلەت بار ئىكەن. بىرى ئايەتتىن نەقىل ئېلىپ كالتەك پۇلاڭلىتىپ ھەيۋە قىلىش. بۇنداق قىلىش ئادەتتە مۇئەللىپلەرنىڭ زاكۇندىكى ئاجىزلىقىنى، دەلىللەشتىكى ھورۇنلىقىنى، مۇنازىرىدىكى كالتە پەملىكىنى يوشۇرغان بىلەن مەندەك بىر ئادەمنىڭ سەۋەنلىكىنى يوشۇرالمايدۇ. بۈگۈن ئاللاھتىن باشقا دەرت ئېيتقىدەك يېقىنى، يېلىنغۇدەك يۆلىكى، تىرىنىپ دەس تۇرغىدەك تېرىكى بولمىغان مىللەت ئۈچۈن ئايەتتىن سۆز باشلاش يېقىشلىق بولغان بىلەن، ئۇ ئايەتنى يازمىدىكى ئەھۋالغا تەدبىقلاش توغرا ئەمەس. دىننى كالتەك قىلىپ ھەيۋە قىلىش، نوپۇز قازىنىش، گەپ يورغىلىتىش مەن ئەڭ يامان كۆرىدىغان ئۇسلۇپ. بۇنداق ئايەتتىن بىرنى كەلتۈرۈپلا قارشى تەرەپنى ئېغىز ئاچالماس قىلىۋېتىش دەرھال ئۇنۇم بەرگەندەك، جامائەتكە ياققاندەك قىلغان بىلەن، توغرا - خاتانى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىدۇ، ئوقۇرمەنلەرنى خاتا يېتەكلەيدۇ. بۇ ئىش مېنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشۈم ۋە باشلاپ بېرىشىم بىلەن قوبۇل قىلىنىپ كەتسە بولمايدۇ.

«ئىلھام توختى كىم ئۈچۈن قەھرىمان؟» دېگەن يازمىدىكى ئىككىنچى غەلەت مەسخىرىۋازلىق. ئادەتتە رەددىيە مەزمۇنىدىكى يازمىلار ۋە ئىنكاسلاردا كۆپ كۆرىلىدىغان مەسخىرىۋازلىق جىسمانى نۇقسانىنى چىشلەپ تارتىش ۋە ئەرلەرنى ئاياللارغا ئوخشىتىشتا كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: يېپچى خوتۇنلاردەك كوتۇلداش، قىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بالىدەك نازلاش، تۇل خوتۇندەك ۋايساش قاتارلىقلار. بۇ گەپلەر گەرچە پاراڭ-سۆھبەتلەردە تولا دېيىلىپ نورمالدەك تۇيۇلغان بىلەن، ئاياللارنى كەمسىتىشتىن ئىبارەت بىر بىنورمال رېئاللىقنى، ئەخلاقسىزلىقنى ئەكس ئەتكۈزىدۇ. مەنمۇ يازمامدا ئەخمەتجان ئوسماننى «قاش ئېتىپ، ناز كەرەشمە قىلىپ» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئاياللاشتۇرۇپ مەسخىرە قىلىپتىمەن. ئۇنىڭدىن باشقا «گۇل گۇلى بىلەن خىل خىلى بىلەن» دېگەن ماقالنى ئىشلىتىپ جىسمانى نۇقسانىنى ئەخمەتجانسىمانلارنىڭ تېپىشقان ھالىتىگە ئوخشىتىپتىمەن. ئاللاھ سۈرە ھوجۇراتتا ئېنىق قىلىپ بىزنى مەسخىرە قىلىشتىن توسقان. شۇڭا بۇ قىلغانلىرىم سۈپىتىمگە ۋە پەزىلىتىمگە ياراشمايتۇ. شۇڭا ئەخمەتجان ئوسمان تارىخىمىزدىكى بۈيۈكلەرنى چىشلەپ تارتىپ بولۇپ، قاماقتىكى قەھرىمان ئىلھام توختىغا ھاقارەت قىلغان، تىل تەككۈزگەندە كەچۈرۈم سورىمىغان بىلەن، مەن ئۇنى مەسخىرە قىلغىنىم ۋە ئايەتنى سۈيئىستىمال قىلىپ ئۇنىڭغا ھەيۋە قىلغىنىم ئۈچۈن ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورايمەن.

خىتاي زىندانىدىكى ئىلھام توختىنىڭ ھاقارەتكە ئۇچرىشى مۇنازىرە قىلىنىدىغان مەسىلە ئەمەس، بەلكى ئەيىبلىنىدىغان مەسىلە. ئۇستازنىڭ قىزى ئامېرىكىدا مۇساپىر، ئەخمەتجان ئوسمان ئەگەر بىر دادا بولغان ياكى دادا مېھرىدە پۇچلىنىپ باققان بىرى بولسا چىرايلىق تېلېفون قىلىپ، ئىسسىق بىر چىنە ئۈگرە بىلەن شۇ دادىسىز قىزنىڭ كۆڭلىنى ياسىغىنى ئەۋزەل ئىدى. ھەر قايسى تەشكىلاتلار، جەمئىيەتلەر ۋە سىياسىي ئاكتىپلار ئەگەر ئارىستوتىل ئېيتقاندەك ھەر بىرىمىز سىياسىي ھايۋانغا، سىياسىي تەشەببۇسلارنىڭ كارىنىيغا ئايلىنىپ قالمىغان بولساق، بارلىق تەلىماتلىرىمىزنى قايرىپ قويۇپ، مىللەتنىڭ بېشىدا كۆيۈۋاتقان ئوتنى ئۆچۈرۈشكە تىرىشقىنىمىز ئەۋزەل. ۋەتەن زىندانغا ئايلانغان بۇ كۈندە تۆھپە سېلىشتۇرۇش، تۆر تالىشىش، بىر بىرىگە بەس سېلىش ۋە بىلەرمەنلىك قىلىش قانداق نەپرەتلىك بولسا، زىندانىدىكەرنى چىشلەپ تارتىش، ھاقارەت قىلىشمۇ ئوخشاشلا ئەخلاق سوتىدا ھۆكۈم قىلىشقا تېگىشلىك بەتخۇيلۇق ئەلۋەتتە.

## ئىلھام توختى كىم ئۈچۈن قەھرىمان؟

مەن ئىلھام توختىنىڭ ئوقۇغۇچىسى. ئۇستازىمىزنىڭ ئۆزى تۈرمىدە قىينالسا، ئايالى ئازغىنە مۇئاش، جاپالىق خىزمەت، روھى بېسىم ۋە ئىككى تىرىك يېتىمنىڭ «دادام قېنى؟» دېگەن ياشلىق كۆزلىرىگە يۈزلىنىپ، ياپراقتەك تىترەۋاتقان بۇ كۈنلەردە ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمەي ئۆز تۈرمۈشۈم بىلەن بەنت بولغۇچى ۋاپاسىزمەن. بىر كىشىلىك تۈرمۈشنى دەپ ئۇستاز ئۈچۈن ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمىگەن مەنلا ئەمەس دەپ تەسەللى بېرىمەن بەزىدە. ئەمما شۇ ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمىگەنلەر ئارىسىدىكى جامائەت ئەربابى ئاتالغان ئەخمەتجان ئوسماننىڭ، خىتاينىڭ قىيناقلىرىدا پۈت قولى باغلانغان شۇ ناتىۋان ئۇستازىمغا ھاقارەت، ھۇجۇم قىلىشى ئىنسانغا نەپرەتنى راۋا كۆرمەيدىغان تىلىمنى سۆزگە قىستىدى.

ماۋ قاتىلنىڭ ئۆزۈندىلىگە ئوخشاش چاپلىنىپ تۈرۈۋاتقان ئەخمەتجان ئوسماننىڭ يالغان ياۋىداقلىرى قاتارىدا «ئىلھام توختى ۋەتەن خائىنى» دېگەن قۇرلارنى ئوقۇغاندا چىشلىرىم كىرىشىپ كەتتى. ئېسىمگە «شائىرلارغا گۇمراھلارلا ئەگىشىدۇ» دېگەن ئايەت كېلىپ، شۇ ئايەتنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغا ئەخمەتجان ئوسماننىڭ گەۋدىسى كۆرۈنگەندەك بولدى. گۇمراھ دېگەن نېمە؟ گۇم دېگەن يوقلۇققا تەمسىل، راھ دېمەك يول دېمەكتۇر. يوللارنى گۇمران قىلغۇچى، گۇمانسىراپ ئازغۇچى، سەپەردە سەلەپكە ئەگىشىپ ھەقتىن يانغۇچى گۇمراھتۇر. گۇمراھلارنىڭ يوللىرى گۇمران، قەلبىدە گۇمان، ئەگىشىدىغىنى تەكلىماكاندا ھېلى سۇدەك، ھېلى ئۆستەڭدەك كۆرۈندىغان ئالۋۇن كەبى نەپسى، سەلەپتەك خاھىشى، خالاس. ئاللاھ ھېچ بىر ئۇيغۇرنى بۇنداق گۇمراھلاردىن قىلمىسۇن، ھۆرلۈكتىن، ھىدايەتتىن تاندۇرمىسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىلھام توختىنى خىتاي خائىن، ئۇيغۇر قەھرىمان دەپ بىلدى. ئۇيغۇر قەھرىمانىنى قەلبىدىن سۆيدى، قاباھەتتە ياشاپ تۇرۇپمۇ، رەسىمىنى تېلېفونلىرىدا ساقلاپ تۇرمىلەرنى تولدۇرۇشقا رازى بولدىكى، خائىن دېمىدى. خىتاي شۇ چارەسىز ئۇيغۇرنى سوراقتا قىيناپمۇ، سوتتا جازالاپمۇ ئۇنى خائىن دېگۈزەلمىگەن ئىدى. بۈگۈن دۈشمەن شۇنچە ئېنىق تۇرسىمۇ، ئىلھام توختىنى دۈشمەن تۇتۇپ ئۇيغۇرنى ناخۇش، خىتايىنى خوش قىلىپ، ئىلھام توختىنى «ۋەتەن خائىنى» دېگىنى ئىختىيارى پىرىزدېنت ئەخمەتجان ئوسمان بولدى.

ئۇيغۇر ئۈچۈن جېنىنى تىككەن ئىلھام توختىنى ۋەتەندىكى ئۇيغۇر ئەدىپلەر، كادىرلار، دېھقانلار سىياسىي تەقىپلەردە سائەتلەپ ئۆگىنىش قىلىپمۇ خائىن دېمىگەن ئىدى. ۋەتەندىكىلەر ھاياتى قىلىنىڭ ئۇستىدە تۇرۇپ دېمىگەن گەپنى ئەخمەتجان كانادادىكى ئىسسىق ئۆيدە ئولتۇرۇپ خىتاي ئۈچۈن دەپ بەردى. ئەخمەتجان بۇنى دېيىش ئارقىلىق ئۇيغۇرنىڭ زۇلۇمدىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن بىر تىيىن پۇل، بىر سائەت ۋاقىت، بىر تېمە تەر ئاققۇزۇپ باقمىغان مۇھاجىرەتتىكى يالغانچىلارنىڭ، سىياسىي پاناھلىقىغا د. ـمايە بولغان، زۇلۇمغا كۆكرەك كەرگەن، تەشۋىقاتلارغا خۇرۇچ بولغان، قەبرىسىز شېھىت ۋە تۇرمىدىكى غازىلارنىڭ غۇرۇرىنى بىر تىيىنغا ئالمايدىغان كىشىلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئۇ خىتاي شەرقى تۈركىستاندا ھېچ بىر كىشىگە دېگۈزەلمىگەن گەپنى، يىراقتىن قاش ئېتىپ، خۇلۇق چىقىرىپ تۇرۇپ، نازۇ كەرەشمىلەر بىلەن بەردى.

ئىلھام توختى قەھرىمان، ئۇيغۇرنىڭ ۋىجدانى، ئەمما ئەخمەتجان ئوسماننىڭ ئەمەس. ئۇستاز زۇلۇمغا قارشى جاسارىتى، ھەق سۆزلىگەن ۋىجدانى بىلەن ۋىجدانسىزلارغا خائىنلىق قىلغۇچى. بىز ئۇستازنى ئۇيغۇرنىڭ قەھرىمانى دەپ بىلەتتۇق، ئەمدى ئەخمەتجان ۋە ئەخمەتجانسىمانلارنىڭ خائىنى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدۇق. بۈرۈن غولام ئوسمان زۇلپىقار ئۇستازنى خىتاي جاسۇسىغا چىقارغاندا غەزەپلەنگەن، ئەخمەتجان ئوسمان خائىنغا چىقارغاندا ئۇيغۇردىكى «خىل خىلى بىلەن، گۈل گۈلى بىلەن» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەندەك بولدۇق.

بۇ يەردىكى «گۇل» سۆزى ئاقسۇ شۇيسىدە تاز دىگەن مەنىدە بولۇپ، تازلار يىراقتىنلا بىر بىرىنى بىلىشۇالارمىش. ئۇيغۇردىكى بۇ ھېكمەتلەرنى ئەمدى چۈشەندۇق. كىرىشكەن چىشلار بوشىدى.

ئۇستاز ساغلام ئەركەك، ۋاپادار ئەر، مېھرىبان دادا، مەسئۇلىيەتچان زىيالى ئىدى. مىللەت زۇلۇمغا ئۇچرىغاندا ھەق سۆزلەپ مۇجاھىت بولدى. ئاللاھ ئۇنى خىتاي زىندانىدا يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنى قوغدىغاندەك قوغدىغاي، يۇنۇس ئەلەيھىسسالامدەك ئامان قىلغاي، پەيغەمبىرىمىزدەك بەرداشلىق قەيسەر قىلغاي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## بىر نەپرەت قوللانمىسى

بۇندىن ئۈچ يىللار بۇرۇن بىر قىسىم قىران يىگىتلەر مەكتىپىمىزگە تىزىملاتقان ئىدى. كۆپىنچىسى تۈركچە ئۆگىنىمىز دەپ يۇرگەن بىلەن تۈركىيەنى دىموكراتىيەگە پاتقان دەپ ياخشى كۆرمەيتتى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى مەكتەپنى توگىلاتقاندەك قىلغان. ئوقۇماي نېمە قىلىۋاتقانلىقلىرىنى سورىغىنىمدا «ئىككى دۇنيادا بەختلىك قىلىدىغان ھەقىقىي ئىلىم ئۆگىنىۋاتىمىز» دەپ چۈشەندۈرۈشكەن ئىدى. ماڭا بۇلار يا ئىش ئىزدىمەي، يا ئىقتىدار ھازىرلىماي ئۆگىنىۋاتقان «ھەقىقىي ئىلىم»نىڭ نېمىلىكى ئايدىڭ، ئەمما قايان باشلايدىغانلىقى قاراڭغۇ ئىدى. ئارىدا ئىككىيلەن يوقاپ كەتتى. ساقچى تونۇشلىرىمدىن سوراپ ئاتا-ئانىسىغا ۋە دوستلىرىغا نەدىلىكىنى تېپىشىپ بەردىم. باشقىلىرىغا نېمە بولدى بىلمىدىم، تۈركچە دەرسكە كېلىدىغانلىرى تۇيۇقسىز ئازلاپ كەتتى. سەل ئىلگىرى باشلىغان قىزلار بىلەن يەتتە - سەككىز ئوغۇلنى بىرلەشتۈرمىسەم ئىككى سىنىپقا يېتىشەلمىدىم . ئەمما ھەر قانچە چۈشەندۈرۈپمۇ بۇ ئىككى سىنىپنى قوشالمىدىم. ئوغۇللارنىڭچە قىزلارنىڭ ئاۋازى ئەۋرەت بولۇپ بىللە ئوقۇسا پىتنە بولغىدەك. بۇ گەپنى ئاڭلاپلا چۈشەندۈرۈشلىرىمنى توختاتتىم. دەرسمۇ يوق بولدى. كېيىنچە تۈركىيەدىكى بىر ئوقۇغۇچۇمنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ «ھەقىقىي ئىلىم» ئۆگەنگەن ساۋاقداشلىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ مەھبۇسلۇققا مەھكۇم بوپتۇ.

ئېسىمدە قېلىشىچە، بىر كۈنى دەرستە ئامېرىكىدا ئويلىغانلىرىم ۋە يازمىلىرىم ھەققىدە گەپ ئېچىلىپ قالغان ئىدى. كۇرسانتلىرىمدىن يازمىلارنى ئوقۇغان - ئوقۇمىغانلىقىنى سورىغىنىمدا بىرەيلەن ناھايىتى كەسكىن قىلىپ: «مۇئەللىم، بىز ئامېرىكا ھەققىدە شەھىتلەر ئارسلانى ئۇستاز سەئىد قۇتۇپنىڭ يازغانلىرىنى ئوقۇيمىز، ھەق يولىدا بولمىغان، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئەمەس، جاھىلىيەت مەكتەپلىرىدە ئوقۇغانلىرىغا ئەرگەشىدىغان ماددىپەرەسلەرنىڭ يازغانلىرىنى ئوقۇساق توغرا

يولدىن ئازدۇرىدۇ» دەپ قالدى. مەن سەئىد قۇتۇپنىڭ جىھاتنى تەرغىپ قىلغان قوللانمىلىرىنى بىلەتتىم، ئامېرىكا ھەققىدە يازغانلىقىدىنمۇ خەۋىرىم بار ئىدى، ئەمما نېمە يازغانلىقىدىن بىخەۋەر بولغاچقا ئارتۇق گەپ قىلمىدىم. پەقەت 1950 -يىللاردا يېزىلغان ئەھۋال بىلەن بۈگۈنكى ئەمەلىيەتنىڭ پەرقلىق بولۇش ئېھتىمالىنى، مېنىڭ ئامېرىكىدا يازغىنىم ئامېرىكىنى يازغىنىمغا تەڭ ئەمەسلىكىنى، ئىنسان قانچە يات مۇھىتتىن كۆزەتسە، ئۆزىنى شۇنچە ياخشى چۈشىنىدىغانلىقىنى ئىزاھلاپ قويدۇم. شۇندىن كېيىن مېكەمدە «سەئىد قۇتۇپ كىم؟ نېمىشقا ئۆلۈغلىنىدۇ؟ ئۇ ئامېرىكا ھەققىدە نېمىلەرنى يازغان بولغىيدى؟ ئۇنىڭدىكى ئۇيغۇر ستۇدېنتلارنى شۇ قەدەر ئىشەندۇرگەن، مايىل ۋە قايىل قىلغان جەزبدارلىق نەدىن كەلگەن؟» دېگەن سوراقلار ساقلىنىپ قالدى.

قاماقتىكى كۈنلەردە سىياسى مەھبۇس بولۇپ قامالغان مەسۇملارنىڭ ئاغزىدىن «جىھات، شەرىئەت، ھىجرەت، خىلاپەت» دېگەن سۆزلەر چۈشمەيتتى. زېھىن قويۇپ باقسام، نەپرىتى پارتلاپ، ياشلىقى چاقناپ، قانلىرى قايناپ تۇرىدىغان بۇ يىگىتلەرنىڭ قوللانمىسى مەھەممەت تاھىر، مەۋدۇدى، سەئىد قۇتۇپلارنىڭ دىنىي تەلىماتى ئىكەن. ئۇلارنىڭ كۆرگەن كۈلپەتلىرىگە مۇڭلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئاشقۇن ئىسلامچىلىقنى دىن دەپ ئۆگەنگەن ۋە ئەرگەشكەن ستۇدېنتلارنىڭ ئاقىۋېتى، تۈركچە ئۆگەنگەن باللارنىڭ پاجىئەسىنى ئەسلەپ ئېزىلدىم.

ئويلاپ باقسام 90 -يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ ھازىرغىچە سەئىد قۇتۇپلارنىڭ ئىددىيەسىنى تەرىپلەپ، ئۇلارنىڭ تەشەببۇسلىرىنى تارقىتىپ ۋە كىيىنىشلىرىدە ئىپادىلەپ يۈرىدىغان توپ - توپ باللارنىڭ ئايىقى ئۈزۈلمەپتۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئالىي مەكتەپتىكى ئوقۇشلىرىنى تاشلاپ تاشقى دۇنيادا غايىپ بولۇپتۇ، بەزىلىرى ئاتا-ئانىلىرىنى قاقشىتىپ تۈرمىشتا ۋەيران بولۇشۇپتۇ، يەنە بەزىلىرى ماددىپەرەسلەرنىڭ مەكتىپىدە قىزلار بىلەن ئوقۇشنى ھارام سانىپ ۋاز كېچىپتۇ. ئېچىنارلىقى، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلار تۈتقۇنلۇقتا مەھكۇم ئىكەن. بۇلارغا گۇۋاھچى ئىدىم، ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۈمىدى، يۇرتنىڭ كۆزى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇرنىڭ كېلەچىكى بولغان باللارنىڭ كۆز ئالدىمىدىلا خاراپ بولۇشىغا چارەسىز قالغان ئىدىم. زادى قانداق تەشنالىق مەكتەپ، مەھەللە ۋە جەمئىيەتنىكى يۈرەك پارەمىزنى سەئىد قۇتۇپنىڭ مىسىر زىندانلىرىدا يۇرگۈزگەن نەپرەتلىك تەھلىل، پىكىر ۋە خىياللىرىغا ئەگەشتۇرۇپ كەتتى؟

ئوقۇغۇچىلىرىم ئەرگەشكەن «مەن كۆرگەن ئامېرىكا» دېگەن ئەسەرنىڭ ئىنگلىزچىسىنى ئوقۇپ چىقتىم. بۇ ئەسەر ئۇيغۇرچىغا تېخى تەرجىمە قىلىنمىغان ئىكەن. نېمىشقا ئىسمىنىلا ئاڭلىغان قۇتۇپنىڭ ئامېرىكا توغرىلىق بىر ئەسىرى ئوقۇغۇچىلىرىمنى قايىل قىلىپ، مەن يازغان ئامېرىكا ياقتۇرۇلمايدۇ؟ ئوقۇغۇچىلىرىمنىڭ ئامېرىكا تەسەۋۋۇرى ئەمەلىيەتتە بۇ ئەسەر سەۋەپلىك ئەمەس، بەلكى سەئىد قۇتۇپنىڭ باشقا ئەسەرلىرىدىكى ئاشقۇن ئىسلامچىلىق، يەھۇدى-خىرىستىيان دۈشمەنلىكى، ئەھلى سەلەپ ۋەھىمىسى ۋە غەرپكە بولغان نەپرەت ۋەجىدىن شەكىللەنگەن بولسا كېرەك. دېمىسىمۇ، سەئىد قۇتۇپنىڭ ئۇيغۇرچىغا 90 - يىللاردىن بېرى ئۆرۈلۈشكە باشلىغان ئەسەرلىرى بىر بۆزۈلغان دۇنيا، يېرىڭلىغان ۋەزىيەت، تۇمانلىق كېلەچەككە ئىسلام نوقتىسىدىن تەبىر بەرگەن بولۇپ، ھەممىنى بەربات قىلىپ غايىۋي جەمئىيەت قۇرۇش قوللانمىسى ئىدى.

سەئىد قۇتۇپنىڭ ئامېرىكا ھەققىدىكى ئەسىرى بىر قارىسا ئامېرىكىدىكى بىر «ۋەيران» بولۇۋاتقان جەمئىيەتنى، «خاراپلىق» سەپىرىدىكى «ئازغۇن» كىشىلەرنى تەسۋىرلىگەندەك تۇيۇلىدىكەن. يەنە بىر قارىسا پىلانى مىسىردا تۈزۈلۈپ ئامېرىكىدا تېكىست تاللانغان بىر نەپرەت دەرسلىكىدەك تۇيغۇ بېرىدىكەن. ئاپتور كىتابىدا ئامېرىكىلىقلارنىڭ تەنتەربىيە، سەنئەت، ئۆرپ-ئادەت ۋە ياشاش شەكلىگە سوغۇق، نەپرەتلىك نەزەردە تەھلىل يۇرگۈزگەن بولۇپ، ھەممىدە بىر سەلبىيلىكنىڭ ئىپادىسىنى بايقىغان. ئۇ ئامېرىكىلىقلارنىڭ نەسەبى ئۈستىدە توختىلىپ، ئۇلارنى پۇتۇنلەي ئەنگلىيە ئىمپىرىيەسى شىتاتلارغا يەرلەشتۇرۇلگەن لۈكچەك، قاراقچى، تەۋەككۈلچىلەرنىڭ ئەۋلادى دەپ قارىغان. ھەمدە بۇنى ئۇلاردىكى دۇنياپەرەسلىك ۋە ئۆزۈشخۇمارلىقنىڭ مەنبەسى قىلىپ كۆرسەتكەن. ئۇ ئامېرىكا جەمئىيىتىدىن

ئەندىشىلىنىپ «ماددى تەرەققىيات ۋە ئىلگىرلەشلەردىن سىرت كۈنسېرى پاتقاقتا پېتىۋاتقان، كىشىلىرى يۈرەك كېسىلى، روھى بېسىم، سارائىلىق، هاراق-تاماكىغا بېرىلىش ۋە تۈرلۈك جىنايەتلەرگە ئوخشاش ئىجتىمائىي ئىللەتلەرگە دۇچ كەلمەكتە»، دەپ بايان قىلغان.

سەئىد قۇتۇپ ياشىغان گرىلى ئىسىملىك بازار كولورادۇ شتاتىدىكى كوچىلىرى چىركاۋلار بىلەن تولغان، مەيخانا تېپىلمايدىغان، كىشىلىرى دىندارلىقى بىلەن مەشھۇر ئىكەن. ئۇنىڭ مۇشۇنداق بىر ئەنئەنىۋىي دىنى تۇرمۇشقا ياتقىن بىر يەردە ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئەخلاقسىز، ئىشرەتپەرەس، قوپال، ئىپتىدائىي، دۇنياپەرەس، زوراۋان، رەھىمسىز مىجەزىدىن شىكايەت قىلغانلىقى تەتقىقاتچىلارنى ھەيران قىلىدىكەن. مەزكۇر ئەسەردە كىشىلەرنىڭ ئىشىك ئالدىدىكى چىملىقىدىن تارتىپ چىركاۋدىكى مۇزىكىسى ۋە ئۇسۇلىغىچە تەنقىت ئوبيېكتى قىلىنغان بولۇپ، ھەتتا مەھەللىدىكى سەتىراچىنىڭ چاچ ياساشلىرىمۇ مۇئەللىپىنىڭ نەپرىتىگە خۇرۇچ بولماي قالمىغان.

سەئىد قۇتۇپ ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئىپتىدائىيلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق يازىدۇ: «ئامېرىكىلىقلارنىڭ سەنئەتتىن زوق ئېلىشىمۇ ئىپتىدائىيدۇر. بۇ سەنئەت پائالىيەتلىرى ۋە ئەسەرلىرىدە رۇشەن ئىپادىلىنىدۇ.ئامېرىكىلىقلار تەنتەربىيە ماھىرلىرىنى ماختاش ۋە ئۇلۇغلاشتىمۇ ئىپتىدائىيلىقىنىڭ ئەڭ يۇقۇرى پەللىسىدەدۇر. تەنھەرىكەتچىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ۋەھشى، قەبىھ، رەھىمسىز ۋە ھايۋانىي بولمىغىچە ئالقىشقا سازاۋەر بولالمايدۇ. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە ئەخلاقلىق تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ قىممىتى يوق. ئامېرىكىلىقلارنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىنىڭ رەڭگى ۋە يېمەك-ئىچمەكلىرىنىڭ تەمىدىمۇ ئىپتىدائىيلىقىنىڭ ئالامەتلىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. قىسقىسى ئامېرىكىلىقلار زوق ۋە تەم كېرەكلىك بولغان ھەر ئىشتا ھەقىقىي بەھرىدىن مەھرۇمدۇر. ئامېرىكىلىقلار جىنسىي تۇرمۇشتا ئىپتىدائىيلىقىنىڭ ئەڭ تۆۋەن سەۋىيەسىدە ئىدى...». مەلۇمكى، ئامېرىكا جەمئىيىتى سەئىد قۇتۇپ نەزەرىدە مۇسۇلمانلار «ئازات قىلىش»لىرى زۆرۈر بولغان، يوقىتىلىدىغان جاھىلىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەسۋىرىگە ئوخشايدۇ.

مىنىگچە سەئىد قۇتۇپ «مەن كۆرگەن ئامېرىكا» دېگەن بۇ ئەسىرى ئارقىلىق ئەينى چاغدىكى مىسىرلىقلارنى «زاۋاللىققا يۈز تۇتقان چىرىك دۇنيا»، «بۇزۇلغان زۇلمەتلىك جەمئىيەت» ۋە خاراپلىققا تۇتاشقان «ئازغۇن يول»دىن ئاگاھلاندۇرغان. قۇتۇپنىڭ ئامېرىكىدىن قايتىپ كېلىپلا پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا خەلىپىلىكنى قايتا تىكلەشنى پروگرامما قىلغان مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىغا قاتناشقانلىقى، ئۇنىڭ «ئىنسانىيەتنى ئازات قىلىپ، ئادەملەرنى ئادەملەرگە بويسۇنۇشتىن بىر ئاللاھقا بويسۇندىغان يۈكسەك پەللىگە يېتەكلەشكە» ئاتلانغانلىقىنىڭ ئىسپاتى. ئۇنىڭ «يەر شارىنى قاپلىۋالغان جاھالەتنى سۈپۈرۈپ تاشلاش» چاقىرىقى «يول بۇ يەردە» دېگەن كىتابىدا ئىپادىلەنگەن (78، 106 ـ بەتلەر).

دەرسىمنى ئاڭلىغان ياشلارنىڭ مەن تەسۋىرلىگەن ئامېرىكىغا ئەمەس، سەئىد قۇتۇپنىڭ ئۇيغۇرچىسى چىقمىغان ئامېرىكا خاتىرىلىرىگە ئىشىنىشى، مەن تەرغىپ قىلغان ئۆزىنى قۇتقۇزۇش چاقىرىقىغا ئەمەس، چەتتىن ئاڭلانغان ئۈممەتنى قۇتقۇزۇش تەشەببۇسىغا ئەگىشىشى، ۋەتەندە بىر كەسىپنىڭ پېشىنى تۇتۇشنى ئەمەس، چەتئەلدە بىر جامائەتنىڭ ئىتائىتىدە بولۇشنى تاللىشى ئېچىمنى ئاتتىلايتتى. دەرسىمدىكى تۈگىگەن ئوقۇغۇچىلار ئۇيغۇر بالىلىرىمىزدەك دىنىنى دەپ دەرسنى تاشلىمايتتى، قارا كىيىنمەن، نامەھرەم بىلەن ئوقۇمايمەن دەپ ئىستىقبالدىن ۋاز كەچمەيتتى، قېرىنداشلىرىنى تاشلاپ ھىجرەت قىلمايتتى. سەئىد قۇتۇپنىڭ «يول بۇ يەردە» دېگەن كىتابى خەنسۇچە ئوچۇق تاراپ تۈگىگانلارنى قوزغىتالمىدى، ئەمما مەخپىي ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى رېئاللىقنى چۈشەندۈردىغان بىر نەپرەت قوللانمىسىغا ئايلىنىپ، ئۇيغۇرنى نەدە ئۇرۇش بولسا شۇ يەرگە يولغا سالاتتى، ئۆلۈمگە ئۈندەيتتى، مېھىر-مۇھەببەتسىز، ئاتا-ئانا-قېرىنداشسىز، ۋەتەن- مىللەتسىز خەلقئارالىق سەرگەردانغا ئايلاندۇراتتى.

ئۆزۈم ئوقۇرمەنلىك ۋە ئوقۇغۇچىلىققا ئامراق بولغانلىقىم ئۈچۈنمۇ ھاياتنى دۇنيا، ئاخىرەت، تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە مەنىۋىيەت ئوقۇتىلىدىغان بىر دەرسخانىغا ئوخشاتقۇم كېلىدۇ. ئاللاھنىڭ تۇنجى ئايىتى «ئوقۇ!» دەپ چۈشكىنىگە قارىغاندا

ھەممىمىز ئوقۇغۇچى ئىكەنمىز. ئاللاھ بىزگە ھايات دەرسخانىسىدا ئوقۇشنى بۇيرىغان. ئەمما نېمە ئوقۇشنى، كىمدە، قايسى دەرسلىكتىن ئوقۇشنى بېكىتىپ بەرمىگەن. مىللەتنىڭ مەغلۇبىيەتلىك تارىخىنى باشلاپ بەرگۈچىلەر قۇرئاننى ھايات دەرسخانىسىدا دەرسلىك ئەمەس، قاتىللىق مەيدانىدا بايراق قىلىشقان. شۇڭا ئۇيغۇرنىڭ ئۈچ يۈز يىلدىن ئارتۇق مەزھەپ قىرغىنچىلىقىدا قالغان قانلىق كەچمىشى بار. ساراي ئالىملىرى ھايات دەرسخانىسىدىكى دەرسلىكنى پەقەت قۇرئان دەپلا ئۆگەتكەن. ئۇلار مۇنبەرلەردە قۇرئاننىڭ ئوقۇغۇچىسى، چۈشىنىپ ئۆزلەشتۈرگۈچىسى، ئەمەل قىلىپ سىناققا ھازىرلانغۇچىسى بولۇشنى ياقلىماي؛ يادلىغۇچىسى، مۇئەللىغۇچىسى ۋە ئۇلۇغلىغۇچىسىغا ئايلىنىشنى تەرغىپ قىلىشقان. نەتىجىدە كىشىلىرىمىز قولىدىكى ئىلاھىي دەرسلىكنى يادلاپ ئەزبىرلەشكە ئادەتلىنىپ ئوقۇپ چۈشىنىشكە كۆنمىگەن، شۇنىڭ بىلەن تەبىئەت، جەمئىيەت، مەنىۋىيەت ۋە كائىنات ھەققىدىكى ئىلمىي دەرسلىكلەرگىمۇ ھەۋەسلەنمەس بولۇپ قالغان. بۇنداق ئىلىمسىزلىكلەر نەتىجىسىدە قۇرئاندىن ئىبارەت دەرسلىك بىلەن قۇرئاننى شەرھىلەيدىغان قوللانمىلارنى پەرقلەندۈرىدىغان ئەقىل، پىكىر ۋە رۇشەن كۆزلەر كۆپىيەلمىگەن بولۇشى مۇمكىن.

ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان بىر قىسىم دىنىي قوللانمىلارغا نەزەر سالغىنىمىزدا، قۇرئاننى ھايات كىتابى دېيىشتىن بەكرەك ئۆلۈم خىتابى دېيىشكە مايىل مەزمۇنلارنى كۆرىمىز. ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىۋاتقان بەزى كىتاپ، رىسالە ۋە قوللانمىلاردا ئىسلام سىياسىيلاشتۇرۇلۇپ، ئىدىئولوگىيەلەشتۇرۇلۇپ، سۇيىئىستىمال قىلىنىپ شەرھىلەنگەن بولۇپ، قۇرئاننىڭ دەرسلىك قىلىنىشتىن دەستەك قىلىنىشقا قاراپ يۈزلەنگەنلىكى ئېنىق. بۇنداق قوللانمىلارنىڭ ئاپتورلىرى قۇرئاننى دەستەك قىلىپ، كىشىلەرنى دۇنياغا ئاللاھنىڭ سۆزى، يەنى قۇرئان بىلەن تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئورنىغا زوراۋانلىق-يەنى قورال بىلەن ھۇجۇم قىلىشقا كۈشكۈرتمەكتە. بۇ ئاقىۋەتتە دىيارىمىزدا ئىسلامنىڭ بىر سائادەتلىك يول ئەمەس، ھالاكەتلىك تەھدىت كۆرۈلۈپ تەقىپلىنىشگە، چەكلىنىشگە باھانە بولغىنى مەلۇم . ئوقۇپ ھېس قىلىشىمچە مەۋدۇدى، مۇھەممەد قۇتۇپ ۋە سەئىد قۇتۇپنىڭ قوللانمىلىرى يۇقىرىقىدەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

مەزمۇنلارغا بايراق ئىكەن. دېمەك، قۇرئاندەك ئىلاھى دەرسلىكنى يادلاشقا ئادەتلىنىپ، چۈشىنىشكە كۆنمىگەن بىر خەلقنىڭ پەرزەنتى، قۇرئانغا ئاشىق بىر مىللەتنىڭ ئەۋلادى بولغان ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ دىنىنى چۈشىنىش ئۈچۈن يۇقىرىقىدەك قوللانمىلارغا ھەقىقەتەن ئېھتىياجى چۈشىدۇ، ئەلۋەتتە. بۇنداق قوللانمىلار ئىچىدىكى ئەڭ جەلپكار يېزىلغىنى ۋە ئەڭ ۋايىغا يەتكۈزۈپ تەرجىمە قىلىنغىنى سەئىد قۇتۇپنىڭ نەپرەت قوللانمىلىرى بولسا كېرەك.

2016 -يىلى سىنتەبىر ۋەتەندىكى بىر ئۈندىدار سالونىدا ئېلان قىلىنغان.

# تاغام هاجى ئەمەت

سۆزلىمەكچى بولغىنىم تاغام هاجى ئەمەتنىڭ هېكايىسى، چېچەنىيە ئەركىنلىك كۈرىشىنىڭ قەهرىمانى هاجى مۇراتنىڭ ئەمەس. ئەسلى تاغامنىڭ ئىسمىدىلا ئەمەس، جىسمىدىمۇ هاجى مۇراتتەك روھ بولغان، پەقەت ئۇ تولستويلارنىڭ قەلىمىگە نائىل بولالمىغان، خالاس. ئۇ هاجى مۇراتتەك ئەركىنلىك جەڭچىسى ئەمەس، مىللىي قەهرىمان تېخىمۇ ئەمەس، پەقەت ئېسىمگە دائىم كېلىدىغان مېهرىبان، تىرىشچان، خىيالچان، مەسئۇلىيەتچان بىر ئادەم. ئانامنىڭ ئەڭ خۇشال چاغلىرى مۇشۇ ئاكىسىنىڭ بىزگە مېهمان بولۇپ كەلگەن ۋاقىتلىرى بولغاچقا، ئۇنى ھەممىمىز دائىم كەلسىكەن دەيتتۇق. ئەمما بۇ تاغام شۇ ۋاقىتتا قەشقەردىن بىر قانچە كۈن يىراقتىكى كورلىدا ياشايتتى.

مەن كىچىكىمدىن ئۇنىڭ ھەممە ئىشىغا ھەيران ئىدىم. ئۇنىڭ تەلەپپۇزى، كىيىنىشى، مۇئامىلىسى ئەتراپىمدىكى كىشىلەرگە پەقەتلا ئوخشىمايتتى. ئۇ رادىيودىكىدەك ئۆلچەملىك سۆزلەيتتى، پاكىزە، رەتلىك كىيىنەتتى ۋە دائىم روھلۇق

كۆرۈنەتتى. بىلىملىك، مۇلايىم، مېهرىبان بولۇپ ھەممە ئادەم بىلەن تۇغقاندەك مۇڭدىشاتتى. ئۇ بار سورۇندا ھەممەيلەن دەرسخانىدا ئولتۇرغاندەك جىمىپ كېتەتتى. ئۆزى ئورمانچىلىق ئېنژېنېر بولغاچقا دېهقان تۇغقانلارغا توختىماي يول كۆرسىتەتتى، بىزدىن ئۇيغۇر تارىخىغا، فىزىكىغا، هايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرگە دائىر تۈرلۈك سوئاللارنى سورايتتى ۋە جاۋاپ بېرەلمىسەك، يېنىمىزدا ئولتۇرۇپ يىپىدىن يىگنىسىغىچە چۈشەندۈرۈپ قوياتتى. ئەمما تۇغقانلاردىن بەزىلىرى تاغام كەتكەندە نارازى بولۇشاتتى. چۈنكى ئۇ تەنقىدچى ئىدى. ئوپاللىقلارنىڭ كۆكتات تېرىمايدىغانلىقىدىن تارتىپ سودا قىلماسلىقلىرىغىچە، يۇرتتىن چىقمايدىغانلىقلىرىدىن تارتىپ مەسچىد سالماسلىقلىرىغىچە ئاغرىناتتى. ئۇ ئاتمىش، يەتمىشىنچى يىللاردىكى قىيىنچىلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋاقىتلىرىدا باشقا يۇرتلاردىن كورلىغا بارغان خېلى كۆپ ئۇيغۇرنى باغراشقا ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى، ئەمما ئۇز تۇغقانلىرىدىن بىرىنىمۇ يېنىغا تارتالمىغانلىقىدىن ئاغرىناتتى. تاغام تاكى ۋاپات بولغىچە دېھقان تۇققانلىرىمىزنى بىر ئىككىدىن يېنىغا تارتىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ باقتى، ئەمما ھەممىسى قايتىپ كېلىشتى. ئۇ دائىم «ئادەم تېرىسا ئۈنىدىغان تۇپراقلار ئىدى، بىز بارماي، مۇشۇ خەق كېلىپ يەپ كەتتى-دە تولدۇرىۋەتتى!» دەپ ئۇھسىناتتى.

تاغام ھەر قېتىم ئۇيالغا كەلسە ھەمىشە مەن ئاڭلاپمۇ باقمىغان تۇققانلىرىمىز يوقلاپ كېلەتتى. ھال - ئەھۋال سورالغاندا باللىرى ھەققىدە « چوڭ ئوغلۇمغا پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىسمىنى قويدۇم. ئىككىنچىسىگە مىللىي ئازادلىق رەھبىرىمىز ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئىسمىنى قويدۇم. يەنە بىر ئوغلۇمغا پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئامراق نەۋرىسىنىڭ ئىسمىنى قويدۇم. قىزلىرىمىنىڭ چوڭىنى ئەركىنلىك جەڭچىسى، قەھرىمان رىزۋانگۈلنىڭ روھىغا ۋارىس بولسۇن دېدىم، كېيىنكىسى تۇغۇلغاندا ئىستىقبالىمىز قاراڭغۇ، كۈنىمىز زۇلمەتتە ئىدى، ئاللاھتىن مىللىتىمىزنى نۇرلاندۇرسۇن ۋە قەلبلىرىمىزنى ئىمانغا باي قىلسۇن دەپ تىلەپ نۇرىمانگۈل قويدۇم، ئەڭ كىچىككە بەختىمىز ھامان ئېچىلار دېگەن ئارماندا دىيارىمىزنىڭ ھەممە يېرىدە ئۆسۈپ چېچەكلەيدىغان رەيھاننىڭ ئىسمىنى قويدۇم...نەۋرەمنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىمىغانمۇ؟ ھەي...تارىخ ئوقۇمايسىلەردە! كىتاب ئوقۇمايسىلەر. بۇ دېگەن ئاقسۇدا 1945 -يىلى لوتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن بىللە قەتلى قىلىنغان، ئوت يۈرەك مائارىپچى، پىداكار ئىنقىلاپچى مۇنىردىن خوجىنىڭ ئىسمى ئەمەسمۇ!» دەپ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي پەرزەنتلىرىنىڭ تەرىپىنى قىلىپ بېرەتتى.

مەن بېيجىڭدا ئوقۇۋاتقاندا بولغان بىر تويدا «مېنىڭ ئوغلۇم گومىنداڭنىڭ پايتەختى نەنجىڭدا ئوقۇيدۇ، بۇ سىڭلىمنىڭ ئوغلى كومپارتىيەنىڭ پايتەختى بېيجىڭدا ئوقۇيدۇ» دەپ، بىزدىن خۇددى بۇ ئىككى شەھەرنى بويسۇندۇرغاندەك پەخىرلەنگەن ئىكەن.

تاغام تۇگەپ كەتكەندە ئۈرۈمچىدە ئىدىم. باغراشقا چۈشۈپ ئاچىلىرىم يىغلاپ ئالدىمغا كەلمىگىچە ئىشىنەلمىدىم. تاغام دائىم ئولتۇرىدىغان ساپاغا ئۆزۈمنى تاشلاپ كىتابلىرىنى ۋاراقلىدىم. شۇ چاغلاردا ئەڭ ياخشى چىقىدىغان «بۇلاق»، «دۇنيا ئەدەبىياتى»، «تارىم» قاتارلىق ژۇرناللارنى، «شىنجاڭ تارىخى ماتېرىياللىرى»، «چالا تەگكەن ئوق»، «ئىز»، «قاينام ئۆركىشى»، «ئۆتكەن كۈنلەر»، «چالىقۇشى» قاتارلىق رومانلارنى رەت - رېتى بىلەن تىزىپ ساقلىغانىكەن. «بۇلاق»تىكى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، مەمتىلى ئەپەندى ۋە قۇتلۇق شەۋقىنىڭ ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنغان بەتلەرنىڭ تولا ئوقۇلغان، تۇتۇلغان ۋە قاتلانغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

كىتابلارنى ۋاراقلاپ ئولتۇرۇپ ئۆپكەم ئۆرۈلدى، رەھمەتلىك ئالدىنقى قېتىم كەلگىنىمدە ئۇنىمىغىنىمغا قويماي پۇتۇمنى يۇيۇپ قويغانىدى. ئارىمىزدىن يۇقۇرى نومۇر بىلەن تۇنجى بولۇپ ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەن نەۋرە ئاكامغىمۇ شۇنداق قىلغان ئىكەن. بۇ ئەسلى تاغامنىڭ ئاسپىرانتلىققا ئۆتكىنىمنى تەبرىكلىگىنى ئىكەندۇق. ئۇنىڭ «بالام مۇشۇ ئاياقلىرىڭ بەردەم بولسۇن، بۇ يول ئۇزاق، خەتەرلىك، تىكەنلىك يول. ھېچ بىرباشقا چىقىدىغانىدەك كۆرۈنمەيدۇ بەزىدە. مەن بۇ يولنى تاللىمىغان بولسام سوۋېتكە ئوقۇشقا چىقىراتتى، ساۋاقداش ئوقۇغانلاردىن رەئىس بولغانلار چىقتى. پالايمىز دېيىشكەنتى، جەنۇپقا، ئانامنىڭ قېشىغا كېتەي دېدىم، جەنۇپ دېسەم كورلىنىڭ يېڭى قۇرۇلغان تۈزۈك ئادەم يوق مۇشۇ ناھىيەسىگە بۆلۈپ قويۇپتۇ. چىدىدىم، قەۋمىمىزگە مەنسۇپ ھەر غېرىچ تۇپراقتا قەھرىمانلىرىمىزنىڭ قېنى، ئەجداتلىرىمىزنىڭ ئىزى بار دەپ تۇرۇپ بەرداشلىق بەردىم. يېقىنلار بىلەن سىرداشتىم، ھەر قايسى يۇرتلاردىكى كۆرەش قىلىش، قالپاق كەيگۈزۈشلەردىن ۋە ئاچارچىلىقتىن قېچىپ چىققانلارنى ئاسمىنى كەڭ بۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇدۇق. ئاردا جازالاشتى، كېسەك قۇيدۇم، تاش توشۇدۇم، قىلمىغاننى قىلدىم، يىمىگەننى يىدىم، ئەمما يېلىنمىدىم، يانمىدىم، پۇشمان قىلمىدىم. بىز ئۈرۈمچىدە ئۇستازلاردىن كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگەنگەن ئەمما قۇللۇقنى، چىدىماسلىقنى، تەسلىمچىلىكنى ئۆگەنمىگەن. قارا، دىندىمۇ پەندىمۇ ئوقۇغان ئاكام ئەيسا ئەمەت تۇۋۋا قىلغان بولسا، «ئېچىلىپ سايراش» ۋاقتىدا دېگەن ھەق سۆزلىرىدىن «پۇشمان قىلدىم» دەپ يانغان بولسا

يىگىرمە يىلدىن ئارتۇق نازارەتتە ياشىمايتتى... ھەيىي بۇلارنى ساڭا دەپ نېمە قىلاي... قارا مانا ئەمدى نادان قالدۇق، بىلىسەن ھەممىدە ئارقىدا قالدۇق، تۆمۈرچىمىز زاۋۇت قۇرالمىدى، ياغاچچىمىز شىركەت. ئەمدى ئۆگىنىپ، ئوقۇپ، ئىلىم بىلەن، ئەقىل ۋە پىلان بىلەن ئىش قىلمىساق بولمىدى.» دېگەنلىرى ھېلىمۇ ئېسىمدە. ئۇ بۇلارنى دەۋاتقاندا ئۇھسىنىپ قوياتتى، بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىمىغاندى. شۇڭا بەزىدە ماڭا دەۋاتقاندەك، بەزىدە ئۆزىگە دەۋاتقاندەكمۇ قىلاتتى.

تاغام ئوتتۇرا مەكتەپكىچە قەشقەردە ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچىدە ئوقۇش ئۈچۈن بىر كېچىدىلا قېچىپ كەتكەنىكەن. سەۋەبى ئۇ چاغدا چوڭ تاغام ئەيسا ئەمەت باشقا بىر مەكتەپكە مۇدىر بولۇپ كەتكەنلىكتىن،ئىككىنچى تاغام روزى ئەمەت نەچچە يۈز پارچە يەر، نەچچە قوتان قوي ـ كالىنى يۇغۇشتۇرۇپ بولالماي، ئىنىسىنىڭ ئۈرۈمچىدە ئوقۇشىغا قوشۇلمىغانىكەن. ئۇ تۇل ئانىسىنىڭ يىغىسى ۋە تۇزۇك ئوقۇمىغان ئاق كۆڭۈل ئاكىسىنىڭ نەسىھەتلىرىگە يۈز كېلەلمەي كۆرۈنۈشتە ئوقۇشقا بارمايدىغان بوپتۇ. ئەمما قەشقەرگە يوشۇرۇن بېرىپ، ئىمتىھانلاردىن ئۆتۈپ تەييار بوپتۇ. بىر قانچە ھەپتىگىچە كۈندۈزى ئىشلەپ، كېچىسى تىنىمسىز سۇ تۇتۇپتۇ. شۇ يىلى شال تېرىلغانىكەن، ئانىسىغا خامانلارنى ئېلىپ، گۇرۇچلەرنى كاتلارغا قاچىلاپ بېرىپتۇ.

بىر كۈنى ئاخشىمى تاغام سۇ تۇتقىلى چىقىپ يېرىم كېچىدە قايتىپتۇ. سەھەردە رەھمەتلىك چوڭ ئانام قارىسا قوپماي ياتىمىش. كېچىسى سۇ تۇتقاندىكىن دەپ ئويغاتمىسا بىر ۋاقىتقىچە مىدىرلىمايمىش. ئاش ۋاقتى بولغاندا يوتقاننى قايرىسا كەتمەننى جۇۋىسىغا يۆگەپ ئورنىدا ئۇخلىغان ئادەمدەك قىلىپ قويۇپ قاچقان ئىكەن.

تاغامنىڭ نەزىرىسىگە باغراشنىڭ ئىچى سىرتىدىن، قارا شەھەر، كورلا، خوتۇنسۇمۇل ۋە خوشۇتتىن نۇرغۇن جامائەت كەلدى. بايىنبۇلاقتىن كەلگەن بىر ئوياللىق كىشى تاغامنىڭ ئەينى چاغدا ئۆزىنى ۋە تۇغقانلىرىنى قانداق مۇشەققەتتە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانلىقىنى، تۇرمۇش خىراجەتلىرىنى قانداق ھەل قىلىپ

بەرگەنلىكىنى سۆزلەپ تۆكۈلۈپ كەتتى. ئارىدا يەنە بىرەيلەن تاغامنىڭ باغراش ناھىيە ئىچىدىكى كىشىلەرنى تەشكىللەپ مەسچىتنى قانداق سالغانلىقىنى، ياغاچ توشۇتۇۋېتىپ پۈتىنى قانداق سۇندۇرۇۋالغانلىقىنى دەپ كۆز يېشى قىلدى. بېشىمنى كۆتۈرۈپ تاغام سالدۇرغان مەسچىتكە قارىدىم، بىرەيلەن «رەھمەتلىك مۇشۇ مەسچىتنىڭ قۇببىسىدىكى ئايىنى سەل سىڭايان ئورنىتىلىپ قاپتۇ دەپ، ھەر كەلگەندە ھەسرەت چېكەتتى...» دېدى ئاۋازى بوغۇلۇپ. ئاينىڭ سىڭايانلىقى بىلىنگىدەك ئەمەس ئىدى. لېكىن ھەممە ئىشنى مۇكەممەل قىلىشقا تىرىشىدىغان تاغامنىڭ كۆڭلى ئاشۇ بىلىنەر - بىلىنمەس ئۆۋەننىمۇ سىغدۇرالمىغان ئىكەن.

تاغام ئاخىرقى كۈنلىرىدە ئانامنى يېنىغا چاقىرىۋاپتۇ ۋە توختىماي ئوپالنىڭ گەپلىرىنى قىلىپ چىقىپتۇ. ئانام «ئاكا، سىلىنى ئوپالغا ئېلىپ كېتەيمۇ؟ ئانامنىڭ، ئاكىلىرىمىزنىڭ قېشىدا ياتسىلا» دەپ غەيرەتلىنىپ ئەمدى گەپنى تېشەي دەپ قارىسا، تاغام كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ بېشىنى چايقاپتۇ. خېلى ئۇزۇن جىمىپ كەتكەندىن كېيىن «تۇخان، مېنى قىينىماڭ، مېنىڭ كەتكۈم يوقمۇ، مېنىڭ كېچە - كۈندۈز يولۇمغا تەلمۈرگەن، ‹ھاجى كەلمىدى› دەپ يىغلاپ، ئاخىرقى مىنۇتلارغىچە ئىشىكتىن كۆز ئۈزمەي جان ئۈزگەن ئانامنىڭ يېنىدا ياتقۇم يوقمۇ؟! ئەينى چاغدا بۇ يەرگە پالانغان دوستلىرىم يۇرتلىرىمىزغا كېتەيلى دېسە، ئەجدادتلىرىمىزنىڭ ئايىغى تەگكەن يۇرت، ئۇيغۇرنىڭ ئەڭ قەدىمكى باغراش قەبىلىسىنىڭ ئىزى بار ماكان بۇ، بۇ يەرنى تاشلاپ كەتمەيمىز ئۇيغۇرنى كۆپەيتىپ ئاۋات قىلىمىز، دەپ ئۇلارنى كەتكۈزمىگەن. ئەمدى مەن بىلەن ئاشۇ غايەمىز ئۈچۈن مۇشۇ يەردە قەھرىتان سوغۇقنى، تومۇز ئىسسىقنى بىللە ئۆتكۈزگەنلەرنى، ئاق نىيەت باغراشلىقلارنى تاشلاپ كەتسەم، ئۆلگەنلەرنىڭ روھىغا قانداق يۈز كېلىمەن» دەپ ئۇنىمىغانىكەن. رەھمەتلىك كۆز يۇمۇشتىن بىر قانچە سائەت بۇرۇن توختىماي «سۇ، ماڭا سۇ بېرىڭلار، ئوپالدىكى ئۆستەڭنىڭ سۈيىدىن،» دەپتۇ ۋە «ئانا، ئوپالنىڭ سۈيى» دېگىنىچە جان ئۈزۈپتۇ. ئانامنىڭ بۇ گەپلەرنى ماڭا قانچە قېتىم دەپ بەرگەنلىكىنى بىلمەيمەن. ھەر قېتىم بۇ ھېكايىگە قۇلاق سېلىۋېتىپ تاغامنىڭ پۈتلۈرۈمنى سىلاپ تۇرۇپ «يانمىدىن، پۇشمان قىلمىدىم» دېگەنلىرىنى ئەسلەيمەن. ئەجەل ئالدىدا ئۇنىڭ ياشلا تۇل

قالغان، ئۈچ ئوغۇل بىر قىزنى ئۆگەيلەتمەيمەن دەپ يالغۇز ياشىغان ئانىسىنىڭ قېشىغا كېتەلمەي ئۆكۈنمىگەن بولۇشى ناتايىن، بەلكىم بىزگە قايتماس، چېكىنمەس بىر روھنى مىراس قالدۇرۇش ئۈچۈن شۇنداق دېگەندۇ.

2016 - يىل مارت. ئىستانبۇل

## چوقۇنۇش ۋە چوقۇندۇرۇش خەۋپى

ئامېرىكىدىكى چاغلىرىمدا بىر سورۇندا بىر تۈرك ۋە قىرغىز تەتقىقاتچى بىلەن پاراڭلىشىپ قالدىم.گەپلەر تۈرك مىللەتلەرنىڭ قەھرىمانلىقى، پىداكارلىقى ۋە ۋەتەنسۆيەرلىكى ھەققىدە بولدى.تەبىئىكى، مۇستاپا كامال ئاتاتۈرك بىلەن ماناس باتۇر ھەققىدە كۆپ تەسىرلىك ھېكايىلەر سۆزلەندى.ئۇيغۇرلاردا قىرغىزلارنىڭ قەھرىمانلىق داستانى ماناس ۋە تۈرك داھىي مۇستاپا كامال ھەققىدە كىتابلارنىڭ نەشىر قىلىنغانلىقى بۇ ئىككەيلەننى سۆيۈندۈردى. ئىلھاملىنىپ كېتىپ «ئاللاھ ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلسا ئىسمىنى ماناس ياكى ئاتاتۈرك قويىمسام» دەپتىمەن. ھەر ئىككەيلەن دەرھاللا ئىنكار قىلىشتى.چىرايىدىكى جىددىيلىك، تەلەپپۇزىدىكى كەسكىنلىك، كۆزلىرىدىكى نارازىلىق مېنى خېلىلا تەمترەتتى.ئەسلى مەن ئۇلارنى خوش بولىدۇ، دەپ ئويلىغانتىم.ئۇيغۇرنىڭ قائىدىسى بويىچە پەرزەنتلىرىگە ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان، ئۈلگە قىلىدىغان شەخسلەرنىڭ ئىسمىنى قويۇش تولىمۇ ئالقىشلىق بىر ئىش ئىدى. ئەجەبا باشقا تۈرك مىللەتلىرىدە...سۆھبەت كۆڭۈلسىز ئاياقلاشتى، ئامېرىكىدا تەتقىقات قىلىۋاتقان بۇ ئىككى مۇتەخەسسىنىڭ ئېگىدا بۇ قەدەر چوڭقۇر يىلتىزلىغان قەھرىمانلارغا، ئۈلۈغ شەخسلەرگە چوقۇنۇش خاھىشى مېنى خېلىغىچە ئويلاندۇرغان بولدى.

ئېسىمگە مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئۆزىنى پەيغەمبەر ئەۋلادى دەۋېلىپ ئۇيغۇرغا سالغان كۈلپەتلىرى، ئۇيغۇرنى ئاق تاغلىق ۋە قارا تاغلىق دەپ ئىككىگە ئايرىپ، بىر بىرىنى كاپىر دېگۈزۈپ قىرغىنغا سېلىشلىرى، ئارىمىزدىكى بەزى كىشىلەرنىڭ ھېلىمۇ ئاپاق خوجىنى «قاراخانىلارنىڭ پۇشتى ئىدى، پەيغەمبەر ئەۋلادى ئىدى» دەپ ئاقلاشلىرى كەلدى، بۇلارمۇ شەخسكە چوقۇنۇشنىڭ مەھسۇلى ئىدى. مەن دوستلىرىمنىڭ تەرىقەتنى ئاقلاشلىرىغا قارشى ئەمەس، ئەمما تەرىقەتنى دەپ ئۇيغۇرنى دۆلەتسىز قويغان خوجىلارنى ئاقلاشلىرىغا قارشى ئىدىم. تارىختىن بۈگۈنگىچە

داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قومۇلدىن ئىستانبۇلغىچە بولغان تۈرك تۇپراقلىرىدىكى شەخسكە چوقۇنۇش خاھىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى بىر بىرلەپ ئويلاپ باقتىم. تۈركىيەدە كۆرۈلىۋاتقان چاتاقمۇ شەخسكە چوقۇنۇشنىڭ ھاكىمىيەت بىلەن بىرلىشىپ كۈچەيگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

2006 - يىلى تۈركىيەنىڭ قەشقەرگە ئوخشايدىغان قەدىمكى پايتەختى كونياغا ساياھەتكە باردىم. شەھەرنىڭ چىرايلىق مەيدانلىرىنىڭ بىرىگە جايلاشقان مەۋلانە جالالىددىن رۇمى نامىدىكى كۇلتۇر مەركىزىگە يېقىنلاشقىنىمدا نەچچە مىڭلىغان كىشىنىڭ بىر ماشىنىغا تەلپۈنۈپ قارىشىۋاتقانلىقىغا، بەزىلىرىنىڭ بۇقۇلداپ يىغلىشىۋاتقانلىقىغا كۆزۈم چۈشتى. ئۇقتۇمكى، سەئىد نۇرسىنىڭ ھايات شاگىرتلىرىدىن بىرى كۇلتۇر مەركىزىگە قەدەم تەشرىپ قىلغانىكەن. نۇرچىلار جامائەتكە مەنسۇپ توپ - توپ كىشىلەر نۇرسىنى كۆرۈش شەرىپىگە ئېرىشكەن بىر شاگىرتنىڭ ئالدىدا ئېگىشىپ بەس - بەستە قولىنى سۆيگىلى تۇرۇپتۇ. يېقىن بارالمىغانلارنىڭ قولى ھاۋادا پۇلاڭلايتتى. ئادەتتە بۇنداق خوجىلار بىلەن كۆرۈشكىلى بولماسمىش. كۆرۈشمىسە نېمە بولىدىغانلىقىنى سورىشىم بىلەن ئالدىمدىكى سۆھبەتدىشىمنىڭ چىرايى تۈتۈلدى.

شۇندىن كېيىن خوجىلارغا چوقۇنغۇچى جامائەتلەرگە دىققەت قىلىشقا باشلىدىم. تۈركىيەدە مەھمۇتچىلار، سۇلايمانچىلار، مەنزىلچىلەر، نۇرچىلارغا ئوخشاش جامائەتلەر بار ئىكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە ھەتتا بەزىلىرىنىڭ نەشرىيات، تېلېۋىزور، رادىيو ئورگانلىرى شەكىللەنگەن، مۇرتلىرى ئىقتىساد، سىياسەت، مەدەنىيەت ساھەلىرىگە قەدەر يىلتىز تارتقان بولۇپ باي، ھوقۇق يۈكسەك مەركەزلەشكەن بىر كۈچ ھالىتىگە كەلگەن ئىكەن.

تۈركىيەدە شۇنداق كۈچلۈك جامائەتلەرنىڭ بىرى نۇرچىلار بولۇپ، بۇلارنىڭ پىرى سەئىد نۇرسى ھەققىدىكى تۈركچە فىلىمنى كۆرگەن ئىدىم. «ھۆر ئادەم» دېگەن بۇ ۋىدىيو ۋەتەندە تارقىتىلىشقا باشلىغاندا ئەنسىرىدىم. چۈنكى فىلىمدە

تەسىرىنىڭ رولى مۇبالىغە قىلىنغان، شەخسكە چوقۇنۇش سىڭدۈرۈلگەن ئىدى. ئەمما ئىچىدە ساغلام مەزمۇنلارمۇ يەتكۈچە بولغىنى ئۈچۈن، كىشىلىرىمىزنى ياخشىلىق يولىغا يېتەكلەشتە پايدىسى بولۇر دېگەن ئۈمىدتە سۈكۈت قىلغان ئىكەنمەن. ھەتتا بەزىدە باشقىلارغا ئەرگىشىپ تەرىپلىشىپ بەرگىنىممۇ بولغان. يېقىندا يازغان بىر يازمامدىمۇ ئاق كۆڭۈل بىر قەدىناس دوستۇمنىڭ ئېيتقىنىغا ئىشىنىپ ئىزدىنىپ كۆرمەيلا مەنزىل جامائىتىنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ تاشلاپتىمەن. تۈركىيەدە جامائەتلەر ھاياتنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە مەۋجۇد بولغاچقا، بۇ يەردە ياشاپ باققان ئۇيغۇرلاردىن بۇنداق جامائەتلەرنىڭ تەرغىباتلىرىدىن خەۋەرسىز قالغانلار ئاز بولسا كېرەك. بەزى ئۇيغۇر دوستلار بۇنداق جامائەتلەردە ياتقان، ئوقۇغان، ئىشلىگەن ۋە ئۇلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن.

بۈگۈن تۈركىيە ھاكىمىيىتىگە تەھدىت دېيىلىۋاتقان فەتھۇللاھ گۈلەن جامائىتى نۇرچىلاردىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، فەتھۇللاھ دېگەن ئۆلىمانىڭ باشچىلىقىدا ئايرىم بىر توپنى شەكىللەندۈرگەن ئىكەن. ئەمما ئوقۇيدىغان كىتاپلىرى نۇرچىلارنىڭكىدەك «نۇر رىسالىسى كۈللىياتى» دېيىلىدىغان «سۆزلەر»، «مەكتۇبات»، «ياشلىق رەھبەرى» دېگەندەكلەر بولۇشى ناتايىن. چۈنكى بۇ كىشىنىڭ تەپسىرچىلىك، سىيرەت (پەيغەمبىرىمىزنىڭ تەرجىمھالى) ۋە تەسەۋۋۇپ ھەققىدە بىر مۇنچە كىتابلىرى تەييار ئىكەن.

گۈلەننىڭ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھاياتى ھەققىدىكى «مۇھەممەد» دېگەن ئېنگلىزچە كىتابىنى ۋاراقلاپ باققان ئىكەنمەن. بۇ كىتاپنىڭ خەنسۇچە تەرجىمىسى بەش - ئالتە يىل بۇرۇن نەشىر قىلىنغان ئىكەن. گۈلەن ھەرىكىتى دۇنيادا نۇرغۇن دۆلەتتە مەكتەپ قۇرغانلىقى، دىنلار ئارا دىئالوگ تەشەببۇسى ۋە ئوتتۇرا ھال ئىسلام تەرغىباتى بىلەن تونۇلغان. بۇ ھادىسىنىڭ كىتاپلارغا يېزىلىدىغان ئاشكارە مەزمۇنى. يەنە بىر مەزمۇن مەخپىي بولۇپ خوجىلارنىڭ ۋە ئىخلاسمەنلەرنىڭ قەلبلىرىگە يېزىلغان. بۇنى چۈشىنىش تەس، چۈنكى بۇ بىر كۆرۈنمەس كۈچ، ئاشكارە تەشكىلات ئەمەس. ئۇنىڭ نىزامى دىن پائالىيىتى ئىبادەت دېيىلىدۇ، تۆۋەن يۇقىرىغا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇرتلار ئۇستازىغا شەكسىز ئىتائەت قىلىدۇ. شۈبھىسىزكى، ھەرقانداق بىر ئادەم سىرلىقلاشتۇرۇلسا، چوقۇنۇلسا ۋە شەرتسىز ئەرگىشىلسە ئاسانلا خاتالىشىدىغانلىقى ئەقىل ئىگىلىرىگە سىر ئەمەس. مەسىلىنىڭ ئەڭ نازۇك يېرى، بۇنداق شەخسلەرنىڭ خاتالىقى ئۆزىگە ئەگەشكەن مىڭلىغان مەسۇم كىشىلەرنى خاتالاشتۇرىدۇ.

شەخسكە چوقۇنۇش ۋە چوقۇندۇرۇلۇش تۈرك مىللەتلىرىدە ئورتاق ھادىسە. ئاتاتۈرككە، ستالىنغا، ماۋزېدوڭغا چوقۇنۇش ۋە چوقۇنۇدۇرۇلۇش باسقۇچىنى باشتىن كەچۈرگەن بۇ قەۋملەر بۈگۈنمۇ مۇرتلۇق سەۋداسىدىن پۈتۈنلەي كەچكىنى يوق. تۈرك قەۋملىرى 21 - ئەسىرگە قەدەم قويۇپمۇ بۇ پالاكەتكە خوش دېيەلمىدى. ئەينى چاغدا ئاپاق خوجا دىننى قورال، مۇسۇلمانلارنى ئەسكەر قىلىپ سەئىدىيە دۆلىتىنى قانداق يىقىتقان بولسا، بۈگۈنكى تۈركىيەدە مىڭلىغان، يۈز مىڭلىغان مۇرتنىڭ روھنى يېتەكلەۋاتقان خوجىلارمۇ شۇ، ھەم بۇندىن كېيىنمۇ شۇنداق بولۇشى مۇمكىن. بەزى خوجىلار دىني قېرىنداشلىقنى تەكىتلەپ مۇرتلاردىكى مىللىي ئاڭ، قانداشلىق ۋە ۋەتەن سۆيگۈسىنى رەت قىلىدۇ. شۇڭا مۇرتلار ئۆزىگە دىن دەپ ئۆگىتىلگەن تەلىماتقا، ۋە ئۆزى دىندار دەپ بەيئەت قىلغان ئۇستازىغا ئەرگىشىپ ۋەتەن مىللەتكە قارشى سەپكە ئاتلىنالايدۇ. ئۇستازىغا ۋە ئۇنىڭ تەلىماتىغا قارشى چۈشەنچىدىكى كىشىلەرنى «كاپىر» ساناپ ھالاك قىلىشقا تەييار تۇرىدۇ. بۇنداق ۋەتەنسىز، مىللەتسىز چوقۇنغۇچىلارنىڭ قۇتراشلىرىغا قارشى دولقۇندا ئىنسانلار ئۇستىلىق بىلەن ۋەتەن ۋە مىللەتكە چوقۇندۇرۇلىدۇ. قوشۇلمىغۇچىلار ۋەتەن خائىنى ۋە ساتقۇن ئاتىلىپ بالاغا قالىدۇ. نەتىجىدە ۋەتەننى قوغداشقا رەھبەرلىك قىلغان ئاتاتۈركتەك يەنە بىر رەھبەرگە چوقۇنۇش باشلىنىدۇ.

بۈگۈنكى تۈركىيەدىكى پاتپاراقچىلىقنى دىندىن ئۇزاقلاشتۇرۇلۇپ دۆلەتكە ۋە ئۇنى قۇرغۇچى ئاتاتۈركقە چوقۇندۇرۇلۇشتىن زېرىككەن كىشىلەرنىڭ قارشى قوتۇپقا ئېغىپ دىندار كۆرۈنگەنلەرگە، خوجىلارغا ۋە ئۇلارنىڭ تەلىمگە چوقۇنۇپ دۆلەتنى ئىنكار قىلىشىنىڭ نەتىجىسى ئەمەس دېيەلمەيمىز. تۈرك مىللەتلىرىدىكى ۋەتەن ۋە دىن سۆيگۈسى دائىم مۇشۇنداق سۇيىئىستىمال قىلىنىدۇ. ئاتاتۈرك دىن

سۈيگۈسىنى تەكىتلەپ، ۋەتەننى ئىنكار قىلدىغانلارغا قارشى تۇرغان ۋە ئۈممەتتىن مىللەت يارىتىشقا تىرىشقان، ئۆزىنى پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ باشپاناھى سانايدىغان جامائەتلەرنى ۋەتەن تۇپراقلىرى ئۈچۈن جان بېرىدىغان ۋەتەنداشلارغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن كۈرەشكەن. بىر قىسىم جامائەت خوجىلىرى ھازىر ئەكسىچە ۋەتەن ۋە تۈركلىكنى ئىنكار قىلىپ، خوجىسىنىڭ يارلىقى ۋە تەلىمگە بارلىقىنى بېغىشلايدىغانلارنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن تىرمىشىۋاتىدۇ.

ئۇيلىسام ئۇيغۇردىمۇ شەخسكە چوقۇنۇش ۋە چوقۇندۇرۇش خەۋپى بار. شۇڭا ئۇيغۇر جەمئىيەتلىرىنىڭ رەھبەلىرى ئۇن يىللاپمۇ ئۆزگىرىپ تاشلىمايدۇ. ھەتتا بەزى رەھبەلەر قورقماي «ماڭا بۇ ئورۇننى ئاللاھ بەردى» دەپ بايانات بېرەلەيدۇ. ئەمما يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا خەلقىمىز تاكى سەكسىنىنچى يىللارغىچە ماۋزېدوڭغا چوقۇنۇشقا مەجبۇرلىنىپ، تويۇپ كەتكەچكىمىكىن ھۆكۈمرانغا تۈركىيەدىكىدەك چوقۇنمايدۇ. تۈركىيەدىكىدەك خوجىلارغا ياكى داھىلارغا چوقۇنۇش ئانچە ئېغىر ئەمەس. ئۈرۈمچىدە ئاتاتۈركنىڭ نامى دۇككانلارغا قويۇلىۋېرىدۇ. ھەتتا ئۆزىنى پەيغەمبەر ئەۋلادى ئاتايدىغان ئاپاق خوجىنىڭمۇ ۋەتەندە تونۇلغاندىن باشقا مۇرتلىرى كۆپ قالمىدى. خوتەن ئۇيغۇرلىرى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىسمىنى قىسقارتىپ ساپ ئۇيغۇرچە ئىسىملار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ مەتتوختى، مەتتۇرغۇن، مەتتۇرسۇن، مەتيار قىلىپ ئىشلىتىۋېرىدۇ. بۇ بەلكىم خەلقىمىزدە ئۇلۇغلۇقنىڭ بىر كىشىنىڭ ئىسمىدا، جىسمىدا، جەمەتىدە ئەمەس؛ بەلكى قىلغان ياخشى ئەمەلىدە، ياراتقان تۆھپىسىدە، ئاللاھ رىزاسىنى، ۋەتەننىڭ كېلەچىكىنى، مىللەتنىڭ ئىستىقبالىنى كۆزلەپ ماڭغانلىقىدا دەيدىغانلارنىڭ مەۋجۇدلۇقىدىن بولسا كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## داھى ئىزدەيمىز

دۇنيانى ۋە ئۇيغۇرنى چۈشىنىشكە قىزىقىپ يۇرگەندىن بېرى «ئۇيغۇردىن داھى چىقمىدى» دېگەن گەپلەرنى ئاڭلاپ كېلىۋاتىمەن. سەپسالسام مەنلا ئەمەس، خېلى كۆپ ئۇيغۇر مۇشۇنداق گەپلەر ئىچىدە ياشاۋېتىپتۇ. ھەتتا بىر تۈركۈم مىللەتكە يۈرىكىدىن كۆيىدىغان كىشىلەر چېگرا ئاتلاپ، قىتئە ھالقىپ داھى ئىزدەش يولىدا تىنەپ يۈرۈپتۇ؛ ئىزدەپ ھېرىپتۇ، تاپالماي قېرىپتۇ. سەرسانلىق ھاياتىنىڭ باھارىنى ياشاۋاتقانلاردىن تارتىپ قىرو پەسلىدە دۈگدەرەپ كېتىۋاتقانلارغىچە بىر ئىنتىزارلىق ئىچىدە ئىكەن. بۇ ئىنتىزارلىق بەزى جاپاغا، بەزىدە ساداغا، يەنە بەزىدە ھاشارغا ئايلىنىپ دىللاردىن ۋە تىللاردىن كەتمەيدىكەن. بەزىدە شۇنداق ئۈمىدلىك پىچىرلاشلار ئاڭلىنىدۇ، «بىر داھى چىقسىدى...باشلىسا كەتسەك، قۇتقازسا يەتسەك...»

ھەممەيلەن قىزىقىدىغان «نېمە ئۈچۈن داھى چىقمايدۇ؟» دېگەن بۇ قىرتاق سوئالغا بىر قىسىم كىشىلەر «بىز چىققىلى قويمايمىز.» دېسە، يەنە بەزىلەر «ئېكسىلەر چىققىلى قويمايدۇ.» دەپتۇ. مەنچە شارائىت ۋە پۇرسەت ئاملى ھالقىلىق رول ئوينايدىغان سەۋەپ. مەن بەزى ئۇيغۇرلارنىڭ مەسلىلەرنى ئويلاشمايلا دائىم مىللەتنىڭ «ئىللەتلىرى»گە، «دۇنياۋي كۈچ» كە ياكى دۈشمەنىنىڭ ئويۇنىغا دۆڭگەپ قويۇشلىرىغا قوشۇلمايمەن، شۇڭا يۇقىرىقى جاۋاپقىمۇ سوكۇت قىلالمايمەن. بۇنداق دۆڭگەش ۋەتەندە ۋە مۇھاجىرەتتە رەھبەر ئاتىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ روھسىز، بىلىمسىز ۋە ئىقتىدارسىزلىقىنى ياپىدىغانغا باھانە بولىدۇ.

مەن ۋەتەندە قوشۇلغىدەك كارىۋان، ئەگەشكىدەك داھى تاپالماي ئىزدىنىپ سەپەرگە چىققانلارنى كۆرۈشتىن ۋە ئۇلارنىڭ يۈرەكنى قانىتىدىغان كەچۈرمىشلىرىنى ئاڭلاشتىن بۇرۇن، ئۇيغۇردىكى داھى ئىزدەش خاھىشى ھەققىدە ئىنچىكە ئويلىنىپ باقمىغان ئىكەنمەن. بۇنداق داھى ئىزدەپ چىققانلارنىڭ كۆپىنچىسى مىللەتكە خىزمەت

قىلىش ئىستىكىدىكى سەرخىللار ئىكەن. ھېيتىنىڭ ھارپا كۆنى بىر ئوقۇرمەن ئىنىمىز ئۇچۇر قىپتۇ. چەتئەلگە چىقىپ كەتكۈسى بار ئىكەن. مەن جاۋابەن «يېشىڭىز 35 تىن تۆۋەن، بالىلىرىڭىز يوق، كەسپىڭىز ئىنژېنېرلىق، كومپيۇتېر، بىناكارلىق قاتارلىق ساھەلەردىن بولمىسا ئاۋارە بولماڭ، جان باقالمايسىز» دەپتىمەن. ئىنىمىزنىڭ بەك كۆڭلىگە كەلدى بولغاي «مېنىڭ مەقسىدىم جان بېقىش ئەمەس، مىللەتكە خىزمەت قىلىش» دېگەندەك مەنىدە ئۇچۇر قايتۇرۇپتۇ. مەن «ئۆز جېنىنى باقالمىغان كىشى مىللەتنىڭ خىزمىتىنى قىلالمايدۇ، مىللەتنىڭ خىزمىتىنى ئاتايىن چەتئەلگە چىقمىسىمۇ باغرىدا ياشاپ، دەردىنى تىڭشاپ، كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ ۋەتەندە قىلسىمۇ بولىدۇ. تەرەققىياتلىق ئەللەرگە كەسپتە ئىلگىرلەش، ئىلىم ئېلىش ۋە جاھان كۆرۈش ئۈچۈن چىقسىڭىز بولىدۇ.» دېدىم.

ۋەتەندىكىلەرنىڭ داھى ئىزدەپ سەپەر قىلىشلىرىدىن پەرقلىق بولغان يەنە بىر ئىش، ۋەتەن سىرتىدىكىلەرنىڭ داھى تەربىيەلەش قىزغىنلىقىدۇر. «ئۇيغۇرلارغا داھى تەربىيەلەيمىز» دېگەن ئۇلۇغ نىيەتلەرنى كۆڭلىگە پۈككەن بىر قانچەيلەن بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئارزۇسىدىن سۆيۈندۇم. ئەمما قوللانغان ئۇسۇلىدىن قانائەت ھاسىل قىلالمىدىم. مەن بالىلارنىڭ يات ئەلدە بىر ئەمەلىي تېخنىكىغا ئىگە بولۇشىنى، جەمئىيەتتە جان باقالىغۇدەك ئىقتىدار ھازىرلىشىنى تەكىتلىدىم. سۆھبەتداشلىرىم «بىز جان باقىدىغان ئادەتتىكى ئادەملەرنى تەربىيەلىمەيمىز، داھى تەربىيەلەيمىز» دەپ رەت قىلىشتى. قارىغاندا، ۋەتەندىن چىقىپ داھى ئىزدەۋاتقانلار ۋە داھىلارنى ۋەتەن سىرتىدا يېتىشتۈرمەكچى بولغانلارنىڭ ئورتاقلىقى «داھىنىڭ جان باقىدىغان ئادەتتىكى ئادەم بولماسلىقى» ھەققىدىكى بىردەك تونۇشى بولسا كېرەك.

مەيلى داھى يېتىشتۈرمەكچى بولغانلار بولسۇن ياكى داھى ئىزدەۋاتقانلار بولسۇن كۆڭلىدىكى نامزاتنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭمۇ ئىنسانلار ئېھتىياجلىق نەرسىلەرگە مۇھتاج ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمايۋاتقاندەك قىلىدۇ. ئەگەر بۇنىڭغا قوشۇپ كىشىلەرنىڭ مەيلى ۋەتەندە ياكى ۋەتەن سىرتىدا بولسۇن ئىزچىل رەھبەرلەردىن رازى بولمايۋاتقانلىقىنى ئويلىساق، فۇرقان سۈرىسى يەتتىنچى

www.uyghurkitap.com

ئايىتىدە مۇشرىكلەرنىڭ پەيغەمبىرىمىز ھەققىدە « بىزگە ئوخشاش بازارلاردا (بىز تاماق يىگەندەك) تاماق يەيدىغان، (بىز ماڭغاندەك) مېڭىپ يۈرىدىغان بۇ قانداق پەيغەمبەر؟ ئۇنىڭ بىللە ئاگاھلاندۇرىدىغان بىر پەرىشتە نېمىشقا ئەۋەتىلمىدى؟» دېگەنلىرى ئېسىمىزگە كېلىدۇ. بۇنىڭدىن داھىي ھەققىدىكى بۇنداق تونۇش ۋە تەسەۋۋۇر ئىنسانلاردا قۇرئان نازىل قىلىنغاندىن باشلاپ ھازىرغىچە ئۆزگەرمىگىنى مەلۇم. شۇنداق بولغاچقا، ئارزۇلىغان داھىنى ھەم ئەتراپتىكى ئادەتتىكى ئادەملەردىن تاپالماسلىق، ھەم كېلەچەكتىكى داھىنىڭ ئادەتتىكى ئادەملەرگە ئوخشاپ قېلىشىنى خالىماسلىق مەۋجۇد. خۇددى كۆز ئالدىمىزدىكى پاجىئەنى كەلگۈسىدىكى باللار ھەل قىلىپ بېرىدىغاندەك، ئوقۇشسىز قالغان، تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرگە دائىر ئەقەللىي ساۋات ياكى بىلىمدىن بىخەۋەر باللارنى داھىي قىلىمىز دەپ دىنغا زورلاپ، زاكات ۋە زەللىدىن ئايرىلسا ئادەتتىكى ئىنساندەك ياشىيالمايدىغان قىلىپ قويۇش سەمىمىيەتسىزلىكتۇر.

مەنمۇ بۇرۇن ئارىمىزدىن بىرەر داھىي چىقىشى بىلەن ئەھۋالىمىز بىراقلا ياخشىلىنىپ كېتەرمىكىن دەپ ئويلىغان بولۇشۇم مۇمكىن، داھىلارنى ئاشۇنداق «جان باقمايدىغان» ئالاھىدە سۈپەتتە تەسەۋۋۇر قىلغان بولۇشۇممۇ مۇمكىن. لېكىن ھازىر ئۇنداق ئويلىمايمەن. تارىختا ئۆتكەن داھىلار شۇنداق ئادەملەر ئىكەنكى، گۇناھ ۋە ساۋاپلىرى تولۇق تېپىلىدىغان نۇقسانلىقلاردىنكەن. تارىختا بىزدىنمۇ داھىي ۋە داھىسىمان كىشىلەر چىققانىكەن. كۈنىمىزدە داھىسىمان ئىنسانلار چىققان مىللەتلەرمۇ بىزدىن بەك ئۇزاپمۇ كەتمەپتۇ. مەسىلەن: بىزگە قوشنا بولغان قىرغىزلاردىن ئايتىماتوف، تىبەتلەردىن دالايلاما ۋە پاكىستانلىقلاردىن ئابدۇسالام قاتارلىق داھىسىمان سىياسىيونلار، دۇنياۋىي ئەدىپلەر ۋە فىزىكچىلار چىقىپتۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ مىللىي مەۋجۇدلىقىمۇ شاخلاپ كەتمەپتۇ. تارىخدا ھېچ بىر سىياسىي داھىي چىقىپ باقمىغان كورىيە، سىنگاپور، ئىستونىيە دېگەندەك ئەللەرمۇ تالاي ئىكەن، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىسمى دۇنيا خەرىتىسىنىڭ يوغان يېرىگە يېزىقلىق، دۆلىتى كۆچمەنلەرنى ماگنىتتەك تارتماقتا. شۇڭا بىر مىللەتتىن داھىي چىقسىلا ھالى ئوڭشىلىپ كېتىدۇ، دەپ قاراش ئەمەلىي ئەمەس. مەنچە ئەھۋالىمىزنى

ئۆزگەرتىدىغىنى ئارىمىزدىن چىقىدىغان بىر سىياسىي ساھەدىكى داھىي ئەمەس، ھەر قايسى ساھەلەردىن يېتىشىپ چىقىدىغان تۈركۈملىگەن داھىسىمان كىشىلەر بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار باشقا بىرسى ئەمەس دەل ئۆزىمىز، ئايالىمىز، دوستىمىز بەلكى پەرزەنتلىرىمىز بولۇشى چوقۇقۇم. مەنچە ئارىمىزدا نۇرغۇن كىشى «داھىي يوق،» دەپ ئولتۇرۇپ كۆز ئالدىدىكى داھىلارنى كۆرمەي، ئۆزىدىكى داھىلىق تالانتى ۋە ئىستىقبالىنى ئىسراپ قىلىپ، پۇرسەتلەرنى قولدىن بېرىپ قويۇۋاتقان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

كىچىكىمدە كىشىلەرنىڭ داھىلارنى سۆيۈپتىن ئىزدەيدىغانلىقىنى ئاڭلىغان، شۇ ئارزۇدا مىڭلاپ تۇزۇپ كېتىپتىكەنمىز. ھازىر بىر قىسىملار باشچىلارنى ياۋرۇپا - ئامېرىكىدىن، بەزىلەر سۈرىيەدىن ئىزدەۋاتقاندەك قىلىدۇ. ئەمما مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەن، نەدە يىقىلغان بولساق، شۇ يەردىن دەس تۇرىمىز. ئاللاھ شانلىق ئەجداتلىرىمىزنى نەگە ياراتقان بولسا پارلاق ئەۋلادلىرىمىز شۇ يەردە ياشايدۇ، يات تۇپراقتا يا قۇرۇپ يوقۇلىمىز يا سىڭىپ. ئەسلى ئۇرىقىمىز نەگە سېلىنغان بولسا شۇ يەر بىزگە خاس، كۆچىمىز نەدە ئۆسكەن بولسا شۇ يەر بىزگە ماس. كۆچۈرۈلگەن مايسىغا قاراپ ئولتۇرساق ھاۋا، سۇ، تۇپراق ياقماي قالسا قۇرۇپ ئۇغۇت بولىدۇ خالاس.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## دېموكراتىيەنىڭ گۈزەللىكى

تۈركىيەگە يېڭى كېلىپ بەزى ئىشلار يامان غەلىتە كۆرۈنۈپ كەتتى. بولۇپمۇ ھەپتە ئۈكسىمەي بولۇپ تۇرىدىغان نامايىش. ساقاللىق ساقالسىز، ياغلىقلىق ياغلىقسىز، ئاي يۇلتۇزلۇق بايراق، ئۈچ يۇلتۇزلۇق بايراق، ئورغاق بولقىلىق بايراقلارنى كۆتۈرۈۋالدىغان نامايىشچىلار مەيدانلارنى تولدۇرۇپ تۇراتتى - يۇ، قانداق تۇيۇقسىز پەيدا بولغان بولسا شۇنداق بىتۇيۇق غايىپ بولۇشاتتى. قىزىقارلىقى ماۋزېدوڭغا چوقۇنىدىغان ياشلار، ماركسنىڭ رەسىملىرىنى كۆتۈرۈپ تەشۋىقاتقا مەشغۇل بولىدىغان قىزلار... بۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنى كىشىلەر كوردلار دەيدىكەن، سانى ئاز ئىكەن. ئەمما پائالىيەتلىرى كۆپ ۋە جانلىق ئىكەن. ئۇزاق بوپتىكەن ئېزىلگۈچى خەلقلەر، جاھانگىرلىك، ئىمپىرىيالىزم، ئېكسپالاتاتسىيە دېگەن سۆزلەرنى ئاڭلىمىغىلى. تۈركىيەدىكى بىر قىسىم ئاز سانلىقلار ۋە كوردلارنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان خەلقلەرنىڭ دېموكراتىك پارتىيىسىنىڭ بەزى يىغىنلىرىدا يۇقىرىقى سۆزلەرنى ئاڭلاپ قىزىقىپ قالدىم.

تۈركىيە پارلامېنتىدا ئاساسلىقى ئاتا تۈرك پرىنسىپلىرىنى قوللىنىدىغان جۇمھۇرىيەت خەلق پارتىيەسى (قىسقارتىلمىسى ج خ پ)، تۈركچىلىك، تۇرانچىلىق ۋە دۆلەتچىلىك ئىددىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان مىللىيەتچى ھەرىكەت پارتىيەسى(م ھ پ)، مۇسۇلمانلىقنى مەركەز قىلىدىغان ئادالەت ۋە تەرەققىيات(كالكىنما) پارتىيەسى (ئا ك پ) ۋە تۈركىيەدىكى كوردلار ۋە باشقا «ئېزىلگەن»لەرنىڭ ھوقۇقىغا داۋاگەر بولىدىغان خەلقلەرنىڭ دېموكراتىك پارتىيەسى (خ د پ) دىن ئىبارەت تۆت پارتىيە بولۇپ، بۇلارنىڭ پارلامېنتتىكى ۋەكىللىرى تۈركىيەنىڭ سىياسىتىنى تارتىشىپ دۆلەتنى سورىشىدۇ. يۇقىرىقى پائالىيەتچان كوممۇنىستلارنىڭ كۈچى ئاجىز بولۇپ، مۇشۇ كۈنگىچە پارلامېنتقا كىرەلمىدى.

تۈركىيەدىكى تەقرىبەن توقسان پىرسەنت كىشىلەرنىڭ ئىددىيەسى يۆلىنىشى تۆت پارتىيەنىڭ تەشەببۇسلىرى بىلەن باغلىنىپ كېتىدىكەن. بۈندىن يۈز يىللار بۇرۇن تۈركىيەنى قۇتقۇزۇش ئۇرۇشىغا قەشقەردىن كېلىپ قاتناشقان ئۇيغۇر ئەۋلادى ئوغۇز ئاكامنىڭ ئۆيىدە بۇ پارتىيەلەرنىڭ ئەزالىرىنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم. ئاكىمىزنىڭ كىچىك قىزى دىنغا بەكرەك مايىل بولۇپ ئاق پارتىيەنى قوللايدىكەن، چوڭ قىزى مىللىيەتچىكەن، ئايالى جۇمھۇرىيەت خەلق پارتىيەسىنى ياقلايدىكەن. ئاكىمىز ھېچ قايسىنى قوللىمايدىكەن، ھەممىسىنىڭ ئەيىبلىرىنى تېپىپ نارازى بولۇپ تۇرىدىكەن. مىللىيەتچى ھەرىكەت پارتىيەسىنى 47 يىلدىن بېرى ئاران ئىككى لىدەر چىقاردى، دىموكراتىك ئەمەس دەپ ياراتمايدىكەن؛ جۇمھۇرىيەت خەلق پارتىيەسىنى تەييارتاپ بيۇروكراتلار دەيدىكەن، ئاق پارتىيەنىڭ لىدەرى ئەردوغاننى سەممىيەتسىزلىك، ئىككى يۈزلۈكتە تەنقىدلەيدىكەن. مەن ئۇ ئۆيگە بارغىنىمدا چوڭ قىزى ئابدۇرېھىم ھېيتنىڭ ناخشىلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغانىكەن، بىر مۇنچە ماختاپ بەردى. كىچىك قىزى ۋەتەندىكى روزا ۋە ناماز ئەھۋالىنى سورىدى، ئايالى ئەردوغان ھۆكۈمىتىنىڭ سۈرىيەلىكلەرگە بەرگەن ئىمتىيازلارنىڭ ھېچ بىرىنى ئۇيغۇرلارغا بەرمىگەنلىكىدىن ئاغرىندى. مەن ھېلى ئۇنىڭغا قاراپ، ھېلى بۇنى تىڭشاپ ئولتۇرۇپ، ئۇيغۇر مەسىلىسىنىڭ تاماشابىنىغا ئايلىنىپ قالدىم.

نويابىردا ئىككىنچى قېتىملىق سايلام نەتىجىسى ئېلان قىلىنىدىغان كۈنى بىر ئاغىنىمىز ئۆيىگە چاقىردى. ھەممەيلەن سايلام نەتىجىسىنى كۈتۈپ تېلېۋىزورغا قاراپ ئولتۇردۇق. سورۇندىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى تۈركىيە پۇقراسى بولغاچقىمىكىن كەيپىياتى خېلىلا ئەستايىدىل ئىدى. تېلېۋىزورنىڭ ھەممە قاناللىرىدا دېگۈدەك ھەر قايسى رايونلاردىكى سايلام ساندۇقلىرىنىڭ نەتىجىسى ئېلان قىلىنىپ تۇراتتى. ئاخىرى ئادالەت ۋە كالكىنما پارتىيەسى (ئاك پارتىيە) 49 پىرسەنتتىن يۇقىرى ئاۋازغا ئېرىشىپ، ھۆكۈمەت تەشكىللەش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈردى. شۇ كۈنى كېچىدە مەزكۇر پارتىيەنىڭ باشقانى ئاھمەت داۋۇت ئوغلى ئەنقەرەدە تەبرىك نۇتقى سۆزلەيدىكەن. غەلىبە شاتلىقىدىكى دوستلىرىمىنىڭ ئوتتەك قىزغىنلىقىغا زورىغا ماسلىشىپ ئۆيىدىن مەيدانغا قاراپ يولغا چىقتۇق ۋە قاتناشتىكى نەچچە ئون

www.uyghurkitap.com

كېلومېتىر ئۇزاقلىقتىن باشلىنىپ كەتكەن قىستاڭچىلىقتا قاراپ ۋاز كەچتۇق. سايلام نەتىجىسىنى كۈتۈپ شۇ ۋاقىتقىچە ئۇخلىمىغان ئەنقەرەدىكى ئاق پارتىيەلىكلەر، كونيادىن كېلىپ نۇتۇق سۆزلەيدىغان رەھبىرىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن كوچىلارغا ئۆزىنى ئاتقان ئىدى. مەن ئادەتتە گۇركىرىگەن ئاۋازلاردىكى بۇنداق ھاياجان ۋە قىزغىنلىقنىڭ، قىزارغان چىرايلار ۋە چاقنىغان كۆزلەردىكى بۇنچىلىك شاتلىقنىڭ تېگىگە يېتەلمەيتتىم. چۈنكى مەن «كىم باشقۇرسا باشقۇرسۇن سىڭگەن نېنىمىزنى يەيلى» دەيدىغان كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا چوڭ بولغان ئىدىم. لېكىن مەندەك مۆھتتا چوڭ بولغان قېرىنداشلىرىم ئالللىقاچان تۈركىيەدىكى دېموكراتىيەدىن يۇقۇملىنىپ بوپتۇ.

شۇ كۈنى دوستلاردىن ئۇلاردىكى بۇ قەدەر ھاياجاننىڭ مەنبەسىنى سوراپ باققۇم كەلدى. ئالدى بىلەن ماڭا قىزىق تۇيۇلغان بىر ئائىلىدىكى ئۈچ پارتىيە مەسلىسىنى ۋە بۈگۈنكى كوچىلارنى تولدۇرىۋەتكەن ھاياجانلىق كىشىلەر ھەققىدە ئېغىز ئاچتىم. سۆھبەتتىكى بىر دوختۇر دوستۇمنىڭ گېپى ھازىرغىچە قۇلاق تۈۋىمدە «ئاداش بۇ دېگەن دېموكراتىيەنىڭ ئەۋزەللىكى. سايلامغا قاتنىشىش، نامايىشتا نارازىلىقىڭنى بايان قىلىپ ۋارقىراش، دۆلەتنىڭ كەلگۈسى ھەققىدە مۇنازىرىلىشىش، ۋەتىنىڭنىڭ كۈچلىنىشى ئۈچۈن باج تاپشۇرۇش، ھەممىنى ئىچىگە يۇتالمايدىغانلار بىلەن تەشكىللىنىپ، ختاپنامە ئېلان قىلىپ، بايانات جاكارلاپ ھەرىكەتلىنىش دېگەنلەر كىشىگە زوق بېرىدىغان باشقىچە بىر تۇيغۇ ئىكەن!» دەپ قالدى. ماڭا دېموكراتىيەنىڭ ئەۋزەللىكى دېگەن سۆز تولىمۇ سۆيۈملۈك ئاڭلاندى. دېمىسىمۇ شۇ، ئەۋزەللىك كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدۇ، مەھلىيا قىلىدۇ، تەلپۈندۈرىدۇ. ئۈچ پارتىيەگە مەنسۇپ كىشىنى بىر ئۆيدە ياشتالىغان، تۆت پارتىيەگە مەنسۇپ بىر توپ كىشىلەرنى بىر دۆلەت ئۈچۈن ئىشلىتەلىگەن، كىشىلەرنى ھېچ بىر بۇيرۇقسىز كوچىلارغا سەلدەك ئاققۇزالىغان ۋە تېپتىنچ ئۆيلىرىگە ياندۇرالىغان سەۋەپ دېموكراتىيەنىڭ ئەۋزەللىكى بولماي نېمە!

## دىلدا دىيانەت قولدا تىجارەت

ئۆمرە جەريانىدا ئەرەبىستاندىكى شاھ ئابدۇللاھ ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە مەدىنە ئۇنىۋېرسىتېتىكى ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن ئۇچراشتىم. مەدىنە ئۇنىۋېرسىتېتىدا تۈرلۈك دىن ئىلىملىرىدە ئوقۇۋاتقان ئىجتىھادلىق ئوقۇغۇچىلار بىلەن مۇڭدىشىپ سۆيۈندۈم ۋە ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقلار بەدىلىگە ئېرىشىۋاتقان غەلىبىلىرىدىن ئىپتىخارلاندىم. مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېتتا يۈزدىن ئارتۇق ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى ئوقۇيدىكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر قىسمىلىرى ئىچكىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتكۈزۈپ دىنىي بىلىملەرنى كامىل ئۆگىنىشكە كەپتۇ. بۇلار مۇككەممەل پەننىي بىلىملەردىن خەۋەردارلىقى، ئوخشىمىغان مەدەنىيەتكە مەنسۇپ رايونلاردا ياشاپ باققانلىقى، بىر قانچە تىلغا كامىللىقى سەۋەبىدىن، باشقا ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلاردىن مەسىلىلەرنى چۈشىنىش، تەھلىل قىلىش ۋە خۇلاسىلەپ ئوتتۇرىغا قويۇشتا پەرقلىنىدىكەن. ئۇلار ئۇيغۇرچە كىتاب ۋە ماقالىلەرنى ئوقۇپ تۇرىدىكەن. تورلاردا ئەركىن سىدىق ئاكىمىزنىڭ، ئىنىمىز تۇرسۇنجان بىلگەنىڭ، ئابدۇرېھىم ئابلەتخانىنىڭ ئەسەرلىرىگە ئامراقكەن، بولۇپمۇ بىلىمخىمار ئاكىمىزنىڭ سادىق ئوقۇرمەنلىرىدىن ئىكەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىسلام چۈشەنچىسى ھەققىدە ئىزدەنمەكچى بولغان ئىنىمىز ئۆتۈق (ياسىما ئىسىم) بىلەن بۇ ھەقتە تەپسىلىيرەك پاراڭلاشتۇق ۋە بىر قىسىم قاراشلىرىمىزنى ئورتاقلاشتۇق. ئۇنىڭ بۇ تېمىنى تاللىشىغا ئەرەب ئۇستازلارنىڭ «سىلەردە ئىسلام مۇتەپەككۇرلىرى بولغانمۇ؟» دېگەن سۇئالى سەۋەب بولۇپتۇ.

مەدىنىدىكى ئوقۇغۇچىلار بىلەن بولۇنغان سۆھبەت جەريانىدا ئەرەب دۇنياسىدا ئۇيغۇرلارغا ئائىت ئەرەبچە ئىلمىي كىتابلارنىڭ كەملىكى، بولۇپمۇ ئابدۇلئەزىز چىڭگىزخان داموللام، دوكتۇر ئابدۇقادىر تاش ۋە مۆھتەرەم رەھمۇتۇللاھ ھاجىدىن باشقا ئۇيغۇر ئۆلىمالارنىڭ قولىدىن چىققان مەخسۇس تەتقىقات ئەسەرلىرىنىڭ ئازلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. تېخى يېقىندىلا بىر ئەرەبچە گېزىتتە ئۇيغۇرلار ھەققىدە خاتا، چالا

ۋە تەرەپبازلىق بىلەن مەلۇمات بېرىلگەنلىكنى، بۇنىڭغا رەددىيە بەرگەندەك ماقالىنىڭ يېزىلمىغانلىقىنىڭ ئەپسۇسلۇقلىرى بايان قىلىندى. ئەرەبىستاندا چىقىدىغان مەخسۇس ئۇيغۇرچە ئىسلام تەتقىقاتىغا بېغىشلانغان «مەرىپەت» دېگەن ژۇرنالمۇ ئەسەرسىز قېلىنلىۋېتىپتۇ. بۇ ھەقتىكى مۇلاھىزىدە 80 - يىللاردىن باشلاپ ئەرەبىستانغا ئوقۇشقا كەلگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى ۋەتەندە پەقەت قارىلىقتا ئوقۇپ، مۇكەممەل پەننى مائارىپتا تەربىيەلەنمىگەن بولغاچقا ئۇيغۇرچە يېزىقچىلىقتا قېينىلىدىغانلىقى، نەتىجىدە ئەرەبچە يېزىقچىلىقتىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولالمىغانلىقلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. شۇئان ئېسىمگە 2005 - يىلى تۈركىيەدە بىرەيلەننىڭ بىزدىكى دىن ئوقۇيدىغانلار ئارىسىدىن نوپۇزلۇق دىنى كىتابلارنى يازىدىغان ئەمەس، ئۇيغۇرچىغا قاملاشتۇرۇپ تەرجىمە قىلالايدىغانلارنى تاپماقنىڭمۇ تەسلىكىنى دېگەنلىكى ئېسىمگە كەلدى. دېمەك، كىشىلەر ئادەتلىنىپ كەتكەن قۇرئاننى يادىلاشقىلا يېپىشىپ، چۈشىنىپ ئەمەل قىلىشقا ۋە ئۇيغۇرچە چۈشەندۈرۈشكە سەل قاراش، باللارنى قارى قىلىشقىلا ئالدىراپ پەننى مائارىپقا سەل قاراش، تەرجىمە تەبلىغ ۋە كىتابلارنى تارقىتىشقىلا كۆچىنىپ، مۇستەقىل تەپەككۇر ۋە يېزىقچىلىققا سەل قاراش قاتارلىق يېتىشسىزلىكلەر سەۋەبىدىن، ئۆلىمالىرىمىز ئون يىللاپ ئەرەب ئەللىرىدە تۇرغان بىلەن يا تارىخىمىز، مەدەنىيىتىمىز ۋە بۈگۈنكى ھالىمىزنى دۇنيا مۇسۇلمانلىرىغا ئەرەبچە يېتەرلىك چۈشەندۈرەلمەي، يا دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ تەپەككۇر مېۋىلىرىنى تاسقاتىن ئۆتكۈزۈپ، خەلقىمىزنى ئىستىقبال مەنزىلگە باشلاشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالماي تەمتىرەۋاتقاندەك قىلاتتى.

ئۆلىمالىرىمىزنىڭ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتلىرىنى ئادا قىلالماسلىقىدىكى سەۋەبلەر ھەققىدە مۇلاھىزە قىلىشقىنىمىزدا ئوقۇغۇچىلار ساۋاقداشلىرىنىڭ ئىلىمگە ساداقەتسىزلىكى، سۆرەلمىلىكى ۋە ئىقتىسادقا بېرىلىپ كېتىشى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. سۆھبەتداشلار مۇكاپاتلىق ئوقۇۋاتقانلارنىڭ پۇلغا بېرىلىپ كېتىشنى بىر ئەيىپ سۈپىتىدە تىلغا ئېلىشىپ نارازى بولۇشتى. مەكتەپتە بۇنداق ئوقۇغۇچىلارغا «دوللار قارىلار» دەپ لەقەم قويۇلغانىكەن. بەلكىم ئۇلارنىڭ تىجارىتى ۋەتەندىكىلەر بىلەن دوللار ئىشلىتىلىپ

داۋام قىلغاچقا شۇنداق لەقەملەنگەن بولسا كېرەك. ئەلۋەتتە مەن بىلەن ھەمسۆھبەت بولغانلار ئىلمگە، كىتابقا ۋە ئىلمىي سۆھبەتلەرگە ھېرىسمەنلەر ئىدى. ئۇلارچە ئوقۇش ئۈچۈن كەلگەن تالىپلارنىڭ مۇكاپاتلىق داۋام قىلىۋاتقان ئوقۇشىنى نەتىجىلىك پۈتكۈزۈشكە تىرىشىماي تىجارەتكە كىرىشىپ كېتىشى تەنقىدكە لايىق ئىدى. كۆزىتىشىمچە مەيلى ۋەتەندە پەن ئوقۇۋاتقانلاردا بولسۇن ياكى ئەرەب ئەللىرىدىكى تالىپلاردا بولسۇن بىر قانچە ئورتاق مەسىلە مەۋجۇد ئىكەن. بىرى، رېئاللىقتىكى، جەمئىيەتتىكى ۋە ھاياتتىكى مەسىلىلەرنى ئۆزى ئوقۇۋاتقان كەسپ نۇقتىسىدىن چۈشىنىشكە، چۈشەندۈرۈشكە، تەھلىل ۋە تەپەككۇر قىلىشقا ئادەتلەنمەسلىك ياكى ماھىر بولماسلىق ئىكەن. 2015 -يىلى يازدا ئەزھەردە ھەدىسشۇناسلىقتا ئوقۇۋاتقان بىر ئىنىمىزنىڭ يىغىلىشىغا قاتنىشىپ، يېرىم سائەتتەك ئولتۇرۇپ تالىپلارنىڭ ئاغزىدىن نە بىر ھەدىسنىڭ تەدبىقىنى، نە بىر ئايەتنىڭ تەبلىقىنى ئاڭلىيالماي قوپۇپ كەتكەنىدىم. يەنە بىر سەۋەپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەدە ئوقۇش ۋە نېمە ئوقۇشنى ئاتا-ئانىسىنىڭ زورى بىلەن تاللىغانلىقى ئىكەن. قاماقتا ياتقان چاغلىرىمدا سۇرىيەدە ئىككى يىل دىندا ئوقۇغان بىر زەھەر ئەتكەسچىسى بىلەن تونۇشۇپ قالغانىدىم. ئۇنىڭدىن ئاڭلىشىمچە بىر قىسىم ئاتا - ئانىلار ۋەتەندە باللىرىنىڭ ئاققا، كەيپكە ئۆگىنىپ بۇزۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ئەرەبىستان، مىسىر، قاتار، يەمەن قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئىسلامىي بىلىملەرنى ئوقۇشقا چىقىرىۋېتىدىكەن. ۋەتەندە پەندە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ لاياقەتسىزلىرىمۇ يۇقىرىقىدەك ئائىلىسىنىڭ زورى بىلەن ئوقۇۋاتقانلاردۇر. ھازىر دىندا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپى مىسىردا بولۇپ ئۈچ مىڭدىن ئاشارمىش. ئەرەبىستاندىكى ئوقۇشنى ساقلاپ راباتلاردا ياتقانلارنى چىقىرىۋەتكەندە رەسمىي ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئوقۇۋاتقانلار ئىككى يۈزدىن ئاشىدىكەن. ئىگىلىشىمچە 1980 -يىللاردىن ھازىرغىچە بولغان 30 يىل جەريانىدا دەسلەپتە پاكىستان، ئاندىن مىسىر، ئەربىستان، يەمەن، قاتار، ئىمارات، سۇرىيە قاتارلىق ئەرەب ئەللىرىدە دىندا ئوقۇغىلى چىققانلار ئەڭ ئاز مۆلچەرلىگەندىمۇ ئوتتۇز مىڭغا يېتىدىكەن، ئەمما بۇلاردىن ئۇيغۇرچە كىتاب يازغىنى، يېزىۋاتقىنى ئونغا يەتمەيدىكەن. ئەگەر ئوقۇشقا ھەقىقىي مۇھەببىتى بولغانلار چىققان بولسا، ئوقۇشنىڭ زادى قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلگەنلەر چىققان بولسا، ھەم ئۇيغۇرنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

هەم دۇنيانى چۈشىنىدىغانلار چىققان بولسا، ھەم پەننى ھەم دىننى سۆيىدىغانلار چىققان بولسا بەلكىم ئۇتتۇزمىڭ ئادەمدىن ئۇتتۇزى كېرەككە كەلگەن بولاتتى.

سۆھبەتداشلىرىمىزغا دېمىگەن بىلەن «دوللار قارىلار»نى قارىلاشقا تىلىم بارمىدى. ئوقۇشقا ھەققىي بېرىلمىگەندىكىن ئۆزىنى ۋە ئۆزگىنى ئالداپ موللا قىياپەتلىك تىجارەتچى بولىۋالماي، تىجارەتچىلا بولۇپ كەتسە ھېچ يامىنى يوق. موللا- ئۆلىما ۋە قارىلار تىجارەت قىلسا بولمايدۇ دېگەن قائىدىمۇ يوق. تىجارەت دېگەن پەيغەمبىرىمىزدىن قالغان ئىش. خەلقىمىزدىكى «موللىنى بۇزغان بىر قاچا ئاش» دېگەن ماقالمۇ مۇھتاجلىقنىڭ ئىنساننى نە كويلارغا سالىدىغانلىقىدىن ئۇچۇر بېرىپ تۇرۇپتۇ. شۇنى دېگۈم كېلىدۇ، ئاشۇ جاھان كۆرگەن ئۇتتۇز مىڭ تالىپنىڭ يىگىرمە مىڭى ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۈمىدى، جەمئىيەتنىڭ زورى ۋە شۆھرەت تاماسى بىلەن موللىلىق كوچىسىدا قىستىلىپ يۈرمەي، تىجارەتلا قىلغان بولسا ئاۋۋال ئۆزىگە، جەمەتىگە ۋە ئۇيغۇرنىڭ خەلقئارا سودىدىكى ئورنىغا كۆپ پايدىسى تېگەر بولغىيدى، بەلكىم. سېلىشتۇرۇپ باقسام شاھ ئابدۇللاھ ئۇنىۋېرسىتېتىدا پەن ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلاردا تىجارەت قىلىدىغان ئەمەس بۇ ھەقتە ئويلىشىدىغانلارمۇ يوق ئىكەن. بىرەيلەن تېخى ئۈندىدار توپىدىكى سەككىز يۈزدىن ئارتۇق قېرىندىشىمىزغا بىلىم بەرگىلى تۇرۇپتۇ. چۈنكى بۇلار ئوقۇشنى ئۆزى تاللىغان، كەسپنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئۇلارنى پاراغەتلىك تۇرمۇشقا ئىگە قىلغان، ئوقۇشنى تاماملىسا خىزمەت ئورنىنى ئۆزى چېكىپ تاللايدۇ. دىن ئوقۇغانلارچۇ؟ ئوقۇپ بولۇپ نەدە نېمە ئىش قىلىدۇ؟ نېمە بىلەن تۇرمۇشنى قامدايدۇ؟ نەدە، كىم ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ؟ مۇشۇلارنى ئويلىغىمىزدا دوللار قارىلارغىمۇ مەدەت بەرمەي تۇرالمايمىز.

ئۆتتۆق ئىنىمىز مەدىنىدىن ئايرىلىدىغان كۈنۈم خوشلىشىشقا كەلدى. ساۋاقداشلىرى ئۇلارغا قانداق تەۋسىيەلىرىم بارلىقىنى سوراپتۇ. ئوخشىمىغان ئەللەردە دوكتورلۇققىچە ئوقۇش، قولىغا قەلەم ئېلىش، جامائەتلىشىش ۋە ھەمكارلىشىشتىن ئىبارەت ئۈچ تەۋسىيەمنى دەپتىمەن. ئويلاپ باقسام سەل چالا بولۇپ قاپتۇ. ئەسلى، دىندا ئوخشىمىغان دۆلەتلەردە دوكتورلۇقتا ئوقۇش بىلەن بىرەر ئەمەلىي تېخنىكىنى

ئۆگىنىشنى بىرلەشتۈرۈش، جامائەتلىشىپ ياشاش بىلەن ھەمكارلىشىپ تىجارەت قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش، ئوقۇپ بولۇپ يېزىشتا ئەمەس، يېزىپ يۈرۈپ ئوقۇشتا چىڭ تۇرۇشنى تەكىتلىسەم بولغانىكەن. دوللار قارىلارغا سالاملار بولسۇن، ئەمما دوللارغىلا دۇم چۈشسە قارى بولالمايدۇ، دوللارسىز قارى بولۇپ قالسا تېخىمۇ بولمايدۇ. دىلىدا ئىمان، قولىدا شىركەت، يانچۇقىدا دوللار بولسا تېخى ياخشى ئەمەسمۇ!

ئەسكەرتىش: 2015 -دېكابىر مەدىنە (مەزكۇر يازما تارقالغاندىن كېيىن ئاساسەن ئوقۇلماي خاتا چۈشىنىلگەچ «دوللار قارى» دېگەن ئەسلى ماۋزۇ ئۆزگەرتىلدى).

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## سەممىيەتنىڭ بەدەلى ۋە كونا ئاپەت

بەيتۇللاھتىكى تاۋاپ جەريانىدا ئويلىغانلىرىمنى يېزىپ، بۇ قەدەر قارشىلىققا ئۇچرىشىمنى ئويلاپ باقماپتىكەنمەن. ئۇيغۇردا ئىككى ھەرەم زىيارىتى ھەققىدىكى تۇنجى خاتىرە 90 -يىللاردا يېزىلغان ئىدى. ئاپتورلار ئىللەتنى ئۇيغۇردىن ئىزدەپ ئالقىشلانغان، كىرنى ئۇيغۇرنىڭ تىرنىقىدىن تېپىپ ھۆرمەتلەنگەن، چارەسىز خارلىقنىڭ سەۋەبىنى «ناچارلىق»لىمىزغا دۆڭگەپ تەبرىكلەنگەنىدى. ھالبۇكى، مېنىڭ كېسەلنىڭ مەنبەسىنى مۇستەبىت تۈزۈمدىن، چىرىك ھاكىمىيەتتىن، ئادالەتسىز قانۇنلاردىن ئىزدەپ يۈرگۈزگەن مۇلاھىزەم بىر قىسىم ئوقۇرمەنلەرنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى.

90 -يىللاردىن باشلاپ مىللەتنى يىگىرمە يىلدىن ئارتۇق تەنقىت قىلغان ئىللەتچى يازغۇچىلار ئۇيغۇرنى ھورۇن، مەينەت، قوپال، ئەخلاقسىز... دەپ ئاغزىغا كەلگەنچە ھاقارەت قىلسا دەرھال چىنپۇتۇپ،«جاھاندا بىزدىن ئەسكى خەق يوق» دېيىشىپ بەرگەنلەر، مېنىڭ يازمامدىكى ئەرەبىستان ساقچىسىنىڭ ھاكاۋۇر، تۇڭ، مەسئۇلىيەتسىزلىكىگە ئىشىنىپ بولالمىدى. بۇ قانداق مەنتىقە؟ ئەجەبا مەككىدە ياشىمايدىغان پۈتۈن بىر مىللەت تەنقىدلەنسە بولىدۇ، كەبىدە ئىشلەيدىغان بىر قانچە ئەرەب تەنقىد قىلىنسا بولمامدىكەن؟ ئەرەبىستان بىلەن سېلىشتۇرغۇسىز شارائىتتا، رودىپايدەك چاپلاشقان بەختسىزلىكلەردىمۇ ئاللاھتىن ئۈمىدسىزلەنمەي ياشاۋاتقان چارەسىز ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەيىبى ئېچىلىپ ھۆرمىتى يەرگە ئۇرۇلسا مەيلى، بەيتۇللاھنىڭ باشقۇرۇلۇشتىكى يېتىشسىزلىكلىرى تىلغا ئېلىنسا كەبىگە ھۆرمەتسىزلىك قىلىنغان بولامدۇ؟ ئۇنداقتا پەيغەمبىرىمىزنىڭ «مۇسۇلماننىڭ ھۆرمىتى كەبىدىن يۇكسەك» دېگىنى يالغانمۇ؟ مەھەللىسىدىكى مەسجىدنىڭ مۇنچىسىنى سېلىش ئەمەس، بىر تال كېسەكنى يۆتكىيەلمەيدىغان ئۇيغۇرنىڭ يىگىنىدىن تارتىپ ئولتۇرۇپ قوپۇشلىرىغىچە نۇقسان ھېساپلىنىپ،

سەئۇدى جەمەتىنىڭ كەبە مەيدانىنى قىستاڭ قىلىپ، قەسىر سالغان مۇستەبىتلىكى قۇسۇرسىز سانىلامدىكەن؟ قەشقەرنىڭ «پاسكىنا» كوچىلىرىنى ھوزۇرلىنىپ سازايى قىلغان يازغۇچىلارنى ماختىغان چېغىمىزدا مەككىنىڭ مىسپىل كوچىلىرىغا دۈۋلەنگەن ئەخلەتلەر ھەققىدە ئويلانمامدۇق؟ قەشقەردىكى ئىللەتنى كۆپتۈرۈپ مەككىدىكى مەينەتنى يوشۇرۇش ئادىللىقمۇ، سەممىيەتمۇ؟ ئەقىدىمىز دىنىمىزغىمۇ ئادالەتلىك بولۇشنى بۇيرىغان تۇرسا نېمىشقا مۇسۇلمان ئۇيغۇرغا ئادىل بولمايمىز؟ رەسۇلىمىز «دىن سەممىيەتتۇر» دېگەن تۇرسا نېمىشقا مەككە ھەققىدە راست سۆزلىمەيمىز؟ ئۇيغۇرغا ئاشمىغان قەشقەرنىڭ مەڭزىدىكى نوقۇتتەك خالغا ئوپېراتسىيە پىچىقىنى دەڭلەپ، مۇسۇلمانىنىڭ ئىلكىدىكى مەككىنى بۇلغاۋاتقان مۇستەبىتلىكنى كۆرمەسكە سالغىنىمىز سەممىيەتمۇ؟

ھاجى قۇتلۇق قادىرىنىڭ «مۇقەددەس سەپەردىكى پاراڭلار» ناملىق ئەدەبىي خاتىرىسىدە «ئۇ دېگەن ئەرەب!» ماۋزۇلۇق بىر پارچە بار. ئەسەردە ئاپتور ئۈچ - تۆت ئۇيغۇرنىڭ مەككىدە ئەرەب شوپۇرنىڭ زوراۋانلىقىغا دۇچ كەلگەنىدە «ئۇ دېگەن ئەرەب» دەپ قورقۇپ، باش ئەگكەنلىكىنى ئېچىنىپ يازىدۇ. ئادەتتە ئىللەتچىلەرنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغانلار بۇنى ئۇيغۇردىكى قورقۇنچاقلىققا دۆڭگەيدۇ. شۇنىسى سىر ئەمەسكى، سەئۇدىنىڭ تۈزۈمىدە يەرلىك ئەرەب بىلەن مۇساپىر مىللەت، بولۇپمۇ ۋەتەنسىز ئۇيغۇر تەڭ بولالمايدۇ. يەرلىكلەر بىلەن بولغان داۋالاردا يېڭىلىپ بۇرنىغا سۇ ئەمەس قان كىرگەن ئۇيغۇرلار، شۇندىن كېيىن نەگە بارسا ئاشۇنداق ھەسرەت بىلەن «ئۇ دېگەن ئەرەب» دەپ دېمىنى ئىچىگە يۇتۇشقا مەجبۇر. بەلكىم بەزىلەرنىڭ مۇشۇنداق ئادالەتسىزلىكلەرنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇيغۇرنى سېستىسا چىداپ، ئەرەبنى تەنقىد قىلسا ئولتۇرالماسلىقى سەئۇدىنى كەبە دەپ چوقۇنۇش، قەسىرنىڭ خوجايىنلىرىنى قىبلىنىڭ ئىگىسى دەپ ئۇلۇغلاش، شاھلىقنىڭ دەخلىسىزلىكىنى شەرىئەتنىڭ دەخلىسىزلىكى دەپ چۈشىنىش دېگەنلەرگە ئوخشاش بىر تۇيغۇ بولسا كېرەك.

«دوللار قارى» (كېيىن دىلدا دىيانەت قولدا تىجارەت دەپ ئۆزگەرتىلگەن) دېگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سۆز يېقىندا ئۇيغۇرنىڭ پەخىرلىك ئۆلىمالىرى يىغىلغان ئۆلىمالار بىرلىكى ۋەكىللىرى بار بىر سورۇندا دېيىلگەن بولۇپ، مەن شۇ مەيداندا بۇ ھەقتە يازىدىغانلىقىمنى دېگەنىدىم. ئەمما سورۇندا دېيىلگەن تەپسىلاتنى ۋە كېيىن ئاڭلىغان نومۇسلۇق ۋەقەلەرنى يازغۇم كەلمىدى. چۈنكى بىز ئىنسانىنىڭ ئەيىبىنى ئېچىشقا ئەمەس يېپىشقا بۇيرۇلغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوقۇغۇچىلاردىكى ئىلمىدىن بەكرەك دوللارغا بېرىلىش مەسىلىسى ئومۇمى ھادىسىگە ئايلانغان بولۇپ، سەئۇدىدىكى دىن ئوقۇۋاتقانلاردىلا ئەمەس، تۈركىيەدە پەن ئوقۇۋاتقانلاردىمۇ ئوخشاشلا مەۋجۇد ئىدى. مەن شۇ سورۇندا ئىسمى دېيىلگەن تىجارەتچى قارىلارنى توغرا چۈشىنىش تەرەپتارى ئىدىم. ئەتراپىمدىكى موللا ئاغىنىلىرىم ئارىسىدىمۇ ئۇتۇقلۇق تىجارەتچىگە ئايلانغانلىرىمۇ خېلى بار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن يازمامدا سودىغا مەشغۇل ئوقۇغۇچىلارنى ئاقلاپ، ئۇلارنى «دوللار قارى»لىقتا ئەيىپلەشنىڭ نامۇۋاپىقلىقىنى يازدىم. كۈتۈلمىگەندە، مەن ئاقلاپ ئوتتۇرىغا چىققان قارىلارنىڭ مەسخىرىسىگە، ھەتتا «پاسىق» دېگەندەك قەبىھ سۆزلەر بىلەن قىلغان ھاقارەتلىرىگە ئۇچرىدىم. ھاقارەتلەنمىگەن غەمگۈزار ئاناممۇ قالمىدى. تەھدىتلەرمۇ كەلدى.

بىرەيلەن تېخى «بەيتۇللاھ زىيارىتىدىن كېيىن يازغۇچى ئابدۇۋەلى ئايۇپ ئەڭ چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزدى» مازمۇنلۇق ھۇجۇم خېتىنى كەڭ تارقىتىپ ئۈلگۈرۈپتۇ. ئاپتورنىڭ يازمامنى ئوقۇمىغانلىقى ماڭا «قارى قۇرئانلارغا لەقەم قويدى، سۈرە ھوجۇراتنىڭ 11 -ئايىتىنى كۆزگە ئىلىپمۇ قويمىدى» دېگەن تۆھمىتىدىن چىقىپ تۇردى. ئاپتورنىڭ ئاخىرقى قۇرلاردىكى «مېنىڭچە، يەنە قانۇنىنىڭ جازاسىغا ئۇچرىغۇسى بارمىدۇ، بىلمىدىم» دېگەن تەھدىتى، ئۇنىڭ «ئەھلى ئىلىملەرنى قوغداش» يولىدىكى ئارقا تىرىكىنى ۋە ھەقىقى مەقسىدىنى ئاشكارىلايدۇ.

يۇقىرىقىدەك ئىلىم ئىگىسىگە ئىلمىيلىك بىلەن مۇئامىلە قىلماي، ماقالىگە ماقالە بىلەن رەددىيە بەرمەي، ئەكسىچە پىكىر قىلغانغا ھۇجۇم قىلىدىغان، تەنقىد قىلغۇچىغا تەھدىت سالىدىغان، ھەتتاپەرقلىق چۈشەنچىدىكىلەرنى زاماندىكى قۇدرەتكە تايىنىپ جازالىتىۋېتىدىغان قىلمىشلار، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى كونترول قىلىپ

كەلگەن مۇستەبىتلىك سەۋەبىدىن يىلتىز تارتقان. مەرھۇم جەدىتچى ئابدۇقادىر داموللامنى ئۆلتۈرگىنى پۇل ئۈچۈنلا قولىغا پىچاق ئالغان ساۋاتسىز كىشى ئەمەس، بەلكى داموللامنىڭ يېڭىچە مائارىپ ئىددىيەسىگە قارشى مەيداندىكى ئەمەت ئىسىملىك ئىلىم ئەھلى مەزىن ئىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى تۇتۇپ بەرگەنمۇ شائىرىمىز ئۇستىدىن گەپ تارقىتىپ كۆرەلمەيدىغان مەدرىسىتىكى ساۋاقدىشى روزا موللا ئىدى.

2013 -يىلى ئىيۇندا بىر ئوقۇرمەنىم ئۆلىما چىقىپ قېلىپ بەكمۇ ھاياجانلاندىم. ئۇ كىشىنىڭ ئۇيغۇرچە تەپسىر يېزىۋاتقانلىقىدىن پەخىرلەندىم. ئەمما ئۇ بىر دوستى بىلەن ئۆزى تەشەببۇس قىلىۋاتقان ۋاھابىزىمنىڭ دىيارىمىزدا قىسىلىۋاتقانلىقىنى سۆزلىشىپ كېلىپ، غۇلجىلىق بىر ئوقۇغۇچىسىغا ۋاھابىلارغا قارشىلارنى، چاقىقانلارنى ئوخشاش ئۇسۇلدا قانۇن ئورۇنلىرىغا چېقىش ھەققىدە مەسلەھەت بەرگەنلىكىنى دەپ قالدى. مەن قۇلاقلىرىمغا ئىشەنمەي، بۇنداق دېيىشىنىڭ دىنىمىزدىكى ھۆكمىنى سوراپ تۇرۇۋالدىم. ئۇ ھېچ ئىككىلەنمەي قۇرئان ۋە ھەدىستىكى دەلىللەرنى سۆزلىۋىدى، سۆھبەتنى شۇ يەردە چىرايلىق ئۈزۈپ خوشلاشتىم. چۈنكى مەن دىندار مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى چۈشەنچە ئوخشىماسلىقنى دۈشمەنلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرىدىغان، دىنداشنى دىندىن خالىي كۈچكە تايىنىپ ئۈجۈقتۇرماقچى بولغان كىشىنىڭ ھەرقانداق پەتىۋالىرىنى رەت قىلاتتىم.

پەرقلىق چۈشەنچىدىكىلەرنى نوپۇزغا تايىنىپ بوغۇش خاھىشى يېقىنقىدەك ئۆلىمالارغىلا خاس ئەمەس. 1993 -يىلى بېيجىڭدىكى مەن ئوقۇۋاتقان فاكۇلتېت ئىككىنچى فاكۇلتېت دېگەن ئېنىقسىز نامدىن قۇتۇلۇپ، تۈركىي تىللار مەدەنىيەت فاكۇلتېتى دەپ ئۆزگەرتىلدى. ھەممەيلەن ئىككىنچى فاكۇلتېت دېگەن ئەگەشمىلىك، بېقىندىلىق چىقىپ تۇرىدىغان ئىسمىدىن قۇتۇلغىنىمىز ئۈچۈن ھاياجانلاندۇق. ئەمما ئۇزاققا قالماي نامىمىز ئەمەلدىن قالدى. سەۋەبى بىر پروفېسسورىمىز «فاكۇلتېتنى پانتۈركىزمچىلار قاپلاپ كەتتى، شۇڭا نامىنىمۇ تۈركىي تىللار فاكۇلتىتىغا ئۆزگەرتىۋېلىشتى» دەپ مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارغا شىكايەت قىلىپتۇ. بۇندىن باشقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يىللار بۇرۇن دىيارىمىزدا چوڭلىرىمىزنىڭ قولىدىن چىققان «ئۈچ كىتاب» ھەققىدىكى دوكلات، ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنىڭ ئىددىيىسى ھەققىدە مەركەزگە يوللانغان ئەرز قاتارلىقلاردىمۇ ئىچىمىزدىكى چۈشەنچە پەرقىنى تاشقى كۈچلەرنىڭ قولىدا يوقۇتۇش خاھىشى ئەكس ئەتكەن.

ئەمەت مەزىن ئابدۇقادىر داموللامنى چاقاقاندا «ئۇممەتنى خاتا يولغا باشلاۋاتىدۇ» دېگەننى باھانە قىلغان بولسا، رەھمەتلىك پروفېسسور مەرھۇم تارىخچىنى ئەرز قىلغاندا «مىللەتنى خاتا يولغا باشلاۋاتىدۇ» دېگەننى ئاساس قىلغان. ماڭا كەلگەندە «ئۆلىمالارغا لەقەم قويىدى» دەپتۇ. ئوخشاش يېرى مەيلى موللا، قارى ياكى پروفېسسور بولسۇن ھېچ بىرى «ھەسەتتىن چىدىيالماي چاقتىم، يالاق يالاي دەپ چاقتىم، ئۆچۈمنى ئالاي دەپ چاقتىم، ھوقۇقتا قالاي دەپ چاقتىم» دېمەيدۇ. ئەسلىدە ئالىي مەكتەپتە پروفېسسور بولغان كىشى ئەگەر ئۇ تارىخچىنىڭ مىللەتنى خاتا يولغا باشلاۋاتقانلىقىنى بايقىغان بولسا چېقىملىقچىلىق قىلماستىن، ئۇنىڭغا قارشى كىتاب يازسا بولاتتى. ئەگەر ئەمەت مەزىن ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئۇممەتنى خاتالىققا باشلىغىنىنى ھېس قىلغان ئەھۋالدا توغرا يولدىكى تەبلىغلىرى ئارقىلىق تاقابىل تۇرسىمۇ بولاتتى. پىكىرگە پىكىر بىلەن، ماقالىگە ماقالە بىلەن، تەبلىغقە تەبلىغ بىلەن قارشى تۇرماي زوراۋانلىققا مۇراجەت قىلىش، كۈچلەرگە چېقىمچىلىق قىلىش، ياكى خەلقنى كۈشكۈرتۈش مۇستەبىت تۈزۈمدىكى كىشىلەردە ئومۇملاشقان كېسەلدۇر. بۇنداق كىشىلەرنى قاھىرەدىن موسكۋاغىچە، شىمالىي كورىيەدىن جەنۇبىي كىرىيەگىچە ھەر زامان، ھەر يەردە ئۇچرىتىپ تۇرىشىمىز تەبىئىدۇر.

# كۆرۈملۈك ۋە كۆرۈنمەس ساۋاپ

شارائىتتىكى يېتىشسىزلىك ئىنساننى بەزى كەمچىلىكلەرگە سۈكۈت قىلىدىغان قىلىپ كۆندۈرۈپ قويىدىكەن. يۇرتىمىزدىكى كىچىك بالىلارنى ئالدىراپ قالغىنىمىزدا ھاجەتخانا بولمىسا يول بويىغا، ياكى سەل خالىي يەرلەرگە توسۇۋېتىدىغان ئىشلار ئانچە ئەيىپ ئېلىنمايدۇ. ئەيىپ ئالاي دېسەكمۇ ماڭدامدا بىر ئاشخانا، دورىخانا تېپىلغان بىلەن نەچچە يۈز چامدامدا بىر ھاجەتخانىنىڭ ئۇچرىمىقى بەسى مۈشكۈل بولغاچقا، ئەيىپ ئالماي كۆنگەن بولۇشىمىز مۇمكىن. ئەمما تۈركىيەدە بەك ئەيىپ سانىلىدىكەن. چۈنكى تۈركىيەدە مەسجىد كۆپ، مەسجىدلەرنىڭ ھەممىسىدە ھاجەتخانا بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاجەتخانىلار ماگىزىن، ئاشخانا، سودا سارايلىرى ۋە باشقا ئورۇنلاردا ئومۇملاشقانلىقى ئۈچۈن كىشىلەر بالىلىرىنى خالىغان يەرگە ھاجەتلەندۈرمەيدىكەن. بۇ يەردە چوڭ بولۇۋاتقان كىچىك بالىلارمۇ تەرەتخانىدىن باشقا ئوچۇقچىلىقتا ھاجەتكە كۆنەلمەيدىكەن.

قاماقتا بىر ئۆلىما بىلەن كامېرداش بولۇپ قالدىم. بىر ياش ئىنىمىز «سوپى» دەپ ياراتمايدىغان بۇ كىشى بەكمۇ تىرىشچان ئىدى. مەندىن تۈركچە سۆزلۈكلەرنى ئاڭلاپ ئىشتىياق بىلەن يادىلاپ كېتەتتى. بىر كۈنى ئۇستاز قومۇشكۆل (ۋېيخۇلياڭ)غا كۆركەم بىر جامە سېلىنغانلىق خۇش خەۋىرىنى ئاڭلاتتى. ئەپسۇسكى، ھاجەتخانىسى بىلەن مۇستەھەپخانىسى تېخى پۈتمەپتۇ. مەن ئۈرۈمچىنىڭ بەزى كىچىكرەك مەسجىدلىرىدە مۇستەھەپخانىلا بولۇپ، ھاجەتخانا بولمىغانلىقتىن بەك قىينالغان كۆچۈرمىشىم بولغاچقا سەۋەبىنى سورۇدۇم. ئېيتىلىشىچە جامائەت يەرلىك كىشىلەر بولغاچقا ھازىرچە بەك زۆرۈر ئەمەس دەپ قارىلىپتۇ. ئويلاپ باقسام قەشقەردىكى بەزى مەسجىدلەردىمۇ چوڭراق ھاجەتخانا يوق ئىدى. بولۇپمۇ جۈمە كۈنلىرى بۇنداق كىچىك ھاجەتخانىلارغا بىراقلا نەچچە يۈز ئادەم كىرىپ، قىستاڭ قىلىۋەتكەچكە سەلكىن شامالغا ئەگەشكەن «خۇشبۇي» نامازدىكى دېماقلارنى بىئارام قىلاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بەلكىم قەشقەر ۋە ئۈرۈمچىدىكى بەزى مەسجىدلەرنىڭ كۆرىنەرلىك يەرلىرى كەڭ، ھاجەتخانىسىنىڭ تازىلىقى شارائىت مەسىلىسىدىن باشقا، زۆرۈرىيەتنى ھېس قىلىش مەسىلىسى ۋە تاھارەت-پاكىزلىقنى ئەڭ مۇھىم بىلىش ياكى بىلمەسلىك مەسىلىسى بولۇشى مۇمكىن.

ئارتۇچتا بەلكى ئون نەچچە يىللار ئىلگىرى، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇن بىر مەسجىد ماجىراسى بولغانلىقى يادىمدا. ئىككى باي مەسجىدنىڭ سېلىش پۇرسىتىنى تالىشىپ ئاخىرى جىدەللىشىپ كەتكەنىكەن. 2011 -يىلى ئۇ مەسجىدكە باردىم. ھەقىقەتەن ئۆزگىچە، ئاپئاق چىرايلىق ياساپتۇ. ئەمما ھاجەتخانىسى يەنىلا كىچىكرەك. تۈركىيە مەسجىدلىرىدەك مۇنچا ئورۇنلاشتۇرۇشقا بەلكى شارائىت يوق بولغىيدى. شۇنىڭ بىلەن ئويلاپ قالغانتىم، ئىككى باي مەسجىد سېلىشنى تالاشقىچە بىرسى مەسجىد سالسا، يەنە بىرى يۇرتنىڭ مەينەت سۈيىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ئەۋرەز ئورناتقان بولسا، شۇ باھانىدە ھەممە ئۆيدە مۇنچا ئومۇملاشسا، مەسجىدمۇ سۈلۈق، مۇنچىلىق ھاجەتخانىغا ئېرىشكەن بولسا ھە! دەپ.

ئارتۇچ مەشھەد (شېھىدلىك) كە جايلاشقان سۇتۇق بۇغراخان مەقبەرىسى يېنىدىكى مەسجىدنى قايتا سېلىشمۇ يۇقىرىقىدەك زىددىيەتكە سەۋەب بوپتۇ. گەرچە بۇرۇنقىدەك جېدەل چىقمىغان بىلەن تالىشىشلار خېلىلا كەسكىن بوپتۇ. ئويلاپ قالدىم، ھازىر يېزىلاردا ئەخلەت بىر مەسىلىگە ئايلاندى. بەزىلەر بۇنى ئېتىقادنىڭ سۇسلاپ كەتكەنلىكى، جامائەتچىلىكنىڭ ئاجىزلاپ كەتكەنلىكىگە باغلاپ، ھەتتا مىللەتنىڭ ئىللەتلىرىگە باغلاپ چۈشەندۈرۈشمەكتە. بۇرۇن يېزىدىكى ئەخلەتلەر سېپسىدىغان، بىر تەرەپ قىلغىلى بولىدىغان چىقىرىندىلار ئىدى. ھازىر دەۋر ئۆزگەردى. ئەخلەتلەر كۆمسىمۇ سېسىماس، كۆيدۈرسىمۇ يوقالماس ھالغا كەلدى. شۇڭا شەھەردىكىدەك ئەخلەت ساندۇقلىرى، ئەخلەتلەرنى توشۇپ كېتىدىغان خادىملار ۋە ماشىنىلار يېزىلاردىمۇ بولۇشى كېرەك. بولمىسا ھازىرقىدەك ئەخلەت دۆۋىلىرى پەيدا بولىدۇ-دە، كىشىلەر ئەخلەتلەرنى بۇرۇن سۇ ئىچكەن ئۆستەڭلەرگە تۆكۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. شۇ مەسجىد سېلىشنى تالاشقانلارنىڭ بىرى ئاشۇ ساۋاپ ئۈچۈن

تەييارلىغان پۇلغا ئەخلەت ساندۇقلىرىنى ئورنىتىپ ۋە ئەخلەتلەرنى توشۇيدىغان ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرغان بولسا ھە! بەزىدە ساۋاپنىڭ يولى مەسجىد سېلىشتىنمۇ كەڭمىكىن دەيمەن.

مائارىپتىن قاقشىماي مائارىپچىنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىمىزگە مايىل قىلساقمۇ ساۋاپمىكىن دەيمەن. بۇرۇن ساۋاپ ئۈچۈن مەكتەپ سالدىغانلار چىقىپ تۇردىغان ھازىر يوقاپ كەتتى. چۈنكى مائارىپ بارغانچە جامائەتتىن يىراقلاپ ھازىرقى ئالۋۇندەك ھالەتكە ئۆتتى. ئەمما ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھۆرمىتى ئاۋامدا ئىزچىل بىر خىل. يەنە بىر تۈركۈم بور تۇتماس مۇئاشلىقلىرمۇ بار، ئۇلار موللىلار. ساۋاپ ئىزدىگەنلەر شۇلارنى ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاشىغىلا بېقىندۇرۇپ قويماي رامىزانلاردا يوقلاپ تۇرسا، يوقنىڭ تاماسىنى قىلغاندىن بارنىڭ قەدرىنى قىلىپ، ئۇلارغا بۇ مىللەتنىڭمۇ باش پاناھ بولالايدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرسىمۇ ساۋاپمىكىن دەيمەن. ھازىر ئەڭ جاپاغا قالغىنى شۇ ئوقۇتقۇچى بىلەن موللىمىز ئىكەن يۇرتىمىزدا. ئىككىلىسى ياخشىلىقنى تەرغىپ قىلىشقا ئەمەس، توسۇشقا زورلىنىدىكەن. شۇڭا بۇرۇنقى مەكتەپ، مەسجىد سېلىشقا ئاتىغانلىرىمىزنى مەھەللىمىزدىكى كېنىشكىلىق موللام ۋە پارتىيىلىك مۇئەللىملەرگە بەرمىسەكمۇ چىرايلىق سالام بەرسەك. سالامدىن قەلبى ئېرىپ موللىمىز «جامائىتىمىزدە رادىكال يوق» دەپ چىڭىراق تۇرسا، مۇئەللىملەر بالىمىزنى «يەنە روزا تۇتۇپ كەپسەن ھە!» دەپ سىلكىمەي، «شۇجى كەلسە سېنى جازالايدۇ، مېنىمۇ ئىشتىن ھەيدەيدۇ، مېنى ئايا جېنىم بالام» دەپ بېشىنى سىلاپ قويسىمۇ ھېساپ. مۇئاش ھۆكۈمەتنىڭ، ئەمما مۇئاشلىقلار ئۇيغۇر بولغاندىكىن تىل ئۇقىشالايمىز، تىلدىن دىلغا يول بار.

مەسجىد سالغان كۆرۈملۈك ساۋاپ. شۇڭا قەشقەر كوچىلىرىدا نەپىس مۇنارلىرى بىلەن بىر قارىسا ئۈنسىز مۇڭلانغاندەك كۆرۈنۈپ، يەنە بىر قارىسا مانا مەن ئۇيغۇرنىڭ دەپ مەيدىسىگە مۇشتلاۋاتقاندەك بىلىنىدىغان مەسجىدلىرىمىز بار. ئەمما 1500 يىل بۇرۇن موڭغۇل ئېگىزلىكىدە قۇرغان شەھەرلىرىگە ئەۋرەز يولى قازغان بوۋىلىرىمىز نېمە ئۈچۈندۇر قەشقەردە 90 -يىللارغىچە شۇنى پەيدا

قىلمىغانىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر مەزگىل «بېشىغا تەرەت قىلىدىكەن» دېگەن بەتنامغا قالغانمۇ بولدۇق. كۆزىمىز كۆرىدىغان مەسجىدكە ئېتىبار بېرىش بىلەن بىللە كۆزگە تاشلانمايدىغان، ئەمما تاھارەت-پاكىزلىقنىڭ كاپالىتى بولغان ھاجەتخانا، مۇنچالارنى سۇلۇق قىلىۋېتەلىگەن بولساق، چەتئەللىك سەيياھلار ۋە چەتئەل كۆرگەن ئەدىبلەر بۇنچە تەنقىدلەپ كەتمەستى.

يېزىلىرىمىزدا ۋە شەھەرلىرىمىزدە مەسجىد سالالمىساق، ئەۋرەز قېزىپ، ھاجەتخانا سېلىپ، ئەخلەت ماشىنىسى ۋە تازىلىقچى يالالاپ پاكىزلىق بەرپا قىلىشقا كۈچىسەك چوڭلار قوناقلىقتىلا ھەق قىلىدىغان، كىچىكلەر خالىغانچە توسۇۋېتىلىدىغان ئىشلارمۇ تۈگەپ قالار بولغىيدى. ئىماننىڭ يېرىمى بولغان پاكىزلىقنى ھەرىكىتىمىزدە ئىپادىلىسەك، قەلبىمىزدىكى يېرىملىقمۇ پۈتۈنلىنەر بولغىيدى. چۈنكى پەيغەمبىرىمىز پاكىزلىق ئىماننىڭ يېرىمى دېگەنىكەن. مەسجىدنى مەھەللىمىزگە سالالمىساق قەلبىمىزگە سالساق، كىتاپلار قانۇنىسىز دېيىلسە قۇرئان كۆپرەك ئوقۇساق، ئەرەبچە قىرائەت دىققەت قوزغىسا، ئۇيغۇرچە چۈشەنسەك. قەلبدە ئىلىم ۋە ئىمان بولغانلارنى مۇئاشىلىق، كېيىنىشكىلىك دېمەي، ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىنى بىرلىكنىڭ پەرز قىلىنغانلىقى سەۋەبىدىن قوغدىساق، ساۋاپقا ئېرىشىپمۇ قالاتتۇق دەپ ئويلاپ قالىمەن، ئۇلىمالارنىڭ ئالدىدا ئاقساقاللىق قىلىپ.

## كۆڭۈللەردە ۋە ئەمەللەردە بىز

مىسىردا ئۇچراتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدىمدا دائىم «بىز» دەپ سۆزلەشلىرى مەستلىكىمنى كەلتۈردى. ئۇلارنىڭ بىلىپ - بىلمەي مېنى «بىز»نىڭ قارشىسىدىكى «خەق»كە چىقىرىپ سۇئال سوراشلىرىدىن مەلۇم بىر مۇداپىيە تېمىنى هازىرلاپ، ياكى ئېنىق بىر مەيدان بېكىتىۋالغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مەنچە مۇستەبىت تۈزۈمدە ياشىغان ۋە ياشاۋاتقان كىشىلەر مۇشۇنداق تەپەككۇر قىلاتتى. چۈنكى هاكىمىيەتنىڭ ئۆزى بىر قۇتۇپ بولۇپ، ئۆزىگە يانتاياق بولمىسىلا قارشى قۇتۇپقا تەۋە قىلىپ دۈشمەن سانايتتى. جىم تۇرغان، سۈكۈت قىلغانلار ياكى مەيدانى مۇستەهكەم ئەمەس دەپ ئېيىپلىنەتتى ياكى گۇمانلىق قارىلاتتى. مۇستەبىت ئەلدە يانتاياقلارنىڭ كۈنى توختىماي ساداقىتىنى ئىسپاتلاش بىلەن ئۆتەتتى. ئۇلارنىڭ كۆڭلى ئۆزىنى دائىم بىر دۈشمەنگە قارشى قويمىسا ئارام تاپمايتتى.

مۇستەبىتلىكتە ياشىغان كىشىلەر ئىككى قۇتۇپلۇق تەپەككۇر قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، توختىماي قارشى قۇتۇپتىكى بىر ئادەم، بىر پىكىرنى ئىزدەپ دۈشمەنلىك قىلىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ قۇتۇپىدا قانچىلىك قەتئىي ئىكەنلىكىنى كۆرگەزمە قىلاتتى. بۇ يولدا دائىم بەسلىشەتتى، دائىم سېلىشتۇراتتى، هەمىشە ئۆزىنىڭ ئۈستۈنلىكىنى بىلدۈرگۈسى كېلەتتى. ئۇلار ئۆزىنىڭ قىممىتىنى قارىش تەرەپنىڭ قىممەتسىزلىكىنى جاكارلىماي تۇرۇپ، ياكى قارشى تەرەپنىڭ بىر تىيىنغا ئەرزىمەي قالغىنىنى خالايىققا سازايى قىلماي تۇرۇپ هېس قىلالمايتتى. مىسىردىكى بەزى تالىپلار بىلەن ئارامدىكى خەق-بىز پاسىلى باهار ئايلىرىدا يېزىلغان «مىسىرغىمۇ تۈركىيەگىمۇ» ماۋزۇلۇق يازمام سەۋەپلىك ئاشكارىلانغان بولۇپ، ئۇيغۇرنىڭ هەمدەملىكى، ئۇيۇشمىقى بەكمۇ تەس دەۋىردە بۇنداق بىردەكلىكتىن سۆيۈنگەنمۇ بولدۇم.

مىسىردىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار بىلەن يۈز تۇرانە، تۇردا ۋە ئايرىم پاراڭلىشىش جەريانىدا ئىككى قۇتۇپلۇق تەپەككۇرنىڭ مېنى ۋە ئۇلارنى نەقەدەر زەھەرلىگەنلىكىنى ھېس قىلدىم ۋە بۇنىڭ مەنبەسى ھەققىدە ئويلاندىم. كىچىكىمدە ناخشىلار «سېرىق ناخشا ۋە قىزىل ناخشا» دەپ ئىككىگە ئايرىلاتتى. كىشىلەر ئىنقىلابچى بولۇشى، سۆزلەر ئىنقىلابى بولۇشى، مەقسەد ئىنقىلاپ ئۈچۈن بولۇشى كېرەك ئىدى. بۇنداق بولمىغانلار ئەكسىل ئىنقىلابچى بولاتتى، ئۇنداقلارنىڭ سۆز، قىلىق ۋە مۇددىئالىرى ئەلۋەتتە ئەكسىل ئىنقىلابىيلىققا تەۋە بولاتتى. جەمئىيەتتىكى زىددىيەت ئەزگۈچى سىنىپ بىلەن ئېزىلگۈچى سىنىپ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بولۇپ، ئەزگۈچىلەر يوقالمىغۇچە سىنىپى كۈرەش ئاياقلاشمايتتى. قىزىل ئارمىيەنىڭ ماشرەك شەپكىسىنى كىيىپ، ماۋزېدوڭ ئۇزۇندىلىرىنى يادىلاپ يۈرگەنلەر ئىلغارلار سانىلىپ، بېشىغا دوپپا كىيىپ، ياغلىق ئارتقانلار كونىلىق تەرەپتارلىرى دېيىلەتتى.

كاللىمىز ئازراق تەپەككۇرغا ئۇلاشقاندا دۇنيانى ماددىمۇ ياكى ئاڭمۇ، دەپ سورايدىغان بولدۇق. دۆلەتلەر چوقۇم سوتسىيالىستىك بولمىسىلا كاپىتالىستىك بولاتتى. دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ئىدىئولوگىيە سېپىگە سىڭىپ كىرىشىنىڭ قانداق ئالدىنى ئېلىشنى ئۆگەندۇق بىر مەزگىل. ئەدەبىيات دەرسلىكىمىزدە «لىبىرالىزمغا قارشى تۇرايلى» دېگەن تېكىستنى ئوقۇپ لىبىرالىزمغا ئۆچ قىلىندۇق. چۈنكى لىبىرال دېمەك ئەركىن دېگەنلىك ئىدى. دېمەك، ئەركىنلىك مۇستەبىتنىڭ قارشىسىدا بولغاچقا، ھازىرغىچە ئۇنىڭغا ئۆچلىكىمىزنى داۋام قىلىۋاتىمىز. شۇنداق تەربىيەدە، تەشۋىقاتتا يېتىشكەن كىشىلەر تۇرساق مائارىپنىڭ دىنى ۋە پەننى دەپ ئايرىلمايدىغانلىقىنى، ئىلمىنىڭ پەننى ۋە دىنى دەپ بۆلۈنمەيدىغانلىقىنى، ئوقۇغانلارنىڭ دىنىي زىيالى ۋە پەننى زىيالى دېيىلمەيدىغانلىقىنى، زىيالى دېگەنلىك نۇر ئىگىسى- نۇر ئاشىقى دېگەن بولىدىغانلىقىنى، ئىنسان قەلبىنى زۇلمەتتىن قۇتۇلدۇرغۇچى نۇرنىڭ ئىمان ئىكەنلىكىنى، شۇڭا قۇرئاننىڭ نۇر دېيىلىدىغانلىقىنى قانداقمۇ قوبۇل قىلالايمىز؟ دېمەك، مەيلى مەكتەپتە ئوقۇغان، مەيلى موللامدا ئوقۇغان بولايلى، قەلبىمىز نۇرغا ھەققى ئېرىشمىگەچكە، نۇرلانمىغاچقا دۇنيانى ماددىي ياكى مەنىۋىي، مىللەتنى مۇسۇلمان ياكى ئۇيغۇر، ئىلمنى دىنىي ياكى پەننى دەپ ئايرىپ، بىرىنى دوست،

يەنە بىرىنى دۈشمەن كۆرىدىغان ئىككى قۇتۇپلۇق تەپەككۇردىن قۇتۇلالماپتىمىز.

مىسىردىكى ئېكسپېدىتسىيەگە قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ چاقىرىلمىغانلىقىدىن ئەپسۇسلاندىم. ئەزھەرگە كېتىۋېتىپ يولدا ئۇيغۇر قىزلارنى كۆرگەنتىم. ئەزھەرنىڭ قىزلار بۆلۈمى ئەتراپىدىمۇ قىزلىرىمىز ئۇچرىغان ئىدى. قاھىرەدە مەن تونۇيدىغان بۇرادەرلەرنىڭمۇ قىزلىرى، سىڭىللىرى بارئىدى. ئەمما ئۇ كۈنى بىرسىمۇ يوق. بىر ھەپتە جەريانىدا مېنى ئىزدىگەن ئوغۇللارنىڭ ئايىقى ئۈزۈلمىدى، بىراق قىزلار يوق. سۈرۈشتۈرسەم ئوغۇللار خۇددى قىزلارنى تونىمايدىغاندەك، تىلغا ئېلىشنى خالىمىغاندەك، چەكلەنگەن تېمىدەك بىر ھال كۆرۈلدى.

بەزى باللار بىلەن ئايرىم كۆرۈشكەندە بۇ ھەقتە پاراڭلاشتىم. مىسىردا بىخەتەرلىك، بولۇپمۇ قىزلارنىڭ ئامانلىقى ئاسان دەخلىگە ئۇچرايدىغان بولغاچقا، ھىندونېزىيەلىك ئوغۇللار نۆۋەتلىشىپ قىزلارنى قوغداپ، مەكتەپكە ئاپىرىپ - ئەكىلىپ قويىدىكەن. ئۇيغۇر ئوغۇللار بۇنى قىلالمىدۇق دەپ ھەسرەتلىنىشتى، ئۇنداق قىلسا پىتنىگە قېلىشتىن ئەنسىرەيدىكەن. قىزلار ئاپتوبۇستا ئەرەب ئەرلەرنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇشقا رازىكەنكى، ئۇيغۇر ئوغۇللارغا يېقىن يولىمايدىكەن، چۈنكى پىتنە بولغىدەك. شۇنىڭ بىلەن مىسىرلىققا تەگكەن بىر قىز ئوقۇغۇچۇم ۋە توردا تونۇشۇپ قالغان يەنە بىر قىزنىڭ مىسىرلىق ئەرەپكە تەگكىنى ئېسىمگە كەلدى. كىمنىڭ يېنىدا ئولتۇرسا شۇنىڭ بىلەن تونۇشىدۇ، كىم قوغدىيالىسا شۇنىڭغا كۆڭلى چۈشىدۇ، ئەلۋەتتە!

ئەرتىسى ماڭمەن دېگەن كۈنى كەچتە يولدا ئۇيغۇر قىزلارنى نەچچە قېتىم ئۇچراتتىم، يىراقتىن مېنى كۆرۈپلا يولنىڭ باشقا تەرىپىگە ئۆتۈپ كېتىشتى. يېقىندا بىر ئىجارە بىنادا ئۇيغۇر قىزلار پاراكەندىچىلىككە ئۇچراپتۇ. بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن بىر بالا ماڭا «تۈركىيەدە بىخەتەرلىك ئەھۋالى قانداق، قىزلار مەكتەپكە يالغۇز بېرىپ كېلەلەمدۇ؟ مەكتەپنىڭ ياتىقىغا ئورۇنلىشىپ ئوقۇيالامدۇ؟» دەپ سوراپتۇ. بۇ سوئاللاردىن تۈركىيە ۋە قىزلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلمەيدىغانلىقى مەلۇم ئىدى.

uyghurkitap.com

مەلۇماتسىزلىق خەتەرلىك، پىتنىدىن قورقۇپ ھەمشىرىلەرگە ئىگە بولماسلىق تېخىمۇ خەتەرلىك ئىدى. قىزلارنى يەكلەپ پىتنىنىڭ مەنبەسى دەپ قاراش، قىزلارنى قارشى سەپكە ئايرىپ، بىز ۋە بىزنىڭ دىيەلمەسلىكىمۇ قەلبىنىڭ قاراڭغۇلۇقى، خۇنۇكلۇقى ۋە نۇرسىزلىقىنىڭ ئىسپاتى، خالاس.

مىسىرغا بارماستىلا بۇ يەردىكى ئۇستازلار ئارىسىدىكى كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ پۇرىقىنى ئالغانتىم. بارغان كۈنىمدىن باشلاپ بۇ پۇراق بارغانچە ئىچىمنى ئېچىشتۇرغىلى تۇردى. نوپۇزلۇق بىرەيلەنگە بۇ ھەقتە مەسلەھەت سالدىم. ئۇنىڭ «سىز ئەمەس، خېلى - خېلى ئادەملەر چىقىپ بىر سورۇنغا جۇغلىيالمىغان، ئەپلەشتۈرەلمىگەن، سىزمۇ قىلالمايسىز. ئەپلەشمەسلىكنىڭ ھەدىسكە ئۇيغۇنلۇقى ھەققىدە باياناتى تۇرسا» دەپ قاقشاپ كەتكىنىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ قويدۇم، ئەمما ئىشەنمىدىم.

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ يەنە بىرەيلەن بۇ يەردىكى باشلارنى بىر يەرگە يىغىشنى تەكلىپ قىلىپ چىڭ تۇرىۋالدى. ئۇستازلارنىڭ چوڭلىرى بىلەن ئاساسەن مۇڭدىشىپ چىققىنىم ئۈچۈن يىغالماسلىقىمغا ئىشەنمىدىم. نەزىرىمدە ئۇلار بىلىملىك، ئىبادەتلىك، پەزىلەتلىك كىشىلەر ئىدى. ھەممىسى بىلەن مىللەتنىڭ، دىنىنىڭ، مۇسۇلمانلارنىڭ خىزمىتىدىن باشقا غەملەرنى قىلىشمىغان ئىدۇق. ئۇستازلارغا بىر بىرلەپ تېلېفون قىلدىم. بىرەيلەن تېلېفوننى قەتئىي ئالمىدى. ئايالىغا تېلېفون قىلسام ئىسمىمنى ئاڭلاپ يوقاپ كەتتى. بىر ئىنىمىزگە تېلېفون قىلدۇرۇپمۇ جاۋاپ ئالالمىدىم. قالغانلاردىن كۆپىنچىسى سورۇندا كىمنىڭ بولىدىغانلىقىنى سورىدى. بىر قىسمى ئەھۋالغا قارايدىغان بولدى.

كەچتە سورۇندا ساقلىغىنىمىزدا پەقەت كېلىدۇ-دەپ ئويلىغان بىر ئۇستازدىن باشقىسى كەلمەپتۇ. شۇئان ئېسىمگە مەن بىلەن قانچە كۈندىن بېرى بىللە يۈرگەن بىر گورۇپپىنىڭ لېكسىيەمگە مېنى يالغۇز ئۇزۇتۇپ قويغىنى كەلدى. چۈنكى لېكسىيەنى ئۇلارنىڭ ئۇستازى ئۆچ كىشىلەر ئۇيۇشتۇرغان ئىدى. ئۇستازلارنى

ساقلاپ - ساقلاپ تارقاپ كەتتۇق. ھەتتا لېكسىيە ئورنىنى تاپالمايدىغانلىقىمنى باھانە قىلىپ بىللە ئېلىشۇالغان ئىنىمىزمۇ سورۇنغا كېلىپ بولۇپ، گەپكە قېلىشتىن قورقۇپ كېتىپ قالدى. كەچتە چۈشكەن ياتاقنى تاپالماي قاھىرەنىڭ 7 - رايونىدا ئالدى - كەينىمگە مېڭىپ بىرمۇنچە بىر مۇنچە ھەرەج تارتتىم. دېمەك، ئاداۋەتتىن پۈتكەن چېگرا بۇ قەدەر مۇستەھكەم.

سورۇندىن ئۈمىدسىز، ئۈنسىز، ھالسىز ياندىم. لېكسىيەمدە «بىز» دەپ تۇرۇپ سۇئال سورىغان، تورلاردا مەن بىلەن «بىز» دەپ تۇرۇپ مۇنازىرىلەشكەن بىغۇبار كۆزلەر، قىزغىن يۈزلەر كۆزۈمگە شۇنچىلىك بىچارە كۆرۈندى. ئايرىم كۆرۈشكەن چاغدا سۆزلىرىدىن مىللەت، ئۈممەت، ئىلىم، ئىمان ئىبارىلىرى تۆكۈلۈپ تۇرغان ئۇستازلارنىڭ ئەمەلدىكى باشقىچە ئوبرازىدىن ئۈمىدسىزلەندىم. قۇتۇپلۇق تەپەككۇر ئۇلارنىڭ تىلىنى ئايەتكە كەلتۈرگەن بىلەن، قەلبىگە قۇرئاننىڭ نۇرىنى يەتتكۈزمىگەن ئىدى.

ھەممىنى ئاڭلىغاندىم. مىسىر ئۇيغۇر جامائىتى ئىچىدىكى ئۇستازلار باش بولغان بۇ ئىختىلاپ، يەكلەش، چەكلەشلەرگە سەۋەپ بولغان زىددىيەتلىك پىكىر ئاملى يوق، يۇرتۋازلىق ئاملى يوق، پەقەت تالىشىدىغان شۆھرەتتىن، قۇتراۋاتقان ھەسەتتىن، كۈشكۈرتىۋاتقان خۇنۇكلۇقتىن باشقا ھېچ سەۋەپ مەۋجۇد ئەمەس ئىدى. ئېزىتقۇ ئافرىقا چۆلىدە سەرسان بۇ جامائەتنىڭ ھەممە ئۇيغۇرنى بىز دېيەلەيدىغان، ھەممە تالىپنى بىزلىك باغرىغا يىغالايدىغان؛ مەنىلىك، مەنىمەنلىكنىڭ؛ قۇترىغا شەيتانلىقنىڭ بېشىغا بىزلىكنى دەسسەتكىدەك ئىماملىرى يوق بولۇپ، ۋەتەنسىز بۇ مەسۇملارنىڭ تەمەسىز بىزنى ئۆگىتىدىغان ئۇستازلىرى كەم ئىدى. ئۈمىدۋار، سادىق، ساغلام بۇ ئىلىم كارىۋانىنىڭ يولباشچىلىرىنى مۆگىدەك باسقان ئىدى.

2016 - يىلى ماي، قاھىرە

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

## كەبىنىڭ ئورنى

بەيتۇللاھقا قاراپ ماڭغىنىڭدا ھاياجاندىن كۆزۈڭگە ئالدىنىسەن، ئەڭ گۈزەل بىنا كەبىدەك كۆرۈنىدۇ، بىنالارنىڭ ئەڭ كاتتىسى كەبە بولۇشى كېرەكتەك تۇيۇلىدۇ. ئەمما يېقىنلاشقىنىڭدا تەسەۋۋۇرۇڭ قوبۇل قىلالمايدۇ. ئەگەر ئەرەبچە ئوقۇيالىساڭ ئالدىنىشلىرىڭ داۋاملىشىدۇ. چۈنكى يىراقتىن نەزەرلەرنى رام قىلىدىغان، ھەر تەرىپى رەڭدار چىراقلار بىلەن يورۇتۇلغان، مۇقەددەس خەتلەرنى جۇلالاندۇرۇپ گېدىيىپ تۇرغان ئىمارەت كەبە ئەمەس، بەلكى قەسىر مېھمانخانىسىدۇر. قەسىردىن كۆزۈڭنى يۆتكەپ ئەتراپقا باقساڭ، شاھزادىلەرنىڭ نامىدا ئاتالغان ھەيۋەت سارايلارنى كۆرىسەن. ئىشەنمەسلىككە ئامالىڭ يوق. مۇبارەك كەبىمىز شۇ ھەشەمەتلەرنىڭ ئاستىدا، بىنالارنىڭ سايىسىدە.

ھەرەمنىڭ ئالدىدىكى مەيداندا ئالچىيىپ تۇرغان بىر قورۇلۇش كۆزگە چېلىقىدۇ، ئەلۋەتتە ئۇمۇ سەئۇدى شاھلىرىدىن بىرىگە مەنسۇپ. پەيغەمبىرىمىز تۇغۇلغان ئۆي مېھمانساراي ۋە شاھ قەسىرلىرىگە سېلىشتۇرغۇسىز ئاددى بولۇپ، كۇتۇپخانا قىلىنغان ئىكەن. بارغىنىمدا تاقاقلىق تۇرۇپتۇ. ئەپسۇسكى، تۆت كۈن ئىچىدە ئېچىلغىنىنى كۆرمىدىم. ئاللاھتىن كەلگەن تۇنجى ۋەھىنىڭ «ئوقۇ!» بىلەن باشلانغانلىقىغا قارىماي، مۇسۇلمانلارنىڭ ئالدىدىكى بۇ تەۋەرۈك ئوقۇش ئىشىكىنىڭ مەھكەم قۇلۇپلانغانلىقى كىشىنى ئۇھ تارتقۇزىدۇ. ھەرەمدىن ئانچە ئۇزاققا بارمايلا يايمىلار كۆزگە چېلىقىدۇ. لېكىن ھېچ بىر يايمىدا كىتاب تىزىلمىغان، ئەتراپنى شۇنچە ئايلىنىپمۇ بىرەر كىتابخانىنى ئۇچراتمىدىم.

قەسىر مېھمانخانىسىنىڭ بىر كېچىلىكى بەش مىڭ رىيالمىشكەن. بۇ يەرگە كىرىپ چىقىۋاتقان پۇزۇر كىشىلەر بىلەن كەبىدە يىغلاپ دۇئا قىلىۋاتقان سۇلغۇن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ چېھرى كۆز ئالدىمدا سېلىشتۇرما ھاسىل قىلىپ،ھەسرەت

بىلەن شۇلارنى ئويلىدىم، « نېمە ئۈچۈن ساناقلىق پۇلدارلارنىڭ چۆنتىكىنى كۆزلەپ سېلىنغان سارايى ساناقسىز مۇسۇلمانلارنىڭ قىبلىسىدىن ئېگىز؟ نېمىشقا بىر يېرىم مىليارد مۆئمىننىڭ نىجاتكارى ئاللاھنىڭ ئۆيى ئاتالغان بەيتۇللاھ بىر قانچە شاھزادىنىڭ نامىغا ئاتالغان سارايلاردىن پاكار؟ ھەرەمنىڭ مەراسىنى ئىستىلا قىلىپ، كېرىلىپ ياتقان شاھ قەسىرىدىن ھېچ بىرسىنىڭ كىرىپ - چىققىنىنى كۆرمىدىم. بىرەر شاھ ئاندا - مۇندا بېرىپ قويىدىغان ئوردا نېمە ئۈچۈن مىليونلىغان مۇسۇلماننىڭ كۈندە بارغۇسىنى، ئىبادەت قىلغۇسىنى كەلتۈرىدىغان ھەرەم مەيدانىنى قىستاڭ قىلىپ بېسىپ ياتىدۇ؟».

ئېسىمگە قەشقەردىكى ماۋزېدوڭ ھەيكىلى كەلدى. ھەيكەل ئالدىغا ھەرەمنىڭ مەيداندىن خېلى كەڭ سەينا قالدۇرۇلغان بولۇپ، ئەتراپتا ھەيكەلدىن ئېگىز بىنا سېلىشقا ياساق-چەك قويۇلغان ئىكەن. مەقسەد كومۇنىستىك دۆلەت بەرپاچىسىنىڭ ھەيكىلىنى ھەيۋەتسىز، كەمسۇندۇرماسلىق ئۈچۈن ئىكەن. بۇنىڭ ئەكسىچە، سەئۇدى پادىشاھلىرىنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن قالغان، پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى تەلپۈنىدىغان، كۈندە مىلياردتىن ئارتۇق مۆئمىن يۈزلىنىپ سەجدە قىلىدىغان قىبلىگاھ ئەتراپىغا نەچچە ئون ھەسسە ئېگىز، ھەيۋەت مېھمانخانا ۋە شاھانە قەسىرلەرنى سېلىپ تايىنىسىزلاشتۇرۇشىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ نېمىشقا يۈز نەچچە دۆلەتتىكى بىر يېرىم مىلياردتىن ئارتۇق مۇسۇلماننىڭ قىبلىگاھى كومۇنىستىك بىر دۆلەتنىڭ داھىسى ئېرىشكەنچىلىك ھۆرمەتكە، ئۇستۇنلۇككە ئېرىشەلمەيدۇ؟

كاتتا مېھمانخانىلارنىڭ ۋەكىللىك قىلىۋاتقىنى بايلىق، شاھ ئوردىلىرى بولسا ھوقۇقنىڭ سىموۋۇلىدۇر. كەبىگە ئۈستىدىن غادىيىۋاتقىنىنى تەكەببۇر بايلىق دېسەك، بەيتۇلھەرەمگە ئېگىزدىن سىڭايان قاراۋاتقىنى شاھلارنىڭ نوپۇزىدۇر. ھوقۇق ۋە پۇلنىڭ سىموۋۇللىرى ئالدىدا كەمسۇندۇرلىغىنى، بويۇن قىسقىنى، سايىغا مەھكۇم قىلىنغىنى قىبلىمىزدۇر، ئېتىقادىمىزدۇر، غۇرۇرىمىزدۇر. ئاللاھىمىز ئەزىز، مېھرىلىك ۋە مەئىشەتلىك قىلغان رەسۇلىمىزنىڭ دىيارىدا بايلىق بىلەن ھوقۇق ئىگىلىرى بىرلىشىپ شۇنداق بىر ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىگەنىكى، ئېتىقاد ئىگىلىرىگە بېپەرۋا كۆرەڭلەيدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

هالغا كەلگەن. مۇستەبىت دۆلەتلەردە دائىم مۇشۇنداق ھوقۇق ۋە پۇل پاسىلىشىپ ھەرىكەت قىلىدۇ. ھوقۇقدار بىلەن پۇلدارنىڭ قەسىرى بىر، داستىخىنى ئورتاق. ساقچى، سوت، ئارمىيە ۋە ساراي ئەللاملىرى شۇلارنىڭ ھوزۇرىنى قوغدايدۇ. ھەرەمدىكى ساقچىلارنىڭ ئەرەبچىدىن باشقا ھېچ بىر تىلنى بىلمىگىنىدىن ئۇيالماي، قەلبىنى چۈشەندۈرەلمەيۋاتقان مۇسۇلماننى تەكشۈرۈش قىلىشى، كەبە ئىچىدىكى ئۆتۈشمە ۋە لىفتلەرنىڭ ھېچ بىر ئالدىن ئۇقتۇرۇلماي تاقىۋېتىلىشى، زەمزەم ۋە جەينامازنىڭ ھەممە يەردە تېپىلىپ، تاھارەت ۋە ھاجەتكە يەر تېپىلماسلىقى، مەيداندىكى تازىلىقچىلارنىڭ تاشلانغان ئەخلەتكە ئەمەس، كولانغان يانچۇقتىكى سەدىقىگە تەلمۈرۈشى... قاتارلىق مۇسۇلماننى قىينايدىغان بارلىق قولايسىزلىقلارنىڭ مەنبەسى، ھوقۇق بىر كىشى ياكى بىر گورۇھ كىشىگە مەركەزلەشكەن مۇستەبىت تۈزۈمدۇر. مەمۇرلارنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىكى، باشقۇرۇشتىكى قالايمىقانچىلىقلار، خىزمەتتىكى سۆرەلمىلىك، كىشىلەردىكى ھورۇنلۇق، تەرتىپسىزلىك، تەربىيەسىزلىك... قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تۈزۈمچىل كەمتۈكلۈكنىڭ ئىپادىلىرىدۇر.

مۇستەبىت تۈزۈمدە ھوقۇقدارلار نە قانۇننىڭ ئورنىنى ۋە باراۋەر ئىجراسىنى ھەقىقىي ئۈستۈن تۇتمايدۇ، نە پۇقرانىڭ ھوقۇقىنى ۋە ئاخباراتنىڭ تەنقىدىنى نەزەرگە ئىلمايدۇ. مەككىدىكى ئۈستۈن قەسىرلەر ۋە ئاستىن كەبە بىزگە شۇنى ئۇنىسىز جاكارلاۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ؛ پۇقرانىڭ ھوقۇقلىرى دەخلىسىز ھۆرمەتلەنمىگەن، پۇقرانىڭ ئېتىقادى ھاكىملىق ۋە پۇلدارلىقتىن يۈكسەك بولمىغان ئەلدە ئاللاھقا ئېتىقاد ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارنىڭ قىبلىگاھى، پۇلدار ۋە ھوقۇقدارلارنىڭ ھوزۇرلىنىشى ئۈچۈن سېلىنغان قەسىردىن پاكار بولىدۇ. بۇ كەبەنىڭ ئورنى شاھلار ۋە زەردارلارنىڭ قەسىرىدىن ئۈستۈن بولسا دىن ئۈستۈن بولاتتى، دېگەنلىك ئەمەس. پەيغەمبىرىمىز مۇسۇلماننىڭ ھۆرمەتتە كەبىدىن ئۇلۇغلىقىنى تەكىتلىگەن(سەھىھ ھەدىسلەر،3420). ھالبۇكى، كەبىمىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدىكى ئورنى دىنىمىزنىڭ رېئاللىقتىكى ئورنىدىن، مۇسۇلماننىڭ ھەق-ھوقۇقى ۋە ھۆرمىتىنىڭ رەسۇلىمىزنىڭ دىيارىدا قانچىلىك بولۇۋاتقانلىقىدىن بىر بىشارەت، خالاس.

## مىللەتنىڭ كۆزىدىكى داغ

ئۇيغۇرلار ھەققىدە يىلنامىلەر، ھادىسىلەر ۋە شەخسلەر بايان قىلىنغان تارىخ يېزىلدى، ئەمما بىز ئۇيغۇرلۇق تارىخىمىزنى خۇلاسىلەپ چىقالمىدۇق. بولۇپمۇ ئۇيغۇرلۇق كىملىكى زامانىۋى مەنىلەر بىلەن مۇقىملاشقان يۈز يىللىق تارىخىمىز ھەققىدە ھەققى، تەرەپسىز ۋە ئىلمىي بىر چۈشەنچىگە ئېرىشىش، بۈگۈنىمىزنى تەھلىل قىلىش ۋە ئەتىمىزگە تەدبىر قىلىشتا مۇھىم ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، ئەدەبىياتى ۋە جەمئىيىتى ھەققىدە ئەتراپلىق ئىزدىنىشلەر 20 -ئەسىرنىڭ باشلىرىدا باشلانغان. ئەپسۇسكى، بۇ تەتقىقاتلارنىڭ پېشۋالىرى ئاساسەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىدىن ئەمەس، بەلكى ياۋروپا، روسسىيە ۋە تۈرك خەلقلەردىن يېتىشىپ چىققان كىشىلەردۇر. بۇنداق ئىزدىنىشلەر بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىنى تونۇشىغا خۇرۇچ بولماقتا. شۇڭا بۈگۈنكى قىسىلغان قىسمەتلىرىمىزگە چارە ئىزدەش، يۈز يىللىق تارىخىمىز ھەققىدە ئويلىنىش، ئالدىنقى يۈز يىل جەريانىدىكى ئۇتتۇق ۋە ئۇتتۇرۇقلىرىمىزنى خۇلاسىلەشتە شۇلارغا مۇراجەت قىلىشقا مەجبۇرمىز.

يېقىنقى يىللاردا نەشر قىلىنغان «ئالتە شەھەر مەكتۇپلىرى» دېگەن كىتاپ ئەڭ بازارلىق بولغانلىقى بىلەن ئۇيغۇرنىڭ يۈز يىل بۇرۇنقى ئۆزىنى تونۇشىدا مۇھىم ئامىمىۋي مەنبە بولۇپ قالدى. بۇ كىتابنىڭ ئاپتورى تاتار مۇخبىرى نوشىرۋان يائوشۇۋ بولۇپ 1914 - يىلى ۋەتىنىمىزنىڭ بىر قىسىم رايونلىرىدا زىيارەتتە بولغان. كىتاب يۈز يىل بۇرۇنقى ئۇيغۇرنىڭ رېئاللىقىدىن مەلۇمات بەرگەنلىكى بىلەن قىممەتلىك، ئەمما بايانلارنىڭ لوگىكىغا ۋە تارىخقا ئۇيغۇنسىز يەرلىرى بىلەن تەنقىدكە مۇھتاج. لوگىكىغا ئۇيغۇن ئەمەس دېگەندە ئاپتورنىڭ قاراشلىرى بىر بىرىگە زىت. مەسىلەن: ئاپتور كىتابنىڭ بېشىدا ئۇيغۇرلارنى تۈركلەرنىڭ ئەسلى تىل، يوسۇن ۋە قىممەت - قاراشلىرىنى ساقلاپ قالغانلىقى بىلەن مەدھىيەلىسە، ئاخىرقى مەزمۇنلاردا دېگەنلىرىنى بىر بىرلەپ ئىنكار قىلىپ ئەيىپلەپ چىقىدۇ. تارىخقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇن ئەمەس، دېگىنىمىزدە ئاپتورنىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى، بولۇپمۇ قەشقەر ھەققىدىكى مەلۇماتلىرى ماكارتنىي خانىمنىڭ ئوخشاش دەۋرنى ئەكس ئەتكۈزگەن «قەشقەرنى ئەسلەيمەن» دېگەن كىتابىدىكى مەزمۇنلارغا زىت كېلىدۇ. بىر مىسال: ئاپتور قەشقەردە ئۇچتەن بىر قىسىم نوپۇسنىڭ تىلەمچىلىك قىلىدىغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. ۋاھالەنكى، ماكارتنىي خانىم ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىنىڭ ھەققىنى يېمەيدىغان قولى گۈل ئەمگەكچىلەر ئىكەنلىكىدىن سۆيۈنگەنلىكىنى يازىدۇ. مەزكۇر كىتاپتا دىيارىمىز ھەققىدە توختىلىپ ئابدۇقادىر داموللامدىن باشقا بىرمۇ ساۋادلىق كىشى يوقلۇقىنى يازىدۇ. بۇمۇ تارىخقا ئۇيغۇن ئەمەس بولۇپ، بۈيۈك تارىخچى موللا مۇسا سايرامى بۇ چاغدا ئاقسۇدا ياشاۋاتاتتى. ئۇنىڭ «تارىخى ئەمنىيە» دېگەن كىتابى نوشىرۋان يائۇشۇفنىڭ ئانا تۇپراقلىرىدىن بولغان قازان شەھرىدە 1905 -نەشىر قىلىنغان ئىدى. كىتابىدا تارىخقا ئالاھىدە قىزىقىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن يائۇشۇفنىڭ مەزكۇر كىتابنى ۋە ئاپتورنى تىلغا ئالمىغانلىقى ئەپسۇسلىنارلىق.

1930 -يىللاردىن كېيىن ئۇيغۇرلاردىكى كومۇنىستىك روسسىيە تەسىرى ئالاھىدە كۈچلۈك بولدى. ئۇيغۇر ئەدەبىيات تەتقىقاتى روس-سوۋېت تەسىرىدە شەكىللەندى ۋە كۈچلەندى. شۇندىن باشلاپ ھازىرغىچە ئۇيغۇر ئەدىپلىرىنىڭ ئەسەرلىرى كومۇنىستىك ئىدىئولوگىيە بويىچە چۈشەندۈرۈلمەكتە. مەسىلەن زەللىلىنىڭ «دېھقان» ۋە «زاھىد» دېگەن سۆزلەر تىلغا ئېلىنغان بىر شېئىرىغا «ئەمگەكچى خەلقنى مەدھىيەلەپ فېئودال دىندارلارنىڭ ئەپتى بەشىرىسىنى ئېچىپ بەرگەن» دەپ تەھلىل قىلىنغان. بۇ يەردىكى «دېھقان» ئەسلى «يەر ئىگىسى» دېگەن مەنىدە بولۇپ، كومۇنىستىك ھاكىمىيەت كەلگەندىن كېيىن «ئېزىلگۈچى ئەمگەكچى»لەرگە ئايلىنىپ قالغان بۈگۈنكى دېھقانلارنى كۆرسەتمەيتتى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا كۆپ ئۇچرايدىغان، تەسەۋۋۇپتا پۈتۈنلەي باشقا مەنە بىلدۈرىدىغان «مەي، قەدەھ، يار، ساقى» قاتارلىق سۆزلەرمۇ «دىنى بويۇنتۇرۇقلارغا قارشى ئىسيان» تەرىقىسىدە ئىزاھلانغان. بۇلارنى بىلمىسەك ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ھەققىدە «1923 - يىلى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر مەخسۇت مۇھىتى قاتارلىقلار بىلەن بىرگە ئىككىنچى قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ، يەنە ئۈچ يىل تۇرۇپ، بىلىم تەھسىل قىلدى، يەنى 1919

- يىلى لېنىن رەھبەرلىكىدە موسكۋادا قۇرۇلغان ‹شەرق كوممۇنىستىك ئەمگەك ئۇنىۋېرسىتېتى›نىڭ 1921 - يىلى تەسىس قىلىنغان جۇڭگو سىنىپىدا ئوقۇدى» دېگەن رىۋايەتنىڭ توقۇلغانلىقىنى چۈشىنەلمەيمىز.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ھەققىدە توقۇلغان بۇ تارىخنىڭ راست - يالغانلىقىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئىزدىنىپ بۇنىڭ يالغانلىقىنى بىلدىم. بىرى شەرق كوممۇنىستىك ئەمگەكچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جوڭگو سىنىپىغا ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنمىغان، يەنە بىرى 1923 -يىلدىن 1926 -يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېتقا ئۇيغۇر دىيارىدىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنمىغان. بۇ مەزگىللەردە قوبۇل قىلىنغان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرىدىن بولغان. بۇ ئۇيدۇرما ئېنىقلانغاندىن كېيىن مەمتىلى تەۋپىقنىڭ 1924 -يىلى مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇغانلىقىمۇ ساختىنغا چىقىدۇ. بۇنداق ساختىلىقلار كوممۇنىستىك ئىددىيەلەر بىلەن ئالاقىسىز بۇۋىلىرىمىزنى قەستەن كوممۇنىستلاشتۇرۇپ، قۇيرۇق شىپاڭلىتىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى، پەلسەپە تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقاتلاردا ئەجدادلىرىمىزنىڭ سىماسى ئاشۇنداق زامانغا ماسلاشتۇرۇشلاردىن خالىي بولالمىغان. تېخى قەتلى قىلىنغانلىقىغا يۈز يىلمۇ تولمىغان بۇۋىلىرىمىزنىڭ يۈزلىرىگە داغ چۈشكەنۇ، نەچچە يۈز يىل ۋە نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىمىزغا قانداق قارا سۈركەلگەندۇ! يۈز يىللىق داغنى ئادالىماي ئۆتۈپ كېتىۋاتقان دەۋردە، بۇرۇنقىدىن نېمىنى كۈتىمىز.

يۈز يىل بۇرۇنقى ۋە ئىچىدىكى تارىخقا قارايدىغان بولساق ھازىر بىز دۇچ كېلىۋاتقان نۇرغۇن مەسىلەلەر ئۈچۈن نۇرغۇن ئىبرەتلەرنى بايقايمىز. مەسىلەن: تاجاۋۇزچى ماجوڭيىڭ دىيارىمىزنى بېسىۋېلىپ، چېگراسى ئەرەبىستانغا تۇتاشقان بىر خەلىپىلىك قۇرماقچى بولغان. ئۇنىڭ مەقسىدى ئوسمانلى خەلىپىلىكىدىن كېيىن خەلىپىسىز قالغان ئۇممەتنى بىر بايراقتا ئۇيۇشتۇرۇش ئىكەندۇق. شۇڭا ئەينى دەۋردە شىڭ شىسەي ئارمىيەسىنى تىرە-پىرەڭ قىلىۋەتكەن ئارسلانلىرىمىز ماجوڭيىڭنىڭ يەڭلىرىگە «فى سەبىلۇللاھ» دەپ يېزىلىپ، «ئاللاھۇ ئەكبەر» تۇۋلاپ جەڭگە كىرگەن «مۇسۇلمان» قوشۇنلىرىغا تاقابىل تۇرالمىغان. تۆمۈر ئېلى قەشقەرنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئالغاندىن كېيىن ماشىمىنىڭ قارا نىيىتى ئاشكارىلىنىپ، ئۇنىڭ قوشۇنى مەغلۇپ بولغان شىڭ شىسەينىڭ قىسىملىرى بىلەن بىرلىشىپ يېڭىشەھەرگە بېكىنىۋالسىمۇ «مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېنى تۆكمەيدۇ» دەپ بىتچىت قىلمىغان. ئەينى چاغدا يېڭىشەھەرگە قاپسىلىپ قالغان تۇڭگان قوشۇنلىرىنى توقسان نەچچە كۈن قورشاۋغا ئېلىپمۇ يېڭەلمىگەن. ئۇزاق ئۆتمەي شۇ مۇسۇلمان قوشۇنى ماجوڭيىڭنىڭ كېلىشى بىلەن تېخىمۇ كۈچلىنىپ پايتەخت قەشقەرنى قانغا بويىغان. دەسلەپ تۈركىيەنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن ئۇيغۇرلاردا ياپونىيەدە تۇرۇۋاتقان ئوسمانلى خەلىپىسىنىڭ ئىنىسى ئابدۇلمەجىدخاننى قايتۇرۇپ كېلىپ، خەلىپىلىكنى قايتا تىكلەش پىكرى ئوتتۇرىغا چىققىنى ئۈچۈن مەدەتتىن مەھرۇم قالغان. شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ خەلىپىلىك ھەققىدىكى كەچۈرمىشلىرى، خەلقئارالىق ھەرىكەتلەر جەريانىدىكى تەجرىبىلىرى، مىللىي مەۋجۇدلۇق ۋە مىللىي مەنپەئەت ھەققىدىكى ئېزىنقىشلىرى يەكۈنلەشكە مۇھتاج. تارىخنى ئەينەك دېيىشىدۇ بوۋىلىرىمىز، ئەمما ئەقلى خۇلاسە چىقىرىلمىغان تارىخ مىللەتنىڭ ئالدىدىكى ئەينەك ئەمەس، مىللەتنىڭ كۆزىدىكى داغدۇر مەنچە.

## ھېكايەتتىن توقۇلغان تارىخ

قاچاندۇر بىر چاغدا «ئۇيغۇرلاردىن تۇنجى مۇسۇلمان بولغان ئايال كىم؟» دېگەن يازمىنى ئوقۇغانلىقىم ئېسىمدە. قارىسام ئاساس قىلىنغىنى سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ «سۇتۇق بۇغراخان» دېگەن رومانى ئىكەن. شۇ چاغدا تۇنجى بولۇپ ئېسىمگە كەلگىنى فارابىنىڭ ئانىسى ئىدى. 870 - يىلى مۇسۇلمان ئۇيغۇر-تۈرك ئائىلىسىدە تۇغۇلغان فارابىنىڭ ئانىسى ۋە فارابىدەك داڭق چىقارمىغان تۇمەنلىگەن كىشىلىرىمىزنىڭ ئانىلىرىمۇ مۇسۇلمان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. نېمە ئۈچۈن بۇ رومانىدىكى تارىختا نامى كۆرۈلمەيدىغان، سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئايالى دەپ ھېكايە قىلىنغان بىر ئايال ئۇيغۇرلاردىن چىققان تۇنجى ئايال مۇسۇلمان بولۇپ قالىدۇ؟ چۈنكى خەلقكە تارىخ بىلەن تارىخى روماننىڭ باشقا - باشقا ئۇقۇملار ئىكەنلىكى چۈشەندۈرۈلمىگەن. ھازىر ئۇيغۇر تارىخىنىڭ مۇھىم نامايەندىلىرى ھەققىدە ئاساسەن رومانلار يېزىلىپ ھېكايىلەشتۈرۈلدى. بۇ بىر خۇشاللىنارلىق ئىش، ئەمما ھېكايىلەر تارىخ دەپ تونۇلۇشتىن بۇرۇن، شۇ ھېكايىلەر ئەكس ئەتكۈزگەن ئەسلى تارىخ ھەققىدە بىرەر ئىلمىي ئەمگەك ئورتىغا چىقمىغانلىقى ئۈچۈن، تارىخ ۋە تارىخىي شەخسلەر ھەققىدىكى چۈشەنچىلەر يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغاندەك مۇجمەللىشىپ كەتتى. شۇڭا بىر يۈرۈش، ئىلمىي مەنىدىكى ئۇيغۇر تارىخى ئوتتۇرىغا چىقمىسا، يۇقىرىقىدەك رومانىدىكى ھېكايىنى مەنبە قىلغان «تارىخىي پاكىت»لار ئوقۇرمەنلەرنى قايمۇقتۇرۇشنى داۋام قىلىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ كىرزىس تۇيغۇسىنىڭ كۈچىيىشى بىلەن كىشىلەرنىڭ تارىخقا ۋە دىنغا بولغان ئېھتىياجى ئارتتى. نەتىجىدە ئۇيغۇرلاردا دىنىي ۋە تارىخىي كىتابلارنىڭ بازىرى چىقىشقا باشلىدى. تارىخىي رومانلارنىڭ ئوقۇلىشىمۇ بىر ھاياجانلىق دولقۇن پەيدا قىلدى. نەتىجىدە تارىخىي رومانلار قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلدى. ئەلۋەتتە بۇ قىزغىنلىقنى تۇنجى بولۇپ قاندۇرغان رومانلاردىن بىرى «سۇتۇق بۇغراخان»دۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

خەلقئارا ئىسلام دولقۇنىنىڭ دىيارىمىزغا تەسىر قىلىشى ۋە ئۇيغۇرلادا باش كۆتۈرگەن ئىللەتچىلىك ئەدەبىياتىنىڭ سەلبى نەتىجىسى بولغان مىللەتنى ئىنكار قىلىش دولقۇنى نەتىجىسدە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامنى خاتا مەنبەلەردىن قوبۇل قىلغانلىقىمۇ بىر ھادىسە سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتى. «سۇتۇق بۇغراخان» رومانىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامغا مۇشەررەپ بولۇشىنى پەقەتلا سامانى شاھزادىسى ئەبۇ نەسىر سامانىغا باغلايدۇ. نەتىجىدە كىشىلەر ئەينى چاغدىكى سامانىلار خانلىقىنىڭ ئىران نەسەبلىك خانلىق ئىكەنلىكىگە، بۈگۈنكى ئىراننىڭ شىئەلىكنى ئاساس قىلغان دۆلەت ئىكەنلىكىگە قاراپلا ئۇيغۇرلارغا ئىسلام شىئەلەردىن كەلگەن، دېگەن ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. ئەگەر رومانىنى مەنبە قىلماي ھەقىقىي تارىخ مۇلاھىزە قىلىنىغاندا ئىدى، سامانىلار خانلىقىنىڭ شىئە ياكى ئەمەسلىكى، ئەبۇ ناسىر سامانىنىڭ شىئە ياكى ئەمەسلىكى، شۇ دەۋرلەردە مۇسۇلمانلاردا شىئەلىك ۋە سۈننىيلىك مەسلىسى بۈگۈنكىدەك كەسكىن ۋە توقۇنۇشلۇق مەسىلە بولغان - بولمىغانلىقى پاكىتلىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولاتتى.

«سۇتۇق بۇغراخان»غا ئوخشاش تارىخنىڭ ھېكايىسىنى تارىخ دەپ قوبۇل قىلغىنىمىزدا، ئاپتورنىڭ سىنىپىي كۆز قاراشىنى گەۋدىلەندۈرۈپ ئوغۇلچاق بۇغراخاننى قالاق قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ، سۇتۇق بۇغراخاننى «ئىلغار» فېئوداللىق تۈزۈمىنىڭ تەشەببۇسچىسى قىلىپ قويغانلىقىنىمۇ ئۇنۇتماسلىق كېرەك. ئېزىلگۈچىلەر بىلەن ئەزگۈچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى سىنىپىي قارشىلىقلارنىڭ نەتىجىسىدە، سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ خارابىسى ئۈستىگە فېئوداللىق تۈزۈمنى تىكلەپ چىققانلىقىدىن ئىبارەت «ئىنقىلابىي ئۇيغۇر تارىخى»نىمۇ قوبۇل قىلىشقا تەييار بولۇشىمىز كېرەك بولىدۇ. ھەتتا رومانىدا سۇتۇق بۇغراخان قوشۇنى جەڭگە كىرگەندە «ھوررا !» توۋلايدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا 1944 - يىلدىكى مىللىي ئىنقىلاپتىمۇ «ئاللاھۇ ئەكبەر»نىڭ ئورنىغا تولۇق ئالمىشىپ بولالمىغان بىر سۆزنى ئۇيغۇرنىڭ مىڭ يىل بۇرۇنقى ئىسلام قوشۇنى جار سالسا ئىشىنەلەمدۇق؟

ئۇيغۇرلارلا ئەمەس، مۇسۇلمان شەرقىگە مەنسۇپ تۇپراقلاردىكى نۇرغۇن

مىللەتلەرنىڭ تېخى يېقىنقى يىللارغىچە دۇنيانى، تەبىئەتنى، ئىلاھىيەتنى ئەپسانە، رىۋايەت ۋە ھېكايەتلەر بىلەن چۈشەنگەنلىكى ۋە چۈشەندۈرگەنلىكى ئەمەلىيەت. ھازىر بىر قىسىم ئالىملار ھەتتا «قۇرئان»نىمىزنىڭمۇ رىۋايەتلەرگە تايىنىپ چۈشەندۈرۈلگەنلىكىنى، ھەتتا بۇ رىۋايەتلەرنىڭ ئەسلى يەھۇدى رىۋايەتلىرى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويماقتا. شۇڭا نۇئمان ئالىخانغا ئوخشاش يېڭى بىر ئەۋلاد مۇسۇلمان ئالىملىرى نۇتۇقلىرىدا بۇرۇندىن قۇرئاننى تەپسىرلەيدىغان رىۋايەتلەرنى ئاساس قىلماي، ئەسلى تېكىستنى ئاساس قىلىۋاتقانلىقى دىققەتنى تارتماقتا. شۇڭا تارىخىمىزنى رىۋايەتلەر ۋە ھېكايەتلەر بىلەن ئەمەس، ئىلىملەر بىلەن ئىلمىي چۈشەندۈرۈش بۈگۈنكى دەۋرىمىزنىڭ تەلىپى. بولمىسا رومانغا ئاساسلىنىپ دۇنيا سۈننى مۇسۇلمانلىرى دەپ تونۇۋاتقان خەلقىمىزنى شىئەگە چىقىرىدىغان، سەيپىدىن ئەزىزى ياراتقان ئوبرازلارنى ھەقىقىي تارىخىي شەخسلەر دەيدىغان نادانلىق ساماغا سەكرەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ۋاقتى ئۆتكەن ئىللەتچىلىك

ئىللەتچىلىك ئەدەبىياتى ئۇيغۇرلاردا 20 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپىدە باشلانغان، تەسىرى چوڭقۇر ۋە كەڭ، داۋاملىشىش ۋاقتى بىر قەدەر ئۇزۇن بولغان ئەدەبىيات. ئۇنىڭغا تەۋە ئەسەرلەرنىڭ شەكىل جەھەتتىكى ئومۇمىي ئالاھىدىلىكى ژانىرسىزلىق. بۇنداق ئەسەرلەر مەتبۇئاتلاردا پۇبلىستىك ماقالىلەر دېيىلىشۋاتقان بولۇپ، بۇ روسچە سۆزنىڭ ئاممىۋىي يازما، سىياسىي ئوبزور دېگەن مەنىلىرى بار ئىكەن. ئىللەتچى ئەسەرلەرنى ئەگەر ژانىرغا ئايرىشقا توغرا كەلسە ئەدەبىي خاتىرە ياكى ئېپىك نەسىرگە تەۋەلىرى كۆپرەك بولۇشى مۇمكىن. ئىللەتچىلىك ئەدەبىياتى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»نى بايراق قىلىپ يۈكسەلگەن بولۇپ، يىگىرمە يىلدىن ئارتۇق گۈللىنىش تارىخىغا، ئەڭ تۆۋەن مۆلچەرلىگەندە ئوتتۇز مىڭغا يېقىن ئوقۇرمەنگە ئىگە (بۇ سان شۇ يىللاردىكى مەزكۇر ژورنالنىڭ تىراژى). بۇ ئەدەبىيات ئوقۇرمەنلەر تەرىپىدىن چاۋاكلانغان بولۇپ، ئەسەرلەر مەتبۇئات ۋە ئۈن-سىنىدە كەڭرى تارقىتىلغان. ئەختەم ئۆمەرنىڭ ئېيتىشىچە «يىراق قىرلاردىن ئانا يەرگە سالام» ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «قۇرئان» ۋە «ھەدىس»تىن قالسا ئەڭ كۆپ تارقالغان ئەسەر ھېساپلىنىدىكەن. ئىللەتچىلىك ئەدەبىياتى كىنوچىلىق ۋە ناخشا ساھەسىگە قەدەر تەسىر كۆرسەتكەن بولۇپ، ئۆمەرجان ئالىم، ئابدۇللاھ ئابدۇرېھىمنىڭ بۇ ھەقتە ناخشىلىرى بار.

ئىللەتچىلىك ئەدەبىياتىنىڭ زىيارەت خاتىرىسى، سایاھەتنامە ۋە ئەدەبىي خاتىرە شەكلىدە يېزىلغانلىرىدا مەزمۇنەن دائىم بىر خىل قېلىپ بار. يەنى، ئاپتور زىيارەت قىلغان يەرگە ئۇيغۇرلار بارغان، ياكى تۇرۇپ قالغان بولىدۇ. دەسلەپتە شانلىق تارىخى ياكى كۈنىمىزدىكى ناتىۋانلىقى ۋە ياكى مېھمانلىقى سەۋەبلىك قالتىس ھۆرمەتلىنىدۇ. ئاندىن مەينەتلىكى سەۋەبلىك ياتاق ئالالمايدۇ ياكى ئۆي ئىجارە ئالالمايدۇ، تەرتىپسىزلىكى سەۋەبلىك باشقىلارنى بىئارام قىلىدۇ، ھورۇنلۇقى سەۋەبلىك نامراتلىشىدۇ، ئىشتىن قالىدۇ، تۈرلۈك قالاقلىقلىرى سەۋەبلىك ھوقۇقسىز

قالدۇ. بۇ قېلىپ ئەختەم ئۆمەرنىڭ «يىراق قىرلاردىن ئانا يەرگە سالام»دىن باشلانغان بولۇپ تاكى مەن يېقىندا كۆرگەن «تۈركىيە ئۇيغۇرلارنى باقامدۇ؟» دېگەن يازمىغىچە ئوخشاش ئىزچىللاشقان. بۇ يەردە پەقەت ھېكايىچى ۋە ھېكايە توقۇلغان جاي ۋە مەزمۇن پەرقلىق بولغان بىلەن، يەتكۈزۈلمەكچى بولغىنى ئوخشاشلا «بىز ئەسلى شانلىق تارىخنىڭ ۋارىسلىرى ئىدۇق، ھازىر خەتەرلىك ئىللەتلەرگە چۆكۈپ قالدۇق. بىشىمىزغا كېلىۋاتقان پىشكەللىكلەرنىڭ سەۋەبچىسى پەقەتلا ئىللەتلىرىمىزدۇر» دېگەندىن ئىبارەت. ئىللەتچىلىك ئەدەبىياتىدىكى يازغۇچىلاردا ئۆزىنى ئاۋامدىن ئۈستۈن ئورۇندا قويۇپ ھۆكۈم قىلىش ئېغىر، ھۆكۈملىرىدە ھېسسىيلىق قويۇق، ئىزچىللىق ئاز، ئىلمىيلىك تۆۋەن بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. مەسىلەن: ت. ئېلىيوپنىڭ

شاكىلى مېغىزى بار ھەر نەرسىنىڭ،
ئەي ئەقىل شۇنداق چۈشەن مىللەتنىمۇ.

دەپ يازغىنىغا قاراپ «مىللەتنىڭمۇ شاكىلى بار» دېگىلى بولمايدۇ. يەنە مەسىلەن: ئەختەم ئۆمەرنىڭ «ئەدەبىيات مىللەتنى پاكىزلەيدىغان سوپۇن»، ئادىل تۇنىيازنىڭ «خەلقىمىزدىكى ئاڭنىڭ يېرىم دىنى ئاڭ، يېرىمى جىنسىي ئاڭ» دېگەنلىرىنى پاكىتقا ئاساسەن چىقىرىلغان، ئەقلى مۇلاھىزىدىن ئۆتكەن دېيەلمەيمىز. يازغۇچىلاردىكى بۇنداق قېلىپ، پوزىتسىيە ۋە ھۆكۈملەرمۇستەملىكە خەلقلەر ئەدەبىياتىدا دائىم كۆرۈلىدىكەن.

بۈگۈنكى ئىنسانلار ئۆزىنى، جەمئىيەتنى، تەبئەتنى، ئىلاھىيەتنى ۋە دۇنيانى چۈشىنىش ۋە چۈشەندۈرۈشتە نۇرغۇن ئىلملەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ بولغان بولسىمۇ، ئەپسۇسكى ئۇيغۇرلارنىڭ تەپەككۇرىنى ئەڭ كۆپ زەرەتلەپ كېلىۋاتقىنى پەقەتلا تەبلىغ ۋە ئەدەبىياتتۇر. بولۇپمۇ يېقىنقى ئوتتۇز يىلدا مەتبۇئاتلارنىڭ ئەڭ خېرىدارلىق سەھىپىسىنى تەشكىل قىلغان ئىللەتچىلىك ئەدەبىياتى، ئۇيغۇرلارنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلىغا ئەجەللىك تەسىر كۆرسەتتى. مىللەتنىڭ خاسلىقىنى، ئادەتلىرىنى ئىنكار قىلىش، بارلىق ئوڭۇشسىزلىقلارنى مىللەتتىكى «ئىللەتلەر»دىن كۆرۈش، مىللەتنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قارا قويۇق ئەيىپلەشلەر كۈندىلىك تۇرمۇشىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتتى. مەسىلەن: ھازىر مەيلى سارتىراچ ياكى باققال بولسۇن،ئىككى ئۇيغۇرنىڭ ئۇرۇشقىنىغا يولۇققان ھامان دەرھال «زادى بىز خەق پىتىشمايمىز» دەپ ئۇلگۇرىدۇ. بىرەرسى بىر ئىشنى بىجىرەلمىسە، بىجىرىپ بەرمىگۈچىنىڭ مىللىتىنى بىلىۋېلىپلا «بىز خەق بىر بىرىمىزگە كۆيۈنمەيمىز» دەپ ھۆكۈم چىقىرىدۇ. بىر قاتناش ھادىسىنى كۆرگەن يولۇچى شوپۇرنىڭ مىللىتىنى سوراپلا «زادى بىز خەق قائىدىگە ئەمەل قىلمايمىز» دەپ كېسىپ ئېيتىدۇ. كۈنىمىزدە ئۇيغۇرلار دوختۇرخانىغا بېرىپ مىللەتنىڭ ساغلاملىق ئېڭىدىن قاقشىسا، دىسكوخانىغا كىرىپ ياشلارنىڭ ئويۇنپەزلىكىدىن ئەپسۇسلىنىدۇ. بىرى چەتئەلدىن كېلىپ ئۆرپ-ئادىتىمىزنى سۆكسە، يەنە بىرى ئىچكىرىدىن كېلىپ يۈرۈش - تۇرۇشىمىزنى تەنقىد قىلىدۇ. تەرەققىيپەرۋەرلەر «مىللەت بىزنى ئىنكار قىلغاچقا خاراپ بولغان» دېسە، تەقۋادارلىرى نامازنى تەرك ئەتكەچكە مۇشۇ كۈنگە قالغان دېيىشىدۇ. ھىجرەتچىلىرى ئۇيغۇرنى مۇسۇلمان بولالمايۋاتىدۇ دەپ ساراسىمىگە چۈشسە، ئاللىكىملەر مۇسۇلمانلىشىپ كەتتى دەپ جىددىيلىشىدۇ. ئازراق تارىخ بىلىدىغانلىرى «ئىللەت»لىرىمىزنى تارىختا چاتسا، ئانچە - مۇنچە دىندىن خەۋەردارلىرى ئادەتلىرىمىزنى بىدئەتكە بۇرايدۇ. ئىچىنارلىق تەرىپى شۇكى، ئۇيغۇرلار تەنقىدلىنىۋاتقان مۇشۇنداق سورۇنلاردا ئۆزىنى ئۇيغۇر بىلىدىغانلار خۇددى ھەقىقەت يەتكۈزىلىۋاتقاندەك قول باغلاپ تۇرىدۇ ياكى كۆپىنچە دوست تارتىشىدۇ. دېمەك، ئىللەتچىلىك ئەدەبىياتى ھەم كىشىلەرنى مىللەتنىڭ ئىللەتلىك ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈردى، ھەمدە بەزى لاياقەتسىز كىشىلەرنىڭ قولىغا ئوپېراتسىيە پىچىقىنى تۇتقۇزدى. نەتىجىدە ئۇلار«كېسەلنى يوشۇرساڭ ئۆلۈم ئاشكارە»، «ئىللەت تۈزەلمىسە مىللەت تۈزەلمەس» دەپ شوئار توۋلىشىپ، ھەممە يەردە «ئىللەت» ئوپېراتسىيەسىگە تۇتۇش قىلىشتى.

ئىللەتچىلىك ئەدەبىياتى رىقابەتتە پايدىسىز ئورۇنغا مەھكۇم خەلقىمىزنى مىللىي ئىستىقبالدىن گۇمانلاندۇردى ۋە ئۈمىدسىزلەندۈردى. ئۈمىدسىزلىك ۋەتەندىكى ۋە مۇساپىرەتتىكى بىر قىسىم قېرىنداشلىرىمىزنى ھالاكەتكە غەرق قىلدى. مەسىلەن: مۇشۇ كۈنگىچە ئامېرىكىدا ئۆلتۈرۈلگەن ئۈچ ئۇيغۇرنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى مىللەتتىن

ئۈمىدسىزلىنىپ ئۇيغۇرلارغا ئارىلاشماسلىق. ۋاھالەنكى، ئاشۇ ئۇيغۇردىن بىزار بولغانلارنى يەنە شۇ «ئىللەتلىك» ئۇيغۇر قائىسىدىنى قىلىپ يەرلىككە قويىدى. ماڭا ئەڭ ئېچىنارلىق تۇيۇلغىنى، بۇ مۇسۇبەتتىن خەۋەردار بەزىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ ئۇيغۇردىن قاچقىنىنى مىللەتتىكى «ئىللەت»كە دۆڭگەپ ئاقلاشلىرى بولغان ئىدى. ئۈمىدسىزلىك بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئۇيغۇردىن يىراقلىشىپ ياتلارغا يېلىنىشلىرىغا، ۋەتەننى تەرك ئېتىپ چەتئەلگە تىلىنىشلىرىگە، تىلىدىن، دىنىدىن ۋاز كېچىپ خەقنىڭ باغرىغا سىغىنىشلىرىغا سەۋەپ بولماقتا. بەزىلەر گەرچە ئۇيغۇرلار بىلەن باردى - كەلدى قىلىپ ياشاۋاتقاندەك قىلغان بىلەن، پەرزەنتلىرىنى ئۇيغۇرچە ئۆگەتمەي، ئۇيغۇرغا يېقىنلاشتۇرماي، قائىدە يوسۇنلاردىن ئايرىپ تەربىيەلەشلىرى ئۇلارنىڭ ئاللىقاچان مىللەتتىن ئۈمىدسىزلەنگەنلىكىنىڭ ئىپادىلىرىدۇر. ھازىر بىر قىسىم ئۆلىمالار ئۇيغۇر پەرزەنتلەرنى ئىللەتلىك ئاتا - ئانىلىرىدىن ئايرىپ چەتئەللەردە تەربىيەلەش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسەتمەكتە. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرلىرى ھەتتا ئىللىتى يۇقۇشتىن ئەنسىرەپ ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچى ئىشلىتىشنىمۇ خالىمايدىكەن. بۇنداق ئۇيدىكىلەرنى 2011 - يىلى زىيالىلار ئارىسىدا ئۇچراتقان ئىدىم، شۇلارمۇ بالىلارنى ئىللەتلىك ئاتا - ئانىلىرىدىن ئايرىپ ئۈرۈمچىدە تەربىيەلەشنى تەۋسىيە قىلغانىدى. بۇنداق پىكىردىكىلەر بىلەن ۋەتەندىكى مەكتەپلەرنى ياتاقلىقلاشتۇرۇش تەشەببۇسچىلىرى ۋە قوللىغۇچىلىرىنىڭ پىكىردە مەلۇم ئورتاقلىقلىرى دىققەت قىلىنىشى كېرەك. ئورتاق سەۋەپ ئۇيغۇرلۇقتىن راھەتسىزلىنىش، ئۈمىدسىزلىنىش ۋە گۇمانلىنىشتۇر. ئورتاق مەقسەت بولسا ئۇيغۇرنى ئۆزگەرتىش.

ئىللەتچىلىك ئەدەبىياتى سەۋەبلىك ئۇيغۇرنىڭ ئىللەتلىرىگە ئىشىنىش ئومۇملاشقانلىقى ئۈچۈن، بەزى زىيالىلارنىڭ پەزىلەتسىزلىكى يېپىلىپ ھېكمەت سانالماقتا، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى شەخسى نۇقسانلىرىنى مىللەتلەشتۇرۇپ قۇتۇلۇشقا تىرىشماقتا. تۆھپىكارلىرىمىزدىن بەزى زىيالىلارنىڭ خېرىدارسىز يالغۇز قېلىشى، بىر قىسىم يازغۇچىلارنىڭ يېتەرلىك قوللاشقا ئېرىشەلمەسلىكى، قىسمەنلەرنىڭ قىتىغورلۇقى سەۋەبلىك نەزەردىن چۈشۈشى ئەسلى نورمال ھادىسە. چۈنكى ئۇلارمۇ ئىنسان بولغانلىقى ئۈچۈن كىشىلىك يېتىشسىزلىكلەرگە مەھكۇم ۋە بەندىلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نۇقسانلىرىدىن خالىي ئەمەس. ھالبۇكى، ئۇيغۇر بەرگەن ھۆرمەتنىڭ ئىدارىنىڭ مۇئاشىدەك يىلسىرى ئۆسمەيدىغانلىقىغا كۆنەلمىگەن ئايرىم زىيالىلار بۇنى مىللەتتىكى ھەسەتخورلۇققا، ئىتىپاقسىزلىققا، گورۇھۋازلىققا باغلاپ ئۆزىنى ئاقلاۋاتىدۇ. مىللەتتە ئەجەللىك ئىللەتلەرنىڭ بارلىقىغا چىنپۈتكەن قوللىغۇچىلارمۇ ئۇشبۇ زاتلارنىڭ يالغۇز قالغانلىقىنى ئىبرەت ئەمەس ھېكمەت دەپ تونۇپ، مىللەتنى زىيالىلارنىڭ قىممىتىنى تونۇماسلىقتا ئەيىپلىمەكتە. بەزى ئەدىبلەر ئۆزى ئەپلەپ ئادەم بولالماي، كەينىدىن «ئۇيغۇر بولماق تەس» دېگەندەك شېئىرلارنى يېزىپ، خۇددى ئۇيغۇر بولۇپ قالغانلىقى سەۋەبلىكلا ئادەم بولالمايۋاتقاندەك ئالدىمىزدا ئۆمچەيمەكتە.

ئىللەتچىلىك ئەدەبىياتى ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەرگە بىردىن ئىللەت كۆزەينىكىنى ھەدىيە قىلغان بولغاچقا، مىللىتىمىزگە خاس بولغان ئەقىدىدىن تارتىپ، تىل-يېزىق، قىلىق-قىياپەت، خۇي-مىجەز، ئۆرپ-ئادەت...ھەتتا كىيىم-كېچەككىچە ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە نۇقسان بولۇپ كۆرۈلمەكتە. نەتىجىدە ئىللەتلىك كىشىلەر ئۆزىنى يالغۇز ئەمەستەك، ئەيىپكارلىق ئۇيات ئەمەستەك، ئۇيغۇر بولغاچقا نۇقسانلىق بولۇشى تەبىئىيلىكتەك ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم كىشىلەر ئۆزىدە مەۋجۇد بولغان كىشىلىك ئەيىپلىرىنى مىللىي نۇقسانغا بۇراپ پاناھلانماقتا. مەسىلەن: مەن دائىم قىزىل چىراقتا توختاپ قالسام دوستلىرىمنىڭ «بىز ئۇيغۇر بولغاندىكىن ئۆتۈۋېرىمىز» دەپ چاخچاق قىلىشقانلىرىنى ئاڭلايمەن. ھەتتا بەزىلەر قائىدىگە خىلاپ يولدىن توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈشنى «ئۇيغۇرچە ئۆتۈش» دەپ قويىدۇ. ھازىر توختاملاشمىغان سودا ئۇيغۇرچە سودا، ساختىلىق ئارىلاشقان مۇئامىلە ئۇيغۇرچە مۇئامىلە، تەرتىپسىز قىلىنغان ئىش ئۇيغۇرچە ئىش، ئەمەل قىلىنمايدىغان ۋاقىت ئۇيغۇرچە ۋاقىت، ۋاپا قىلىنمايدىغان ۋەدە ئۇيغۇرچە ۋەدە، پىلان-تەرتىپسىز ياشاش ئۇيغۇرچە ياشاش، ھورۇن-ئىزلەنڭگۈ تۇرمۇش ئۇيغۇرچە تۇرمۇش، ئالدى-كەينى ئويلىشىلماي قارا قويۇق قىلىنغان تىجارەت ئۇيغۇرچە تىجارەت، ئىلمىي بولمىغان قالايمىقان باشقۇرۇش ئۇيغۇرچە باشقۇرۇش، ئاكادېمىك ئۆلچەمدە يېزىلمىغان ماقالە ئۇيغۇرچە ماقالە دەپ ئاتىلىپ بارلىق قالاقلىقلارنىڭ ماركىسىغا ئۇيغۇر چاپلىنىدىغان ھالغا كەلدى.

مەيلى قانداق ئىزگۈ ئارزۇ بىلەن باشلانغان بولسۇن، ياكى قانداق ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرگە، ۋەياكى ئىجابىي نەتىجىلەرگە سەۋەپ بولغان بولسۇن ئىللەتچىلىك ئەدەبىياتىغا چېكىت قويىدىغان ۋاقىت بولدى. ھازىر مىللەت ئەيىپلىكمۇ - ئەيىپسىزمۇ دەپ تالىشىش، خۇددى 80 - يىللاردا ئەۋج ئالغان ئامىن دەپ تۇۋلامدۇق- تۇۋلىمامدۇق؟ رەسىمگە چۈشەمدۇق -چۈشمەمدۇق؟ نامازنى دوپپىلىق ئوقۇمدۇق- دوپپىسىزمۇ؟ دېگەنلەرگە ئوخشاشلا ۋاقتى ئۆتكەن بىر ئىش. شۇنى ئۇنۇتماسلىق كېرەككى، زامانىۋىلىق قوقاسلىرىغا دەسسەپ كېتىۋاتقان بۇ خەلقنىڭ يۈرىكى ئەمدى ئوپېراتسىيە كۆتۈرەلمەيدۇ. روھىي تۈۋرۈكلىرىگە يۆلىنەلمەيۋاتقان بۇ قەۋم ئۆرە بولۇش ئۈچۈن يۆلەك بولىدىغانلارغا، تىك ياشاش ئۈچۈن تىرەك بولىدىغانلارغا مۇھتاج. زورلىنىپ- زورۇقۇپ، تىركىشىپ- تىترەپ ئاران ياشاۋاتقان بۇ مىللەتتىن جاھان غالىپلىرىنىڭ ئۆلچىمىدە ياشاشنى كۈتۈش ئادالەتسىزلىك. شۇڭا ھازىر ئۇيغۇرغا كېرىكى تەنقىدلىك قامچا ئەمەس. مېھرلىك قۇچاقتۇر. مۇشۇ كۈنلەردە ئاللاھ ھېكمەت بىلەن ئۇيغۇر قىلىپ ياراتقان ھەرقانداق كىشىنىڭ ئۇيغۇر ئاتلىق بۇ سۆيۈملۈك ئانىسىغا يەنە تىل ئۇزىتىشى، قول شىلتىشى ۋە ئاغىز پۇرۇشتۇرىشى لەنەتكە لايىقتۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ جەدىتچىلىك يولى

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ 1912 -يىللىرى تۇرپانغان مەخسۇت مۇھىتى تەرىپىدىن تەكلىپ قىلىنغان ھەيدەر سايرانىنىڭ تەربىيەسىدە بولغانلىقى مەلۇم. مەرھۇم ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر «ئىز» رومانىدا ھەيدەر سايرانى بىلەن تۆمۈر خەلىپىنىڭ سۆھبەتتە بولغانلىقىنى يازىدۇ. دېمەك، ھەيدەر سايرانى ئۇيغۇر تارىخىنىڭ شەرەپلىك سەھىپىلىرىدىن ئورۇن ئالغان باشلامچى ۋە قەھرىمانلىرىمىزنىڭ ئۇستازى ھېساپلىنىدۇ. بۇ ئۇستازنىڭ ئوغلىغا ئۇيغۇر دەپ ئىسىم قويغانلىقىمۇ ئۇنىڭدىكى ئۇيغۇر سۆيگۈسىنىڭ جۇلاسىدۇر. ھەيدەر سايرانىنىڭ تۇرپانغا ئېلىپ كىرگىنى تاتارلاردا بىر ئويغىنىش ھەرىكىتى سۈپىتىدە باشلىنىپ، پۈتكۈل تۈرك دۇنياسىغا مەرىپەتچىلىك ئۇرۇقلىرىنى چاچقان جەدىتچىلىك ھەرىكىتى ئىدى. ھەيدەر سايرانى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ قەلبىگە جەدىتچىلىكنىڭ ئۇرۇقلىرىنى چاچقان كىشىدۇر.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر 1916 -يىلى قازان، شەمەي ۋە ئوفا قاتارلىق شەھەرلەردە تاتار جەدىتچىلىك ئەدەبىياتى بىلەن تېخىمۇ كەڭرى ئۇچراشقان ۋە روسچە ئۆگەنگەن. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ ئوقۇشى روسىيەدە پارتىلىغان ئۆكتەبىر ئىنقىلابى سەۋەبلىك داۋام قىلالماي قالغان. ئەمما بۇ يىللاردا شائىر روسسىيەدە تۈرك مىللەتلىرىگە بېرىلگەن قىسمەن ئەركىنلىك سەۋەبلىك ئەۋج ئالغان جەدىتچىلىك پىكىرلىرى ۋە ھەرىكەتلىرىگە ئىشتىراك قىلىپ تاۋلانغان. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ 1917 -يىلى يازغان «ئۇيغۇر قىزى» دېگەن شېئىرىدا ئۇنىڭ جەدىتچىلىك پىكرى تەسرىدە شەكىللەنگەن مىللەت ئېڭىنىڭ نەقەدەر چوڭقۇرلىقى بالقىپ تۇرىدۇ. ئۇندىن باشقا ئۇنىڭ «غەزەپ ۋە زار»، «باردۇر» قاتارلىق شېئىرلىرىدىمۇ يۇقىرىقى ئىددىيە ئەكس ئەتكەن.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ «ئويغان ئۇيغۇر» ناملىق شېئىرى 1920 - يىلى يېزىلغان بولۇپ، تۈرك دۇنياسىنىڭ پەخرىلىك شائىرلىرىدىن مەھمەت ئاكىفنىڭ

«ئويغان»، قازاق ئەدىپ مىرجاقىپ داۋۇتئوغلىنىڭ «ئويغان قازاق» سەرلەۋھىلىك شېئىرى بىلەن بىر قاتاردا تۇرىدىغان ئويغىنىش مارشىدۇر. مەيلى تۈرك ئەدەبىياتىدىكى «ئويغان»، قازاق ئەدەبىياتىدىكى «ئويغان قازاق» ۋە ياكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى «ئويغان ئۇيغۇر» بولسۇن، تاتار جەدىتچى ئىسمائىل غاسپىرالى باشلىغان مىللەتپەرۋەرلىك شۇئارىغا تەئكىش قىلىدۇ.

گەرچە بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار ئۇيغۇرلاردىكى مىللىي ئاڭنىڭ ئويغىنىشىنى 1921 -يىلى تاشكەنتتە ئېچىلغان ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىغا باغلاۋاتقان بولسىمۇ،1911 -يىلدىن باشلاپ نەزەرخوجا ئابدۇسەمەتنىڭ «ئۇيغۇر بالاسى» تەخەللۇسى بىلەن جەدىتچىلىك پىكرىدىكى مەتبۇئاتلارغا ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئەسەرلەرنى يوللاپ تۇرغانلىقى ۋە ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ 1917 -يىلى «ئۇيغۇر قىزى»، 1920 -يىلى «ئويغان ئۇيغۇر»ناملىق شېئىرلارنى يازغانلىقى بۇ قاراشنى ئىنكار قىلىدۇ. شۇنداقلا بىزگە ئۇيغۇر مىللىي ئېڭىنىڭ ئويغىنىشىدا جەدىتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ تۈرتكىلىك رول ئوينىغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ.

«ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىيتىمىزدىكى ئورنى» ناملىق كىتابنىڭ ئەسلىمىلەر بۆلىكىدە ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ نامىق كەمالنى ئۇستازىم دەپ بىلگىنى مەلۇم. دېمەك، مۇستاپا كامال ئاتاتۈركنىڭ پىكىر مەنبەلىرىدىن بىرى سانىلىدىغان نامىق كەمالنىڭ ئىددىيەسى ۋە ئەسەرلىرى شائىرىمىزنى مەپتۇن قىلغان. ئەسلىمىدە شائىر نىياز ئىسمىلىك بىر قومۇللۇق دوستىغا نامىق كەمالنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە مۇلاھىزىلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ، ئۇنىڭ بىر بېيتىنى ئوقۇپ تەرىپلەپ بېرىدۇ. بۇنىڭدىن بىز تۈرك مىللەتپەرۋەرلىكىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى تەشەببۇسچىلىرىدىن بىرى بولغان نامىق كەمالنىڭ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇردىكى مىللىي ئاڭنىڭ شەكىللىنىشىگە بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى پەرەز قىلىمىز. شۇڭا ئابدۇخالىق ئۇيغۇردىكى مىللەتپەرۋەرلىكنىڭ مەنبەسىنى تاتار زىيالىرى قوزغىغان جەدىتچىلىككىلا باغلاپ قويۇش يېتەرلىك ئەمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر باشقا جەدىتچىلەرگە ئوخشاش مەكتەپ ئېچىش، ئىجادىيەت، نەشرىياتچىلىق ۋە تەشكىلاتچىلىق قاتارلىق ساھەلەردە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ 1927 -يىلى تۇرپاندا «ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» قۇرغانلىقى مەلۇم. بۇ ئۇيۇشمىنىڭ يېتەكچىلىكىدە تۇرپاندا ئۈچ ئورۇندا زامانىۋى مائارىپنى تەرغىپ قىلىدىغان جەدىتچە مەكتەپ قۇرۇلغان. شائىر شېئىرلىرىدا مۇتەئەسسىپ مەدرىس مائارىپىدا قوللىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇسۇلنىڭ ئوقۇتۇش ئۇنۇمىدىن ئاغرىنىپ، «باللارنى ئىبەردۇق دىن ئۈچۈن سەمەرقەندۇ بۇخاراغا، بۇلارنىڭ ئەقلىنى ئاللاھ ھەۋزى ئىستىنجاغا يەتكۈزدى»(مەنىسى، باللارنى دىن ئۈچۈن سەمەرقەند ۋە بۇخاراغا ئەۋەتسەك، ئۇلارنىڭ ئەقلى ئاران تاھارەتكە ئۇلىشىپتۇ) دەپ يازغان. بۇ ھالەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن شائىرىمىز شېئىرلارنى يېزىپ ھەرىكەتكە ئاتلانغان ۋە ئوقۇغۇچىلارغا تۈرلۈك يىغىلىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىپ، جەدىتچە مائارىپنى تەرغىپ قىلغان.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بۇندىن يۈز يىللار بۇرۇن ئەگەشكەن ۋە تەشەببۇس قىلغان جەدىتچىلىك ئۇيغۇرلاردا مىللىي ئاڭنى شەكىللەندۈرىدىغان بىر پىكىر ھەرىكىتى، خوراپىي دۇنيا قاراش ۋە ئادەتلەرگە قارشى بىر يېڭىلىق ھەرىكىتى ۋە مىللەتنى نادانلىقتىن ئايدىڭلىققا باشلايدىغان بىر مائارىپ ھەرىكىتى بولغان بولۇپ، شائىرنىڭ ئويغىنىش شۇئارىغا ئوخشاش مەڭگۈ جەدىتتۇر ۋە ئەبەدىي يېڭىدۇر.

## ئاشقۇنلۇقتا ئۇلجا باللار

ئىچكىرىدىكى بىر ئۈنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقىنىمدا توپ - توپ تىرىشچان ياشلار بىلەن ئۇچرىشاتتىم. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇلۇغ غايىلەرگە مايىل، قىزغىن، ئىستىقباللىق نەۋقىرانلار ئىدى. ئۇلار مەندىن ئېنگىلىزچە، تۈركچە ئۆگىنىشەتتى، سائەتلەپ غايە، ئىستىقبال، جەمئىيەت ۋە دۇنيا ھەققىدە پاراڭلىشاتتۇق. مەكتىپىمىزدە بىر تۇڭگان ئوقۇتقۇچىنىڭ ئەرەپ تىلى كۇرسى بار ئىدى. ئۇيغۇر باللارنى بۇ يەردە بىر بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ ئايرىم جامائەتنى تەشكىل قىپتۇ دەپ ئاڭلايتتىم. ئاردا ئەرەپچە ئۆگىنىدىغانلار كۆپلەپ ئېنگىلىزچە ئۆگىنىدىغان ئازلاپ قالاتتى. ئوغۇللار نامازغا، قىزلار ئورنىنشقا باشلاپلا يوقاپ كېتەتتى. قىزلار يوللاردا ئۇچراپ قالسا بۇرۇنقىدەك قىزغىن سالام قىلمايتتى، تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشخانىدا يالغۇز بولسام ئۆزى ئەكىرمەي باشقا بىرىدىگە ھاۋالە قىلىپ قويۇپ كېتىپ قالاتتى. بۇرۇن ئۆيۈمگە كېلىپ كىتاپلىرىمنى ئارىيەت ئېلىپ كېتىدىغان، يۇرتى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ۋە ئاتا-ئانلىرى ھەققىدە ئويلىغانلىرىنى دەپ مەن بىلەن قىزغىن بەس - مۇنازىرە قىلىدىغان بۇ قىز-ئوغۇللارنى باشقىچىلا قىلىپ قويغان ئامىللارنىڭ نېمىلىكى ھەققىدە بەزىدە ئويلىنىپ قالاتتىم. كېيىنچە ئۇلارنىڭ جۈمەدە مەن بىلەن بىر سەپتە بولغان بىلەن ئەمەلدە ئالىلقاچان باشقا بىر سەپكە قېتىلىپ بولغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئەمما دەرس، تەتقىقات ۋە سىناقلار بىلەن ئاۋارە بولۇپ ئەستايىدىل بولالمىغان ئىكەنمەن.

بىر مەزگىل ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدا «ھېلىقى ياغلىقلىق قىزلار بىلەن ساقاللىق ئوغۇللار نىكاھ ئوقۇتۇۋالغىلى تۇرۇپتۇ» دېگەن گەپ تارقالدى. سەۋەبى «قىزلار مەھرەمسىز يۇرسە بولمايدۇ» دېگەن پەتىۋا ئىكەن. مەن ئۇلار ھەققىدە يامان گۇمان قىلىشنى خالىمايدىغان بولغاچقا ئېپادە بىلدۈرمىگەن ئىدىم. پەقەت، چۆچەكلىك تىرىشچان بىر قىزنىڭ بىر تۇڭگان بىلەن، سانجىلىق بىر قىزنىڭ مۇسۇلمان بولغان بىر خەنسۇ بىلەن نىكاھ ئوقۇتقىنىنى ئاڭلاپ بەك بىئارام بولدۇم. مەكتىپىمىزنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكىك ئامبىرى
www.uyghurkitap.com

قورۇسىدىلا خەنسۇ بىلەن تويى قىلىپ ئاجرىشىپ كەتكەن بىر ئادەم بار ئىدى. شۇ خەنسۇ ئايال بىلەن ئۈچ قىزنى چوڭ قىلىپ، ئاخىرىدا يا خەنسۇ كوئىئوغۇللىرىنىڭ قېشىدا تۇرالماي، يا قېرىغاندا باللىرىنى تاشلاپ كېتەلمەي قورۇدا قاچان بىر گەپلەشكىدەك ئۇيغۇر ئۇچرار، دەپ ئايلىنىپ يۈرەتتى. شۇنى ئىسپات قىلىپ قارشى چىققان بولدۇم، ئەمما «ئىسلامدا ئۇيغۇر، خەنسۇ دەپ مىللەت يوق، پەقەت مۇسۇلمان - كاپىر دەپ ئىككىلا مىللەت بار» دېگەن رەددىيەگە تاقابىل تۇرالمىدىم ۋە مىللەتچىلىكتە ئەيىپلەندىم. هازىر سوراشتۇرۇپ قارىسام شۇ چاغدا نىكاهلانغانلار ئاساسەن ئاجرىشىپ كېتىپتۇ. ھەتتا بىر قىز تۇغۇتلۇق دوختۇرخانىدا قېلىپ ھەمرىيى قېچىپ كېتىپتۇ.

ئالى مەكتەپتە مەن ئالاھىدە ئەجىر قىلغان باللاردىن «جاھىلىيەت مەكتەپلىرىدە ئوقۇمايمىز» دەپ ئوقۇشنى تاشلىغان، دىنىنى دەپ كەسىپنى ئۆگەنمىگەنلەر ئىچىدە ئىز - دېرىكى بارلىرى بارماق بىلەن سانىغۇچىلىكلا قاپتۇ. خەۋىرى تېپىلغانلىرى ئوقۇپ، ئىزدىنىپ بىرەر كەسىپ ياكى پەندە يۈكسىلىشنىڭ يولىنى تاللىۋالغانلار ئىكەن. دەرسىمدە ھەممىسىگە مۇشۇ يولنى كۆرسەتكەن ئىدىم، ھەممىسىگە ھاياتتا بىر ئىشتىياق، بىر نىشان، بىر كەسىپنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلىگەن ئىدىم، ئەگەشكەنلىرى ئۇزۇپتۇ، ئەگەشمىگەنلىرى توزۇپتۇ. كۆپىنچىسىنىڭ ھەتتا نە ھاياتلار، نە ماماتلار قاتارىدا ئىسمى يوق.

ئۇرۇمچىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ستۇدېنتلار ئىچىدە ئىچكىرىدىكىدەك ئۇنداق توپ - توپ يۈرىدىغان ئىخلاسمەن، ياغلىقلىق ئىسسىق چىرايلارنى ئۇچراتمىدىم. مەن ئىشلىگەن مەكتەپتە ئۆلۈملۈك بولغان بىر ئوقۇتقۇچى ئايالنىڭ ياغلىق ئارتالماي تارتقان ئازاپلىرىغا شاھىت بولدۇم. ئارىدىن پەسىللەر ئۆتتى، زاماندارلار ئەمەس، زامان ئۆزگەردى. مەنمۇ ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالى مەكتەپلەردە بىرەر قۇر ئوقۇپ، ئىشلەپ غېرىپ، مەزلۇم، چارەسىز خورسىنغان قەشقەرگە قايتىپ كەتتىم. ئېنگلىزچە كۇرسۇمغا ئەرەپچە ئۆگىنىشكە كەلگەنلەرنى يەنە شۇ ئىچكىرىدىكى ئالىي مەكتەپكە تەۋسىيە قىلدىم. ئەمما ئۇلارنىڭ ئىشتانىنى

كالته كېيىپ، كۆزنگە سۆرمە سۈرۈپ، ساقال قويۇپ يۈرۈشلىرى قەشقەرنىڭ شارائىتىدا بەكرەك خەتەرگە يېقىن تۇيۇلۇپ ئەسكەرتكەن بولساممۇ دەككەمنى يېدىم. ئەتراپىمدا ئەۋج ئالغان ھىجرەت، خەلىپە، مۇجاھىت، شېھىت دېگەن گەپلەر ماڭا ئوچۇق ھاۋادا چاقماق چاققاندەك تۇيۇلاتتى. شۇنىڭ بىلەن «ئۇيغۇردا چەتئەل ئىشتىياقى ۋە ئۇيغۇرلۇق ئەندىشىسى» دېگەن يازمىنى يېزىپ ھىجرەت ئاتالغۇسى ھەققىدە بىلگەننى يازدىم.

ھاياتىمدا ئەزەلدىن ئوقۇپ باقمىغان مەكتەپكە- قاماقتا قەدەم قويغاندىن كېيىن ئېچكىرىدىكى ئالىي مەكتەپكە قايتقاندەك بولۇپ قالدىم. چۈنكى توپ - توپ ئىخلاسمەن باللار كىرىپ تۇراتتى، ئۇلارنىڭ ساقاللىرى قىرقىلاتتى، ھوشۇقلىرى يېپىلمايدىغان ئىشتان ئورنىغا ياز كۆنلىرى گاچا تامبال، قىش كۆنلىرى شۇنچە يۇسمۇ يىرىك يۇرايدىغان كۆلرەڭ ئىشتان ئالمىشاتتى. كامىردا ئادەم قويۇۋېتىدىغانغا ئەمەس، سولايدىغانغا دائىم ئۇيغۇرچە ئىسىم چىقاتتى ۋە ئاپلىسىن رەڭلىك كىيىم كىيگەن يېڭى مەسۇملار كۆز ئالدىمدا پەيدا بولۇپ يۈرەكنى ئېزەتتى. بىرەر ئايدىن كېيىن زېرىكىشلىك تۈرمە ھاياتى ئۇلارنىڭ ئاغزىنى ئىختىيارسىز ئاچۇراتتى-دە ھىجرەت، خىلاپەت، خەلىپە، جىھات، بەيئەت...دېگەندەك سۆزلەر تۆكۈلەتتى. يېگىشەھەرلىك بىر ئىنىمىز مېنىڭ «ئۇلسەممۇ ۋەتەندىن ئايرىلمايمەن» دېگەن گېپىمگە تاقاپلا، «ۋەتەندە ئۇلسەڭىز بىر زەمبىل گۆش بولىسىز» دېگىنى ھېلىمۇ ئېسىمدە. ئۇنىڭچە مەن ۋەتەن دېگەچكە مىللەتچى ئىدىم، ئۇنىڭ بىر زەمبىل گۆش بولىسىز دېگىنى جەننەتكە كىرەلمەيسىز دېگىنى ئىدى.

قاماقتا كۆرگەنلىرىمگە ئاساسەن «ئۇيغۇر ياشلىرىدا ھىجرەتچىلىك» دېگەن ماۋزۇدا بىر يازما يېزىشنى ئويلىغان ئىدىم. ئەمما سىرىتقا چىقىپ بۇ ئويۇمدىن ۋاز كەچتىم، چۈنكى كوچىدىكى تاملار، شەھەردىكى بىنالار، ئىشخانىدىكى مۇئاشلىق باشلار كېچە - يۇ كۈندۈز مەن يازماقچى بولغان ئەسەبىيلىككە قارشى شالىنى ھەممە ئۇيغۇرغا چاپقىلى تۇرۇپتۇ. چېگرا ئاتلىغاندىن كېيىن ئاشقۇنلۇق ھەققىدە يېزىش ئويۇم يەنە قوزغالدى، چۈنكى ئەتراپىمدا ئۇنىڭ تەرغىباتى قولاق پەردىلىرىمنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلىك تورى
www.uyghurkitap.com

يىرتىپ، ئۇرۇش تۇمانلىرىغا ئۆزىنى ئاتىدىغانلارنىڭ ئۆچۈرى ۋە ئۆلارنىڭ ئۆلۈم خەۋەرلىرى ئۆزۈلمىدى. نەچچە ئون يىل تەسلەشكەن پاسپورتلارمۇ ئاسانلىشىپ، ئىستانبۇلغا قونغان تۇپ - تۇپ ئۇيغۇرنىڭ تۈركىيەدىكى رىقابەتلىك ھاياتنى ئەمەس، سۈرىيەدىكى كاپالەتلىك جەننەتنى تاللاۋاتقانلىقى كۆندە دېگۈدەك ئاڭلىنىپ تۇردى. بۇلارنىڭ سەۋەبى «ھەقىقى ئىلىم» نامىدا ئىخلاسمەن ئۇيغۇرغا نەپرەتنى، قاباھەتنى ۋە ۋەھشىلىكنى ئىسلام دەپ سىڭدۈرگەن ئاشقۇن ئىدىئولوگىيەدە ئىدى. بۇ بىر چاقماق بولۇپ، ئۇيغۇردىكى نەپرەتنى دىن نامىدا ئوت ئالدۇرۇشقا ھەرزامان تەييار ئىدى.

رادىكاللىققا مايىل ئۆلىمالارنىڭ قەلىمىدە، تەبلىغلىرىدە قورقۇنچلۇق قورالغا ئايلانغان «سىياسىي ئىسلام»نى چۈشىنىش ئۈچۈن ئىستانبۇلدىكى بىر ئۇنىۋېرسىتېتتا مېھمان تەتقىقاتچى بولۇشقا تىرىشىۋاتىمەن. بۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا تەۋە ئىسلام تەتقىقات مەركىزىنىڭ 25 يىلدىن بېرى ناھايىتى زور ھەجىمدە يۈرۈشلۈك ئىسلام قامۇسى نەشر قىلىنىۋاتقانلىقىدىن خەۋەردار ئىدىم. بىر دوستۇم بىلەن بۇ قامۇسنىڭ ئۇيغۇرچىسىنى چىقىرىش ھەققىدە كۆپ پىكىرلەشكەن ئىدۇق. ئىزدەنمەكچى بولغان تېمام «ئىسلامدىكى بەزى ئاتالغۇلارنىڭ ئۇيغۇرچىغا ئۆزلىشىشى» ئىدى. مەقسىدىم ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنى، ئازغاشتۇرۇپ، گاڭگىرىتىپ كەلگەن «جىھات، خەلىپە، شەرىئەت، ئۇممەت، خىلاپەت، بەيئەت، بىدئەت، ھىجرەت...» قاتارلىق ھالقىلىق ئاتالغۇلارنى يېشىش ئىدى. ئەتراپىمدا كىشىلەرنىڭ سەپەرنى ھىجرەت، خاھىشنى شەرىئەت، بويسۇنۇشنى بەيئەت، ئوتتۇپپەنى خىلاپەت دېيىشىۋاتقانلىق مېنى ئويلاندۇراتتى. ئۇزاق ئۆتمەي دوستلىرىمنىڭ ئاگاھلاندۇرىشى بىلەن بۇ نىيىتىمدىن ياندىم. دېيىلىشچە ئاشقۇنلارنىڭ ئىددىيەسىگە تەسىر قىلىشىم، پىكىرنى يېتەكلىشىم مۇمكىن بولمايلا قالماستىن، خەتەرلىك ئىكەن. بۇنداق ئاشقۇن پىكىرگە مۇخالىپ خەۋەر يوللىغان تۈركىيەدىكى بىر ئۇيغۇرچە رادىئومۇ تەھدىت تاپشۇرۇۋاپتۇ. قورقۇپ ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولدۇم، ئەيمەنمەي شىرىك تويلاۋاتقان ۋە يوللاۋاتقان ئاشقۇنلارنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلەرمىش.

ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى، ئەمما ئۇيغۇرغا كاندەك چاپلاشقان ئاشقۇنلۇق سەۋەبلىك ئەرلەر ئاياللىرىنى تاشلاپ، ئائىلىسىنى بۇزۇپ، باللار ئاتا-ئانىسىنىڭ دىنىدىن گۇمانلىنىپ، كۆزىنى ياشلاپ سۈرىيەگە سەپەر قىلىشتى. دوستلارنىڭ تارتقان كۆلپەتلىرىنى ئاڭلىدۇق، ئۇيغۇرنىڭ ئۆلۈم خەۋەرلىرى كېلىپ تۇردى. دۇنيا مۇسۇلمانلار بىرلىكىنىڭ پەتىۋاسى چىقىپ، سۈرىيەلىك بولمىغانلارنىڭ سۈرىيەگە كېلىشىنى جايىز ئەمەس دەپ ئېلان قىلىندى، ئەمما بۇ پەتىۋا ئۇيغۇرچە تارقىتىلماي، ئۆلۈم چاقىرىقى تورلاردا ياڭراپ، ئۆلۈم مۇسابىقىسى ماھىر چاقىرىپ توختىمىدى. ئۇرۇشتا خاراپ بولۇۋاتقان جانلار، ياشلانغان كۆزلەر، يېتىم قالغان باللارنىڭ سىماسى كۆز ئالدىمدىن كەتمىدى.

ئاخىرىدا غەيرەتكە كېلىپ مۇسۇلمانلاردا ئاشقۇنلۇقنىڭ قوزغاتقۇچىسى، سىياسىيلاشتۇرۇلغان ئىسلامنىڭ باشلامچىسى سەييىد قۇتۇپنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە ئىزدەندىم، ئوقۇغانسېرى مەكتەپنى تاشلىغان ئوقۇغۇچىلىرىم ئەينى چاغدا ماڭا سىڭدۇرمەكچى بولغان ئىسلامنىڭ بىرلا دۆلەتنى، بىرلا بايراقنى ئېتىراپ قىلىدىغانلىقى، مۇسۇلمان-كاپىر دەپ ئىككىلا مىللەتنى قوبۇل قىلىدىغانلىقى، بىرلا دىن ھاكىملىقىدىكى ئەركىنلىكنى تەن ئالىدىغانلىقى، ئىنسانىيەتنىڭ بىر قوشۇن ئاستىدا ئازات قىلىنىش كېرەكلىكى ھەققىدىكى تەشەببۇسلارنىڭ ئەسلى سەيىد قۇتۇپتىن كەلگەنلىكىنى بىلدىم. ئاۋۋال قۇتۇپنىڭ «مەن كۆرگەن ئامېرىكا» دېگەن ئەسىرى ھەققىدە يازدىم. ئەمما توردىن باشقا ھېچ بىر ئۇيغۇرچە مەتبۇئاتتا ئېلان قىلالمىدىم. يازمىدا بۇ ئاشقۇن سىياسىيۇننىڭ ئۇيغۇر ياشلىرىغا خاراپ قىلىنىشقا تېگىشلىك بىر دۇنيا، ھاياتقا زىت بىر دۆلەت، مەۋجۇت بولمايدىغان بىر جامائەت، مۇمكىنسىز بىر كۆرەشنىڭ قوللانمىسىنى ئۆگەتكەنلىكىنى بايان قىلدىم. ئاندىن ئۇيغۇرچە قۇتۇپنىڭ «يول بۇ يەردە» دېگەن ئەسىرى ھەققىدە توختالدىم.

ئاشقۇنلۇقنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كەتكەن ئوقۇغۇچىلىرىمنى ھەر ئويلىسام يۈرىكىم ئاغرىيدۇ. نېمە ئۈچۈن ئىسلامنى ئۆزۈم ئۆگىنىپ، ئۇلارنى دىن دەپ قوبۇل قىلىۋالغان ئاشقۇنلۇق يولىدىن قايتتۇرالمىغىنىمغا ئېچىنىمەن. مىڭ نەچچە يۈز

يىلدىن بېرى مىللەتنىڭ كۈندىلىك ھاياتى، تالىلىشى ۋە كەلگۈسىگە ئەجەللىك تەسىر كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان دىنىمىزنى ئۆگىنىپ، ياشلارغا يول كۆرسىتەلەيدىغان ياكى ئۆگىنىپ، ياشلارغا يول كۆرسەتكەن بولسام، ئوقۇغۇچىلىرىمنى ئەقلىي بىر ئىسلام چۈشەنچىسىگە باشلىغان بولسام، بەلكىم ئۇلارنى قۇتقۇزۇپ قالغان بولاتتىم. ئەسلى مىللەت مۇھىم بىلگەننى مۇھىملارنىڭ بېشىغا تىزىپ، مىللەت بۇرچ دەپ قارىغاننى بۇرچلارنىڭ ئەڭ ئالدىغا قويۇپ ئورۇندىغان بولسام مىللەتنىڭ جېنى، تېنى ۋە نومۇسى بۇ قەدەر پايخان بولمىغان، ئەزىز پەرزەنتلىرىمىز ئافغان تاغلىرى، ئىراق چۆللىرى ۋە سۈرىيە داللىرىدا قەبرىسىز قالماس بولغىيدى، ئېھتىمال.

(ۋەتەندىكى بىر مۇنبەردە ئېلان قىلىنغان) 2016 -يىل سىنتەبىر ئەنقەرە

## ئانامنىڭ رەڭدار ياغلىقى

ئانامنىڭ ياغلىقلىرى ئۇنىڭ باغرىدا ئۆتكەن بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك ئەسلىمرىمنى رەڭلەپ تۇرىدۇ. قەلبىمدىكى شۇ مېھرىلىك، سۆيۈملۈك چىرايىنى تېخىمۇ قەدىردان كۆرسىتىدىغان ياغلىقلار دائىم ئۆيىمىزدىكى كەيپىياتنىڭ سەۋەبچىسى ئىدى. ئانام ئاق ياغلىق ئارتىۋالغان چاغدا قەلبىمىزدە مۇسىبەت، رەڭدار ياغلىق ئارتقان دەمدە ھاياجان، گۈللۈك ياغلىق چىگىۋالسا خۇشاللىق، سىدام ياغلىق تېڭىۋالسا كۆڭۈلسىزلىك ئەلەڭگىيتتى. ئانامنىڭ ياغلىقسىز ھالىتىنى كىيىمسىز تۇرقىنى ئەقلىمگە سىغدۇرالمىغاندەكلا تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن. شۇڭىمىكىن ھەر قېتىم ياغلىقلىق ئانىلارنىڭ قارا دەرۋازىلار، سۇرلۇك كۆزنەكلەر، رەھىمسىز شىرەلەر ۋە زوراۋان فورمىلارنىڭ ئالدىدىكى ناتىۋان ھالەتلىرىگە كۆزۈم چۈشسىلا پۇچلىنىپ كېتەتتىم. جاسارەتسىزلىكىم، چارەسىزلىكىم ۋە جانباقتىلىقىمغا نەپرىتىم كېلەتتى. ياغلىقلىق يۈزلەردىكى نۇرنى توزۇتقان غەم، دەرت ۋە مەزلۇملۇق ئىچىمنى تاتىلايتتى.

ئاللاھ يول بېرىپ پەيغەمبىرىمىز ياشىغان مۇبارەك تۇپراقلارنىڭ زىيارىتىگە مۇشەررەپ بولغىنىمىزدا ھەمشىرىلىرىمىزنىڭ خاھىشىغا كۆرە ئورالغان ياغلىقلىق يۈزلىرى، تەشۋىش ۋە تەقپىلەردىن خالىي مەغرۇر تۇرقى يۈرىگىمنى ئېيتقۇسىز مەمنۇنىيەت بىلەن لىقلىدى. ئەتراپىمدىكى بۇ تەلەيلىك ئۇيغۇرلار كۆزۈمگە تېخىمۇ چىرايلىق، جۇشقۇن ۋە ئىستىقباللىق كۆرۈندى. ئانام ۋەتەندىن ئېلىپ كەلگەن كەشتىلىك پەرىجىسىنى ۋە گۈللۈك ياغلىقىنى تېڭىۋالغان ئىدى. سەپەرگە چىقىش ئالدىدا ئۇنىڭ رەڭلىك ياغلىقلىرىنى تۇجۇپلەپ تاللاشلىرىغا مەستلىكىم كېلىپ قاراپ تۇرغانىدىم. مۇقەددەس كەبىگە يۈزلەنگەن تاۋاپ دەقىقىلىرىدە سەپەرداش خانىملار ھاياتىدىكى بۇ ئۆزگىچە سەپەردە باشقىچە كۆرۈنەي دېدىمۇ، يا ئەرەبىستان ئاياللىرىنىڭ كىيىنىش ئۇسلۇبىنى تاۋاپنىڭ شەرتلىرىدىن بىرى دەپ ئويلىۋالدىمۇ، كۆپىنچىسى سەئۇدى ئاياللىرىدا ئومۇملاشقان قارا ياغلىق ۋە قارا پەرىجىنى

تاللاپتۇ. ئاچام، قېيىنئانام ۋە ئايالىممۇ ئانامدەك بۇرۇنقى ئۇيغۇرچە كىيىنىشتە بولسىمۇ، ئەتراپىغا بېقىپ سەل تەڭقىسلىقتا قالغان ئىدى. ئۇيغۇر ھەمراھلىرىنىڭ قاراگۇلدەك ئورالغان ھالىتى ئۇلارغا ئەسلى نېمە كىيىش كېرەكلىكى ھەققىدە بىشارەت بېرىۋاتقاندەكمۇ قىلاتتى. ئاخىرى بىر كۈن ئۆتۈپ ئۇلارمۇ قاراغا ئورانغان بولدى. پەقەت ئاناملا رەڭدار ياغلىقلىرىنى ۋە كەشتىلىك كىيىملىرىنى تاشلىمىدى.

پەيغەمبىرىمىز ياشىغان قۇتلۇق دىياردىكى سەپىرىمىزنىڭ تۇنجى بېكىتى جىددە بولدى. بار - يوقى يۈز ئەللىكتىن ئاشىدىغان تاۋاپچىنىڭ چېگرىدىن كىرىش رەسمىيىتىنى بېجىرىشكە ئۈچ سائەتتىن ئارتۇق ۋاقىت كەتتى. ئاچلىق، ئۇيقۇسىزلىق، ھارغىنلىقنى يۆلەپ ئاران كەلگەن بىزلەرگە ساقچىلار، خادىملار ۋە مۇلازىملارنىڭ قوپال، بىپەرۋا ۋە ھاكاۋۇرلۇقى پەيغەمبەرىمىزنىڭ ئاياقلىرى تەگكەن بۇ تۇپراققا پەقەتلا ماس كەلمەيدىغاندەكلا تۇيۇلدى. ئانام ئولتۇرغان قۇلتۇق ھارۋىسىنى ئىتتىرىپ ئالدىغا كەلگىنىمدە قاراپىمۇ قويماي تېلېفون ئويناپ ئولتۇرغان ئەرەب خادىم ئانامنىڭ تىترەپ قولاشمايۋاتقان بارماقلىرىنى تارتقۇچلاپ رەسىمگە تارتىشقا باشلىدى. ئارىدا تېلېفونىغا كەلگەن بىر ئۇچۇرنى يەنە بىر كۆزنەكتىكى دوستىغا كۆرسىتىپ ئون نەچچە مىنۇت چاخچاقلاشتى، ئۇنىڭ تەكەببۇرانە بۇيرۇقلىرىدىن بىزنى پەقەتلا نەزەرگە ئىلمايۋاتقانلىقى چىقىپلا تۇراتتى. ئەمدى تەكشۈرۈشلەر تۈگىدىمىكىن دەپ كېتىۋاتسام يەنە بىر توسۇققا دۈچ كەلدۇق. تەكشۈرگۈچى ئانامغا لەپپىدە قاراپ «تۈركىيە» دېدى- دە، توختاتمايلا ئۆتكۈزىۋەتتى. يۈكلىرىمىزنى ئالىدىغان ئورۇننى بىلەلمەي تەمتىرەپ تۇرساق، جەنۇبىي ئاسىيالىق مۇسۇلمانلارغا ئوخشايدىغان بىر تازىلىقچى يېنىمغا كېلىپ «تۈركىيە» دېدى ۋە كۈلۈپ يولنى كۆرسىتىپ قويدى. ئىچىمدە دۆلەتنىڭ ئىناۋىتى كۈچەيسە، پۇقرانىڭ ھۆرمىتى بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى خىياللار ئەۋج ئۇردى. ئەمما بىزنى قانداقسىگە تۈركىيەلىك قىلىۋالغاندۇ؟ ئانامىمۇ، مەنىمۇ تۈركىيە تۈركلىرىگە ئانچە - مۇنچە ئوخشايتتۇق، مەنچە.

خۇپتەندىن كېيىن تۈرك ئۆلىمانىڭ يېتەكچىلىكىدە تاۋاپنىڭ تەسرى ۋە ھاجانلىرىدا تۆكۈلۈپ كەتتۇق. دۇئالىرىمىزدا، نامازلىرىمىزدا، مۇقەددەس بەيتۇللاھتىكى

رەسۇلىمىزنىڭ ئىزىنى باسقان ھەر بىر قەدەملىرىمىزدە ئاللاھقا ئىلتىجا قىلدۇق. بەيتۇللاھنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ھەجەرۇل ئەسۋەدكە قوللىرىنى ئۇزىتىپ بوقۇلداپ يىغلاۋاتقان قېرىنداشلىرىمنىڭ ئارىسىدا «يېرىل تېشىم يېرىل» دېگەن ئۇيغۇر چۆچىكى ئېسىمگە كەلدى. ئۇيىدىن چىققان تۆنجى قەدىمىدىن باشلاپ توساقلاردا تۇسۇلۇپ، سوقماقلاردا سوقۇلۇپ ۋە تاسقىلىپ يۈرۈپ مۇقەددەس مەنزىلىدىمۇ تېگىشلىك ئىشەنچ، باراۋەرلىك،خاتىرجەملىك ۋە ھۆرمەتكە ئېرىشەلمەي كېلىۋاتقان بۇ ناتىۋانلار، ھاياتتىكى بارلىق ئىختىيارىلىقلاردىن مەھرۇم قېلىپ، مۇقەددەس مەسئۇلىيەت، كۈندىلىك ئېھتىياج، رېئال مەنپەئەت ۋە مەجبۇرلىنىشلار ئاسارىتىدە سىقىلغان ئىچ باغرىنى، روھنى ۋە ھەسرەتلىرىنى ئاللاھقا يىغا بىلەن بىراقلا تۆكۈۋاتقاندەك ئىدى. ئۇلارنىڭ شەلۋەرىگەن دىل يارىسىغا ئىبادەتتىن باشقىسى پايدىسىز، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكىنى تۆكىدىغانغا كەبىدىن باشقا يەر ئىشەنچسىز، ئۇلارنىڭ سېلىشتۇرغۇسىز دەردىگە ئاللاھتىن باشقىسى ئامالسىز ئىدى. خۇددى قارا يوپۇقلۇق تاش ئۇيغۇرنىڭ يىغىسىغا يېرىلىپ كېتىدىغاندەك كۆزۈمنى يۇمۇۋالدىم. شۇئان مۇشۇ يوپۇق كەشتىسىنىڭ ئۇيغۇرنىڭ قولىدىن چىققانلىقى خىيالىمدىن كەچتى ۋە ئۇيغۇرنىڭ ھۈنەر-تېخنىكىلىق بولۇشىنى، خار بولماسلىقىنى تىلەپ دۇئا قىلدىم. چۈنكى ئەجداتلاردا «ھۈنەرلىك ئىنسان خار بولماس» دېگەن ئاتا سۆزى بار ئىدى.

سەفا بىلەن مەرۋە ئارىلىقىدا ئانام ئولتۇرغان قولتۇق ھارۋىسىنى ئىتتىرگەچ، ئاغزىنى ئارانلا مىدىرلىتىپ يۈم - يۈم يىغلاپ جىمجىت كېتىۋاتقان غەمگۇزارىمدىن سورۇدۇم. مەقسىدىم، گەپكە سېلىپ يىغىدىن بىر دەم بولسىمۇ توختىتىش، ئاجىز يۈركىنى قان قىلماسلىق، ئاللاھقا يىغلىماي دۇئا قىلىپ كېتىۋاتقان مىللەتلەرنىڭمۇ بارلىقىنى دەپ قويۇش ئىدى.

-ئانا نېمە دەپ دۇئا قىلدىڭ؟

-نېمە دەپ دۇئا قىلاتتىم بالام، ھەجەر ئانىمىز ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇسسۇزلۇقتىن سۇلغان ھالىغا چىدىماي ئاللاھقا يالۋۇرۇپ، سەفا مەرۋە ئارىلىقىدا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

يۈگرەيتتىكەن. مەن بالام نەدىدۇر دەپ شەھەرمۇ سەھرا كېزىپ يۈرگەن، تىرىك بولسا يۈزىنى، ئۆلۈك بولسا جەسىدىنى كۆرەي دەپ زارۇزار قاقشاپ سەرسان بولۇۋاتقان باغرى قان ئانىلارغا دۇئا قىلدىم. يۈرەك پارىلىرىنىڭ ياشىغىنى ئەمەس، قىينالغىنىنى بولسىمۇ كۆرەلمەي پۇچىلىنىۋاتقان، پەرزەنتلىرىنىڭ ھايات-ماماتىدىن بىخەۋەر يۈرىكى داغلىنىۋاتقان، يا بالىسى بىلەن تۇتۇلۇپ كەتمىگىنىگە، يا بالىسى ئۈچۈن ئۆلۈپ كەتمىگىنىگە ئۆكۈنۈۋاتقان پۈتۈن دۇنيادىكى ئانىلارغا دۇئا قىلىۋاتىمەن... ئانام ئىسەدەپ كېتىشتىن قورقتىمۇ، ئاغزى بۇرنىنى ياغلىقنىڭ ئۇچى بىلەن ئوراپ گەپتىن توختىۋالدى. مېنىڭمۇ ئاغزىمغا گەپ كەلمەيتتى.

سەفا - مەرۋە ئارىلىقىدىمۇ باشقا ئەل مۇسۇلمانلىرىنىڭ «تۈركىيە» دېيىشىپ بەرگەن ئىللىق سالاملىرىدىن، يول بېرىشلىرىدىن سۆيۈندۇم-يۇ، ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ئاق ئېھرامغا ئورالغان بۇ يەردە تۈرك دۇنياسىنىڭ بىر پارچىسى ئىكەنلىكىمىزنىڭ قانداق بىلىنىپ قالغىنى مېنى تەئەججۈپلەندۈردى. ساقچىلار ھەرەمنىڭ ئىچىدىمۇ قوپال ئىدى. ئەمما ئانام ئىككىمىزگە كەلگەندە قول شىلتىپ ۋارقىرىيالمايتتى. قارىغا ئورانغان ئاچام، قېيىنئانام ۋە ئاياللىمۇ ھەرەمدە ساقچىلارنىڭ قوپاللىقلىرىدىن خالىي قالماپتۇ. نېمىشقا ھەممىمىز ئۇيغۇر تۇرۇپ ئىككى خىل مۇئامىلىگە ئۇچرىغانلىقىمىز مېنى ئويلاندۇراتتى. ھەرەم دېگەن چەكلەنگەن دېگەنلىك بولسىمۇ، ساقچىلارنىڭ زوراۋانلىقى، قوپاللىقى، مەسئۇلىيەتسىزلىكى چەكلەنمىگەن بولسا كېرەك. بۇ ساقچىلارمۇ ھەرەمدە ناماز ئوقۇيدۇ-يۇ، نېمىشقا ئاللاھنىڭ جازاسىدىن قورقمايدۇ؟ ئاللاھ ئۇلارنىڭ جازاسىنى ئۇ دۇنيادا بەرگەن بىلەن، بۇلارنىڭ قوپال رەھىمسىزلىكىنىڭ مۇكاپاتىنى پادىشاھ بۇ ئالەمدە بېرىدۇ-دە! سەئۇدى ئەرەبىستاندا پادىشاھ ھاكىمىيىتى ۋە پادىشاھلىق ھوقۇق خەلقىنىڭ، ئاخباراتنىڭ ۋە قانۇنىنىڭ نازارىتى ۋە چەكلىمىسىنى قوبۇل قىلمايدىغان تۇرسا، ساقچىلارنى بىرى نازارەت قىلالايتتىمۇ، چەكلىيەلەيتتىمۇ؟ بەيتۇلھەرەمدە شۇنچە قوپال ساقچىلارنىڭ تۈرك ھاجىلىرىغا كەلگەندە يۇمشاپ كېتىۋاتقانلىقى دىققىتىمنى تارتتى. ھەممە ئەرلەر ئاق ئېھرام بىلەن، ئاياللار ئاساسەن قارا پۈركەنجە بىلەن ئورۇنۇۋالغان بەيتۇللاھتا تۈرك ئاياللىرىنىڭ رەڭگارەڭ ياغلىقلىرى ۋە ياغلىقىغا ماسلاشقان ھەرخىل پوسۇندىكى

يارىشىلىق پەلتۇلىرى ئالاھىدە گەۋدىلىنىپ تۇراتتى. ھەممە ھاجىنى ۋارقىراپ رەتكە تۇرغۇزىۋاتقان ساقچى، تۈرك ھەج ئۆمىكىدىكى رەڭدار ياغلىقلىقلارنى كۆرگەن ھامان پەسكويىغا چۈشەتتى. شۇنىڭ بىلەن دۆشكەللەنمەسلىكنىڭ سەۋەبىنى ئاڭقاردىم. ئانامنىڭ تۈرك ئاياللىرىنىڭكىگە ئوخشايدىغان رەڭدار ياغلىقى ۋە قەشقەردىن كېيىپ كەلگەن كەشتىلىك پەرىجىسى بىزنى تۈرك كۆرسىتىپ ئازارلىنىشتىن ساقلاپ قالغانىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئۆتكۈر ئەسلەنگەن دەمدە

2015 ـ يىلى بەشىنچى ئۆكتەبىر مەرھۇم شائىر ۋە يازغۇچىمىز ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ۋاپاتىنىڭ يىگىرمە يىللىقى. يىگىرمە يىل بۇرۇنقى شۇ كۈن بەكمۇ ئېنىق ئېسىمدە. 1995 ـ يىلى 5 ـ ئۆكتەبىردە سارە ئىسىملىك بىر قىز قار ـ يامغۇر تۆكۈلۈپ ئالدىمغا كەلدى. نېمە بولغانلىقىنى ئاڭلىغىنىمدا ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي كۆز ياشلىرىم بىلەن ئۇ قىزغا جۈر بولدۇم. دېيىلگىنى ئۆتكۈرىمىزنىڭ مۇسىبەت خەۋىرى ئىدى. مۇساپىرەتتىكى بارلىق تارتىراڭغۇ كۈنلەردىن پەرقسىز، نۇرسىز، روھسىز شۇ كۈندە ئۆتكۈرسىز قاپتۇق. ماتەملىك پىغانلىرىمىزنى ساۋاقداشلار بىلەن قانداق ئورتاقلىشىش توغرىسىدا سارە سىڭلىمىز بىلەن ھەمسۆھبەت بولدۇق. ئۇ چاغلاردا ئۇستازىمىز ئابدۇرەئۇپ پولات تەكلىماكانى قوللاۋاتقان ‹ئەنجۈمەن› ناملىق بىر ئىلىم سورۇنىغا يېتەكچى ئىدىم. ئادەتتە ئەنجۈمەنىمىز ئىككى ھەپتىدە بىر ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان بولغاچقا، ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ ۋاپاتىغا ئاتاپ تويۇقسىز پائالىيەت تەشكىللەشكە ئامالسىز ئىدۇق. ئۇيان چاپا، بۇيان چاپا سارەنىڭ كۆزلىرىدەك مۆلدۈرلىگەن ياشلىق كۆزلەردىن كۆزلىرىمنى تەستە قاچۇرۇپ، ئىمكان بولمىغانلىقىنى ئەنجۈمەن تەشنالىرىغا ئۇقتۇرۇش قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. ئەمما، شۇ كۈنكى ياشلانغان كۆزلەر، تۈرۈلگەن قوشۇملار، ئۆمچەيگەن لەۋلەرگە ھازىرغىچە يۈز كېلەلمەيمەن. شۇ چاغلاردا يۈرەكتىن سۆيگەن كىشىلىرىنى قەلب تۆرىدە ئەزىزلەيدىغان ئۇيغۇرنىڭ «ئالىم ئۆلدى، ئالەم ئۆرۈلدى» دەپ چەككەن پىغانى ئالدىدا مەن چارەسىز ئىدىم.

«ئويغانغان زېمىن»دا مەرھۇمدىن قالغان «ئىز»نى بويلاپ تەمتىلەپ يۈرۈپ كەتتۇق، يوللار ئاۋۇدىيۇ يولداشلار ئاۋۇمىدى. پەللىلەردە يېڭىپ، داۋانلاردىن ئاشقان بىر بۈيۈك كارۋان تېپىلمىدى كۆز ئالدىمدا. ئۆتكۈرسىز قالدۇق. ھەر قېتىم بېشىمىزغا مۇسىبەت كېلىپ كۆزىمىزگە زۇلمەت تىقىلغاندا، ھەسرەت بىلەن ئۇنى ئەسلىدۇق.

خۇددى بىرگە بىر يول كۆرسىتىدىغاندەك، خۇددى بىزگە مەشئەل سۇنىدىغاندەك ئۈمىدلەندۇق. كۈتتۇق، نۇرانە سىمالىق ئۇستازىمىز سۇنغان روھىمىزغا، قاغجىرىغان ئارمانلىرىمىزغا، قانغان قەلبىمىزگە مەلھەم بېرىدىغاندەك...لېكىن يەنە ئويلىدۇق، ئۆتكۈرسىز كۈنلەردە. ئالىمىمىزنى ئاللاھنىڭ چاقىرغىنى، ئارىمىزدىن ئېلىپ كەتكىنى ھېكمەتكەن... زۇلمەتكە چىدىيالمايتتى، خورلۇققا يۈز كېلەلمەيتتى، ئازاپتىن يېرىلىپ كېتەتتى. بېلىگە ئاق باغلىغان باغرى قان زېمىننىڭ ھالىغا قاراپ كۆزى ئوچۇق كېتەتتى، يۈرىكى چاك كېتەتتى، يۈزى غەمناك كېتەتتى...

2005 - يىلى تۈركىيەدە ئىلمىي زىيارەتتە بولغىنىمدا ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ «ئىز»، «ئويغانغان زېمىن» دېگەن رومانلىرىنى ۋە «ئۆمۈر مەنزىللىرى»، «تارىم بويلىرى» ناملىق شېئىرلار توپلاملىرىنى كىتاب ئوقۇيدىغانلىكى ئۇيغۇرنىڭ ئىشكابىدا دېگۈدەك كۆردۈم - دە، خەلقپەرۋەر رەھبەر تۆمۈر داۋامەتنىڭ «سەندەك ياشسام» ناملىق مەرسىيەسىنى ئەسلىدىم. شۇنداق يازالسام دېدىم. تاشتەك ئىرادەم بولسا تىرىشسام، ئۆتكۈردەك ماھارەتكە، جاسارەتكە، ئىناۋەتكە ئېرىشىپ ياشسام دېدىم. ئۆتكۈر ئەپەندىمدەك ئۇيغۇرنى تاماسىز مۇھەببىتىم، سەممى ئەمگەكلىرىم بىلەن سۆيۈپ ئۆتسەم، دېدىم. ئانا تۇپراقنى ۋە شۇ تۇپراقتىن ئۈنگەن مېھرىلىك بۇ مىللەتنى ئەزىزلەيدىغانلارنى، ھايات ۋە ھاياتلىقنى باغاشلىغانلارنىڭ ياشلىرىنى سۈرتۈپ، باشلىرىنى تىكلەپ باققۇم كەلدى. ئۆتكۈرنىڭ ئىزىدىن ماڭغۇم كەلدى، مەنزىلى مۇشەققەتلىك بۇ «توختىماس» كارۋاننىڭ كۆلكىسىگە كۆلۈپ، ئىززىتىگە جان تىكىپ...

2015 - يىلى ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدىن باشلاپ تۈركىيەدە ياشاش نېسىپ بولدى. مەسلەكداش دوستلاردىن گازى (غازى) ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ھەققىدە ئىككى قىسىملىق كىتاب يازغان ھۈليا قاساپئوغلۇ خانىمنىڭ مۇشۇ يىل ئىچىدە مەرھۇم ۋاپاتىنىڭ يىگىرمە يىللىقىغا ئاتاپ مۇراسىم قىلماقچى بولغانلىقنى ئاڭلاپ سۆيۈندۈم. تۈركىيەدىكى داڭلىق ناخشىچى، پارلامېنت ئەزاسى ئۇغۇر ئىشلاق ئەپەندىنىڭ مەرھۇم ئالىمىمىزنىڭ «ئۆچراشقاندا»

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نامىلىق شېئىرىغا ئاساسەن ئىشلەنگەن ناخشىنى يۇقىرى سەۋىيەدە ئورۇنلىغىنىدىن پەخىرلەندىم. ھىندىستان باش مىنىستىرى مودىنىڭ مەرھۇم ئالىمىمىزنىڭ «ئىز» نامىلىق شېئىرىنى ئىنگلىزچە دېكلىماتسىيە قىلغانلىقىدىن ئالەمچە غۇرۇرلاندىم.

ئۆتكۈرسىز كۈنلەردە يىراق قىرلاردا ياڭرىغان سادا بىزنى ئويغاتتى. ئۆتكۈرسىز قالغان ئويغۇرغا قانداش، قېرىنداشلارنىڭ پىداكارلىقى بىزنى ئوياتقۇزدى. ئۆتكۈرسىز كۈنلەردە باغرىلىرىمىزنىڭ تىلىدا جاراڭلىغان ئۆتكۈر نىداسى بىزنى يىغلاتتى. ئۆتكۈرسىز كۈنلەر بىزنى كىم بولۇش ۋە كىم بولماسلىق ھەققىدە ئازابلىق ئويلارغا مۇپتىلا قىلدى. قولىمىزدىكى كىملىكلەرگە سىغمايۋاتقان، ياراشمايۋاتقان، ياتلىشىۋاتقان سالاھىيەتلىرىمىز بىزنى ئەندىشىلەندۈردى. ئۆتكۈرسىز كۈنلەرنىڭ شۇنچە ئۇزاق مەنزىللەرنى تاماملاپ يىگىرمە يىلغا ياماشقانلىقى بىزنى ئېغىر خىياللارغا مۇپتىلا قىلدى. خىياللار مۇجمەل ئىدى، مەجھۇل ئىدى. خىيالچان كۆزلىرىمىز تىك باقالمايتتى ئۆتكۈرنىڭ سىماسىغا، روھىغا، مىراسلىرىغا.

## ئۇيغۇر دىيەلمەسلىك

كىچىكىمدە ھېيتگاھنىڭ ئالدىدا مەدداھلار بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەزرەت ئەلى شاھىمەردان، روستەم پالۋان ھەققىدە ئاجايىپ تەسىرلىك رىۋايەتلىرى كىشىلەرنى سائەتلەپ بەنت قىلاتتى. مەھەللىمىزدىكى قىماۋازلارنىڭ ئاغزىدىن جەمشىت ھەققىدىكى قىسسىلەر سۆزلىنەتتى. ئەقلىمنى بىلگەندە جەمشىتنىڭ ئىران شاھى ئىكەنلىكىنى، رۇستەمنىڭ تۈركلەرگە قارشى جەڭ قىلغان فارىسلارنىڭ قەھرىمانى ئىكەنلىكىنى بىلدىم. كىشىلەرنىڭ ئىران قەھرىمانلىرىغا چوقۇنۇشلىرى، بىلىمسىز، نادانلارنى تۈرك دېيىشلىرىدىن ئەسلى كىملىكىمىزدىن قانچىلىك ياتلاشقىنىمىزنى ھېس قىلغانىدىم. كۆزىمىزدە ۋەتىنىمىزگە قەدەم بېسىپ باقمىغان شەخسلەرنىڭ جەلپكار مازارلىرى بار، ئېسىمىزدە تارىخىمىز بىلەن ھېچ ئالاقىسى بولمىغان قەھرىمانلارنىڭ ئىش ئىزلىرى بار ئىدى. مەسىلەن: خوتەندە ئۇيغۇر بىلەن ھېچ ئالاقىسى يوق ئىرانلىق شەمسى تەبرىزىنىڭ مازىرى مەشھۇر، ئەمما قاراخانىلار خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە خوتەندە ئىمانىنى قوغداش ئۈچۈن قارا قىتانلارغا باش ئەگمەي تىك تۇرۇپ شەھىد بولغان ئالاھىددىن مۇھەممەد خوتەنىنىڭ مەقبەرىسى نائىنىق. ئۇيالدا بىزنىڭ تۇپراقلارنى قوغداپ جان بەرگەن قىلىچ بۇغراخاننىڭ قەبرىسى ۋەيرانە، ئەمما كەربالادا قەستكە ئۇچرىغان ئىماملارنىڭ رىۋايەتلىك ۋارىسلىرى مازارلىرىدا تاۋاپقا سازاۋەر. نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇرنىڭ تىلىدا ياتلارنىڭ قەھرىمانلىرى قەدىرلىك، ئۇيغۇرنىڭ تۇپراقلىرىدا خەقنىڭ مازارلىرى ھۆرمەتلىك بولىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ھازىرغىچە يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ قەبرىسىدىن ئاپاقخوجا مەقبەرىسى ھەيۋەت، مۇھاپىزەتلىك، خېرىدارلىق؟

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ مەقبەرىسى جايلاشقان ئوپالئارت تېغىنىڭ چوقىسىدا ئوقۇرغا ئوخشاش بىر يەر بار. كىشىلەر دۈلدۈل ئوقۇرى دېيىشىدۇ. ھەزرەتى ئەلىنىڭ ئېتى باغلانغانمىش. كىچىكىمدىن شۇ رىۋايەتكە ئىشىنىپ، شۇ ئوقۇرنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يىراقتىن ئۇلۇغلاپ چوڭ بولغانمەن. ھەتتا شۇ ئوقۇرنىڭ ئەتراپىدىن ئانچە - مۇنچە مەردەكلەرنىڭ قالدۇقلىرى ئۇچراپ، ئىسمىدىكى ھەزرەتى ئەلى ئوبرازىنى تېخىمۇ قۇدرەتلىك قىلىپ كۆرسەتتى. ئەقلىمنى تېپىپ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا سوراشتۇرسام، ئەسلى ئەنجانباي سەبداشلىرى بىلەن بىللە گومىنداڭ ئارمىيىسى بىلەن ئېتىشقاندا شۇ «ئوقۇر» ئەتراپىنى ئىستىھكام قىلىپ ئىشلەتكەنىكەن. بۇنداق ھەقىقى ئۇيغۇر قەھرىمانلىرىنى ئۇنتۇپ، يالغان رىۋايەتلەرگە چىنپۇتۇشنىڭ سەۋەپلىرى نېمە؟ مېنىڭ چۈشىنەلمەيدىغىنىم خەلقىمىز قاراخانىلار خانلىقى دەۋرىدىكى تاجاۋۇزچىلارغا قارشى كۆرەش قىلغان ئاللاھىددىن مۇھەممەد خوتەنىنىغۇ ئۇنتۇپ قالسۇن، ۋەتىنىنى ياتلاردىن مۇداپىئە قىلغان قىلىچ بۇغراخانمۇ ئىسىدىن چىقىپ كەتسۇن، نېمە دەپ تېخى نەۋرىلىرى ھايات بولغان ئەنجانباي ئات باغلىغان يەرنى ھەزرىتى ئەلىنىڭ رىۋايىتى بىلەن چۈشەندۈرىدۇ؟ نېمىشقا دىيارىمىزدا تاقىغا ئوخشايدىغان يەرلەر ھەزرەتى ئەلىنىڭ دۇلدۇلىغا باغلىنىدۇ؟ نېمىشقا خەلقىمىزدە يالغان دۇلدۇل ھەققىدە نۇرغۇن رىۋايەت بار؟ نېمىشقا راست سۇتۇق بۇغراخان ھەققىدە ئۇنچە رىۋايەت يوق.

قاماقتا سۇرىيە، سومالى ۋە ئافغانىستانغا ھەۋەس قىلىدىغان، كاللىسىغا ھىجرەتتىن باشقا گەپلەر تەسىر قىلمايدىغان بىر ئىنىمىز بىلەن بىللە بولدۇق. ئادەتتە ئۇيغۇرچە سۆزلىشىش ئىمكانىمىز يېتەرلىك بولمىغاچقا مۇڭدىشالمايتتۇق. كامىردا مەندىن بۆلەك ئەرزنامە يازغىدەك ئادەم بولمىغاچقا، ساقچىنىڭ ئورۇنلاشتۇرىشى بىلەن ياردەملەشكەن بولدۇم. پاراڭلىرىمىز كۆرۈنىشتە ئەرز ھەققىدە بولغان بىلەن كۆپىنچە دەرت، ئەلەملەرگە ئۆتۈپ كېتەتتى. ئۇ مېنىڭ ھىجرەتكە شۇنچە پۇرسەتلىك تۇتۇپ، بارماي قايتىپ كەلگىنىمنى چۈشىنەلمەيتتى. ئۆزىنىڭ كالاشىنكوپنى ئېسىپ ئافرىقا چۆللىرىدە ياكى ئافغانىستان تاغلىرىدا يۈرەلمىگىنىدىن ھەسرەتلىنەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدىن ئافغانىستانغا قانداق چىقماقچى بولغانلىقىنى سورىغىنىمدا «ئۇچتۇرپاندىن،» دەپ جاۋاپ بەردى. ئەزر يازىدىغان قەغەزگە خەرىتىمىزنى سىزىپ، ئۇچتۇرپاننىڭ ئافغانىستان بىلەن چېگرىلانمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈدۇم. ئەمما تۆت ئايدا شۇ ھەقىقەتكە ئىشەندۈرەلمىدىم، چۈنكى بىر ئىلمىلىك كىشى شۇنداق

دېگەنىكەن. ئۇنىڭغا قايتىپ كېلىش سەۋەبىمنى چۈشەندۈرەلمەيدىغانلىقىمغا كۆزۈم يېتىپ، « سەندەك پەندىن بىخەۋەر بالىلارنى ئوقۇتاي دەپ قايتىپ كەلدىم.» دەپلا قويدۇم. ئۇ، «بىز سىزدەك ناسارالاردا تەربىيەلەنگەن كىشىلەردىن ئالتە كۈنلۈك دۇنيادا ئەسقاتىدىغان ماددىپەرەسلەرنىڭ ئىلمىنى ئۆگەنمەيمىز، بىز ئىككىلا دۇنيادا ئىنسانىنى سائادەتمەن قىلىدىغان ئالىلاھنىڭ ئىلىملىرىنى ئۆگىنىمىز.» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇقادىر داموللامنىڭ پەن ۋە دىننى قوشۇپ ئوقۇتقان مائارىپ بەرپا قىلغانلىقىنى، ماتېماتىكا دەرسلىكى تۈزگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپتىمەن. كۆزۈمگە بىر قارىۋېتىپ «كىمۇ ئابدۇقاردىر داموللا دېگەن؟» دەپ سورىدى. بۇ قېتىم تېخىمۇ ھەيران قالدىم. «سەن ئۇيغۇر تارىخىنى بىلمەمسەن؟» دېسەم، «بىز دېگەن ئىسلام تارىخى ئۆگىنىمىز، ئىسلام! سىلەردەك تاغۇتلارنىڭ قولىدا ئىشلەيدىغانلار يازغان، تاغۇتلارنىڭ نەشرىياتى چىقارغان كىتابلارنى ئوقۇپ مىللەتچىلىككە پاتمايمىز» دېدى. تالاشقىم كەلمىدى، ئۆزىنى ئۇيغۇر ئەمەس دېسىمۇ، ئەرزىنى ئۇيغۇرچە يېزىپ بەردىم.

ئىستانبۇلدا بىر يىغىن ئېچىلىپتۇ. يىغىندا ئۆلىمالارنىڭ بىر جەمئىيىتى قۇرۇلماقچى بوپتۇ. جەمئىيەتنىڭ ئىسمىنى بېكىتىدىغاندا ئۇيغۇر سۆزىنى ئىشلىتىش ياكى ئىشلەتمەسلىك ھەققىدە تارتىشما بوپتۇ. ئاخىرى 12 گە قارشى 18 ئاۋاز بىلەن ئۇيغۇر كەلىمىسىنى ئىشلەتمەيدىغانلار ئۇتۇپ چىقىپتۇ. ئۇلارنىڭ زاكونىچە ئۇيغۇر دېگەن نامنى روسلار قويۇپ بەرگەنمىش. ئۇنداقتا «ئەلىشىر نەۋايى ئۇيغۇر باقشى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان» دېگەن تارىخنىمۇ مىرزا ھەيدەر كوراگان ئەمەس، روسلار يازغانمۇ؟ 1911 ـ يىلىدىن كېيىن نەزەرخوجا ئابدۇسەمەت «تەرجىمان»، «ۋاقىت» گېزىتلىرىدە «ئۇيغۇر بالاسى» دېگەن تەخەللۇستا ماقالە يازغاندا، بۇنىمۇ روسلار يازدۇرغانمۇ؟ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ تەخەللۇسىنى روسلار قويۇپ بەرگەنمۇ؟ شۇندىن كېيىن تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرچە مەتبۇئاتلارغا دىققەت قىلدىم. كۆپىنچە ۋەتىمىزگە دائىر خەۋەرلەردە ئاتامانلار مىللىتىمىزنىڭ نامى ئورنىغا ئېكىس، ئېكىس مۇسۇلمانلىرى دەيدىكەن. ئويلاپ باقسام ئۇيغۇر دېيەلمەسلىك، ئۇيغۇرلۇقتىن كەمسىنىش، ئۇيغۇرلۇقنى يوشۇرۇشمۇ يېڭىلىق ئەمەسكەن. ئۆزىنى مۇسۇلمان

دەپ ئۇيغۇر دېپەلمەيۋاتقانلار چەتئەلدىلا ئەمەسكەن، ۋەتەندىمۇ پارتىيە ئەزالىرى ئۆزىنى ئۇيغۇر دېمەي مىللىي كادىر دەيدىكەن. يۇرتىمىزنى مىللىي رايون دەپ ئاتايدىكەن. پارتىيىلىك ئۇيغۇر رەھبەرلەر مىللەتچى ئاتىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن ئۇيغۇر جامائەتنى «ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسى» دەپ تىلغا ئالىدىكەن. بولۇپمۇ بىر رەھبەرنىڭ «تىل يوقالسا نېمە بوپتۇ، تۇڭگانلارنىڭمۇ تىلى يوققۇ؟» دېگەن سۆزى ھازىرغىچە يايغىن. ئۇيغۇرلۇقنى ئىنكار قىلىپ، مۇسۇلمانلىقنى تەرغىپ قىلىۋاتقانلارنىمۇ توغرا چۈشىنىمەن، بەلكىم ئۇلار تۇڭگانلارنىڭ شۇنچە، ئىناق، تىنچ، ئازادە ياشاۋاتقانلىقىغىدىن ئىلھام ئالغان بولۇشى مۇمكىن.

## ئۇيغۇر مالالا بولالمسا

مالالا كىم؟ ئۇنىڭ ئۇيغۇر بىلەن نېمە ئالاقىسى بار؟ يازمىنىڭ ماۋزۇسىنى كۆرۈپلا كىشىنىڭ كاللىسىغا بۇنداق سوئاللارنىڭ كېلىشى ئېنىق. نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ياغلىقلىق قىز مالالانىڭ كىملىكىنى بىلىدىغانلار ئۇيغۇردا ئاز ئەمەس، ئەمما ئۇنىڭ ئۇيغۇر بىلەن مۇناسىۋىتىنى ئويلاپ باققانلارنى ئۇچراتماپتىمەن، ئۇنداقتا ئاۋۋال گەپنى مالالادىن باشلايلى. مالالا يۇسۇفزەي مۇشۇ كۈنگىچە دۇنيادا يېشى ئەڭ كىچىك نوبېل مۇكاپاتى ساھىبى. باللار ۋە ئاياللار ھوقۇقى تەشەببۇسچىسى، بالىلارنى مائارىپ ئارقىلىق قۇتقۇزۇشنى نىشان قىلغان مالالا فوندى جەمئىيىتىنىڭ قۇرغۇچىسى. ئۇنىڭ قەيسەرلىكى چوڭلارنىڭكىدىن يۇكسەك، ئۇنىڭ بىر ئاجىز قىز سۈپىتىدە كۆرسەتكەن جاسارىتى نەچچە ئون مىليون قىران ئەرنىڭكىدىن كۈچلۈك، شۇڭا ئېرىشكەن مۇكاپاتلىرى باشقىلارنىڭ بىر ئۆمۈر ئېرىشكەنلىرىدىنمۇ كۆپ. ئۇنىڭ 2014 - يىلى يەنە بىر بالىلار ھوقۇقى پائالىيەتچىسى ھىندىستانلىق كائىلاش ساتيارتھى بىلەن نوبېل مۇكاپاتىنى قوبۇل قىلغاندا دۇنياغا قىلغان «چوڭلارنىڭ ئىددىيە توقۇنۇشلىرىغا، زالىملارنىڭ بايلىق، زېمىن ۋە ھوقۇق كۆرىشىگە، مەزھەپلەرنىڭ بۇگۇنكى ئېتىقاد ۋە تارىختىكى قان داۋاسىغا، زوراۋان ئاسىملاتسىيەنىڭ ئاسارىتىگە سەبى باللارنى قۇربان قىلماڭلار!» دېگەن مەنىدىكى خىتابى ھېلىمۇ قۇلاق تۇۋىمدە جاراڭلاپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە دۇنيادا ھازىر 66 مىليوندىن ئارتۇق سەبى قىز ئۇرۇش، نامراتلىق ۋە ئادالەتسىزلىك سەۋەبلىك ئوقۇشسىز قالغان.

مالالا يۇسۇفزەينىڭ كەچۈرمىشلىرىنى كامىردا تۇنجى ئاڭلىغىنىمدا بىر مائارىپچى تۇرۇپ، ئۇ ھەققىدە بۇرۇن ھېچ نېمە بىلمەيدىغىنىمدىن بەكمۇ ئەپسۇسلانغان ئىدىم. ئۇنىڭ نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىغا نامزاتلارنىڭ قاتارىدا ئىكەنلىكىدىن شۇ چاغدا ۋاقىپلاندىم. پەقەت بىر پاكىستانلىق مەھبۇستىن ئۇنىڭ تالىبان تەھدىتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاستىدىكى سۋات ۋادىسىدە پاشايدىغانلىقىنى، قىزلارنىڭ مەكتەپكە بېرىشىغا چەك قويۇلسىمۇ ئوقۇشنى تاشلىماي داۋام قىلغانلىقىنى، شۇ جەرياندا بېشىغا ئوق تېگىپ يارىلانغانلىقىنى، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ياردىمى بىلەن ئەنگلىيەدە داۋالىنىپ ساقايغانلىقىنى، پاكىستاندىكى ئەللىكتىن ئارتۇق مۇسۇلمان ئالىم پەتىۋا چىقىرىپ ئۇنىڭ ئائىلىسىگە سېلىنغان ئۆلۈم ۋەھىمىسىنى ئەيپلىگەن بولسىمۇ، جاھالەتچى كۈچلەرنى شۇم نىيىتىدىن ياندۇرالمىغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم.

قاماقتىن چىققاندىن كېيىن مالالا ھەققىدە خەۋەرلەرنى ئوقۇپ تۇردۇم. ئۇ 1997 -يىلى پاكىستاننىڭ ئۇيغۇرغا مەدەنىيەتتە ئەڭ يېقىن مىللىتى پاتان- پاشتۇنلار كۆپرەك پاشايدىغان سۋات ۋادىسىدە بىر مائارىپچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 11 - 12 ياشلاردىن باشلاپ ئەنگلىيە ب ب س رادىيو ئىستانسىسىنىڭ ئوردۇچە بۆلۈمىنىڭ تور بوشلۇقىدا خاتىرە يېزىپ، تالىبان سۋاتنى قولغا كىرگۈزىۋالغاندىن كېيىنكى ھاياتنى تەسۋىرلەشكە باشلىغان. ئۇ تالىباننىڭ ئاياللار ۋە باللارغا قىلىۋاتقان زۇلۇملىرىنى پاش قىلغانلىقى ئۈچۈن تەھدىتكە ئۇچرىغان. ئۆلۈم دەھشىتى قاپلىغان ئۇ كۈنلەردە نۇرغۇن باللار ئوقۇشتىن ۋاز كەچكەن، نۇرغۇن ئاتا - ئانىلار باللىرىنى مەكتەپتىن چىقىرىۋالغان، ئەمما سەبى مالالانىڭ ب ب س ئوردۇچە ئاڭلىتىشىدا توختىماي بېرىلىۋاتقان ئوق ئاۋازى ئىچىدىكى مەكتەپ ۋە تىرىشچان ئوقۇغۇچىلار ھەققىدىكى تەسىرلىك يازمىلىرى ۋە ئوقۇشقا بولغان ئوتتەك قىزغىنلىقى ساۋاقداشلىرىنى، ئاتا- ئانىلارنى تەسىرلەندۈرۈپ ئوقۇشنىڭ داۋاملىشىشىغا تۈرتكە بولغان. ئەمما مەكتەپكە كېتىۋاتقان يولدا تالىباننىڭ ۋەھشىيانە ھۇجۇمىدا ئوققا تۇتۇلۇپ بىر قانچە يېرىدىن يارىلانغاندىن كېيىن، ئەنگلىيەدە داۋالىنىشقا ئېلىپ كېلىنگەن. ئۇ 2013 -يىلدىن باشلاپ بىرمىڭھەمدىكى بىر مەكتەپتە ئوقۇۋېتىپتۇ.

مەن مالالانىڭ بۇ غەيرىتىدىن تەسىرلىنىپ، ئىنگلىزچە دەرسىمدە ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئوقۇغۇچىلىرىمغا سۆزلەپ بەردىم. تاپشۇرۇقلارنى ئەستايىدىل ئىشلىگەنلەرگە خەنسۇچە يېڭى نەشر قىلىنغان «مەن مالالا» دېگەن كىتابنى ھەدىيە قىلدىم. ئۇنىڭ «بېشىمغا نېمە كەلسۇن ئوقۇيمەن» دېگەن سۆزىنىڭ ئىنگلىزچىسىنى

كۆرسانتلىرىمغا يادىلاتتىم. ئەمما ئۇيغۇردىن بىر مالالانىڭ چىقىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىكەنمەن. بۇندىن ئىككى ئايلار بۇرۇن مالالا ئىمزاسىدا بىر ئۇيغۇر قىزنىڭ «بىز ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزنى قۇتقۇزىشىمىز كېرەك!» دېگەن خەنسۇچە يازمىسى تورلارنى قاپلىدى. بۇ قىز ماقالىسىگە 2015 -يىلى دېكابىردا نەشر قىلىنىپ، 2016 -يىلى ئىككىنچى مەۋسۇمدىن باشلاپ ئۆتۈلۈشكە باشلىغان يېڭى ئەدەبىيات دەرسلىكى بىلەن بۇرۇنقى دەرسلىكنىڭ مۇندەرىجىسى ۋە بىر تېكىستنى سېلىشتۇرما قىلغان ئىدى. ماقالە ناھايىتى قايىل قىلارلىق يېزىلغان بولۇپ، ئازراق ئەقىل، ۋىجدان ۋە پۇقرالىق ئېڭىغا ئىگە بولغان كىشىنىڭ ئويلىنىپ بېقىشىغا ئەرزىيدۇ.

مەن مالالا دېگەن ئىسىمدە ماقالە يازغان شۇ قىزغا، شۇ قىزدەك بالىلىرىمىزنىڭ خەنسۇچە ئۆگىنىپ، دۇنياغا ئېچىلىپ مالالانىڭ پائالىيەتلىرىگە دىققەت قىلغىدەك ئاڭغا ۋە جاسارەتكە ئېرىشكەنلىكىدىن سۆيۈندۈم. شۇندىن كېيىن خەنسۇچە يېزىقچىلىق قىلىدىغان ئۇيغۇر بالىلارغا دىققەت قىلدىم. ئىچكىرى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇتۇش باشلانغاندىن كېيىن ئۇيغۇر بالىلاردىن شائىرلار، يازغۇچىلار، تەھلىلچىلەر ۋە دۇنياغا قۇچاق ئاچقان ساپالىق بىر ئوقۇرمەنلەر قوشۇنى يېتىشىپ چىقىپتۇ. ئۇيغۇر مالالا بۇ قىزلا ئەمەس ئىكەن، كۆپ ئىكەن، جاسارەتلىك، ئالدىن كۆرەر ۋە ساپالىق ئىكەن. نۇرگۈل ھېكىم ئىسىملىك يەنە بىر قىزنىڭ باتۇرلۇقىمۇ مېنى سۆيۈندۈردى. بۇ قىز يۇرتى يەركەنت ناھىيىسىنىڭ مەلۇم يېزىسىدا يۈز بەرگەن ناھەقچىلىكلەرنى خەنسۇچە پاش قىلىپ ناھايىتى تەسىرلىك بىر ماقالە يازغان بولۇپ، ئۇمۇ تور دۇنياسىدا ناھايىتى كۈچلۈك شاۋقۇنغا سەۋەپ بولدى. گەرچە بۇ ماقالە ھازىر ئۆچۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئىچكىرىدە ئوقۇۋاتقان بىر ئۇيغۇر قىزنىڭ ئادالەتسىزلىككە باش ئەگمەيدىغان شىجائىتىنى نامايان قىلدى.

مەن ئىچكىرى تولۇق ئوتتۇرا تەسىس قىلىنغان دەسلەپكى يىللاردىن تارتىپ دىققەت قىلىپ كېلىۋاتىمەن. تۇنجى تۈركۈمدە نېفىتلىكتىن تاللانغان ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى 1993 - يىلى نەنجىڭدە تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇپ، بىر قىسمى 1996

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

- يىلى مەن ئوقۇۋاتقان مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىگە كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرەيلەن ھازىر تۈركىيەدە تىبابەت ئىلمىدە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشىپ، مەشھۇر چىش دوختۇرىغا ئايلاندى. باشقا ئىنى - سىڭىللىرىمىزمۇ تېگىشلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. ھەتتا بەزىلىرى ئانا تىلنى قوغداش پىكرىگە ئەمەلىي ياردەمدە بولدى. 2016 -يىلى تۈركىيەگە كەلگىنىمدە ماگىستىرلىق ۋە دوكتورلۇقتا ئوقۇۋاتقان ئىنى - سىڭىللار بىلەن ئۇچراشتىم، ئۇلارنىڭ ئىچىدىمۇ ئىچكىرى تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرىدا ئوقۇغانلارنىڭ خېلى بارلىقى دىققىتىمنى تارتتى. بۇنداق باللارنى ئامېرىكىدىمۇ كۆرگەن ئىدىم.

2015 -يىلى ئىيۇندا سۆزلەنگەن قەشقەردىكى لېكسىيەمدە بىر قىز ئوقۇغۇچۇم جامائەتنىڭ ئالدىدا ئۇيغۇرچە يېزىپ، سوئال سورىيالمىغىنىدىن ئىچىنىپ يىغلاپ كەتتى. ماڭا ئۇ قىزنىڭ لېكسىيەمگە قاتناشقانلىقى ۋە سوئال سورىغىدەك چۈشەنچىگە ئېرىشكىنىلا پەخىرلىك تۇيۇلدى. شۇ سورۇندا ئۇ قىزنىڭ ۋە شۇنىڭدەك خەنسۇچە ئوقۇغان پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ئىچكىرىدە ئوقۇشنى توغرا تاپمىغىنىم ھېلىمۇ ئېسىمدە. شۇندىن كېيىن ئاتا-ئانىلارنىڭ باللىرىنى ئىچكىرى تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇتۇش ياكى ئوقۇتماسلىق ھەققىدىكى مەسلىھەتلىرىگە دۇچ كەلدىم، ھەر خىل گۇمان ۋە تىڭىرقاشلىرىغا شاھىت بولدۇم. شۇ چاغلاردا كەسكىن ۋە ئەتراپلىقراق تەۋسىيەلەردە بولمىغىنىمغا ئۆكۈنىمەن.

مالالا ئىسمى بىلەن يازما يازغان، ھەر قايسى ساھەلەردە خىزمەتتە بولۇۋاتقان ۋە ئامېرىكا، ياۋروپا، تۈركىيەدە ئۇتۇقلۇق ئوقۇۋاتقان باللارغا قاراپ سېلىشتۇرۇپ باقسام، ئىچكىرى تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرى بىر تۈركۈم ساپالىق ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ يېتىشىپ چىقىشىغا تۈرتكە بوپتۇ. بىر دادىنىڭ نەزىرىدە پايدا زىيانىنى دەڭسەپ باقسام، باللارنىڭ يەنىلا ئىچكىرى تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرىغا بارغىنى ئەۋزەل ئىكەن.

باللارنى ئىچكىرى تولۇق ئوتتۇرىغا ئەۋەتىشنى قوللىشىمغا ئۇيغۇر مالالانىڭ ۋە شۇنىڭدەك ئىچكىرىدە تولۇق ئوتتۇرىنى ئوقۇغان ئۇتۇقلۇق ياشلارنىڭ تەجرىبىسىدىن

باشقا، تۈركىيەدە ئوقۇۋاتقان ئافغانىستانلىق ئۆزبېك بالىلار بىلەن قىرغىزىستانلىق ئۆزبېك بالىلارنىڭ پەرقلىق سەۋىيەسى سەۋەپ بولدى. گەرچە ئۇلار ئوخشاش بىر مىللەتتىن بولغان، ئوخشاش بىر مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن سەۋىيە پەرقى بەكمۇ چوڭ ئىدى. سىپلىشتۇرۇش جەريانىدا ئىچكىرىدەك تىنچ، بىخەتەر، ئەركىن بىر يەردىكى مائارىپ بىلەن ئۇيغۇر شەھەرلىرىدەك كوچىلارنى ئەسكەر قاپلىغان، قەلبلەرگە ۋەھىمە سىڭىپ كەتكەن، كىشىلەر ئەتە نېمە بولىدىغانلىقى ھەققىدە نە پىلان نە ئارزۇدا بولالمايدىغان بىر جايدىكى مائارىپنىڭ پەرقى ھەققىدە چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە بولدۇم. شۇنىڭ بىلەن ئېسىمگە بىزنىڭ سەل يىراقتىن كېلىدىغان، بولۇپمۇ تۇققۇزاق ۋە يېڭىشەھەردىن كىرىدىغان ئوقۇغۇچىلىرىمىز تۇساق ۋە تەكشۈرۈشلەرنىڭ كۆپلىكىدىن دەرسكە كېچىكىشلەر، يۇرتتىكى تىنچسىزلىق سەۋەپلىك ئېنگىلىزچە ئۆگىنىشتىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇرلانغانلىقى، ياشلار كۆچىغا چىقالمىغانلىقى سەۋەپلىك ئېنگىلىزچە ياشلار سىنىپىنىڭ ئادەمسىز قالغانلىقى كەلدى. ئېنىقكى، ئاتا - ئانىلار باغرىلارنىڭ سەھەر ساق چىقىپ، كەچ سالامەت قايتىپ كېلىشىگە ئىشىنەلمەيۋاتاتتى. بۇنداق شارائىتتا نەتىجە يارىتىش ئەمەس، ساق ياشاش مۇھىم ئەلۋەتتە.

ھېيتنى مۇڭلىنىپ كۈتۈۋاتقان قەشقەردە ھېيتگاھنىڭ بولۇشى كۈندە ھېيت بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ھېيتگاھتەك كەڭ جامە تىپىلمايدىغان يەردىمۇ كىشىلەر ئىچىدە ۋە تېشىدا ئوخشاش ئېچىلىپ ھېيت ئويناپ يۈرۈپتۇ. خۇددى ھېيتگاھ بىزگە ھېيتلىق بېرەلمىگەندەك، خاتىرجەم ھېيتلىشىپ بېرەلمىگەندەك، قەشقەر ۋە قەشقەردەك ئۇيغۇرغا تولغان شەھەرلىرىمىزمۇ بالىلىرىمىزنى ئۇيغۇرلارشتۇرۇپ بېرەلمەيدۇ. شۇڭا قەشقەر ۋە قەشقەردەك قىسمەتتىكى كوچىلاردا ياشاۋاتقان قىز - ئوغۇللىرىمىزنى ئۈچۈرۈۋەتسەك دېگۈم كېلىدۇ. ئۇلارنى سېغىنىشلىرىمىزنىڭ قولى، مىسكىنلىكىمىزنىڭ يۇقۇملانغۇچىسى، تەشۋىشلەرنىڭ تۇتقۇنى بولمىس ئىكەن دەيمەن. ئۇلار بىزدىن خاتىرجەم ياشاۋاتقانلاردىن شەخسنىڭ قىممىتىنى، كىشىلىك ھوقۇقنىڭ دەخلىسىزلىكىنى، بەختلىك ياشاشنىڭ گۇناھ ئەمەسلىكىنى بىلسە ئىكەن دەيمەن. بالىلىرىمىز قورال بىلەن ئەمەس، قانۇن بىلەن باشقۇرۇلىۋاتقان يەرلەردە

ياشاپ ئۆزىنىڭمۇ باشقىلار بىلەن باراۋەر پۇقرا ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ باقسا دەيمەن. ئۇلارنى كىيىش، ئىچىش، سۆيۈش ۋە سۆكۈش ھۆرلۈكى نىسىپ بولغانلارغا قاراپ جاھاندا ھۆرلۈكنىڭمۇ مەۋجۇدلىقىنى بىلىپ قالسا دەيمەن.

توغرا، ئىچكىرىگە كەتسە بىزدىن تىل، مەنىۋىيەت، ئادەت ۋە قىياپەتتە پەرقلىنىپ كېتىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ خەنسۇچە سۆزلەپ تاشلاشلىرىدىن يامانلىماي، ئۇيغۇرچە سەۋر ۋە مېھىر بىلەن باشلىرىنى سىلىساق، ئالدىمىزدىن توغرا ئۆتسە ئۇمىدسىزلەنمەي، چاقىرىپ ئۇمىدلىك سالاملاشساق؛ ئۇلارغا ئۇيغۇرنى بىر سەپرا غاپىلدەك ئەمەس، بىر تەمكىن ئاقىلدەك كۆرسەتسەك دەيمەن. ئەتراپىمىزغا ئەقىل كۆزىمىزدە باقساق مائارىپتىن ۋە مائارىپچىلاردىن قاقشاش پايدىسىز. چۈنكى ھاياتى قورقۇنچ ئىچىدە قالغان ئىنسانغا مۇھىمى بىلىم تارقىتىش ئەمەس، بەلكى بىخەتەر ياشاش؛ ئەتىگە ئىشەنچى يوق كىشىگە كېرىكى ھەقىقەت ئەمەس، ئەكسىچە ئىش ھەققىدۇر. شۇڭا باللىرىمىز بىلىم ئۈچۈن، ھەق ئۈچۈن، ھەقىقەت ئۈچۈن تىنىچ يەرلەرگە كەتسۇن، قورقۇمسىز شارائىتتىكىلەر بىلەن رىقابەتتە ئۇتۇشنى، ئۇتتۇرۇشنى، ئەڭ مۇھىمى باراۋەر ياشاشنى ئۆگىنىپ پىشسۇن. باللىرىمىز ئىچكىرىگە كېتىپ نوبىلغا ئېرىشكەن مالالا بولمىسا مەيلى، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىستىقبالى تەكشۈرۈشلەردە، تىنتىشلاردا ۋە تەشۋىشتە مالال بولۇپ كەتمىسۇن، قەھرىمان بولمىسا مەيلى ساق بولسۇن، ئاقىل بولسۇن، قابىل بولسۇن.

## ئاتلىغانمۇ ئۇيغۇرچە ئات مۇشۇنداق

«ئىسىم ئۇيغۇرچە بولغاندا» ماۋزۇلۇق يازمام بىلەن ئۇنىڭدىن بۇرۇن يېزىلغان مۇنداق مەزمۇنلاردىن كېيىن، نۇرغۇن تورداشلار بىلەن ئىسىم قويۇش ھەققىدە پىكىر ئالماشتۇرۇش نەتىجىسىدە ئىسىم قويۇشنىڭ ئۇيغۇرچە بولۇشىنى تەشەببۇس قىلىپلا قويماي، ئۆز ئانا تىلىمىزدا يۈرەك پارىلىرىمىزغا ئىسىم ياساش ئارزۇسى مېنى يەنە ئىزدىنىشكە ئۈندىدى. ئىزدەپ، ئاختۇرۇپ يۈرۈپ ھازىرقى ئۇيغۇرچە ئىسىملارنىڭ ياسىلىش يوللىرى ھەققىدە خېلى مەلۇماتلىق بولۇپ قالدىم. بايقىشىمچە ساپ ئۇيغۇرچە ئىسىملار ئىچىدە ئەجداتلىرىمىزدىن بۈگۈنگىچە ئىزچىل قوللىنىپ كەلگەنلىرىمۇ، ئوخشىمىغان دەرىجىدە قويۇلۇپ ئۇنتۇلۇپ كەتكەنلىرىمۇ، بىزدە غايىپ بولۇپ قېرىنداش تۈركىي مىللەتلەردە ساقلىنىپ قالغانلىرىمۇ بار ئىكەن. خۇلاسىلەپ باقسام ئۇيغۇرچە ئىسىملار مۇنداق ئۇسۇللاردا ياسىلىدىكەن.

1 -ئوغۇللارغا «ئال»، قىزلارغا «بەر» سۆزلىرى قوشۇلۇپ ياسىلىدىكەن. «ئال» بىلەن ئىسىم ياساشنىڭ تارىخى خېلىلا ئۇزۇن ئىكەن. ئۇيغۇر تارىخىدىكى ياركەنت سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى سۇلتان سەئىدخانغا نەۋرە كېلىدىغان ئىمپىراتور بابۇر ھىندىستاننى فەتھ قىلىش ئالدىدا تۇغۇلغان ئوغلىغا «ھىندال» دېگەن ئىسىمنى قويغان، مەنىسى ھىندىستاننى ئال ئىكەن. ھازىر بۇنداق ئىسىم ياساش ئۇسۇلى تۈركلەردە قوللىنىلىدىكەن. بۈگۈنكى ئوغۇللارغا «ئال»، قىزلارغا «بەر» قوشۇلۇپ ياسالغان ئىسىملارغا مۇنداق مىساللارنى كۆرسىتىش مۇمكىن. قىزلارغا: ئۇزبەر، ئۈنبەر، گۈلبەر، نۇربەر، ئەلبەر، سىنبەر، چىنبەر. ئوغۇللار: ئەركال، ئۇرال، تۇرال، قۇتال، ئۇنال، ئۆزال، ئۆچال، نۇرال...

2 - قىزلارغا «بىكە»، ئوغۇللارغا «تېكىن» سۆزلىرى قوشۇلۇپ ياسالغان ئىسىملار. بۇ يەردىكى تېكىن - شاھزادە، بىكە - مەلىكە مەنىسىدە كېلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇرچە مەڭگۈ تاشلاردا كۆلتېگىن، بىلگەتېگىن، قۇتلۇقتېگىن، يوللۇقتېگىن قاتارلىق شاھزادىلەر خاتىرىلەنگەن. بىكە سۆزى قوشۇپ ياسالغان ئىسىملار بۈگۈنكى ئۇيغۇرلاردا ئۇنتۇلغان بىلەن تاتارلاردا مەۋجۇت بولۇپ، روس تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى باش ئەگمەس قەھرىمان سۆيۈنبىكەنىڭ نامى بىلەن بۈگۈنگىچە ياشاپ كەلمەكتە. شۇڭا تېگىن ۋە بىكە قوشۇلغان يۈكسەكلىك تۇيغۇسىدىكى ئىسىملارغا ۋارىسلىق قىلساق، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ئەزىزلىكى ۋە ئېسىللىقىنى دائىم ئەسكەرتىپ تۇرغان بولىمىز. بۇ ئۇسۇلدىكى ئىسىملاردىن قىزلارغا: ئايبىكە، گۈلبىكە، جانبىكە، خانبىكە، تالبىكە، بالبىكە... ئوغۇللارغا: ئەرتېگىن، نۇرتېگىن، جانتېگىن، زورتېگىن، ئارتتېگىن، ئاشتېگىن، شاشتېگىن، كۈنتېگىن... قاتارلىقلارنى مىسال قىلىش مۇمكىن.

3 - قىزلارغا «بال (ھەسەل)»، ئوغۇللارغا «قال» قوشۇلۇپ ياسالغان ئىسىملار. بۇنداق ئىسىملاردا ئوغۇللاردىن كۈتۈلىدىغان تەمكىنلىك، چىدام، غەيرەت؛ قىزلاردىن كۈتۈلىدىغان يۇمشاقلىق، ئىللىقلىق ۋە شىرىنلىك بالقىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: ئوغۇللارغا ئەرقال، ياشقال، ئۇتقال، يارقال، ئۇرقال، قوچقال، بايقال. قىزلار ئۈچۈن: گۈلبال، نۇربال، ھۆربال، دىلبال، نازبال.

4 - قىزلارغا «سۇ»، ئوغۇللارغا «تۇر» قوشۇلۇپ ياسالغان ئىسىملار. بۇنداق ئىسىملاردىكى سۇ ئەسلى قەدىمكى ئۇيغۇرچە سۇلۇدىن قىسقىراپ كەلگەن بولۇپ گۈزەل، لەۋەن مەنىسىدە. تۈركىيە تۈركلىرىدە سۇ بىلەن قوشۇلغان قىز ئىسىملىرى كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ مەنىدىكى سۇ سۆزى ئۇيغۇرلارنىڭ «چىن تۆمۈر باتۇر» داستانىدا تىلغا ئېلىنغان مەختۇمسۇلانىڭ ئىسمىدا ساقلانغان. ئوغۇللارنىڭ ئىسمىدىكى «تۇر» نىڭ ئىسىملارنىڭ ئالدىغا ۋە ئارقىغا قوشۇلۇپ كەلگەن شەكلى مەۋجۇت. مەسىلەن، تۇرمەمەت، تۇرەخمەن، ئامانتۇر دېگەندەك. بۇنداق ئىسىملار: بايتۇر، راستۇر، ئەرتۇر، بەكتۇر، ساقتۇر، دەستۇر، قۇتتۇر، رۇستۇر، ئاشتۇر، يەڭتۇر. سۇ قوشۇلغان قىز ئىسىملىرى: تاڭسۇ، جانسۇ، ئايسۇ، بالسۇ، ئۆزسۇ، تۇزسۇ، گۈلسۇ...دېگەندەك شەكىلدە بولىدۇ.

5 - ئوغۇللارغا «تاي»، قىزلارغا «ناز» قوشۇلۇپ ياسالغان ئىسىملار. شىمال ئۇيغۇرلىرىدا بولۇپمۇ ئىلى ئۇيغۇرلىرىدا ئوغۇللارغا تاي قوشۇلغان ئىسىملار كۆپ ئۇچرايدىغان بولۇپ، بۇنى بارلىق ئۇيغۇرلارغا ئومۇملاشتۇرۇشقا ئەرزىيدۇ. چۈنكى تاي سۆزى ئۇيغۇردا ئەرنىڭ قانتى بولغان ئاتنىڭ بالىسىنى كۆرسەتكەندىن باشقا كۆز ئالدىمىزغا بىر جۇشقۇن، قورقماس، تەۋەككۈلچى قىياپەتنى زاھىر قىلىدۇ. ناز سۆزىمۇ ئىنسانغا قىزلارغا ماس بىر لاتاپەتتىن بىشارەت بەرگەچكە ئۇيغۇر قىز ئىسىملىرىغا قوشۇلۇپ كەلمەكتە. بۇلارنى كېڭەيتىپ قوللانساق نۇرغۇن مەنىلىك ئىسىملارغا ئېرىشەلەيمىز. مەسىلەن: قىزلارغا ئايناز، بالناز، ھۆرناز، گۈلناز، چىنناز، دىلناز، قۇتناز، پاكناز، شاھناز، قاشناز، ياشناز، ئۇزناز، زىلناز، خۇشناز... ئوغۇللارغا ئەرتاي، نۇرتاي، قۇتتاي، ئالتاي، شاھتاي، ئۇتتاي، ئۇچتاي، قۇچتاي، بەگتاي، قۇرتاي...قاتارلىقلار.

6 - قىزلارغا «سەن»، ئوغۇللارغا «سۇن» قوشۇلۇپ ياسالغان ئىسىملار. بۇنداق ئىسىملاردىكى سۇن قوشۇمچىسىدا بىر ئارمان ئەكس ئەتسە، سەن قوشۇمچىسىدا بىر ئامراقلىق ئىپادىسىنى تاپىدۇ. مەسىلەن: قىزلار ئۈچۈن تاڭسەن، ئايسەن، گۈلسەن، نۇرسەن، قۇتسەن، ئۇزسەن، نازسەن، تۇزسەن، ئىزسەن، چىنسەن، دىلسەن، پاكسەن...ئوغۇللار ئۈچۈنتۇرسۇن، ئۇرسۇن، قۇتسۇن، ئاشسۇن، تاشسۇن، يانسۇن، قۇرسۇن، ئۇتسۇن، بۇلسۇن، چاچسۇن، يارسۇن...قاتارلىق چىرايلىق مەنىدىكى ئىسىملارنى ياساپ قويۇشقا بولىدۇ.

7 - قىزلارغا «بانۇ»، ئوغۇللارغا «بول» قوشۇلۇپ ياسالغان ئىسىملار. بانۇ سۆزى تارىخىمىزدىكى مەرتىۋىلىك ئاياللارنىڭ ئىسمىغا قوشۇلۇپ كەلگەن بولۇپ، مەلىكە دېگەن مەنىگە ئىگە. ئوغۇللارنىڭ ئىسمىغا قوشۇلۇپ كېلىدىغان بول سۆزى ئارزۇنى ئىپادىلەيدىغان بولۇپ، تۇركلەردە ئول شەكلىدە ئىسىملارغا قوشۇلىدۇ. قىزلار ئۈچۈن بانۇ قوشۇلغان ئىسىملار: نۇربانۇ، گۈلبانۇ، ئايبانۇ، نازبانۇ، ئۇزبانۇ، بالبانۇ، تالبانۇ، پاكبانۇ...ئوغۇللار ئۈچۈن بول بىلەن ياسالغان ئىسىملاردىن: ئەربول، بايبول، جانبول، بەگبول، قۇتبول، ياشبول، قۇچبول، زوربول، خاسبول...دېگەندەك ئىسىملارنى قويۇشقا بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

8 ـ ئوغۇللارغا «بەگ»، قىزلارغا «بۈۋى» قوشۇلۇپ ياسالغان ئىسىملار. ئۇيغۇرلاردا بەگ سۆزى خۇددى تۆرە سۆزىگە ئوخشاشلا ئىسىملارغا قوشۇلۇپ ئىھتىرام، ئىززەت ۋە ئەزىزلىك مەنىسىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن. مەسىلەن: نۇربەگ، ھاكىمبەگ، ئەيسابەگ، شاھبەگ دېگەندەك. خانىم ـ قىزلار ئۈچۈن قوللىنىلغان بۈۋى سۆزىمۇ ئىناۋەتلىك، ئىلىملىك، مۆھتەرەم قىز ـ ئاياللارنىڭ ئىسمىغا ئۇلىناتتى. مەسىلەن: بۈۋىرابىيە، بۈۋىمەريەم، بۈۋىنۇر، بۈۋىئايشەم دېگەندەك. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە يېقىندىن بېرى ئوغۇللارنىڭ ئىسمىغا بەگ سۆزى قوشۇپ ئاتاش ئىزىلگەن بىلەن، قىزلارغا ئۇلىنىدىغان بۈۋى سۆزى تەدرىجى ئىستىمالدىن قېلىشقا يۈزلەنمەكتە. ئۇيغۇرلارغا ئۆز بولغان بۇ ئىككى ئىسىم قوشۇمچىسى نۆۋەتتە ئۇيغۇر ئىسىملىرىنى ئانا تىلغا قايتۇرۇش تەشەببۇسى ئۈچۈن ناھايىتى زۆرۈردۇر. قىزلار ئۈچۈن بۈۋى بىلەن كەلگەن ئىسىملار: ئايبۈۋى، نازبۈۋى، گۈلبۈۋى، زىلبۈۋى، قىزبۈۋى، يۇلتۇزبۈۋى، تاڭبۈۋى... ئوغۇللار ئۈچۈن بەگ قوشۇلغان ئىسىملار: ئەربەگ، تۆرەبەگ، جانبەگ، ئاتابەگ، ئۇزاربەگ، ياربەگ، ئوتاربەگ، قوچاربەگ... قاتارلىقلار.

ئۇيغۇرچىدا يۇقىرىقىدەك قىز ـ ئوغۇللار ئۈچۈن ئايرىم قوشۇمچىلار ئارقىلىق پەرقلىنىدىغان ئىسىملار بولغاندىن باشقا، قىزلارغا ياكى ئوغۇللارغا خاسلىشىپ قالغان ئورتاق قويۇلسىمۇ بولىدىغان ئىسىملارمۇ مەۋجۇت. ئادەتتە ئەڭ قىممەتلىك تاش، بويۇم ۋە مېتاللار ئاساسەن قىزلارغا ئىسىم بولۇپ خاسلاشقان. مەسىلەن: ئالتۇن، كۈمۈش، ياقۇت، تىللا، گۆھەر، زۇمرەت، مارجان، ئەنبەر، ئۈنچە، سەدەپ قاتارلىقلار. بىر قىسىم چىداملىق مىتاللار ئوغۇللارغا ئىسىم قىلىنغان. مەسىلەن: تاش، پولات، تۆمۈر، قويۇچ، مىسران، ئالماس، باقىر (مىس). شۇڭا بۇ ئىسىملارنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئەرزىيدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا تۈرك مىللەتلىرىدە كۆپ ئۇچرايدىغان، ئۇيغۇردا كۆپ قويۇلماي كېلىۋاتقان ساپ ئۇيغۇرچە ئىسىملارمۇ بار. مەسىلەن: يامغۇر، چېچەك، تۇرنا، چېچەن، ھۇشيار، چاقماق، ياشىق، يالچىن (قىيا)، بوران، ئەسىن (شامال)، قىيان، چاغلايان (شارقىراتما)، چەلىك (پولات)، چاغىر، تۇغرۇل، چىنار، پىنار

(بۇلاق)، ئانار، جىنەستە، قاينار (بۇلاق)، ئەردەم، ئەرەن، ئەندەر، ئەرگىن، ئەركىن، ئەرتەن، ئەۋرەن، گۈلتەن، نۇرتەن، ئەلدەر، گۈلدەر، ئۈندەر، گۈلچىن، گۈلگۈن، ئىدىل، ئىلتەر، ئىلكەر، ئىزگۈ، مەنگۈ، شەبنەم، قارتال (بۈركۈت)، قۇتسال، قۇتلاي، مارال، مەرتەر، (مەرت ئەر)، ئورال، ئاۋرال، ئورخان، ئەرخان، ئۈزجان، ئۆزقان، ئۆزگۈر، ئۆزلەم، سەزگۈر، سەلىن، سەرىن، سەۋىنچ، سەۋگى، سەزگىن، سۇلماس، تاڭقۇت، تارقان، تولۇن، تۇنجاي، تۇركاي، تۇركەر، ئۇكەر، ئۇپۇق، ئۇتۇق، ئۇلۇق، ۋۇلقان، ئۇتقان، قۇتقاز، ئۇتقاز قاتارلىقلارنى ئۇيغۇر هاياتىدا تىرىلدۈرۈشكە بولىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا يەنە كىشىلىك ئاررۇ، ئىشەنچ ۋە تەلپۈنۈشلەرنى بىلدۈرىدىغان «غىن، قىن، غۇن، قۇن، گۈن، كۈن، ئار، ئەر، مەس، ماس، غۇر، قۇر» قاتارلىق قوشۇمچىلار بىلەن قوشۇلۇپ كېلىدىغان ساپ ئۇيغۇرچە ئىسىملارمۇ بار. مەسىلەن: ياشار، ياشنار، يانار، ئۇزار، ئۇتار، قۇتار، كۈلەر، تالماس، تانماس، قورقماس، هارماس، تايماس، يانماس، تۇيغۇن، ئۇيغۇن، قۇرغۇن، ئۇتقۇن، قۇچقۇن، تۇرگۈن، گۈلگۈن، سەزگۈن، ئۇزغۇن، ئۇتقۇر، ئۇزغۇر، قۇرغۇر، ئالغۇر، ئاشقۇر، تاشقۇر، تاشقىن، ئاشقىن، قازغىن قاتارلىقلارنى ئۈلگە قىلىپ، تېخىمۇ كۆپ ئۇيغۇرچە ئىسىملارنى ياساپ پەرزەنتلەرگە قويۇش مۇمكىن.

بىز ئۆزىمىزنى باشقىلارغا سۆيۈنۈپ ئۇيغۇر دەپ تونۇشتۇرايلى ياكى ياقتۇرماي دېمەيلى، ئىسمىمىزنى ئۇيغۇرچە غۇرۇرلىنىپ قويايلى ياكى خالىماي قويمايلى بىز ياشاۋاتقان دۆلەت ۋە دۇنيا بىزنى ئۇيغۇر دەپ تونۇيدۇ. بىز ئۇچراشقان ياكى ئۇچراشماي تۇرالمايدىغان باشقا مىللەت كىشىلىرىنىڭ بىز ھەققىدىكى چۈشەنچىسى يەنىلا ئۇيغۇرلۇقىمىزدىن باشلىنىدۇ. شۇڭا ئۇلار تەبىئى هالدا ئىسمىمىزنى ئۇيغۇرچە دەپ ئويلايدۇ. يېگىنىمىز، دېگىنىمىز ۋە قىلغانلىرىمىزنى ئۇيغۇرنىڭ دەپ تونۇيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە دۇنيادا ئىنساننىڭ دائىم باشقا بىر كىشىنىڭ ياكى بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ دۇنياسىدا، نەزىرىدە ۋە باھاسىدا ياشايدىغانلىقى ئەمەلىيەت. بىز شەهرىمىزدە بىر كىشىگە يات بولۇپ تۇيۇلساق، ئىچكىرىدە يەنە بىر مىللەتكە خەق بولۇپ بىلىنىمىز. بىز رېئاللىقتا ھەم بىر شەخس سۈپىتىدە، ھەمدە بىر

مىللەت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىمىز، دائىم ئاشۇ سۈپەتتە كۆزىتىلىپ، چۈشىنىلىپ، باھالىنىپ تۇرىمىز. بۇنداق كۆزىتىش، چۈشىنىش ۋە باھالاشلارغا بىۋاستە ئوبيېكت بولىدىغىنى ئاۋۋال بىزنىڭ ئىسمىمىزدۇر. كىشىلەر ھەمىشە ئىسمىمىزدىن ھېس قىلغىنىغا يارىشا بىزگە سەپسالىدۇ، باھالايدۇ ۋە مۇئامىلە قىلىدۇ. شۇڭا ئىسمىمىزنىڭ قانداق ئارزۇغا ئاساسەن قايسى تىلدا، قانداق قويۇلغانلىقى بىزنىڭ كىملىكىمىزنى بەلگىلەيدۇ، شۇنداقلا ئۆز ئىچىمىزدە، ياتلار ئارىسىدا ۋە جاھاندا قانداق ئادەم بولۇشىمىزدا تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. ئىسمىمىز مىللىي كىملىكىمىزنىڭ شەكىللىنىشىگە ئىچكى ۋە تاشقى سەۋەپ بولىدۇ. مەسىلەن: ئىسمى سۇتتۇق ئىسىملىك بىر بالا ئىسمى يېڭىلىق تۇيۇلغان، غەلىتە ئاڭلانغان ئۆز مىللەت ياكى يات قەۋمىدىكى كىشىلەرگە دائىم تارىخىمىزنى سۆزلەشكە مەجبۇر. ھەر سۆزلىگەندە سۇتتۇق بۇغراخانغا لايىق ئادەم بولۇش بۇرچىنى ھېس قىلىدۇ. يەنە ئېيتساق، ئىسمى جەسۇر بولغان بىر بالا بوشاڭلىق قىلسا، باشقىلار: «ئىسمىڭغا لايىق ئادەم بولساڭچۇ» دەيدۇ. ناۋادا بىر نەتىجە چىقارسا «ئىسمى جىسمىڭغا لايىق جەسۇر بوپسەن» دەپ تەرىپلەيدۇ. ئەگەر ئۇ بالىنىڭ ئىسمى ئابلىكىم ياكى ئابدۇۋاسىت بولسىچۇ؟ كىشىلەر بۇ ئىسىملارنىڭ مەنىسىنى بىلمىگەچكە ئۇلاردىن جەسۇر ئىسىملىك بالىدىن كۈتكەن باتۇرلۇقنى كۈتمەيدۇ. ئىنسان ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ئارزۇسى بويىچە ھەرىكەت قىلىشقا، ئۇلارنىڭ باھاسىغا سازاۋەر بولۇشقا، مۇئەييەنلەشتۈرۈشلەرگە دائىم مۇھتاج. ئەگەر بىر كىشىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغاندا مەنىسىنى ئاڭقىرالمىساق، ئۇ كىشى ھەققىدە ھېچ بىر ئارزۇ، تەلەپ ۋە تەسەۋۋۇرلاردا بولمايمىز.

ئىسمىنىڭ ئۇيغۇرچە مەنىسىنى بىلىدىغان بىر بالا، ئىسمى سەۋەپلىك ياخشى مۇئامىلىگە دۇچ كەلگىنىدە، مەنىسىنى باشقىلارغا ئېيتىپ بىلەن سۆزلىگىنىدە ئۆزىنىڭ كىملىكىدىن غۇرۇرلىنىدۇ. پەرزەنتىمىزگە قويۇلغان چۈشىنىشلىك ئۇيغۇرچە ئىسىم ئەتراپىتىكىلەرنىڭ بالىمىز ھەققىدە ئىجابىي باھا، ئىزگۈ - تەلەپ ۋە ياخشى تەسەۋۋۇرلاردا بولۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ. بۇنىڭ يەنە ئۆز نۆۋىتىدە بالىنىڭ ئۆزى ھەققىدىمۇ دائىم ئاكتىپ كەيپىيات، كۈچلۈك ئىشەنچ ۋە ئۈمىتلىك پوزىتسىيەدە

بولۇشىغىمۇ ياردىمى بولىدۇ. ئەجدادلىرىمىزنىڭ «بىر ئادەمنى قىرىق قېتىم ساراڭ دېسە، بىر چىشلەم گۆشى ساراڭ بولىدۇ» دېگىنىمۇ، بىر ئادەمنى ئىلھام بېرىدىغان نامدا چاقىرىشنىڭ مۇھىملىقىنى ئەرسكەرتىدۇ. دېمەك، باللارنىڭ ئۆيغۇرچە گۈزەل ئىسىملىك بولۇشى شۇ قەدەر مۇھىم بولغاچقا، پەيغەمبىرىمىزمۇ ئاتا-ئانىلارنىڭ پەرزەنتىگە قىلىپ بېرىشى كېرەك بولغان ئەڭ مۇھىم ئىشلارنىڭ بىرىنچىسىنى گۈزەل ئىسىم قويۇش دەپ تەكىتلىگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

## ئۇيغۇرلار ھېسسىياتچان مىللەتمۇ؟

بېيجىڭدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىم ئىدى. مەركىزىي ئىتتىپاق مەكتىپىگە تەربىيەلىنىشكە بېرىپ كەلگەن بىرى بىلەن سورۇندا بولۇپ قالدىم. قىلغان ئەمىلىنىڭ تايىنى يوق، ئۆزىنى ئەمەلدار سانايدىغان ئۇ زاتنىڭ مەست كىرىپ كەيپىمىزنى ئۇچۇرۇشلىرىغا ئاران چىداپ ئولتۇرسام، مېنىڭ بېيجىڭدا ئوقۇيدىغىنىمنى ئاڭلاپلا «بېيجىڭدا سەن ئوقۇۋاتقان مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنى ئىككىنچى ھايۋاناتلار باغچىسى دەيدۇ، ھە!» دەپ كالچارىدى. مەن بېيجىڭلىقلارنىڭ شۇنداق دەيدىغانلىقىنى ئاڭلىغان، ئاغزىدا دېمىسىمۇ تاكسىغا، ياتاقتا ئالماسلىقلىرىدىن، كوچىلاردا ئاغزىنى يۇرۇشتۇرۇپ نېرى قېچىشلىرىدىن شۇنداق دەۋاتقانلىقىنى دائىم ھېس قىلىپ تۇراتتىم. ئەمدى كېلىپ مۇنۇ ئۇيغۇرچە ئىسىم قويۇلۇپ قالغان مەخلۇقنىڭمۇ ئاغزىدىن شۇ گەپنىڭ چىقىشى نېرۋاھ ئۆرلەتتى. كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇرۇپ: «شۇنداق دەيدۇ، سەندەك قەشقەردىن ئوۋلانغانلارنى بېيجىڭغا تاللىغانلار، بەلكىم بىزنىمۇ ساڭا ئوخشىتىپ قالغان ئوخشايدۇ» دېدىم- دە، ئۇرۇشۇپ قالماسلىق ئۈچۈن سورۇندىن چىقىپ كەتتىم. ئۇنىڭ خەق چەنتو دېسە ئۆزىنى چەنتو دەيدىغان، ئىككى مېتىر كەلگىدەك بوينىڭ يېرىمىغا كەلمەيدىغان ئەقلى مېنى خېلىغىچە بىئارام قىلغانىدى.

ئۇرۇمچىدىكى چاغلىرىمدا ئىش بىجىرگىلى ئۇ يەر - بۇ يەرگە بارسام ئۇيغۇر خانىم - قىزلىرىنىڭ خەنسۇچە «گۇلى، گۇلى» دەپ چاقىرىلغانلىقىنى ئاڭلايتتىم. ئاتايىن قېشىغا بېرىپ «سىزنىڭ ئىسمىڭىز گۇلمۇ، نېمىنىڭ گۇلىسىز؟ ئۇيغۇرچە گۇلى دېگەن بىر نەرسىنىڭ گۇلى دېگەن گەپ» دەپ چاخچاق ئارىلاش سوراپ قوياتتىم. بەزىلىرى پەرۋا قىلىشمايتتى، بەزىلىرى «مۇشۇ خەقنىڭ ئاغزى كەلمەي شۇنداق دەيدۇ، شۇڭا مەنمۇ كۆنۈپ كەتتىم، تېخى بەزىدە ئۇيغۇر خىزمەتداشلىرىممۇ شۇنداق چاقىرىدۇ» دەپ قويۇشىدۇ بىپەرۋالا. ماڭا دىققەت قىلىپ گەپلىرىمنى ئازراق ئويلىنىپ قالغانلارغا «خىزمەتداشلىرىڭىزنىڭ ئەركىنجان

تۇراخۇن دېيىشكە ئاغزى كېلەمدۇ، ئابلەت ئابدۇرەشىد دېيىشكە ئاغزى كېلەمدۇ؟ ئەجەپ شۇنچە ئۇزۇن ئىسىملارغا ئاغزى كېلىپ سىزنىڭكىگە كەلمەيدىكىنە؟ دېمىسە دېگۈزۈك، ئىنسانىنىڭ ھۆرمىتى ئىسىمدىن باشلىنىدۇ، سىزنىڭ ئىسمىڭىزنىمۇ تولۇق ۋە توغرا ئاتىمىغان ئادەمنىڭ نەزىرىدە سىز يوق، ئەگەر ئىسمىڭىزغا ئاغزى كەلمىسە، ئىنسانلىقىڭىز ئىسىگە مەڭگۈ كەلمەيدۇ!» دەپ قوياتتىم.

قاچاندىن باشلاندى ئېسىمدە يوق ئۇيغۇرلارنى ھېسسىياتچان مىللەت، شېئىرىي مىللەت دەيدىغانلار ئاۋۇپ قالدى. زادى شۇنداق دېيىشنىڭ نىمە ئاساسى بارلىقىنى بىلەي دەپ ئىنگىلىزچە مەنبەلەرگە قاراپ باقتىم. تۈرلۈك مەتبۇئاتلاردا قوللىنىلغان «شائىرلار دۆلىتى، شائىرلار مىللىتى» دېگەن ئوخشىتىش ئىبارىلىرىدىن باشقا بىرەر ئىلمىي ماقالىدىن «شېئىرىي مىللەت» دېگەن ئاتالغۇنى تاپالمىدىم. خەنسۇچە مەنبەلەرنى ئاربلاپ قارىسام بار ئىكەن. خەنسۇ زىيالىلار ئۆز مەدەنىيىتىنى شېئىرىي مەدەنىيەت دەپ ئاتىشىپتۇ. خەنسۇ ئەدەبىياتى شېئىرلارغا باي، خەنسۇ تىلى شېئىرىي ئىمكانلارغا قادىر تىل دېيىلىپتۇ. يەنىمۇ تەپسىلى قارىسام ئۇيغۇرلارنى شېئىرىي مىللەت دېگەنلەر خەنسۇ زىيالىلىرى ئىكەن. خەنسۇ زىيالىلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى شېئىرىي مىللەت دېگەن ئىبارىسى جۈملىدە «ئاسان ھاياجانلىنىدۇ، ئەقلىي ئەمەس، ئاسانلا ئۇيغۇن بولمىغان يەكۈن چىقىرىدۇ، ئىشنىڭ باش - ئاخىرىنى ئويلاپ يېتەلمەيدۇ...» دېگەن سۆزلەر بىللە كەپتۇ. گەپنىڭ ئورامىنى ھېس قىلغان ئادەم كەمسىتىلىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىدۇ. ئۆزىنى ئىللەتلىك ساناپ، كۆرۈۋاتقان كۈنىنى ھەق دەپ بىلىدىغان ئادەمگە بۇ ئەقلىي خۇلاسىدەك تۇتىيا بىلىنىپ كېتىدۇ. توردىكى ئىزدەش نەتىجىسىگە ۋاڭ مىڭنىڭ «ئۇيغۇرلار شېئىرىي مىللەت!» دېگەن ھۆكۈمى ئەڭ بۇرۇن تىزىلىپتۇ. ئازراقلا تەپەككۇرلۇق كىشىلەر گەپنىڭ قەيەردىن قەيەرگە كېتىۋاتقانلىقىنى بىلىدۇ. سېنى بىرسى ھېسسىياتچان مىللەت دەۋاتقاندا ئۆزىنىڭ ئەقلىي مىللەتلىكىنى ساڭا ئىتىراپ قىلغۇزىۋاتقان بولىدۇ.

مىللەتلەرنى ھېسسىيات مىللىتى، ئەقىل مىللىتى دەپ ئايرىش ئىلمىي ئەمەس. ھەم ئىلمىدە ئۇنداق ئايرىلغانىمۇ ئەمەس. دۇنيادا ھېسسىيات ئىپادىلەشكە مايىل ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

ماھىر پىسخىك ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىنسان بار، لېكىن بىر مىللەت بويىچە ھەممە كىشى پۈتۈنلەي ھېسسىياتچان بولمايدۇ. بەلكىم بۇنداق دېسەم ھېسسىياتچان كىشىلەر كۆپ مىللەت ھېسسىياتچان مىللەت بولامدۇ؟ دېيىلىش مۇمكىن، لوگىكا جەھەتتىن شۇنداق دېيىشكە بولىدۇ، لېكىن لوگىكىلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىلغان خۇلاسىنىڭ ھەممىسى ئىلمىي بولمايدۇ. ئىلمىي بولۇش ئۈچۈن تەجرىبە، تەتقىقات ئىسپاتى بولۇشى كېرەك. مىللەتلەرنى يەرلىك مىللەت ۋە سىياسى مىللەت دەپ ئايرىش مەۋجۇد. بىز ئۆزىمىزنى ئۇيغۇر دېگەن چېغىمىزدا يەرلىك مىللەت دېگەن بولىمىز. ئەگەر جوڭخۇا مىللىتىمەن دېيىلسە سىياسى مىللەت تىلغا ئېلىنىۋاتقان بولىدۇ. مەن مەرھۇم ئۇستاز ئا. مۇھەممەدئىمىننىڭ مىللەتنى ئۈچكە ئايرىپ ئۇيغۇرنى ئەڭ تۆۋەنگە تىزغىنىنى ئىلمىي ئەمەس دەپ بىر يازما يازغان.

دېمەكچى بولغىنىم، ئۇيغۇر مەتبۇئاتلىرىدا بىر مەزگىل مودا بولغان «ئۇيغۇرلار شېئىرىي مىللەت» دېيىلگىنى ھېسسىيات مىللىتى دېگەن مەنىدە كەلگەن. بىر مىللەتنى ھېسسىي مىللەت دېيىلگىنى ئىلمىي ئەمەس. ئۇيغۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ شېئىرىي مىللەت ئىكەنلىكىگە ئىشەنگىنى، بەلكى خەق چەنتۇ دېسە ئۆزىنى چەنتۇ، خەق گۆلى دېسە ئۆزىنى گۆلى دېگەندەكلا بىر گەپ. شېئىرىي مىللەت دەپ مىللەت بولمايدۇ. ئەگەر ھېسسىي تەپەككۇرغا مايىل كىشىلەر ئارىمىزدا كۆپرەك بولسا، شۇنداق دەيلىمىكىن دەپ قارايدىغان بولساق،شېئىرىي ئەسەرلەرنىڭ ئۇيغۇر كىتاب بازىرىدا كۆپىنچە بازىرى كاسات. ھازىر ئۇيغۇر كىتاب بازىرىدا ھېسسىيات ئاساس قىلىنغان شېئىرىي ئەسەرلەر ئەمەس، ئەقلى تەپەككۇر ئاساس قىلىنىدىغان تەربىيە، تارىخ، دىن ۋە مۇۋەپپەقىيەتكە دائىر كىتابلارنىڭ بازىرى ياخشى. يازمامدا كەلتۈرگەن مىساللار ۋە بايانلارنى قايتىلاپ خۇلاسىلىمىسەممۇ، ئۇيغۇرنىڭ كىتاب ئىستېمالىدىكى تاللاشلىرىدىنلا ئۇيغۇرلار ئىچىدە قايسى خىل تەپەككۇرغا مايىللىقنىڭ ئەۋج ئالغانلىقىنى بىلىۋېلىش مۇمكىن.

## ئۇيغۇرلاردا قۇتۇپچە ئىسلام

يېقىندا سەييىد قۇتۇپ شېھىت بولغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىغا بېغىشلاپ ئۇيغۇردا كىتاب نەشىر قىلىنغانلىقىنى ئاڭلاپ ئويلىنىپ قالدىم. ئەسلى بۇ يىل تۈرك دۇنياسىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپ، خەلقئارادا ئەھمەت يەسەۋي خاتىرلىنىدىغان مۇبارەك يىل ئىدى. ئامېرىكا باش كاتىپى جون كەررى ئوتتۇرا ئاسىيا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىرى يىغىنىدا «قۇتادغۇبىلىك»تىكى ئەلچىگە قويۇلغان تەلەپلەرنى قاتناشچىلارغا ئەسكەرتىپ ئۆتكەن ئىدى. مۇشۇنداق خاسىيەتلىك يىلدا خەق بوۋىمىزنىڭ ئۆگۈت، ھېكمەتلىرىنى بىزگە ئەسكەرتىپ يۈرسە، بىزدە ئۆزىمىزنىڭ پىشاۋالىرىنى قويۇپ تۇرۇپ، سەييىد قۇتۇپنىڭ يادلىنىلغانلىقى قارا يۇمۇردەك تۇيۇلدى. ئەگەر يۈسۈپ بوۋىمىزنى خاتىرلەپ دىنىي كىتاب چىقارمىساق ساۋاب بولمايتتى، دېسەك ئۇستازىمىز مەرھۇم يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇقنىڭ نەشىرسىز قالغان «قۇتادغۇبىلىك ۋە ئىسلام روھى» دېگەن كىتابى بار ئىدى. مەن تەۋسىيە قىلىپمۇ باققان ئىدىم.

سەييىد قۇتۇپنىڭ خاتىرلەشكە ئەرزىگەن ھاياتى، ئەسەرلىرى ۋە پىكىرلىرىدىن بەھىرلىنىش ئۈچۈن ئۇنىڭ «يول بۇ يەردە» دېگەن ئۇيغۇرچە كىتابىنى، «مەن كۆرگەن ئامېرىكا» دېگەن ئىنگلىزچە كىتابىنى يېنىشلاپ ئوقۇپ چىقتىم. مەرھۇمنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرلەپ ئۇيغۇرچە نەشىر قىلىنغان «سەييىد قۇتۇپ» دېگەن كىتابنى ئوقۇغاچ ئىزدەپ باقسام، مەن بىلىدىغان ئىنگلىزچە، تۈركچە، پارسچە قاتارلىق تىللارنىڭ ھېچ بىرىدە بۇ ئۆلىمانىڭ شېھىت بولغانلىقى خاتىرلەنمەپتۇ. قارىغاندا بۇ تىللارنى قوللىنىدىغان كىشىلەردە بۇنداق بىر شەخسنىڭ مەپكۇرىسى دىن دەپ قارالمىغان بولۇشى، بۇنداق ئىددىيەگە بازار بولماسلىقى، ئايغى چىقماس نەپرەت ۋە تۈگىمەس ئۇرۇش ئەسەبىيلىكىنىڭ تەرغىباتى قارشى ئېلىنماسلىقى مۇمكىن. بەلكىم 60 نەچچە يىلدىن بېرى مىسىردا ئۇتتۇق قازىنالمىغان قۇتۇپ مەپكۇرىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇرچىدىن باشقا تىللاردا سۆزلەيدىغان ئوچۇق، ئۆتكۈر ۋە ئەركىن پىكىرلىكلەردە ئانچە ئالقىشلانمىسا كېرەك. مۇسۇلمان قېرىنداشلار جەمئىيىتىنىڭ پىكىر ئاتىسى، مىليونلىغان مۇسۇلماننى ۋەتەنسىزلىك، مىللەتسىزلىك، قان قېرىنداشسىزلىق ياقىلانغان بىر ئاشقۇن ئىدىئولوگىيەگە باشلىغان، ئۇلارنى ئۆزئارا قىرغىنچىلىققا، يەكلەشكە ۋە زىددىيەتكە يېتەكلىگەن بۇ ئىنقىلاپچىنى خاتىرلەش نېمىگە زۆرۈر بولۇپ قالغاندۇ؟ جاۋاب ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆپلىكى ئىكەن. ئوقۇرمەنلىرىنىڭ كۆپ بولۇشى بىر مەپكۇرىنىڭ توغرىلىقىغا دەلىل بولالامدۇ؟ هالبۇكى، توغرا - خاتانى كۆپ سانلىققا قاراپ ئۆلچەشنى قۇرئان رەت قىلىدۇ (ئەنئام، 116؛ نەھل، 120 ). چەت ئەل تىلىدىكى مەنبەلەرگە قارىسام دىنىمىزنى رادىكاللاشتۇرغان ئالىملارنىڭ بېشىغا سەييىد قۇتۇپ، مەۋدۇدى، مۇھەممەد قۇتۇپ تىزىلىدىكەن. سىياسىيلاشقان ئىسلام (تۈركچىدە ئىسلامچىلىق، ئېنگلىزچىدە ئىسلامىزم دەپ ئېلىنىۋاتقان بۇ ئاتالغۇنىڭ ئەرەبچىسى سىياسىي ئىسلام دەپ ئېلىنىدىكەن، مەن ئەرەبچىسى بويىچە سىياسىي ئىسلام دېيىشتىنمۇ ساقلاندىم) نىڭ مەنبەسى ۋە تەرغىباتچىسى بولغان مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ (ئىخۋانۇل مۇسلىمىن) تەشۋىقاتى ئۇيغۇرچە ئەڭ كۆپ تەرجىمە قىلىنىپتۇ.

ئۇيغۇردا سەييىد قۇتۇپنىڭ خاتىرلىنىشى، ئاشقۇنلۇققا تېۋىنىدىغان ۋە قاتىلىشىدىغانلارنىڭ كۆپىيىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇيغۇرنىڭ بېكىك، مەزلۇم، نامرات، مەرىپەتسىز، چۈشكۈن مۇھىتىدا ئاشقۇن پىكىرلەرنىڭ ئەڭ بازارلىق بولۇشىمۇ چۈشىنىشلىك. ئەسلى ئۇيغۇر مۇشەررەپ بولغان ئىسلامدا رادىكاللىق دېگەن گەپ يوق. ئەمما سەيىد قۇتۇپقا ئوخشاش ئەينى چاغدا فاشىستىك مىللەتچىلىككە، ئاشقۇن كومۇنىستلىققا ئەگىشىپ باققان كىشىنىڭ قەلىمىدىن چىققان ئىددىيە ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىنى رادىكال چۈشىنىۋېلىشىغا سەۋەپ بولغان. ئۇنىدىن باشقا هازىر دۇنيادىكى ئاشقۇنلار ياشىغان مۇھىتتا تەڭسىزلىك، هوقۇقسىزلىق، ئادالەتسىزلىك، زۇلۇم، نادانلىق قاتارلىقلار مەۋجۇت، پەقەت بۇلارغا بولغان قارشىلىقنىڭ دىن نامىدا، يولسىز، قەبىھ، ئادالەتسىز شەكىلدە ئىپادىلىنىۋاتقان بىر تەرپى بار. ئۇيغۇرلار مۇسۇلمان ئەمەس بۇددىست بولغان تەقدىردىمۇ، هازىرقى چىدىغۇسىز مۇھىت

يەنىلا ئاشقۇنلۇققا قىستىغان بولاتتى. قۇتۇپ ئىدىئولوگىيەسى پەقەتلار ئاشقۇنلۇققا خېمىرتۇرۇچ بولدى، تەمتىرىگەنلەرگە قولچىراق تۇتۇپ بەردى. بۇنداق خېمىرتۇرۇچ ۋە قولچىراقنىڭ ئۇيغۇردىكى ئىپادىسى بولغان قۇتۇپ يازغان بازارلىق كىتاپلار، مېنى ئۇ تەشەببۇس قىلىدىغان مەپكۇرە ھەققىدە يەنە ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلدى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك ماقالىلەرنى ئايلارچە ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئوقۇپ چىقتىم. ئاندىن مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتلارغىمۇ كۆز يۈگۈرتتۈم.

«يول بۇ يەردە» دېگەن كىتاپىنى قۇتۇپ بىسمىللاھىسىدا ھۆكۈم بىلەن باشلاپ، «ھازىر ئىنسانىيەت دۇنياسى بالايىئاپەت گىردابىغا بېرىپ، ھەممە يەردە ئۇرۇش، ئېكسپىلاتاتسىيە، ئەخلاقسىزلىق، ساختىپەزلىك ئەۋج ئېلىپ كەتتى...» دەيدۇ. ھەمدە بۇنىڭ دەۋاسىنى «ئاللاھنىڭ قانۇنىنى تۇتقا قىلغان ھاكىمىيەت» دەپ كېسىپ ئېيتىدۇ. ئۇنىڭچە «بۈگۈنگىچە بولغان جەمئىيەتلەرنىڭ ھېچ بىرى ئىسلام جەمئىيىتى ئەمەس... مۇسۇلمانلار ئىنسانىيەتكە رەھبەرلىك قىلىشى كېرەك. سەۋەپ، ئۇلارنىڭ ئەڭگۈشتىرى ئېتىقاد، پەن - تېخنىكا ئەمەس...». قۇتۇپنىڭ بۇ يەردە ئوتتۇرىغا قويغىنى بىر پىكىر بولۇپ، بىر ھۆكۈم سۈپىتىدە ئويلىنىشقا تېگىشلىك، ئەمما قوللىنىشقا كەلگەندە قىيىنچىلىق تۇغۇلىدۇ. چۈنكى بۇنداق ھۆكۈملەرنىڭ كۆز ئالدىمىزدا بىر ئەمەلىي غەلىبىلىك ئۈلگىسى، ياكى لوگىكىلىق ئىسپاتلاش جەريانى يوق. قۇتۇپ كىتابىدا پەقەت رېئاللىق قانداق ۋە قانداق بولۇشى كېرەك؟ دېگەنگە جاۋاپ بەرگەن. ئەمما نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق بولغان، ئاللاھنىڭ قانۇنىنى تۇتقا قىلغان ھاكىمىيەتنىڭ تۈزۈمى، ئوبىكتى، ئىجراچىسى، تەشكىلى شەكلى، بارلىققا كېلىش ئۇسۇلى، باشقۇرۇش مېخانىزمى، ئىقتىسادى قۇرۇلمىسى، دىپلوماتىيەسى، مۇداپىئەسى، مائارىپى، پاراۋانلىقى، دۇنيا سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تەرتىۋىدىكى ئورنى دېگەنلەرنى سۆزلىمىگەن. ئىشنىڭ ئەڭ ئاسىنى قۇتۇپتەك «بۇ قانداق؟» دېگەن سوئالغا «ھەق ياكى باتىل» دەپ جاۋاپ بېرىش؛ نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟ ئەسلى قانداق بولۇشى كېرەك ئىدى؟ نېمە ئۈچۈن ئۇنداق بولۇشى كېرەك ئىدى؟...دېگەنلەرگە جاۋاپ بەرمەك ئاسان ئەمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دېمەك، قۇتۇپ باشتىلا دۇنيانى پۈتۈنلەي پاكىتسىز، ئىسپاتسىز يىمىرىلگەن دەپ بەزى ھۆكۈملەرنى چىقىرىدۇ، لېكىن دەلىللىمەيدۇ. ئۇنىڭچە «مۇسۇلمانلارمۇ غايىپ بولۇشقا باشلىغان، خۇسۇسىي ۋە كوللىكتىپ مۇلۇكچىلىكمۇ يىمىرىلگەن، مىللەتچىلىك، رايون ئورتاق گەۋدىسى، ئىقتىسادىي ئېتتىپاق دېگەنلەرنىڭ ئەبجەقى چىقىپ كەتكەن». ھالبۇكى سەييىد قۇتۇپ «يىمىرىلگەن» دېگەن دۇنيا مەۋجۇت، «ئەبجەقى چىقىپ كەتكەن» مىللەتچىلىك ھېلىمۇ بار، رايون ئورتاق گەۋدىسى تېخىمۇ كۆپىيىۋاتىدۇ، ئىقتىسادىي ئېتتىپاقلار تېخىمۇ مۇستەھكەم ۋە كۈچلۈك ھالغا كەلمەكتە. ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك بەزى ئەللەردە تېخى كۈچلۈك، يىمىرىلگىنى يوق، خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىكمۇ ھېچ يىمىرىلمىگەندەك ئەمەس. مانا بۇ قۇتۇپنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ۋە ئىزچىل سەھۋەنلىكى بولۇپ، دەلىل كۆرسەتمەستىن ھۆكۈم قىلىش، مەسىلىنى رېئاللىق ئىچىدە ئىلمىي، ئەمەلىي، ئەقلىي تەھلىل قىلماسلىقتۇر.

قۇتۇپ كىتابىدا زېمىندا ئاللاھنىڭ ھاكىمىيىتىنى تىكلەش ئۈچۈن جامائەت تەشكىللەشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەيدۇ. ئۇ «ئىسلامنىڭ نەزەرىيەۋى ئېتىقاد پرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلىدىغان، جاھالەتكە قارشى تۇرالايدىغان، جانلىق، ھەرىكەتچان بىر جامائەت قۇرۇشىمىز كېرەك»، دەيدۇ. بۇنىڭ يولى ئىسلام بولۇپ، «بىز چوقۇم ئۇنىڭ ياردىمىدە يەرشارىنى قاپلىۋالغان جاھالەتنى سۈپۈرۈپ تاشلىشىمىز لازىم» دەپ قارايدۇ. ئۇ دەسلەپتىلا ھېچ بىر دەلىل كۆرسەتمەي ھازىرقى جەمئىيەتلەرنىڭ ھېچ بىرىنى ئىسلام جەمئىيىتى دەپ ئېتىراپ قىلمىغاچقا، جاھىلىيەت جەمئىيىتى دەپ تونىغاچقا ئەگەشكۈچىلەرنى ئۇلارغا قارشى ئوت ئېچىشقا چاقىرىدۇ (92 - بەت). مانا بۇ مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا تۈگىمەيۋاتقان ئۆزئارا قىرغىنچىلىقنىڭ قۇتۇپچە ئىسلامىي ئاساسى.

ھالبۇكى، ھەر دەۋردە، ھەر ماكاندا ھابىل بىلەن قابىل مەۋجۇت بولغاندەك پىرئەۋن بىلەن مۇسا، نەمرۇت بىلەن ئىبراھىم، ياخشىلىققا ۋەكىللىك قىلغۇچىلار بىلەن يامانلىققا ۋەكىللىك قىلغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش داۋام قىلىدۇ. كۈپۈرنى، گۇناھى مەسىيەتنى يەر يۈزىدىن پۈتۈنلەي سۈپۈرۈپ تاشلاش مۇمكىن ئەمەس

ئىدى. بۇ خۇددى جەننەتنى يەر يۈزىدە بەرپا قىلىشقا ئۇرۇنۇشتىن پەرقسىز ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا ھەزرىتى نۇھ رەببىمىزگە ندا قىلىپ مۇنداق دېگەنىدى:

«رەببىم، يەر يۈزىدە كاپىرلارنىڭ بىرىنىمۇ قويمىغىن. ئەگەر ئۇلارنى قويساڭ، شۈبھىسىزكى، بەندىلىرىڭنى ئازدۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ تاپقان باللىرىمۇ پەقەت فاجىر ۋە كاپىر بولىدۇ.» ( نۇھ، 26 ـ 27 ـئايەت ).

ئاللاھ نۇھنىڭ دۇئاسىنى ئىجاۋەت قىلىپ تۇپان بالاسى يۈز بەردى، ھەزرىتى نۇھقا ئىمان ئېيتىپ ئۇنىڭ كېمىسىگە چىققانلاردىن باشقىلار تۇپاندا غەرق بولدى. لېكىن ئەنە شۇ تەقۋا مۇئمىنلەرنىڭ نەسلىدىن بولغانلار ئىچىدە يەنە كۇپۇر، زۇلۇم پەيدا بولدى. مۇئمىن بىلەن كۇپۇر، زۇلۇم بىلەن ئادالەت ياقىلىغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش داۋام قىلدى، قىلىۋاتىدۇ، قىلىدۇ.

رەببىمىز ئىنسانلارنى بۇ ئالەمگە ئىمتىھان ئۈچۈن ئەۋەتكەن (مۇلك، 2) بولۇپ، يامانلىققا قارشى ياخشىلىققا ۋەكىل بولۇشقا تەۋسىيە قىلغان ۋە پىرئەۋندەك بوۋاق قاتىلى زالىمغىمۇ ئالدى بىلەن چىرايلىق نەسىھەت قىلىشقا بۇيرىغانىدى (تاھا، 44).

ۋوتۇپقا كۆرە تەشكىللەنمەكچى بولغان جامائەتنىڭ «يادروسى ئىمان بولۇپ، ئىرىق، مىللەت، زېمىن، رەڭ، تىل، شۇنىڭدەك دۆلەت، رايون، ئىقتىسادىي مەنپەئەت دېگەنلەرنى قەتئىي چۆرۈۋېتىش»نى تەكىتلەيدۇ. ئاقىللارغا مەلۇمكى، مىللەت، تىل، دۆلەت دېگەنلەر تىلەپ تېپىۋالغىلى، تېنىپ تاشلىۋەتكىلى بولىدىغان نەرسىلەر ئەمەس. مىللەت ئاللاھنىڭ ئىنسانلارغا پۈتكەن تەقدىرى (رۇم، 22؛ ھۇجرات، 13)، ئىسلام، ئىمان ۋە مۇئمىنلىك ئىنسانلارنىڭ تاللىشىدۇر( بەقەرە، 256). ئىمان تىل ئارقىلىق دىلغا ئورۇنلىشىدۇ، تىل ئارقىلىق تەۋسىيە قىلىنىدۇ. تىلنى تاشلىۋېتىپ، ئىماننى يادرو قىلغان ۋوتۇپچە ئىسلامىي جامائەت بەرپا قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

سەييىد ۋوتۇپتا كوممۇنىستىك ئىدىئولوگىيە تەسىرى بار (شەيخ رابىي). ئۇ

ماركسىزمدا ئىزچىل قوللىنىلىدىغان ئىنسانىيەتنى ئازات قىلىش چاقىرىقىنى، لېنىنىزمنىڭ قوراللىق ئىنقىلاپ بىلەن ئورتاق بىر دۆلەت قۇرۇش غايىسىنى ئۆزلەشتۈرگەن (شەيخ رابى، ئىبراھىم ئەل ھۇدەيبە، لادان ۋە رويا بوررومانд). ئۇنىڭدا ھەممىنى قارىمۇ قارشى ئىككى كاتېگورىيەگە ئايرىپ ئويلىشىدىغان ئىككىلىك تەپەككۇر مەۋجۇد. شۇڭا ئۇ ئىنسانىيەتنى مۇسۇلمان ۋە كاپىر دەپ ئىككىگە ئايرىغان، جەمئىيەتنى جاھىلىيەت ۋە ئىسلامىيەت دەپ ئىككىگە ئايرىغان، مەدەنىيەتنى ئىسلامىي ۋە جاھىلىي دەپ ئىككىگە ئايرىغان، ھاكىمىيەتنى ئىلاھىي ھاكىمىيەت ۋە ئىنسانى ھاكىمىيەت دەپ، تۈزۈمنى ئىلاھىي تۈزۈم ۋە ئىنسانىي تۈزۈم دەپ ئىككىگە ئايرىغان. بۇنداق تەپەككۇر كوممۇنىستىك ۋە فاشىستىك خاھىشتىكى كىشىلەرگە ئورتاق بولۇپ، ئەزەلدىن تەنقىتكە ئۇچراپ كېلىۋاتىدۇ.(http://www.islamagainstextremism.com)

ئەگەر ھەممە ئىككى قۇتۇپ نوقتىسىدىن كۆزىتىلسە ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە، شۇنداقلا ئاللاھنىڭ بىر، يارالمىشىنىڭ كۆپلىكىگە كەلگەندە دۇدۇقلاپ قالىدىغان ئىش چىقىدۇ. قۇرئانمۇ ئىسلامغا تەۋە بولغۇچىلارنى مۇئمىن، پاسىق، مۇناپىق ۋە تەسلىم بولغۇچىلار (ھۇجۇرات، 14 ) دېگەندەك بىر قانچە تۈرگە ئايرىيدۇ. ھەتتا ئەھلى كىتاپلارنىمۇ بىر تاياقتا ھەيدىمەسلىككە بۇيرىيدۇ (ئالى ئىمران، 75، 113-114، 199؛ مائىدە، 69). شۇڭا قۇتۇپچە ئىككىلىك مەقبۇل بولمايدۇ، ئۇنداق تەپەككۇرنى ئاشقۇنلۇق دەيمىز.

سەييد قۇتۇپ گەرچە غەرپكە ئىزچىل نەپرەتلەنسىمۇ، لېكىن19 - ئەسىرلەردە ياۋرۇپادا ئەۋج ئالغان ياۋرۇپا مەركەزلىك تەلىماتىنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلى بويىچە باشقا مەدەنىيەتلەرنى باھالاپ چۆكتۈرگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ نەزىرىدىكى جاھىلىيەت مەدەنىيەتلىرىگە مۇنداق باھا بەرگەن: «گەرچە ئۇ (جاھىلىيەت جەمئىيىتى) ئاللاھنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ئېتىراپ قىلسىمۇ، كىشىلەرنىڭ بۇتخانا، چېركاۋ، مەسجىدلەردە ئىبادەت قىلىشىغا يول قويسىمۇ، دەل مۇشۇ سەۋەبتىن ئۇ جاھالەت جەمئىيىتى بولۇپ قالىدۇ. ئىسلام جەمئىيىتى مانا مۇشۇنداق ئالاھىدە خۇسۇسىيىتى بىلەن بىردىنبىر مەدەنىيەتلىك جەمئىيەت سانىلىدۇ. باشقا ھەر خىل رەڭگارەڭ جەمئىيەتلەر قالاق

مەدەنىيەتسىز ھېساپلىنىدۇ» (198 - بەت). بۇ قاراشتىن ئاللاھنىڭ ئىنسانلارنى بىر - بىرى بىلەن تونۇششى ئۈچۈن ئايرىم - ئايرىم مىللەت قىلغانلىقىنى (رۇم، 20)، مىللەتلەرنىڭ ئۆز رايونىغا، مۇھىتىغا ۋە مەنىۋىيتىگە كۆرە مەدەنىيەت يارىتالىلىقىغا بولغان ئېتىراز ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

سەييىد قۇتۇپ ئەسەرلىرىدە ئىنساندىكى ۋەتەن سۆيگۈسىدىن ئىبارەت ئەڭ تەبىئىي تۇيغۇنى ۋە ئۆز دۆلىتى بولۇشتىن ئىبارەت ئەقەللىي ئارزۇنىمۇ ئىنكار قىلىدۇ. ئۇنىڭچە «ئاللاھتىن قوبۇل قىلىنغان ئەقىدە، قانۇن-تۈزۈم، ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلى ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان دۆلەت مۇسۇلماننىڭ ۋەتىنىدۇر. مانا بۇ ئىنسانغا لايىق ۋەتەننىڭ مەنىسى» ئىكەن. ئۇ يەنە ۋەتەن ۋە دۆلەت ھەققىدە «ئىسلام ئەقىدىسى رەھبەرلىك قىلىدىغان، ئاللاھنىڭ شەرىئىتىلا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان زېمىن (ئىسلام دۆلىتى) مۇسۇلماننىڭ ۋەتىنى... ئەكسىچە ئىسلام رەھبەرلىك قىلمايدىغان، ئاللاھنىڭ قانۇنى ھۆكۈمرانلىق قىلمايدىغان دۆلەت ئۇرۇش ئېچىشقا تېگىشلىك دۆلەتتۇر» (266 -بەت). «ئىسلام بىرلا دۆلەتنىڭ مەۋجۇتلىقىنى مۇقەررەرلەشتۈرىدۇ. بۇ بولسا ئىسلام دۆلىتىدۇر» (251). مانا بۇ ئاشقۇن بايانلار كىشىلەرنى بۇرۇن پاكىستانغا، ئافغانىستانغا باشلىغان، ھازىر سۇرىيەگە، خوراسانغا تەلپۈندۈرمەكتە. ئەلۋەتتە، بىز بۇ يەردە ئايغى چىقماس مۇنازىرەلەردىن بولغان دارۇلئىسلام ۋە دارۇلھەرب مەسىلىسىگە كىرمەكچى ئەمەس. بۇ ئاتالغۇلارغا ھەركىم ھەرخىل ئىزاھ بېرىپ كەلمەكتە.

ھالبۇكى، يەر يۈزىدە كۆپۈرنىڭ مەۋجۇد بولۇشى سۈننەتۇللاھ بولۇپ، كىچە بىلەن كۈندۈزنىڭ مەۋجۇد بولۇشىدەك ئۆزگەرمەس قانۇنىيەتتۇر (مائىدە، 48؛ نەھل، 93؛ شۇرا، 8). مۇئمىنلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى تىنچلىق تەرەپتارى بولۇش (يۇنۇس، 99؛ كافىرۇن، 6)، دوستانە ئۆتۈش ئاساس بولۇپ، كاپىرلار ئېتىقادقا بېسىم قىلغاندا ياكى يۇرتتىن قوغلاپ چىقىرىشقا تەمشەلگەندە ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىشقا يول قويۇلغان (مۇمتەھىنە، 8 - 9 - ئايەت) ۋە كاپىرلارنى ۋەياكى دۈشمەنلەرنى ھەر تۈرلۈك تاجاۋۇزدىن ۋازكەچتۈرۈش ئۈچۈن ھەربىي جەھەتتىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەييارلىقنى پۇختا قىلىشقا بۇيرىغان (ئەنفال، 60، 73). رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتى بۇنىڭ دەلىلى بولۇپ، ئۇ ھۇدەيبىيەدە بىر مۇشرىك قەبىلە بىلەن ھەربىي ئىتتىپاق تۈزگەن، مەككە مۇشرىكلىرى بىلەن تىنچلىق سۈلھىسى ئىمزالىغان، مەدىنىدىكى مۇسۇلمانلارغا ھۇجۇم قىلمىغانلار بىلەن تىنچلىق ئىچىدە ئۆتكەن.

ھەر قانداق ئىنسان ئۆزىنى ئالدى بىلەن ئائىلىگە، مىللەتكە، ۋەتەنگە تەۋە دەپ ھېس قىلىدۇ، ھەمدە مۇشۇ ئاساستا ئۆزىنى ئىنسانىيەتنىڭ بىر پارچىسى دەپ تونۇيدۇ. بۇ بىر ئورتاق پىسخىك ئېھتىياج بولۇپ، قۇتۇپ بۇنىمۇ ئىنكار قىلىپ «ئەقىدە، قانۇن-تۈزۈم ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلى مۇسۇلماننىڭ تەۋەلىكىدۇر. مانا بۇ ئادەملەرگە لايىق مۇناسىۋەت شەكلىدۇر. ھەقىقەتەن ئائىلە، قەبىلە، مىللەت، دۆلەت، زېمىن، تەرەپتارلىق ئۇقۇمى قالاق ئۇقۇم بولۇپ، ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ روھى چۈشكۈنلۈك تارىخىدا تونۇپ يەتكەن جاھالەت ئۇقۇمىدۇر» دەپ يازغان (270 -بەت). قۇتۇپ مۇئمىنلەرنى تەبىئىي ئىنسانىي تۇيغۇدىن ۋاز كەچكۈزۈپ، ئۆزى تەرغىپ قىلىۋاتقان مەپكۇرىنىڭ قۇربانى بولۇشقا دەۋەت قىلىۋاتقان بولۇپ، «پىداكارلىق قانداقتۇر بىر نىشان ئۈچۈن، ياكى قانداقتۇر بىر دۆلەتنى قوغداش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ دىن ۋە شەرىئىتىنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن، ھەمدە ئىسلام دۆلىتىنى قوغداش ئۈچۈن قىلىنىدۇ... ھەرگىزمۇ زېمىن ۋە خەلقنى قوغداش ۋە ئائىلە ۋە باللارنى قوغداش مەقسەد قىلىنمايدۇ» دەپ جاكارلايدۇ (268 -بەت). بۇ چۈشەنچە پەيغەمبىرىمىزنىڭ «جان، مال، نومۇس، ئائىلەسىنى قوغداش يولىدا ئۆلۈپ كەتكەنلەر شېھىتتۇر» دېگەن مەنىدىكى ھەدىسىگە زىت. ئەمەلىيەتتە، ئۇيغۇرلارنىڭ 2013 تىن بۇيان توپ - توپ بولۇپ، تۈرلۈك يوللار بىلەن تۈركىيەگە سەپەر قىلىشى ۋە بۇ يەردىن سۈرىيەگە مېڭىشىنىڭ مەپكۇرە ئاساسى مۇشۇ بولسا كېرەك.

بۇ يەردە سوراشقا تېگىشلىك بىر سوئال تۇغۇلىدۇ، بۇ ھەقتە ئاللاھنىڭ دىنى ۋە شەرىئىتى نېمە؟

رۇم سۈرىسى 30 - ئايەتتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

«باتىل دىنلاردىن يۈز ئۆرۈپ توغرا دىنغا، يەنى فىترەت دىنىغا يۈزلەنگىن، ئاللاھ ئىنسانلارنى فىترەت دىنى ئۈستىدە ياراتقان. ئاللاھنىڭ ياراتقىنىدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ، بۇ توغرا دىندۇر. لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى بىلمەيدۇ».

مىللەتنى، يۇرتنى سۆيۈش ئىنساننىڭ فىترىتىدە تۇغۇلۇشتىنلا بار بولۇپ، ئىنسانلار مۇئەييەن مەنسۇبىيەت ئىچىدە ياشايدۇ، ئۆزىنى شۇ كىملىك ئىچىدە تونۇيدۇ، تونۇشتۇرىدۇ.

قۇرئان ئۆزىنىڭ مىللىتىنى باشقا مىللەتتىن ئۈستۈن تۇتۇش، خاتالىقى ئېنىق تۇرسىمۇ ئۆزىدىن بولغانلارنى ھىمايە قىلىشتىن ئىبارەت ئىللەتنى رەت قىلىپ، ئادالەت ئۈستىدە چىڭ تۇرۇشنى تەكىتلەيدۇ (مائىدە، 8) ۋە ئىنسانلارنى بۇ ئالەمشۇمۇل پرىنسىپلار ئۈستىدە بىرلىشىشكە چاقىرىدۇ. شۇڭا بىلالنىڭ ھەبەشىستانلىق، سەلماننىڭ پارىس بولۇشى، ئۇلارنىڭ ئىسلامدىن ئىبارەت ئالەمشۇمۇل پرىنسىپلار ئاستىدا جەم بولۇشىغا توسالغۇ بولمىغان (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن).

قۇرئان ئىنسانلارنى قانداق باشقۇرۇش تۈزۈمىدىن بەكرەك قانداق يېتىشتۈرۈش، تەربىيەلەشنىڭ يولىنى، ئۇسۇلىنى كۆرسىتىدۇ، مۇئمىنلەرنىڭ قانداق كىشىلەر بولۇشى كېرەكلىكىنى تەكىتلەيدۇ، نەھل سۈرىسى 89 - ئايەتنى بۇنىڭ يىغىنچاق ئىپادىسى دېيىشكە بولىدۇ. شۇڭا رەسۇلۇللاھ دۆلەت قۇرۇشقا ئەمەس، ئۇ دۆلەتتە ياشايدىغان ۋە ئىنسانلارنى ئىدارە قىلىشتا ئاللاھ كۆرسەتكەن بەلگىلىمىلەرنى ئاساس قىلىدىغان كىشىلەرنى تەربىيەلەپ چىقىشقا ئەھمىيەت بەرگەنىدى.

ھۇجرات سۈرىسى 10 - ئايەتكە قارايدىغان بولساق، ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

«ئەگەر مۇئمىنلەردىن ئىككى گۇرۇھ ئۇرۇشۇپ قالسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەپ قويۇڭلار. ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرى ئىككىنچىسىگە تاجاۋۇز قىلسا، تاجاۋۇز قىلغۇچى تاكى ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە قايتقانغا قەدەر (يەنى تاجاۋۇزنى توختاتقانغا

www.uyghurkitap.com

قەدەر) ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار. ئەگەر ئۇلار (ئاللاھنىڭ ئەمرىگە) قايتسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى (ھېچبىر تەرەپكە يانباسماستىن) تۈزەپ قويۇڭلار، (ھەممە ئىشتا) ئادىل بولۇڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئادىللارنى دوست تۇتىدۇ».

يۇقىرىدىكى ئايەتتە ئۈچ گۇرۇپپا مۇسۇلمانلاردىن سۆز ئېچىلىۋاتىدۇ. بۇ ئۈچ گۇرۇپپىنى شەخسكە تەدبىقلىساق ئۈچ كىشىگە، دۆلەت دەرىجىسىگە كۆتۈرسەك ئۈچ مۇسۇلمان ھاكىمىيەتنىڭ گېپى بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش يۈز بەرگەندە قانداق ھەل قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدىكى پىرىنسىپ ئوتتۇرىغا قويۇلماقتا.

بۇ سەۋەبتىن ھەر مىللەتتىن بولغان مۇئمىنلەر ئۆز يۇرتىدا ئاللاھنىڭ دىنىنى ھاكىم قىلىپ ياشاش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە مەسئۇلدۇر (فۇرقان، 52). بارلىق مۇسۇلمانلار چوقۇم بىر ھاكىمىيەت ئاستىدا ئۇيۇشىشى زۆرۈر ئەمەس. پەقەت قۇرئان ئوتتۇرىغا قويغان ئالەمشۇمۇل پىرىنسىپلار ئاستىدا ئۇيۇشۇش ۋە ئورتاق ھەرىكەت قىلىش مەجبۇرىيىتى بار (ھۇجۇرات، 10؛ ئەنفال، 73).

قۇتۇپ ئىجتىمائىي پەنلەرنى «جاھىلىيەت ئىدىيەسى ئۈستىگە قۇرۇلغان» دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭچە «پەلسەپە، ئىنسانىيەت تارىخى، پسىخولوگىيە قاتارلىق بارلىق مۇشۇنداق پەنلەرنىڭ تەتقىقات يۆنىلىشى، ئۆتمۈشتىكى ۋە ھازىرقى زاماندىكى ھەممىسى جاھالەت ئىچىدە تۇرغان جاھالەتچە ئېتىقاد، قاراشنىڭ بىۋاستە تەسىرىگە ئۇچرىمىغىنىدىن بىرسىمۇ يوق» (234 ـ بەت). بۇ قاراشقا مەرھۇمنىڭ ئىنىسى مۇھەممەد قۇتۇپمۇ ۋارىسلىق قىلغان بولۇپ، مائارىپشۇناسلىق، جەمئىيەتشۇناسلىق، ئىنسانشۇناسلىق قاتارلىق پەنلەرنىمۇ جاھىلىيەتچى پەنلەرنىڭ قاتارىغا كىرگۈزىدۇ. شۇڭا قۇتۇپنىڭ «جەمئىيەتنى تۇتاشتۇرىدىغان تۈپكى ئارغامچا ئېتىقات...ئىرق، مىللەت، تىل، زېمىن، ئىقتىساد ياكى باشقا ئامىللار ئادەمنىڭ ئالىي خۇسۇسىيىتىگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ، چۈنكى بۇ ئامىللارنى تاشلىۋەتسىمۇ، ئۇ ئادەم بولۇپ تۇرىۋېرىدۇ» دەپ ھۆكۈم قىلغانلىرىغا ھەيران قالماسلىق كېرەك. ئادەمنىڭ تىلسىز، مىللەتسىز مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىشىغا ئىسپات كەلتۈرۈش بىھاجەت.

ئەمەلىيەتتە قۇتۇپنىڭ بۇ قارىشى يېڭىلىق ئەمەس. تارىختا چېك سۇلالىسى ۋە ئوسمانلى ئىمپېرىيەسى غەرپنىڭ تاجاۋۇزىدا يېڭىلىپ تۇرسىمۇ «غەربنىڭ تېخنىكىسى كېرەك، تۈزۈمى، ئىلىم -پەن ئىدىيەسى لازىم ئەمەس» دەپ ئىزچىل چىڭ تۇرغان ۋە بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا غەربنىڭ تۈزۈمى، ئىدىيەسى ۋە ئىجتىمائىي پەنلىرىدىن ئۆزۈۋالانغان ياپونىيەنىڭ ھۇجۇمىغا پايلىمىغان. دەۋرىمىزدە ئەرەبىستاندىكى شاھ ئابدۇللاھ ئۇنىۋېرسىتتىدا ئىجتىمائىي پەنلەر يوق. ماۋزېدوڭمۇ قۇتۇپقا ئوخشاش پىسخولوگىيە، جەمئىيەتشۇناسلىق قاتارلىق پەنلەرنى ساختا پەنگە چىقىرىپ ئۆگىنىشنى چەكلىگەن. بۇ ئەھۋاللاردىن كۆرۈش مۇمكىنكى، نادانلىقنىڭ مىللىتى، دەۋرى بولمايدۇ. ئۇ ئوخشىمىغان مىللەت ۋە ئوخشىمىغان دەۋردىكى پەرقلىق كىشىلەردە ئىزچىل ئوخشاش خاراكتېردە داۋام قىلىۋېرىدۇ.

قۇتۇپنىڭ «يول بۇ يەردە» دېگەن ئەسەرلىرىدىن قارىغاندا ئۇنىڭدا باشقا ئەقىدىدىكىلەرنى كەمسىتىش خاھىشى كۈچلۈك بولۇپ، ئۇ: « ئىسلام ئىنسانىيەتنى تۆۋەنكى ئالەمدىن كۆتۈرۈپ ئۈستۈنكى ئالەمگە تۇتاشتۇردى. ھايۋانلار تەبىقىسىدىن ئايرىپ ئىنسانلار تەبىقىسىگە ئېلىپ چىقتى، جاھالەت قاراڭغۇلۇقىدىن قۇتقۇزۇپ ئىسلام نۇرىغا باشلىدى»، دېگەندەك قۇرلارنى ئۆزۈن - ئۆزۈن يېزىشقا جۈرئەت قىلغان (267 -بەت). ئىسلام ئىنساننى ھايۋانلار تەبىقىسىدىن ئىنسانلار تەبىقىسىگە ئېلىپ چىقمىدى؛ بەلكى ئوقۇماس، تەپەككۇر قىلماس، ياخشى ئەمەل قىلماس ئىنسانلىقتىن، ئەمەلىيىتى ئىمانىغا شاھىت بولىدىغان، ئۆزىنى ۋە ئۆزگىنى يامانلىقتىن ئاگاھلاندۇرىدىغان، ھەر بىر ھەرىكىتى ئارقىلىق ياخشىلىقتىن بىشارەت بېرىدىغان، ھەممە سۆزىنى ئاڭلاپ ياخشىسىغا ئەگىشىدىغان يۈكسەك بىر ئادىمىيلىك پەللىسىگە يېتەكلىدى. ئېنىقكى قۇتۇپنىڭ بۇ بايانلىرى ئاللاھنىڭ قۇرئاندا مۆئمىنلەرنى مۇشرىكلارنىڭ بۇتلىرىنى ئەيىپلەشتىن توسقانلىقىغا، ھاكاۋۇرلۇقنى چەكلىگەنلىكىگە مۇخالىپ.

ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى بەش يۈز يىللىق تارىخى دىننى پىرىنسىپ ئەمەس، دەسمى قىلغان باشلامچىلارنىڭ قولىدا مەغلۇبىيەتلىك يېزىلىش بىلەن باشلانغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شۇندىن باشلاپ بىز دۇنيا، ئاخىرەت، تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە كائىناتنى ئۆگىتىدىغان بىر دەرسخانا بولغان ھاياتنىڭ، دەرسلىك بولغان تەبىئەت قانۇنلىرى ۋە ئىلاھىي قانۇننىڭ ئوقۇغۇچىسى ئەمەس، ئاشىقى بولۇپ كېلىۋاتىمىز. بۇ ئاشىقلىق تەكلىماكاننى قۇچاقلاپ ياشاۋاتقان بۇ سۆيۈملۈك مىللەتنى ياتقا يەم قىلماي بۈگۈنگە ئۇلاشتۇردى. شۇڭا قۇرئاننىڭ خەتلىرىگە ئوخشايدىغان يېزىقىمىزنى تاشلىماي، قۇرئاننى ئېگىز تەكچىگە ئېلىپ ئەزىزلەپ، ئايەتلەرنى ئۆينىڭ تۆرىگە چاپلاپ، ماشىنىلىرىمىزغا بېزەك قىلىپ ئېسىپ ياشاۋاتىمىز. قىرائەتنى ئاڭلىساق يۈرەك ئېرىيدۇ، خەتمە قۇرئان سورۇنلىرىدا كۆزلەر ياشلىنىدۇ. شەكسىزكى، قۇرئاننىڭ ئوقۇغۇچىسى، ئەمەل قىلغۇچىسى بولۇشتىن ئاشىقى بولۇشقا مايىل بولغان ئەسىرلەر مابەينىدە، ئۇيغۇرلاردا قۇرئان ئەقلىگە ئۆزلىشىش، چۈشەنچىگە مەنبە بولۇش، ھاياتقا كۆرسەتمە بېرىشتىن، ئىبادەت سورۇنلىدا يادلىنىدىغان، ئادەت-مۇراسىملاردا قىرائەت قىلىنىدىغان، ئىلاھى تۇيغۇغا مۇڭ قاتىدىغان ھالغا كەلدى. مەدرەسەلەر مەكتەپلەرگە، مۇدەررىسلەر مۇئەللىملەرگە ئايلىنالمىدى. نەتىجىدە بىزدە قۇرئاندىكى ھۆكۈم بىلەن قۇرئاننى ۋاستە قىلغان ھۆكۈمنى، قۇرئاندىكى چۈشەنچە بىلەن قۇرئاننى سۈيىئىستىمال قىلغان ئىددىيەنى ئايرىيالمايدىغان ھېسسىي مۇسۇلمانلىق داۋاملاشتى. ئۆزىمىزدە قۇرئاننى قۇرئان مەنتىقىسى، بىر پۈتۈنلىكى ئىچىدە چۈشىنىش ۋە تەپسىرلەش ئومۇملاشماي، خەقلەر يازغان تەپسىر ۋە ئىزاھلىق قوللانمىلارغا قاراپ دىنىنى چۈشىنىدىغان كۈنگە قالدۇق. تەپسىرلەرنىڭ مۇپەسسىرلەرنىڭ چۈشەنچىسى ئىكەنلىكىنى، دەۋر ۋە تارىخىي شەرت - شارائىتلارنىڭ مۇپەسسىرلەرگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلدۇق. بۇنداق تەپسىرلەرنىڭ بەزىلىرى ئۈمىدسىزلىك، نەپرەت، قاباھەت قاپلىغان جەمئىيەتلەردە ياشىغان ئالىملارنىڭ قولىدا مىللەتچىلىك، كاپىتالىزىم ۋە غەربنىڭ زۇلمىدىن جاق تويغان كەيپىياتتا يېزىلغان بولغاچقا، ئۇيغۇردا خېمىرتۇرۇچتەك، قاقشالىغا چوغ ياققاندەك ئاقىۋەت پەيدا قىلدى ۋە قىلماقتا.

بەدەللەر تۆلەندى، ماللار كۆيدى، جانلار ئۆرتەندى، ئەمما بۇ مىللەتنىڭ كۆزىدىن ياش قۇرۇماي تۇرۇپ، يىرىك ئېقىشقا باشلىدى. خاتالىقلار ئۆتتى. ئەمما خۇلاسە يوق، خاتالىقلارنىڭ مەنبەسىگە يۈزلىنىش يوق، ئەقلىي تەھلىل كەمچىل.

خاتالىقنى ئىسراپ قىلىپ، تۈۋە قىلىپ ئىبرەت ئالىدىغان روھ كەمچىل. خاتالىقلارنى ئاشكارىلىغۇدەك يۈرەك، دىت ۋە جاسارەت كەمچىل. خاتالىقلارنىڭ بەدىلىنى بۇرۇنقىلار، دەۋرداشلار ئۆتىدۇق ۋە قېرىنداشلىرىمىز شۇ بەدەلنىڭ ئۇۋالىغا قېلىپ قىينىلىۋاتىدۇ. داۋاملىق مەسىلىنى خاتا تونۇش، خاتا دېئاگونۇز قويۇش ۋە خاتا رېتسىپنى كۆچۈرۈپ كېلىش نەتىجىسىدە ئۇيغۇر خاتا يېتەكلىنىپ، كۆلپەتكە بارغانچە پېتىپ كېتىۋاتىدۇ. نەتىجىدە مىللەتنىڭ باش - كۆزىلا يېرىلمىدى، يۈرەكلەردىن قان كەتتى. ئەجەبا مائىگانىسىرى تارلىشىۋاتقان، قىينىلىشىۋاتقان، قىسىلىۋاتقان يولىمىز ھەققىدە ئويلانماسىمىزمۇ؟ ئۆتكىنى ئۆتۈپ، كەتكىنى كەتتى، ئۇلار ئۆتمۈش ئۇممەت ئىدى، ئۇلار ئەجرىگە چۈشلۈق نەتىجىنى ئاللاھتىن ئالىدۇ. بىزمۇ قانچىلىك ئەجىر سىڭدۈرسەك شۇنىڭغا چۈشلۇق ئەجىر ئالىمىز (بەقەرە، 134، 141). قۇرئاننىڭ «ئۇلار قۇرئان ئۈستىدە تەپەككۇر قىلمامدۇ؟» (مۇھەممەد، 24) دېگەن ئايىتى ئوخشاشلا بىزگىمۇ خىتاپ قىلماقتا. شۇڭا بىزمۇ يولىمىزنى سەييىد قۇتۇپنىڭ ياكى يەنە كىملەرنىڭدۇر قەدەملىرىدىن ئىزدىمەي، قۇرئاندىن، قۇرئاننىڭ رېئال ھاياتتىكى تەدبىقى بولغان پەيغەمبىرىمىزنىڭئىجرائاتى - سۈننىتى ئىچىدىن ئىزدىشىمىز، يولىمىزنى مۇستەقىل ئۆزىمىز تېپىپ، ئۆزىمىز مېڭىشىمىز كېرەك. ئەلۋەتتە بۇنداق دېگەنلىك مۆتىۋەر ئالىملىرىمىزنىڭ قىممەتلىك پىكىرلىرىدىن پايدىلىنمايلى دېگەنلىك ئەمەس. پايدىلىنايلى، پايدىلىنىشىمىز كېرەك، لېكىن ئۆزىمىزنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ئورنىمىزنى ۋە مىللى خاسلىقىمىزنى نەزەردىن ساقىت قىلماستىن، تۈزنى بىر يەردىن، گۈرۈچنى باشقا بىر يەردىن، سەۋزىنى باشقا بىر يەردىن، ياغنى باشقا بىر يەردىن ئېلىپ، ئۇيغۇرنىڭ ئاغزىغا تېتىيدىغان پولۇنى قانداق ئېتىش ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىشىمىز لازىم. شۇنى ئېسىمىزدىن چىقارماسلىقىمىز كېرەككى، باشقا جايلاردا ئوتتۇرىغا چىققان ھەرقانداق بىر مۇتەپەككۇر ياكى ئالىمنىڭ مەپكۇرىسىنىڭ بىزگە تولۇق ماس كېلىشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى بىزنىڭ مەسىلىمىز، كرىزىسىمىز، قىسقىسى، ھېچقانداق ئەھۋالىمىز باشقا ھېچقانداق بىر مىللەتنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشىمايدۇ.

2016 - يىل دېكابىر ئەنقەرە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇرلۇقتىكى ئاخىرقى قورغان

نۆۋەتتىكى ئۇيغۇرلۇقتا بىز تىرەجەپ تۇرالايدىغان ئاخىرقى قورغان ئائىلە بولۇپ قالدى. بۇ ھەقىقەتنى تونىغان تەربىيەلىك ئائىلىلەر قانچە كۆپەيسە، كۈچەيسە، بىرلىشىپ قانچە زورايسا ئۇيغۇرلۇقىمىز شۇنچە قوۋۋەتلىنىدۇ. فامىلە دېگىنىمىز بىر ئۆي، ئائىلە ياكى بىر جەمەتكە تەۋە ئائىلىلەرنىڭ ئورتاق نامىدۇر. شۇڭا بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ ئورتاق نام ھەققىدە ئىزدىنىشى، بىر جەمەت كىشىلەرنىڭ بىرلىشىپ بىر فامىلە قوللىنىشى، ياكى بىرقانچە ئائىلەگە تەۋە قېرىنداشلارنىڭ ئورتاق بىر فامىلىدە بىرلىك ھاسىل قىلىشى ئۇيغۇرنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى جانلاندۇرىدۇ. بۇ مەنىدە فامىلە قوللىنىش مەسىلىسى ئۇيغۇرلۇقنى قوغداشتىكى ئاكتىپ قەدەم ھېساپلىنىدۇ. «ئۇيغۇردا ئۆيى يوقنىڭ ئۆيى يوق» دەيدىغان بىر تەۋەرۈك سۆز بار. بۈگۈن ئۆز ئائىلىسىنىڭ، قېرىنداشلىرىنىڭ ۋە تۇغقانلىرىنىڭ بىرلىكى، ئىستىقبالى، نام شەرىپى ھەققىدە ئويلانغان كىشىلەرلا ئەتىكى كۈچلۈك بىر ئائىلە، جەمەت ۋە بىر مىللەتنىڭ ئەزاسى بولالايدۇ.

فامىلە قوللىنىش ئۇيغۇرلاردا دەسلەپ روسلارنىڭ تەسىرىدە ئوتتۇرىغا چىققان. چارپادىشاھ ئىشغالىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلاردا تۇنجى بولۇپ فامىلە ئومۇملاشقان. 20 -ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇر تۇپراقلىرىدىكى ئويغىنىش ھەرىكەتلىرى نەتىجىسىدە فامىلە قوللىنىش زىيالىلار ئىچىدە كۆرۈلۈشكە باشلىغان. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى روسچە قېلىپ بويىچە ئەرلەرگە «...ئوۋ»، ئاياللارغا «...ئوۋا» قوشۇلىدىغان فامىلىلەرنى قوللانغان. مەسىلەن: باھاۋىدىدىن مۇسابايوۋ، زىنخرۇللام نادىروف، مەلىكەم زىياۋۇدونوۋا دېگەندەك. يەنە بەزىلەر تۈركچە قېلىپ بويىچە فامىلە قوللانغان. مەسىلەن: ياقۇپ بۇغرا، ئارسلان ئالپتېكىن، قوربان قوداي، مەسئۇت بايقوزى قاتارلىق. 1949 -يىلدىن كېيىن ئۇيغۇرلاردا تۈركچە قېلىپتا فامىلە قوللىنىش تۈگەپ روسچىغا يۈزلەنگەن بولسىمۇ رەسمىيلەشمىگەن.

90 - يىللاردىن كېيىن فامىلە قىزغىنلىقى قايتا مەيدانغا چىقتى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە باشقا ئۇنىۋېرسىتېتلاردا بۇ ھەقتە تەتقىقات بولدى، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى يىغىن ئېچىپ مۇھاكىمىلەر قىلىندى، ئەمما نەتىجىسى بولمىدى. زىيالىلارنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن جەمئىيەتتە فامىلە ھەققىدە تونۇش ھاسىل بولۇپ، چۈشەنچە چوڭقۇرلاشقان بولسىمۇ مىللەت يەنىلا فامىلىسىز قالدى. فامىلەلىك خەنسۇلار غوللۇق ئورۇندىكى جوڭگودا فامىلىسىز ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار يېقىنقى يىللاردا كۆپ قىينالدى. تۈرلۈك جەدۋەل، كېنىشكە ۋە ھۆججەتلەرگە فامىلە يېزىلىدىغان بولغاچقا فامىلىسىز ئۇيغۇرلار دادىسىنىڭ ئىسمىنى فامىلە دەپ يېزىشقا مەجبۇر بولدى. فامىلىسىزلىك چاتىقى پاسپورت ئېلىش ئاساسەن كەڭرىچىلىككە ئېرىشكەندىن كېيىن تېخىمۇ گەۋدىلىنىشكە باشلىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ كىملىكىدە ئۆز ئىسمى ئالدىدا ئاتا ئىسمى كەيىندە كېلىدۇ. ئەمما خەنسۇلارنىڭ قائىدىسىدە فامىلە ئالدىدا ئىسىم كەيىندە كېلىدىغان بولغاچقا كىملىكنى بېكىتكۈچى، تەكشۈرگۈچى ۋە تارقاتقۇچى ئورگانلار ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرچە ئىسىمغا خەنسۇچە مۇئامىلە قىلىدۇ. پاسپورتتا ئىسىم بىلەن فامىلە ئېنىق ئايرىلىش تەلەپ قىلىنىدىغان بولغاچقا، مۇناسىۋەتلىك ئورگانلار ئۇيغۇرلارغا خەنسۇلارنىڭ فامىلىسى ئالدىدا ئىسمى كەيىندە كېلىدىغان قائىدىسى بويىچە پاسپورت چىقىرىپ بېرىدۇ. نەتىجىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسمى فامىلە، ئاتىسىنىڭ ئىسمى ئۆز ئىسمى بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قىز ئوغۇل بولۇپ قېلىش، بىر ئائىلىدىكى پەرزەنتلەرنىڭ ئىسمى ئوخشاش فامىلىسى پەرقلىنىشتەك چاتاقلار پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: ماھىرە ياقۇپ دېگەن قىز ياقۇپ ماھىرە بولۇپ پاسپورتتا قىز ئوغۇلغا ئايلىنىپ كەتكەن. يەنە مىسال: گۈلناز تۇرغۇن، ئايناز تۇرغۇن دېگەن ئاچا - سىڭىلنىڭ ئىسمى بىرلا تۇرغۇن، فامىلىسى ئايناز ۋە گۈلناز بولۇپ،نەتىجىدە بىر ئائىلىدىكى كىشىلەرنىڭ ئىسمى بىر، فامىلىسى ئىككى بولۇپ قالغان. ئەگەر فامىلە قوللىنىلغان بولسا بۇ چاتاقلارنىڭ ئالدى ئېلىنغان بولاتتى.

2000 - يىللاردىن كېيىن ئۇيغۇرلاردا كۆچمەن بولۇپ تۇرۇپ كېتىدىغانلارنىڭ سانى تەدرىجى كۆپىيىشكە باشلىدى. بولۇپمۇ 2009 -يىلدىكى تومۇز پاجىيەسى ۋە 2013 -يىللاردىن باشلانغان جىددىيلىك بىلەن كۆچەيگەن كۆچمەنلىك دولقۇنىدا بىر تۈركۈم كىشىلەر مالايسىيە، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تۈركىيەلەرگە كۆچتى، يەنە بىر قىسىملار يېڭى زېللاندىيە، ئاۋستىرالىيە، كانادا، ئامېرىكا ۋە ياۋروپا دۆلەتلىرىگە سىغىندى. بۇلارنىڭ بەزىسى ئاللىقاچان تۈرۈۋاتقان ئەلنىڭ پۇقرالىقىغا ئېرىشكەن بولسا، يەنە بەزىلىرى شۇ نەتىجىنى كۈتۈپ تۇرماقتا. بۇ ئەللەردە فامىلە ئاللىقاچان ئومۇملاشقان بولغاچقا، پاسپورتقا ئىلتىماس سۇنۇش ئالدىدىكى ئۇيغۇرلار فامىلە مەسىلىسىگە دۇچ كەلمەكتە.

ئۇيغۇرلار ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدا دۇچ كېلىۋاتقان قانداق فامىلە قوللىنىش مەسىلىسىگە تۈركچىدىن مۇۋاپىق ئۈرنەكلەرنى قوبۇل قىلىش مۇمكىن. ھەتتا تۈركچە فامىلەرنى بىۋاستە قوللىنىشقىمۇ بولىدۇ. چۈنكى تۈركچە فامىلىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۇيغۇرچە بىلەن تۈركچىگە ئورتاق سۆزلەر بولۇپ ئاسان ئۆزلىشىپ كېتىدۇ. تۈركلەردە كۆپ ئۇچرايدىغان فامىلەرنىڭ بىرى «پالان ئوغلى» شەكلىدە كېلىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرلارمۇ دادىسىنىڭ، يا شۇنداق بىر قەدىردان كىشىسىنىڭ ئىسمىغا «ئوغلى» سۆزىنى قوشۇپ فامىلە قىلسا بولىدۇ. بۇ ئۇيغۇر خانىم - قىزلارغا ماس كەلمىسە، ئوغلى سۆزىنى قوشمىسا بولىدۇ. ئەمما تۈركىيەدە «پالان ئوغلى» دېگەن فامىلىدىكى خانىملارمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ.

تۈركچىدە يەنە بىر كۆپ ئۇچرايدىغان فامىلە قوللىنىش شەكلى بولسا تۈرك تارىخىدىكى ۋە تۈرك دۇنياسىدىكى يۇرت، مىللەت، قەبىلە، ئۇرۇق ناملىرى ۋە مەشھۇر تاغ، دەريا، كۆل، دېڭىز، ئېقىنلارنىڭ ناملىرىنى قوللىنىشتۇر. ئۇندىن باشقا تارىخى قەبىلە، يەر، سۇ ناملىرىدىن كەلگەن فامىلىلەرمۇ كۆپ. مەسىلەن: تارىخي يەر، سۇ ئاتلىرىدىن ئۆتۈكەن، ئىنساي، قورغار ،قوردان، ئۇدۇن، قاشبالىق، ئۆزكەنت، ئورخۇن، ئىدىل، سېلىنغا، تارىم قاتارلىق. تارىخي قەبىلە ناملىرىدىن ئۇنئۇيغۇر، قارلۇق، باسمىل، ئىزگىل، چىگىل، ياغما، ئوغۇز، ئاۋار، توقۇزساق، قايا، ساقلاپ،

قاڭقىل، قىپچاق، ئاقمان، قارامان قاتارلىق فامىلىلەرمۇ خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

فامىلىلەردە تارىخىي ئەسەرلەردىكى نەتىجىلىك شەخسلەر، ئەمەل ناملىرى ۋە ھەربىي ئاتالغۇلاردىن كەلگەنلىرىمۇ مەۋجۇت، مەسىلەن: ئايتولدى، كۈنتۇغدى، ئودغۇرمىش، ئۆگدۈلمىش، قومار، بابۇر، خاقان، ئىلىك، يابغۇ، ئۆگە، تېكىن، بىلگە، قاتۇن، يالۋاچ، تىلماچ، ئەركىن، بۆگۈ، بۆكە، تارخان، شاد، تۇتۇق، سانغۇن، باسقاق، تايانۇق، قاتارلىق. تۈركلەردە تارىخى شەخسلەردىن بۆگۈخان، مەتەخان، ئىلتەرىش قاغان، ئوغۇزخان، بىلگە قاغان، ئالپ ئارسلان قاتارلىقلارنىڭ ناملىرىدىن ئېلىنغان فامىلىلەر خېلى كۆپ.

تۈركلەردە فامىلىلەر يەنە لەقەم، ھۈنەر، كەسىپ، ماھارەتكە ئائىت سۆزلەردىنمۇ تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن: ساپانجى، كارۋانجى، بارۇتچۇ، بايراقدار، ئەلەمدار، توپچى، تۆمۈرچى، قۇشچى، تاشچى، كېمىچى، قەھۋەچى، سۈتچى، چايچى، گۈلچى قاتارلىقلار. تۈرلۈك لەقەملەردىن كەلگەن فامىلىلەرمۇ بار. مەسىلەن: سولاق (سولخاي)، چولاق، قىسقا كۆرەك، ئۇزۇن قول، سارى دۇرسۇن، قارا، شاشقىن، ئوزان، بۈيۈك، قاتارلىق.

تۈركچىدىكى يۇقىرىقى ئۆرنەك بويىچە ئۇيغۇرلارمۇ تارىخىي شەخسلەرنى فامىلە قىلىپ ئىشلەتسە بولىدۇ. مەسىلەن: ئاتىللا، تەڭرىقۇت، تۇنيۇقۇق، پانتېكىن، بۇغراخان، ئارسلانخان، ئىلكخان، بازىرخان، قازىرخان قاتارلىق. تاغ، دەريا، يۇرت، ئايماق، چۆل، بوزلۇق ۋە سۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى فامىلە قىلىپ قوللانسا بولىدۇ. مەسىلەن: ئاۋرال، ئالتاغ، قۇمتاي، ئەشمە، ئۆگەن، تارىم، يۇرۇڭقاش، قايدۇ، مۇزارت، سېلىنغا، ئاقسۇ، قىزىلسۇ، قاراسۇ، بوزدالا، بوزتاغ، سۇنتاغ، چەشتاغ، سايرام، باغراش، باغداش، ئاققاش، كۆكچە، بوزكۆل، تەكلىماكان، مۆرەن، مىڭلاق، مىڭيول، قورغان قاتارلىق. باتۇر، يېقىشلىق جانلىقلارنىڭ ناملىرىدىن پايدىلانسىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، قاپلان، سىرتلان، ئارسلان، قۇلان، غونان، بۇغرا، يىلپىز، لاچىن، قۇرغۇي، بۈركۈت، شۇڭقار، ئارقار، تورغاي، ساندۇۋاچ، چاغرى، توغرۇل قاتارلىقلار.

بۇندىن باشقا ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۆزى ياقتۇرغان ھەرقانداق بىر سۆزنى فامىلە قىلىپ قوللانسىمۇ بولىدۇ.

دېمەك، ئۇيغۇرلار فامىلە قوللىنىشتا بۈگۈنكى تۈركچە فامىلەرنى ئۈلگە قىلىدىغان بولسا ئۆزىگە ماس كېلىدىغان نۇرغۇن چىرايلىق، ئىنچام ۋە ئۇيغۇرغا خاس سۆزلەرنى تېپىشى مۇمكىن. ئۇندىن باشقا تۈركلەردە ئاۋۋال ئۆز ئىسمى، بەزىدە ئوتتۇرىدا دادا ئىسمى، ئاخىرىدا فامىلىسى كېلىدىغان ئادەت بار. بەزىدە ئاياللار ئۆز فامىلىسىنى يوقاتماسلىق ئۈچۈن نىكاھلىق بولغاندىن كېيىن يولدىشىنىڭ فامىلىسىنىڭ ئالدىغا ئۆز فامىلىسىنى قوشۇپ ئىشلىتىدۇ. مەسىلەن، نۇراي ئۆزتۈرك چەلىك. بۇ يەردىكى نۇراي ئىسمى، ئۆزتۈرك فامىلەسى، چەلىك يولدىشىنىڭ فامىلىسىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ فامىلە شەكلىمۇ مۇشۇ تەرتىپتە بولسا مۇۋاپىق. شۇنداقلا بۇ دۇنيادا فامىلە قوللىنىۋاتقان مىللەتلەردە ئومۇملاشقان بىر قائىدە بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈن فامىلە قوللىنىشى تەخىرسىزدۇر. نۆۋەتتە ھەر بىر ئۇيغۇر ئۆزئەلدە ۋە چەتئەلدە پۈتۈنلەي فامىلىلىك سېستىمىدا ياشاۋاتقانلىقى، دۇنياغا فامىلەلىك كېنىشكە ئارقىلىق يۈزلىنىۋاتقانلىقى ئۈچۈن فامىلەسىز ھاياتتا قىينىلىدۇ. فامىلەسىزلىك ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىغا ماڭدامىدا بىر قولايسىزلىقلارنى كەلتۈرۈپ تۇرىدۇ. شۇڭا ۋەتەندىكى ۋە مۇھاجىر ئۇيغۇرلارنىڭ فامىلە قوللىنىشقا باشلىغىنى ئەۋزەل. چەتئەلدىكىلەر بۇ پۇرسەتكە ئىگە، ۋەتەندىكى ئۇيغۇرلارمۇ فامىلەلىك بولۇشتا بىرەر مەمۇرى ئورگاننىڭ بۇيرۇقىنى كۈتۈشى بىھاجەت. پەقەت كۈندە تولدۇرىۋاتقان خەنسۇچە ئىسىم فامىلىسى دېگەن كاتاكچىگە فامىلە تاللاپ يازسىلا بولىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ فامىلە قوللىنىش ئىستىكىنى، زۆرۈرىيىتىنى ۋە ئۇيغۇرچە ئىسىم فامىلە تەرتىپىنىڭ خەنچىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى ھەر يىلى ئېچىلىدىغان خەلق قۇرۇلتىيى ۋە سىياسى مەسلەھەت كېڭەشكە قاتنىشىدىغانلار دېيىشكە جۈرئەت

قىلسا، ئىتىراپ قىلغۇزۇشقا تىرىشسا ئەلۋەتتە ياخشى ئىش. ئەمما بۇ ئاي بۇ كۈنلەردە چوتنى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇنراق سوقمايمۇ چارە يوق ئىكەن. مىللەت بويىچە فامىلىسىز قىلىپ، ھەدېسە زىيان تارتىپ يۈرگەندىن قانداقلا بولسۇن فامىلە قوللىنىپ تۇرغان ياخشىدەك قىلىدۇ. پەقەت گۈزەللىك، مىللىيلىك ۋە ئىخچاملىق ئىپادىلەنسە يېتەر. ئىسىم فامىلىمىزدىكى گۈزەل بولۇش پەيغەمبىرىمىزنىڭ تەۋسىيەسى بولۇپ سۈننەتتۇر. مىللىي بولۇش ئۇيغۇرلۇق بۇرچىمىزدۇر. ئىخچاملىق دېگەندە ئىجتىمائى ئالاقىدە قولايلىق بولۇش كۆزدە تۇتۇلغان بولۇپ ئاقىللىقتۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## يۈز يىللىق بەتبەشرە مىراس

بۇندىن ئالتە يىل بۇرۇن ئامېرىكىدا دىيارىمىزغا دائىر يۈز يىل بۇرۇنقى ۋە ئۇنىڭدىن سەل كېيىنكى گېزىت، ژورنال ۋە قولىيازمىلارغا قىزىقىپ قالدىم. بۇلارنىڭ بىر قىسمىنى شۋېتسىيەلىكلەر توردا پايدىلىنىشقا ئېچىۋەتكەن بولسا، بىر قىسمىنى يېتەكچى ئوقۇتقۇچۇم شەخسەن رەسىمگە تارتىۋالغان ئىكەن. بۇ قولىيازمىلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ-ئادەت، يېمەك - ئىچمەك، تۇرالغۇ-جاي، ھۈنەر-كەسپ، سودا-سېتىق، قانۇن-تۈزۈم قاتارلىق جەھەتلەردىكى مەلۇماتلاردىن باشقا يەنە نۇرغۇن چۆچەكلەر، قوشاقلار، رىۋايەتلەر توپلاپ قالدۇرۇلغان. بۇنىڭ ئىچىدىكى «ئوغرى يوق شەھەر» تەتقىقاتچىلارنىڭ ئەڭ دىققىتىگە سازاۋەر بولغان چۆچەكلىرىمىزدىن بىرى. بۇ قولىيازمىلار ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ بارلىق ساھەلىرىنى دېگۈدەك ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بەزىلىرى «...بايانى» شەكلىدە قەلەمگە ئېلىنغان ئىدى. مەسىلەن: «ناخشىنىڭ بايانى» دېگەندە ناخشىلارنىڭ قانداقتۇر بىر رىۋايەتلىك، كارامەتلىك مەنبەگە باغلىنىدىغانلىقى يېزىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە ھۈنەرۋەنچىلىك رىسالىلىرىمۇ ئالاھىدە كۆپ بولۇپ، ھەر بىر ھۈنەر مۇئەييەن بىر پىرغا باغلانغان.

قولىيازمىلاردا دىيارىمىزدىكى كۆللەر، بۇلاقلار، تاغلار ۋە يۇرت-ئايماقلارمۇ مەلۇم بىر رىۋايەتكە ھامىلدار ئىدى. بۇ ماتېرىياللار پۈتۈنلەي ئۇيغۇر ئاۋام ئارىسىدىن توپلانغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلىرىمىزنىڭ شۇ دەۋردە دۇنيانى قانداق ئاڭقارغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەنلىكى بىلەن قىممەتلىك ئىدى. بەلكىم بىر قىسىم ئۇيغۇرلار بۇندىن يۈز يىل بۇرۇن دۇنيانى ئاشۇنداق پىرلار، پىرلارنىڭ كارامەتلىرى، شۇنداق مەدداھلارنىڭ رىۋايەتلىرى ئارقىلىق چۈشەنگەن بولۇشى مۇمكىن. دۇنيانى بۇنداق رىۋايەتلىك چۈشىنىش ئۇيغۇرلارغىلا ئەمەس، مۇسۇلمان شەرقتىكى مىللەتلەرگە ئورتاق بىر ھادىسە ئىكەن. تۆۋەندە مەن قولىيازمىلاردا خاتىرىلىنىپ ھازىرغىچە ئۆزگەرمىگەن بەزى ھادىسىلەر ھەققىدە توختىلىمەن.

قولىيازمىلاردىكى مەدرىس ۋە مۇدەررىسلەر ھەققىدىكى باياناتلارغا قارىغاندا ئەينى چاغدا دىنى مائارىپتا پارىسچىنىڭ تەسىرى كۈچلۈك بولغان. دەرسلىكلەردە پارىسچە ئاساس قىلىنىپ، قائىدىلەر پارىسچە چۈشەندۈرۈلگەن. بۇ ئۇسلۇپ بۇخارادىن مەنبەلەنگەن بولۇپ، ئەينى چاغدا تاتار زىيالىيلىرى سەمەرقەند ۋە بۇخارادا مۇشۇنداق نامۇۋاپىق ئۇسۇل سەۋەبلىك يىگىرمە ئوتتۇز يىلغا سوزۇلۇپ كېتىدىغان ئوقۇشتىن قاقشىغان بولسا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرمۇ «باللارنى ئىبەردۇق دىن ئۈچۈن سەمەرقەندۇ بۇخاراغا، بۇلارنىڭ ئەقلىنى ئاللاھ ھەۋزى ئىستىنجاغا يەتكۈزدى»(مەنىسى، باللارنى دىن ئۈچۈن سەمەرقەند ۋە بۇخاراغا ئەۋەتسەك، ئۇلارنىڭ ئەقلى ئاران تاھارەتكە ئۇلىشىپتۇ) دەپ يازغان. ئابدۇقادىر داموللام گەرچە مەدرىسە مائارىپىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە پەننى دەرسلەرنى كىرگۈزۈشنى ئىككى قېتىم سىناق قىلغان بولسىمۇ، جاھالەتچىلەرگە تەڭ كېلەلمەي ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلتۈرۈلگەن. ئارىدىن يۈز يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ بىرەر ئۇيغۇر ئۆلىمانىڭ ئابدۇقادىر دامولامنىڭ ئۇسۇلىنى سىناپ باققانلىقى مەلۇم ئەمەس.

2015 -يىلى سېنتەبىر ئايلىرىدا بولسا كېرەك تۈركىيەدىكى باش مىنىستىرلىكتە ئىشلەيدىغان فەرىددۇن ئەپەندى بىلەن كۆرۈشتۈم. ئۇ كىشىنىڭ ئېيتىشىچە ئىستانبۇلنىڭ سەفاكۆي، زەيتىنبۇرنۇ، سەلىمپاشا قاتارلىق يەرلىرىدە يۈزلىگەن دىن ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ياش- ئۆسمۈرلەرنىڭ سانى كۈنسېرى كۆپەيگىلى تۇرۇپتۇ. ئىككى يىلدىن بېرى تۈركىيەگە كۆچمەن بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ باللىرىنى مەكتەپكە بەرمەستىن، خاس دىن ئىلىملىرىلا ئوقۇتۇلىدىغان مەدرىسلەرگە بېرىشى دائىرىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەن مەسىلىنىڭ ئىچ يۈزىنى بىلىش ئۈچۈن زەيتىنبۇرنۇدىكى ئوقۇغۇچىسى ئەڭ كۆپ بىر مەدرىسىنى زىيارەت قىلدىم ۋە شۇ يەردە ئىشلەيدىغان بىر ئوقۇرمەن ئىنىمىز بىلەن تەپسىلى سۆھبەتلەشتىم. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ئوقۇغۇچىلارنىڭ 60 پىرسەنتى مەكتەپكە بارماستىن مەخسۇس دىن ئۆگىنىدىكەن. كېيىن مىسىردا باللىرىنى دىندا ئوقۇتۇپ قايتىپ كەلگەن كىشىلەر بىلەن ئۇچراشتىم ۋە ئۇلاردىن 3000 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر پەرزەنتىنىڭ پەنسىز دىندا ئوقۇۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم. دېمەك يۈز يىللار بۇرۇن ئابدۇقادىر داموللامنى ئۆلتۈرگەن جاھالەت ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تېخىچە ھايات.

قولىيازمىلاردىن مەلۇم بولۇشىچە كىشىلەردە پالغا، سېھىرگە، كارامەتكە ۋە كارامەتچى پىرلار، پالچىلارغا ئىشىنىش ئومۇملاشقان. بۇنداق كىشىلەرمۇ دىنىي سۈيىئىستېمال قىلىپ ئالدامچىلىق قىلغان. شۇ دەۋرلەردە كىشىلەردە تېۋىپ بىلەن پالچى ئوقۇمى ئارىلىشىپ كەتكەن بولغاچقا پالچىنىمۇ، تېۋىپنىمۇ كېسەللىك ئالامەتلىرىنى سورىماي تاپقىنىغا قاراپ باھالاشقان. دىنىمۇ سېھىرگەرلىك ئۈچۈن پايدىلىنىلغان بولۇپ، قەشقەردە ياشىغان مەشھۇر ئالىم ئىمىر ھۆسەيىن قازىنىڭ مەلۇم بىر ئايەتنى مانچە يۈز قېتىم ئوقۇسا ئۈچىدۇ، دېگەن رىۋايەتنىڭ يالغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، شۇ ئايەتنى شۇنچە قېتىم ئوقۇپ بالىخانىدىن سەكرەپ پۇتىنى سۇندۇرىۋالغانلىقىغا دائىر ھېكايەتلەر بار.

كاتىپلاردىن باشلانغان ۋە ئاۋامدا كېڭەيگەن پەندىن بىخەۋەرلىك، مەنتىقلىق تەپەككۇردىكى ئاجىزلىق، جاھان يېڭىلىقلىرىدىن يىراق قېلىش، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرگە بىپەرۋالىق قاتارلىقلار كىشىلەرنى دىن بىلەن خوراپات، پەن بىلەن سېھىر، مەدەنىيەت بىلەن جاھىللىق، تەرەققىيات بىلەن قالاقلىقنىڭ ئاراچىلىرىدا ھالسىرىتىپ قويغان. ئاردىن يۈز يىل ئۆتۈپ بۇ ھالەتنىڭ قانچىلىك ئۆزگەرگەنلىكىنى «خەلقئارادىكى ئىسلام دولقۇنى» دېگەن كىتابنىڭ سېتىلىشى بىلەن «مۇسۇلمانلار پەلەسەپىسى» ۋە «ئىسلام مەدەنىيەت تارىخى» دېگەن كىتابلارنىڭ سېتىلىشىنى، ياكى «ھاياتلىق ۋە مۇھەببەت»، «ئىرسىيەت ۋە ئىرسىيەت قۇرۇلىشى» دېگەن كىتابلارنىڭ سېتىلىشى بىلەن «مېنىڭ پىسخىك مەسىلەھەتچىم» دېگەن دېسكىنىڭ سېتىلىشىنى سېلىشتۇرۇپ باقساقلا بولىدۇ. بۇ سېلىشتۇرمادىن پەندىكى ۋە دىندىكى يۈز يىللىق ئىلگىرىلەشنىڭ نەتىجىسى قىسمەن بىلىنىدۇ.

قولىيازمىلاردىن ۋە بۇلارنى يازغۇچى مولللاردىن مەلۇمكى، قەدىمى ئۇسلۇپتىكى مەدرەسە مائارىپىنىڭ بەزى ئوقۇغۇچىلاردا شەكىللەندۇرىدىغىنى دىنىي كىتاپ ئوقۇشنىلا كىتاپ ئوقۇش دەپ بىلىش، دىنى ئىلىملەرنى ئىلىم دەپ قاراش ۋە ئۇنى ئەڭ قىيىن ۋە ھەممەنى ھەل قىلىدۇ دەپ قاراش، ئەرەپ تىلىنى ئەڭ مۇقەددەس، مۇكەممەل تىل دەپ قاراش، ئۇستازلاردا قانچە ئۇزۇن ئوقۇسا شۇنچە ياخشى دەپ قاراشتىن

ئىبارەت ئىكەن. ئەينى چاغدا بىر ئادەمنىڭ ئىلىمدىكى ئىقتىدارى شۇ كىشىنىڭ ئەرەپ، پارىسچە ئەسەر يازالىغانلىقى بىلەن ئۆلچەنگەنلىكى ئۈچۈن، ھۆسەيىنخان تەجەللى، ئەخمەت زىيائىي قاتارلىق شائىرلارمۇ ئەرەپ ۋە پارىسچە نەزمىلەرنى يېزىشقان. ھازىر بۇ نەزمىلەرنى يا ئۇيغۇر ئوقۇرمەن ئوقۇيالمايدۇ، يا ئەرەب-پارىس ئوقۇرمەنلىرى خەۋەردارلىق قىلمايدۇ. ئىمىر ھۆسەيىن قازى ھاجىممۇ ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت كىتابىغا ھېچ بىر زۆرۈرىيەتسىز ئەرەپچە « تارىخي ئەسەر ۋاقىئاتى كاشغەر» دەپ ئىسىم قويغان.

قولىيازمىلاردا كىشىلەرنىڭ ماددىي دۇنيادىكى ھادىسىلەرگە ۋە كىشىلىك ھاياتتىكى مۇشكۈللەرگە چۈشلەردىن بىشارەت ئىزدەيدىغانلىقى بايان قىلىنغان. شۇ سەۋەپتىن ئۇيغۇرلاردا مەخسۇس تۇمار، تەبىرنامە، ھاجەتنامەلەر بارلىققا كەلگەن. كىشىلەر ئادەتتە چۈشى بۇزۇلۇپ قالسا داخانلارغا ئۇرنىتىش، باقشىلارغا باقتۇرۇش بىلەن مەشغۇل بولىشىدىكەن، ياكى تىلەمچىلەرگە سەدىقە بېرىش، قان قىلىشقاتارلىق ئىشلارنى قىلىشىدىكەن. چۈشلەردىن بۇنداق بىشارەت ئىزدەش، رېئال ھادىسىلەرنىڭ جاۋابىنى چۈشكە باغلاپ سىرلىقلاشتۇرۇش، بىرى چۈش ھەققىدىكى پەننى بىلىمدىن بىخەۋەرلىكى، يەنە بىرى تارىختىن بېرى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ چۈشنى دىن نوقتىسىدىن سىرلىقلاشتۇرىشى ۋە دىن نامىدىن تۈرلۈك چۈشلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، كىشىلەرگە دىنىدەك قوبۇل قىلدۇرىۋېتىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

قەلەمگە ئېلىنىشچە ئەينى چاغدا بەدەندىكى ئۆزگىرىش، مەسىلەن: سوغەل چىقىپ قېلىش، مەڭ پەيدا بولۇپ قېلىش قاتارلىقلار سىرلىقلاشتۇرۇلۇپ كەلگۈسىدىن بىشارەت بەرگۈچى بىر ئامىل ئايلاندۇرۇلغان. بۇندىن باشقا قۇلاقنىڭ چوڭ، ماڭلاينىڭ كەڭ بولۇشى قاتارلىقلاردىن رېئال ھاياتتىكى ئۆتۈق، كېلىشمەسلىك ۋە كەلگۈسىگە بىشارەت ئىزدەشمۇ بولغان. مەسىلەن: بۇ ھەقتە «قىيافەتنامە ۋە سائەتنامە» دېگەن كىتابنىڭ ئەينى چاغدىمۇ ئالقىشلىق كىتاپ بولغانلىقى ۋە بۈگۈنمۇ خەۋەردارلىرى ئۈزۈلگىمنى تەئەججۈپلۈك. ئۇندىن باشقا تەبىئەتتىكى ئۆزگىرىش، مەسىلەن: تۇيۇقسىز چىققان بوران، مەزگىلسىز ياققان يامغۇر، قاتتىق تەۋرىگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يەر، بىمەھەل كەلگەن سەل قاتارلىق تەبىئەت ھادىسىلىرىگە ئىلمىي قانۇنىيەتلەر بويىچە، ئىلمىي ئەسەرلەردىن جاۋاپ تاپماي... قانداقتۇر ئاللاھنىڭ گۇناھلىرىمىزغا جازاسى، پېرلارنىڭ قارغىشى، روھلارنىڭ بىئاراملىقى دېگەنگە ئوخشاش ئەقىلگە مۇخالىپ ئامىللارغا باغلاشمۇ قولىيازمىلاردا ئىپادىلەنگەن، ئەمما ھازىرمۇ يوق ئەمەس.

قولىيازمىلاردىن مەلۇم بولىشىچە ئەينى چاغدا كىشىلەر جىنلار ھەققىدە بىر مۇنچە خوراپىي چۈشەنچىلەرگە ئالدىنىپ، قان - تەرىنى ۋە ماللىرىنى قۇربان قىلىشقان. مەنچە پەننىڭ ئومۇملاشماسلىقىدىن باشقا جىنلار ھەققىدىكى دىنىي ھۆكۈملەرنىڭ توغرا يەتكۈزۈلمەسلىكىمۇ تەبىئەت ھادىسىلىرىنى، روھىي، نېرۋىي ۋە پىسخىك مەسىلىلەرنى جىنلارغا باغلاپ چۈشىنىشكە سەۋەپ بولغان. ھەتتا مەخسۇس جىن قوغلايدىغان جىنكەشلەر بولغانلىقى مەلۇم. يۈز يىل بۇرۇن خاتىرلەنگەن ۋە ھازىرغىچە داۋاملىشىۋاتقان بۇنداق خاتا چۈشىنىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىۋاتقان پاجىئەلەر بۈگۈنمۇ ئاياقلاشقىنى يوق. بولۇپمۇ بىر قىسىم نېرۋا، روھىي ۋە پىسخىك كېسەللىكلەر ھە دېسىلا جىنلارغا باغلاپ چۈشىنىلىپ، كىشىلەرنى قايمۇقتۇرماقتا. 2011 -يىلدىن كېيىنكى تەكشۈرۈشلىرىمدە يېڭىشەھەر ۋە ئاقتۇ تەرەپلەردە خەنسۇ داخانلار بازار تاپقان بولۇپ، خەنسۇنىڭ جىنى چاپلىشىۋالغانلارغا شۇ خەنسۇ داخانلار ئايەت ئوقۇپ ساقايتمىسا بولمايمىش.

بۇندىن باشقا ئۇيغۇرلاردىكى «رېئاللىقتىكى ئەۋلىيا» ئاتالغان قۇربانجان تۇرەك ھادىسەسى شۇ جىن بىلەن باغلىنىدۇ. قۇربانجان تۇرەك پۈتۈن دۇنيادىكى داخانلارغا ئورتاق بولغان «جىن ئېلىپ قېچىپ غايىپنى بىلىدىغان قىلىپ قويغانلىقى» ھەققىدىكى رىۋايەتنى توقۇۋاتسا، جىنلار بىلەن دېيىشىدىغان دەپ كېسەل «داۋالاش»قا مەشغۇل بولۇۋاتسا، يا «سۇرە جىن»نى يادا بىلىدىغان ئۆلىما، يا تىبابەت ئوقۇغان ئالىم ئۇنىڭ ئالدىدا قايتۇرمىغان. ھەتتا بۇ زات ھەققىدە بىر قانچە يازغۇچى «رېئاللىقتىكى ئەۋلىيا» دەپ ئۇنىڭ كارامەتلىرىنى داڭلاپ كىتاپ يازسىمۇ ئالىملىرىمىزدىن سادا چىقمىغان. بۇمۇ يا پەننىڭ يا دىنىنىڭ ھەقىقى ئومۇملاشمىغانلىقى، لوگىكىلىق، ئىلمىي

تەپەككۇرنىڭ ئاجىزلىقى، دىنىنىڭ سۆزۈك، ئىلمىي چۈشەنىلمىگەنلىكىدىن بولغان.

قولىيازمىلاردا يەنە تۇمار پۈتكۈزۈش، ئىستىقۇ سوۋۇتقۇ قىلىش، بالا تىلەش، ئوت كۆچۈرۈش، پال سېلىش، روھلاردىن مەدەت تىلەش، مازارلاردىن شاپائەت تىلەش، پىرلارغا دۇئا قىلدۇرۇش قاتارلىق دىن نامىدا يۈرگۈزۈلىۋاتقان پائالىيەتلەر ھەققىدىمۇ بايانلار بېرىلگەن. بۇلارنىڭ بەزىلىرى ھازىرمۇ بىر قىسىم جايلاردا ۋە بىر قىسىم كىشىلەردە مەۋجۇد بولۇپ، ھازىرمۇ بۇنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار دىنغا ئۆيغۇنلۇقىنى تەكىتلەيدۇ، ئەگەشكۈچىلەرمۇ شۇنداق بىلىپ ئەگىشىدۇ. بۇ پائالىيەتلەردە ئايەتلەر ئوقۇلماي، دۇئالار قىلىنماي قالمايدۇ. شەكلەنگۈچىلەرگە ئالاھنىڭ ئايەتلىرىدە شەكنىڭ بولمايدىغانلىقى، بۇلاردىن گۇمان قىلغانلىق ئايەتكە گۇمان قىلغانلىق بولۇپ ھېساپلىنىدىغانلىقى چۈشەندۈرۈلىدۇ. ئەپسۇسكى، ئۇلار شۇ شەكسىز ئايەتنىڭ ئۆيغۇرچىسىنى بىلدۈرمەيدۇ. چۈنكى مەنىسى بىلىنسە، ئالدامچىلىق ئاشكارىلىنىدۇ.

يۈز يىل بۇرۇنقى قولىيازمىلاردا ئەكس ئەتكەن بەتبەشرە مىراسلار بىر دۇنياۋىي ھادىسە بولۇپ، تەرەققىياتسىز قالغان رايۇنلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ. بىزدە بۇ ھادىسىلەردىن بەزىلىرىنىڭ كۆپ سۇسلىغانلىقى تەلىيىمىز. بايان قىلىنىشچە شۇ چاغلاردا بەزى ھادىسىلەر ئۆلىمالارنىڭ ئىشتىراكىدا ئورتىغا چىققان ئىكەن. مەسىلەن: تۇمار پۈتۈش، جىنكەشلىك، مازاردىن شاپائەت تىلەش، روھلاردىن مەدەت تىلەش قاتارلىقلار. شۇكۈركى، ھازىرقى مولللاردىن بۇ ئىشلارغا مەشغۇللىرى يوقنىڭ ئورنىدا. پىرلارغا يەر، ئۆي ۋە ماللىرىنى دۇئا قىلدۇرۇش، ھەتتا قىزلىرىنى دۇئا قىلدۇرۇشقا ئوخشاش لەنەتلىك قىلمىشلارنى يوقالدى، دېيىشكە بولىدۇ. پىرلار ۋە ئۇلارنىڭ تەسىرىمۇ ئاجىزلاپ يوقالغىلى تۇردى. ئەمما پىرلار ۋە مۇرتلار يوقالغان بىلەن پىرلىق تاماسى ۋە مۇرتلۇق سەۋداسى تېخىچە كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا ساقلىنىپ تۇرماقتا. مەسىلەن: كىشىلىرىمىزدىكى تۈرلۈك ھادىسىلەر، ۋەقەلەر ۋە مەسىلىلەرنىڭ ماھىيىتىگە دىققەت قىلماي، شۇلار ھەققىدىكى ئۇستازلارنىڭ دېگەنلىرىگىلا ئەگىشىشلەر، ئۆزى تۇتقان ئۇستازنىڭ قاراشلىرىنى مۇلاھىزىسىز

## ئاچچىقى
## ئىتتىپارنىڭ تاتلىقى ۋە ئاچچىقى

تۈركىيەدە ئۇيغۇرلارنىڭ ھېسداشلىققا ئېرىشىدىغانلىقى ئەمەلىيەتت
ھېسداشلىق سىياسەت ۋە قانۇندا بىرەر ماددا سۈپىتىدە ئەكس ئەتتۈ
سىياسىيونلار ۋە ئىجراچىلارنىڭ كەيپىياتىغا، ھېسسىياتىغا بېقىپ ر
ئاسانلاشتۇرۇلىشى، جازالارنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشى، چەكلەرنىڭ ئا
تەكشۈرۈشلەرنىڭ بوشاشتۇرۇلىشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇنى يە
كۆندۈرۈلگەن ئىبارە بويىچە ئىتتىپار دەپ ئاتايدۇ. بۇ ئىت
ھازىرچە ئىنقىلاپ بولغىلى بولمايدۇ. چۈنكى ھېچ يەر
چىققان يوق، ھېچ بىر يەردە ھەم بىر پىرىنقچە ئىس
ئىتتىپارلارنىڭ قانداق ۋاقىتتا كارغا كېلىپ، قانداق
بىر نىمە دېمەك تەس. ھەممىسى ئىجراچىلارنىڭ
قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئەمما دىققەتنىكە
مىللىتى تۈرك بولمىغان بىلەن ئىسمى
تۈركلەرنى پەقەت ياخشى كۆرمەيدى
ھۆكۈمەت ئۆۋەتلىشىپ تۇرىدۇ. ھە
پەرقلىق كىشىلەر، ھەمدە ئۆزگ
ئۆزگىرىدىغان ئىتتىپارلارنى
ئۆز ئېلىدە رىزىق داستىخ
ئىچمىگەن، بۈگۈنى س
تۈركىيەدە ھېسداشى
ئىشىنىشنى ئارزۇ

ئىتتىبا

تۈركىيەد

قوبۇل قىلىشلار، ئۇندىن باشقا ئۇستازلاردىكى مۇستەبىتلىك، جاھىللىق ۋە ئىخلاسمەن تالىششلار دېگەندەك. دۇنيانى رىۋايەتلىك چۈشىنىش، كارامەتلەرگە ۋە كارامەتچىلەرگە ئالدىنىشمۇ ھازىرغىچە مەۋجۇت. مەسىلەن: كەبىگە چۈشكەن پەرىشتە، قۇرئاننى دەسسىگەنلىكتىن مايمۇنغا ئايلىنىپ قالغان قىز قاتارلىق تۈرلۈك يالغان مۆجىزىلەرنىڭ ئېقىپ يۈرۈشلىرىمۇ، ئىككى دۇنيانى ئىلىمگە ۋە ھەق دىنغا تايىنىپ ئەمەس، بەلكى كارامەتكە، رىۋايەتكە ئەگىشىپ چۈشىنىشنىڭ داۋام قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كەتتى. تۈركىيەدە ئۇيغۇرلارنىڭ مېھمانخانا، ئاشخانا، ئىجارىچىلىك، ياغلىقچىلىق، توشۇماچىلىق، تېلېفونچىلىق، ئۆي-مۈلۈكچىلىك، قۇرۇلۇشچىلىق، ساياھەتچىلىك، باقمىچىلىق، تېرىقچىلىق قاتارلىق ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقانلىقىدىن خەۋىرىم بار. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يۈرۈشىدىغان تىجارەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: توشۇمىچىلىقنى ئالساق، تۈركىيەدىن ۋەتەنگە، ۋەتەندىن تۈركىيەگە مال سالىدىغان، سوۋغا - سالام ئەۋەتىدىغان، دورا - دەرمەك يوللايدىغان كىشىلەرنىڭ ھاجىتىدىن چىقىدۇ. ئىجارىچىلەر ئادەتتە ۋەتەندىن چىققان ساياھەتچىلەرگە ماشىنا، ئۆي ئىجارە بېرىش، بىلەت ئېلىشىپ بېرىش قاتارلىق مۇلازىمەتلەرنى قىلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ تۈركىيەدىكى تىجارىتى ئاساسەن ئىستانبۇلغا مەركەزلەشكەن. مەن ئىستانبۇلنىڭ بەزى بۆلەكلىرىدە پات- پات كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئۇيغۇرچە ۋىۋىسكىلاردىن سۆيۈنىمەن. ھەتتا ئىستانبۇلنىڭ قاتنىشى ئەڭ قولاي يەرلىرىدىن ھېسابلىنىدىغان زەيتىنبۇرنۇدا ئۇيغۇر تائاملار كوچىسى شەكىللىنىش ئالدىدا تۇرماقتا. بۇندىن باشقا ئىستانبۇلدا ئۇيغۇرلار ئاچقان بىر تىل كۇرسى ۋە ئالتە يەردە قۇرئان كۇرسى بار بولۇپ، ئوقۇتۇشنى داۋام قىلماقتا. يېقىندا «تۈركىيەدە قانداق ياشايمىز» دېگەن ماۋزۇدا بىر يۈرۈش يازما يېزىش مۇناسىۋىتى بىلەن سوراشتۇرۇپ، بەزى مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. شۇلارنىڭ بىرى تىجارەتتە قانۇنىي رەسمىيەت بېجىرمەسلىك ئىكەن. مەسىلەن: ئىستانبۇلدا شوپۇرلۇق قىلىۋاتقانلارنىڭ كۆپىنچىسىدە پراۋا يوقمىش. قۇرئان كۇرۇسلىرى ۋە تىل كۇرسىنىڭمۇ ئىجازىتى يوق ئىكەن. ئۇيغۇرلار تۈركلەرنىڭ كۆز ئالدىدا دائىم يىغلامسىرىغا ھالدا نامايەن بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، يۇقىرىقىدەك شارائىتلاردىمۇ كەڭچىلىك بولۇۋاتىدۇ. ئەمما قانۇنسىز تىجارەت ئۇيغۇردىن باشقىلارنى، يەرلىكلەرنى يىغلامسىراتسىچۇ، داۋاغا، زىيانغا سەۋەپ بولۇپ بىرى سوتقا چۈشسىچۇ؟ ئۇ چاغدا ئېتىبار بولماس، بەلكىم.

ئىتىبارنىڭ ئۇيغۇرلارغا كەڭرىچىلىك ئەمەس، قىيىنچىلىقلارنى ئېلىپ كەلگەنلىكى مەلۇم. مارت ئايلىرىدا بىر ئوقۇرمەن ئىنىمىزدىن تېلېفون كەلدى. دېيىشىچە تۆت كۈن ساقچىخانىدا يېتىپتۇ(بۇ پۈتۈنلەي قانۇنسىزلىق). سەۋەبى ئىقامەت ۋاقتى

(ياشاش ئىجازىتى) توشۇپ قايتا ئالمىغانلىقى ئىكەن. تۇتۇشتىن بۇرۇن ساقچى چىن پاسپورتى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپلا 200 لىرا پۇل تەلەپ قىلىپتۇ. ئەلۋەتتە، قېرىنداشلىرىمىز ئىتىبارغا ئېلىنمەي رەسمىيەتكە ئىشەنگەن بولسا، رەسمىيەتلىرىنى تولۇق بېجىرىپ يۈرگەن بولسا، ساقچىدىن قورقىدىغان خۇيىنى چېگرا ئاتلىتىپ يۈرمىگەن بولسا، بىز كۆرۈنسەكلا پۇل دەرمىدى؟ ئالى مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بۇ ئىنىمىز ئادالەتكە ئىشىنىپ رەت قىلغانىكەن، بېشىغا يۇقىرىقى ھادىسىلەر كەپتۇ. بۇ ئىشلاردىن بىر يەرلىك گېزىتتە ئىشلەيدىغان مۇخبىر تونۇشۇمنى خەۋەردار قىلدىم. ئۇمۇ غەزەپلەندى، ئەمما ئىنىنىڭ بېشىدا قانۇنسىزلىق بولغىنى ئۈچۈن، بۇ شورلۇق ئۇيغۇرنىڭ ئۆتۈپ چىقالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتىمۇ تەسەللى بېرىپ، بولدى قىلدى. ئارىدا قەشقەردە مەندە ئېنگلىزچە ئوقۇغان بىر قىز بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. فىندىقزادەدىكى ئەرەبىستاننىڭ بىر قۇرئان كۇرسىدا ئوقۇۋېتىپتۇ. مەكتەپكە كىرەلمەسلىكىنىڭ سەۋەبى ئىقامىتى بولمىغىنىدىن ئىكەن. ئىقامەت «ئۇيغۇر بولغاندىكىن بىزنى سۈرۈشتۈرمەيدىغۇ» دەپ ئېلىنماپتۇ. ئەگەر بىر كۈنلەردە مۇشۇ قىزمۇ بىرەر تۇيۇقسىز تەكشۈرۈشكە ئۇچراپ قالسا قانداق قىلار؟ ئۇيغۇرغا ھېسداشلىق قىلىدىغان تۈرك ساقچىغا ئۇچرىسىغۇ چىرايلىق گەپلەر بىلەن يولغا سېلىپ قويار، ئەكسىچە بولۇپ يۇقىرىقى ئىنىمىزنىڭ كۈنىگە قالسىچۇ؟ ئەنسىرەيمەن، بىز كۆنۈككەن ئىتىبارغا ئېرىشەلمەي قالغىنىمىزدا. كۈتۈلمىگەن ئاقىۋەتلەر سەۋەبلىك خورلىنىشىمىزدىن ئەنسىرەيمەن.

ئىتىبار، ھېسداشلىق، ئىچ ئاغرىتىش دېگەنلەر بېشىمىزغا كۈن چۈشكەندە سايىۋەندەك، چۆلدە چاڭقىغاندا بۇلاقتەك ياقىدۇ ئىنسانغا. بۇ خۇددى بارلىق دەردىنى ئاتا-ئانىسىغا، قېرىنداشلىرىغا، دوستلىرىغا تۆكۈۋالسا ئىچى بوشاپ قالغاندەك بىر تۇيغۇ. ئىتىبار بەزىدە قەدىرلىنىشتەك، ھۆرمەتتەك ۋە كۆيۈنۈشتەكمۇ تۇيۇلىدۇ باغرى قانلارغا. مەن 2005 - يىلى مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ، تۈنجى تۈركىيەگە كەلگىنىمدە لىيۇجاۋ ئىسىملىك بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بىلەن بىللە ئىقامەت ئالغىلى بارغان ئىدىم. ئىلتىماسىمىز ۋە تۆلىگەن پۇلىمىز ئوخشاش ئەمما مۇئامىلە ۋە نەتىجە پەرقلەندى. ساقچى ماڭا چىرايلىق مۇئامىلە

قىلىپ، بىر يىللىق ئىقامەت بېرىپ، يېرىم سائەت مۇڭداشتى، ئۇنىڭغا سۇسلا قاراپ ئالتە ئايلىقلا ئىقامەت بېرىپ، يالۋۇرۇشلىرىغا پىسەنتمۇ قىلمىدى. گەرچە ئادالەتسىزلىككە بوغۇزۇمغىچە تويۇپ كەتكەن بولسامىمۇ، بۇ تاسادىپى يېڭىۋېلىشتىن تولۇق ھوزۇرلىنالمىدىم. چۈنكى مەن ئادىللىق، باراۋەرلىك ئىستەيتتىم. ئۇيغۇرنىڭ ئەقىدىسى ھەقنى ئىنكار قىلغۇچىلارغىمۇ ئادىل بولۇشقا چاقىراتتى. تۈركىيەدىكى ھېسداشلىقىنىڭ قەلبلىرىمىزدىكى ئادالەت، ھەققانىيەت، باراۋەرلىك تۇيغۇلىرىنى زىدىلىشىدىن ئەنسىرەيمەن.

مەن ئۇيغۇرنى ئېتىبارنىڭ ئالدىمىغا چۈشكەن، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان، مەست قىلىشىغا دۇچ كەلگەن مىللەت دەپ ئېچىنىمەن، شۇڭا ئېتىبار، ھېسداشلىق، ئىچ ئاغرىتىشلارغا نەپرىتىم بار. كىشىلەرنىڭ چېگرا ھالقىشى ئۇلارنىڭ كۆندۈرۈلگەن خۇيىدىن، ئادەتلەندۈرۈلگەن ئاسارەتتىن، ئۆگىتىلگەن ئاجىزلىقتىن ھالقىيالىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. مەنچە ئېتىبارغا خۇشتارلىقنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇش، چەتئەلدىكى ئۆتۈقلۇق ھاياتنىڭ تۈنجى قەدىمى. كۆندۈرۈلگەن ئېتىبارغا خۇشتارلىق ئىنسانىنى بىخۇد قىلىدۇ. نەتىجىدە بىز بىجىرىشكە تېگىشلىك رەسمىيەتلەرگە سەل قاراپ قالىمىزدە، بىلىشكە تېگىشلىك بەلگىلىمىلەرنى ئۆگەنمەيمىز. ئاددىيراق بولغاندا ھېلىقى سىتۇدېنت ئۇكىمىزدەك كۆڭگە قالىمىز، ئېغىرراق بولغاندا تۈرمۇشتا، تىجارەتتە تەييارلىقسىز، بىغەم قېلىپ، تۇيۇقسىز تازىلاشتا ۋەيران بولىمىز. بۇنداق بىخۇدلۇق ئومۇملاشسا قانۇنغا رىئايە قىلماسلىق، قائىدىلەرگە بىپەرۋالىق قىلىش، ئىشلاردا پۇختا بولماسلىقلار كۆپىيىپ، كېلەچەك يولىمىز كاتاك بولىدۇ. ئادەتلەندۈرۈلگەن ئېتىبارغا تايىنىۋېلىش ئىنسانىنى پۇسەتپەرەس قىلىدۇ. نەتىجىدە بىز ھەرقانداق ئىشنىڭ پرىنسىپى، ماھىيىتى، قانۇنىيىتى ھەققىدە كەسكىن، ئىلمىي، مۇستەقىل ئويلىنىشقا سەل قاراپ، دائىم شۇ ئىشقا مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر ۋە ئورگانلاردىن مەدەت، تەلەي، يۆلەك كۈتىدىغان بولۇپ قالىمىز. ئۆگىتىلگەن ئېتىبارخۇمارلىقى ئىنساننىڭ غۇرۇرىنى سۇندۇرىدۇ. چۈنكى ئېتىبارغا ئېرىشكۈچى، ياكى تەلەپ قىلغۇچىنىڭ دائىم بوينى پۈكۈك بولىدۇ، تىلى قىسقا بولىدۇ، بېشى تۆۋەن بولىدۇ. مەن تۈركىيەدە بولسىمۇ ئېتىبارنى رەت قىلىپ، قەددىمىزنى كېرىپ، بېشىمىزنى كۆتۈرۈپ يۈرسەك ئىكەن دەيمەن.

## ئىسىم ئۇيغۇرچە بولغاندا

كىشىلىرىمىزدە پەرزەنتلىرىگە ئات قويۇشتا ئۆزىگە ياقىدىغان ئىلمىلىكلەردىن مەسلەھەت سورايدىغان ئادەت بار ئىكەن. مەندىن سورالسا ئاۋۋال ئۆزىدىن سورايمەن، چۈنكى بۇنداق سورىغۇچىلار كۆڭلىگە بىرەر ئاتنى پۈكۈپ ئاغزىمىزدىن شۇنىڭغا يېقىنراق بىر ئىسىمنىڭ چىقىشىنى كۈتىدىكەن. سورىغۇچىلار ئاساسەن قۇرئاندا بار ئىسىم بولسۇن، چىرايلىق بولسۇن، يېڭى بولسۇن، ساپ ئۇيغۇرچە بولسۇن دېيىشىدۇ. قۇرئاندا بولسۇن دېگۈچىلەر ئاساسەن ئېتىپ بەرگەننى قويىدۇ. ساپ ئۇيغۇرچە ئىسىم سورىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى كۆنلەپ ئويلىنىپ دەپ بەرگەن ئاتلارنى قويۇشمايدۇ. بەزىلەر قۇرئاندا بار ئىسىملارنى قويىدۇق دەپ «ئەلھەمدۇ»، «لەزىنە»، «ۋەنھەر» دېگەندەك ئىسىم قىلىشقا بولمايدىغان سۆزلەرنى تاللىۋېلىشىدۇ.

ئۇيغۇرچە ئىسىملارنىڭ قويۇلماسلىقىدا ھەرخىل سەۋەبلەر بار ئىكەن. بىرى ئىسىم قويغۇچى ئۆلىمالار، چوڭلار ۋە جامائەت ئۇنىمايدىكەن. ئۇيغۇرچە ئات سورىغان بىرەيلەننىڭ قوشماق ئوغلىغا «يارقىن، يانغىن» دېگەن ئىسىمنى دەپ بەرسەم، ئىمام «قۇرئاندا يوق» دەپ قويغىلى ئۇنىماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن «رۇستەم، خىسراۋ» دەپ بەرسەم ماقۇل دېگەنىمىش. نېمىشقا ئۇيغۇرچە ئىسىمنى رەت قىلغان كىشى پارىسچە ئىسىمنى قوبۇل كۆرىدۇ؟ ئۇلار تارىختا ئەجداتلىرىمىزغا تاجاۋۇز قىلغان ئىرانلىقلارنىڭ ئىسىملىرى ئەمەسمىدى! شۇندىن كېيىن سىناپ باقسام ئۇيغۇرچە ئىسىمنى «قۇرئاندا يوق» دەپ قويمايدىغان كىشىلەر پارىسچە ئىسىملاردىن قۇسۇر تاپمايدىكەن. مەدرىسلەردە ئۆزۈن مەزگىل ئەرەبچە، پارىسچە بەكرەك ئوقۇتۇلۇپ، ئۇيغۇرچە ئانچە ئېتىبارغا ئېلىنمىغاچقا، بۇ تىللار تەدرىجى ئۇيغۇرنىڭ دىلىنى مۇنقەرىز قىلغان بولسا كېرەك.

ئىككىنچى قىزىم تۇغۇلغاندا ئاخۇنۇم نېمە قويۇلىدىغانلىقىنى سورىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دەپ بېرىشىمىزگىلا «قۇرئاندا بارمۇ؟» دەپ سورىۋېدى، تۇرۇپلا قالدىم. كىمدۇر بىرەيلەننىڭ «توردا بار!» دېگىنى چاك بېسىپ ئۇيغۇرچە ئات قويۇلۇپ كەتتى. قىلىنىۋاتقان قىرائەتنى ئاڭلاپ ئولتۇرسام، ئۆلىما بوۋاي دۇئانى پارىسچە ئوقۇۋاتىدۇ. دېمەك، بوۋاي پارىسچە بىلەن ئەرەبچىنىڭ پەرقىنى ئۇقمايدىكەن. «ئۇيغۇرچە دۇئا قىلساق بولمامدۇ؟» دەپ پىچىرلىۋېدىم، بىرەيلەن «بولمايدۇ، ناماز ئەرەبچە ئوقۇلغاندىكىن دۇئامۇ ئەرەبچە بولىدۇ. بۇ دۇئانى پەيغەمبىرىمىزمۇ ئۇيغۇرچە ئوقۇمىغان» دېدى. بەرھەق! رەسۇلىمىز ئۇيغۇرچە دۇئا ئوقۇمىغان، ئەمما پارىسچىمۇ ئوقۇمىغان ئىدى-دە!

ئۇيغۇرچە ئىسىملارنىڭ تاللانماسلىقىدا يەنە بىر سەۋەپ، مەنانىڭ رۇشەنلىكى، ئادەتلىنەلمەسلىك، غەلىتە تۇيۇلۇش بولسا كېرەك. ھازىر مودا قىلىنىپ بالىلىرىمىزغا قويۇلىۋاتقان ئەرەب پارىسچە ئىسىملارنىڭ مەنىسى بىزگە قاراڭغۇ بولغاچقا غەلىتە تۇيۇلماي، سىرلىق، ئالاھىدە ياكى مۇقەددەس بىلىنگەن بولسا كېرەك. ئەمما قارايدىغان بولساق دائىم قويۇلىۋاتقان ئەرەبچە ئىسىملاردىمۇ ھېچقانداق پەۋقۇلاددە خىسلەت يوق. مەسىلەن، ئەنىسە قىز، نەسىمە شامال، زەيتۇنە زەيتۇن دەرىخى، راملە قۇم، ئوسمان يىلان بالىسى دېگەن مەنىدە. لېكىن مۇشۇ كۈنگىچە بىر ئۇيغۇرنىڭ «قۇزا»، «قومچاق»، «ئارمۇت»، «زەيكەش» دېگەندەك ئىسىمنى بالىسىغا قويغانلىقى نامەلۇم. تۈركلەردە «يامغۇر، چاقماق، بوتا، (يىلدىرىم)، سۆيگۈ، سېغىنچ (ئۈزلەم)، تىنچلىق (بارىش)، شامال (ئەسىن)، قۇياش (گۈنەش)، دەريا، مارال، جانسۇ، قىلىچ، سەرۋى، قىيا، بۇلاق، تۇپراق، ياپراق، سەزگۈ، ئىزگۈ...» دېگەندەك ئۆز، چۈشىنىشلىك ئىسىملار كۆپ قويۇلىدۇ. دېمەك، تۈركلەرمۇ مەنىسى مەخپىي ئەرەبچە ئىسىملارنى ئەمەس؛ ئوقۇشلۇق، ئاددى، يەڭگىل تۈركچە ئىسىملارنى تاللايدىكەن. ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ نېمە ئۈچۈن ئەرەبچە غەلىتە مەنىلىك، ھەتتا يېقىمسىز سۆزلەرنى تاللاپ، ئۇيغۇرچە گۈزەل ئىسىملارنى تاللىماسلىقى كىشى ئويلاندۇرىدۇ.

بۈگۈنكى دۇنياۋىيلىشىش كىشىلەرنى بىرلا رايونغا بېكىنىپ ياشىيالماس

قىلىۋەتتى. ئۇيغۇرلارمۇ تەلەي، تىنچلىق، ھۆرلۈك نەگە قاچسا، كەينىدىن قوغلاپ دۇنيانىڭ تەرەپ - تەرەپلىرىگە يېيىلدى. نەتىجىدە بىزنىڭ ئاتا مىراس «ئەرەبچە» ئىسىملىرىمىز بىر ياشاۋاتقان ئەللەردىكى ئەرەپلەرگە ۋە ئەرەپچە بىلىدىغانلارغا غەلىتە تۇيۇلۇشقا باشلىدى. مەسىلەن: مەمتىلى، ئابلەت، ئالىمجان، ياقۇپجان، ئاۋۇت، ئايشەمگۈل، نۇرئامىنەم دېگەن ئىسىملار ئەسلى بىزگە قاش كۆزلىرىمىزدەكلا يارىشىپ كەتكەن. ئەمما چەتئەللەردە ئەرەبچە ئۆگىنىپ، مۇسۇلمانلار بىلەن ئالاقە قىلغىنىمىزدا ئىسمىمىزنىڭ يا ئەرەبچە ئەمەس يا ئۇيغۇرچە ئەمەسلىكىنى بايقايمىز. بەزىدە ئابدۇلئەھەد، مۇھەممەدئالى، ئابىد، ئائىشە، ئامىنە قىلىپ ئۆزگەرتىپمۇ ئالىمىز، لېكىن ئۆزلىشەلمەيمىز، بىر يەرلىرىمىز كۆنەلمەيدۇ، كۆڭلىمىزنىڭ بىر يېرى ئىسىم قويغان ئاتا - ئانىمىزغا يۈز كېلەلمەي يېرىم بولىدۇ. بۇ ھالدا ھەتتا بۇرۇنقى تونۇشلار، ۋەتەندىكىلەر كېلىپ، بىزنى بۇرۇنقى ئېتىمىزدا سوراشتۇرسا تاپالماي قېلىشى مۇمكىن. ئەگەر ئىسمىمىز ئۇيغۇرچە بولغان بولسا ئىدى، بۇنداق دادىمىز قويغاننى بىز ئۆزگەرتىپ؛ ئەپچىل، يېقىملىق، ئاددى ئۇيغۇرچە ئاتنى ئەرەبچە مۇرەككەپلەشتۇرۇپ، سوزۇپ، پالاكەت قىلىپ يۈرمىگەن بولاتتۇق. ئەمىلىيەتتىمۇ ئىسىم خەقنىڭ بولغاندىكىن توغرا - خاتاسىدا شۇنىڭ ئاغزىغا قارايدىغان گەپ. بۇ خۇددى خەقنىڭ چاپىنىنى سورىماي كىيىپ چىقىپ، ئۇقۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ، خۇدۇكسىرەپ يۈرگەندەك ئىش.

ئەرەبچە، پارىسچە ئىسىملارغا ئەتراپىمىزدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى كەلمىگەچ قوش ئىسىم بىلەن ياشاۋاتقىنىمىزمۇ ئەمەلىيەت. مەتبۇئاتلاردا ئىسىملىرىمىز مۇھەممەد توختى، ئابدۇرەئۇپ، ئابدۇلئەزىز يېزىلىدۇ؛ ئائىلىمىزدە ئاتايىن بالىمىزنى يەھيا، مۇھسىنە، ئارافات دەپ چاقىرىمىز. ئەمما مەھەللىدە ۋە جەمئىيەتتە ئاۋامنىڭ تىلى كەلمىگەچ مەتتوختى، ئابدۇرۇپ، ئابلىز، يەخيا، موكسىنە، ئەرپات بولۇپ قالىدۇ. ئەسلى دانىشمەن بوۋا ۋە مېھرىبان موملىرىمىزمۇ ئىسىم قويغاندا مۇشۇنداق «تىلى كەلمەسلىك» ئېھتىماللىقىنى ئويلاشقان ئىكەن. «بابۇرنامە» دە بوۋىمىز بابۇر ئوغلىغا « ئوغلۇڭنىڭ ئېتىنى ئەل ئامان قويۇپسەن...لېكىن دائىم ئېيتىلىش نەتىجىسىدە كىشىلەر ئۇنى ‹ئەلاما› ياكى ‹ئېلئامان› دەۋالىدۇ.» دەپ يازغان (677

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

-ب). دېمەك، ئىسىم قويغاندا ئاۋامنىڭ ئاغزىغا كېلىش - كەلمەسلىك ھەققىدە ئويلىشىش ئەجداتلىرىمىزنىڭ ئىپسىدىن كۆتۈرۈلمىگەن. ئەرەبلەردە كۆپ قويۇلىدىغان زەكەريا، شۇئەيىب، سوفىيان، ھۇرەيرە دېگەندەك ئىسىملار ئۇيغۇرلاردا قويۇلمىغان. سەۋەبى ئۇيغۇرچىدا تەلەپپۇزى ئازراقلا ئۆزگەرتىلسە، ئىگىسى خىجىل بولغىدەك سۆزلەرگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئۇيغۇرلار تارىختا ئەرەبچە ئىسىم تاللىغاندا ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەلەپپۇز ئالاھىدىكى نەزەرگە ئالغاندىن باشقا، پەرزەنتلەرگە ئۇيغۇرنىڭ تىلىغا ئەپ كېلىدىغان «ئانار، ئالما، جىنەستە، چىنار، بادام، ناۋات، ھەسەل، تاتلىق، نۇر، شىرىن، تىللا، ئالتۇن، كۈمۈش، تاش، تۆمۈر، پولات، قۇيۇچ، ئاي، يۇلتۇز، زېمىن، قىلىچ، سەركە، يولۋاس، ئارسلان، بۇغرا، تۇيغۇن، تۇرغۇن، تۇرسۇن، تۇرگۈن، قۇتلۇق، تۇغلۇق، ئۇلۇغ، توقسۇن، تۇردى، بەردى، ئارتۇق، ئۇتۇق، يالقۇن، ئۇچقۇن، دولقۇن، ئاشقىن، تاشقىن، ئەركىن، تەمكىن، باتۇر، پالۋان، مەرگەن، ئايقىز، بالقىز، گۈلقىز، ھۆرقىز، ئايىم، بانۇم، يىلتىز، بۇلاق، ئېرەن، شەمشات» قاتارلىق ئۇيغۇرچە مەنىدار، گۈزەل ئىسىملارنى قويۇشقان ئىكەن.

بوۋىمىز مەھمۇد كاشغەرى «سۆزنىڭ قىسقىسى ياخشى» دېگەن ئىكەن. شۇڭا ئۇيغۇر تىلىدا ئىسىملارنىڭ قىسقارتىلىشى ھەيران قالارلىق ھادىسە ئەمەس. مەسىلەن: مەمتاۋلا، مەتيا، ئابلىم دېگەن ئىسىملارمۇ ئەسلى مۇھەممەد ئابدۇللاھ، مۇھەممەديار، ئابدۇلھەلىم دېگەن ئەرەبچە ئاتلارنىڭ ئۇيغۇرچە قىسقارتىلىشىدۇر. ئۇيغۇرلاردىلا ئەمەس، دۇنيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەردە ئىسىملارنى قىسقا قويۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا،باشقىلارنىڭ ئىسمىنى دائىم ئەركىلىتىپ، ئىخچاملاپ چاقىرىدىغان ئادەت بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر ئۇيغۇرلار ۋەتەندە ۋە مۇھاجىرەتتە يات تىلدا سۆزلەپ يات يېزىقلارنى قوللىنىشقا ھاجەتمەن. ئەرەبچە، پارىسچە ئىسىملار ئەسلىدىنلا ئۇزۇن بولۇپ، باشقا يېزىقتا يېزىلسا تېخىمۇ ئۇزۇراپ كېتىدۇ-دە خالىغانچە قىسقاراپ كېتىدۇ. بۇنى نەزەرگە ئالغاندا ئۇيغۇرچە ئىسىملار قىسقا بولۇپ، ئاساسەن ئىككى بوغۇم، ئېشىپ كەتسە ئۈچ بوغۇملۇق بولىدۇ. خاتا قىسقارتىش ۋە خاتا قوللىنىش مەۋجۇد بولمايدۇ.

رەسۇلىمىز گۈزەل ئىسىملارنى تەكىتلەپ، مەنىسى چىركىن، نالايىق ئىسىملارنى يۆتكىۋەتكەنىكەن. شۇڭا ئىسىملارنىڭ ئەرەبچە، پارىسچە ئەمەس، گۈزەل بولۇشى سۈننەتتۇر. مەلۇمكى، مەنىسى مەخپىي ئىسىمدىن ھېچ بىر ئىنسان گۈزەللىك ھېس ئەتمەيدۇ. مەسىلەن: تاھىر (پاكىزە)، سەمى (ئاڭلىغۇچى)، خەلىل (دوست) دېگەن ئىسىم بىلەن پاكىزات، سەزگۈر، جەسۇر دېگەن ئىسىمنى سېلىشتۇرۇپ باقساق، مەنىسى چۈشىنىشلىك بولغانلىرى كىشىلەرگە گۈزەل تۇيۇلىدۇ. مەسىلەن: نۇرزىبا دېگەن پارىسچە ئىسىم بىلەن گۈزەلنۇر دېگەن ئۇيغۇرچە ئىسىمنىڭ مەنىسى ئوخشاش. سېلىشتۇرساق، ئۇيغۇرچىسىنى ئاڭلىغاندا پارىسچە ئىسىملىك قىزدىن گۈزەلرەك بىر قىزنىڭ سىماسى ئېسىمىزگە كېلىدۇ.

مۇشۇلارنى ئويلاشقاندا ئاللاھ ئۇيغۇر ياراتقاندىكىن ئۇيغۇرچە ئىسىم قويساق ياخشى ئىكەن. ئادەتلىنىلگەن پارىسچە، ئەرەبچە ئىسىم قويۇش ئىبادەت ئەمەس ئىكەن، ۋەياكى قىلمىساق گۇناھكار بولىدىغان ئېتىقادىمىز تەلەپ قىلغان بۇرچ ئەمەس ئىكەن. ئەرەبچە ئىسىم قويۇشنىڭ دىنىمىزدا ھېچ بىر زۆرۈرىيىتى بولمىغانلىقىنىڭ ئۈستىگە مۇنداق قۇسۇرلىرى بار ئىكەن.

بىرىنچىدىن، ئەرەبچە ئىسىملار ئۇيغۇر تىلىدا ئۆزگىرىپ كېتىدىكەن. مەسىلەن: رەسۇلىمىزنىڭ مۇبارەك ئىسمى ئۇيغۇرچىدا، مەمەت، مەخمەت، مەت، مەخەم شەكلىدە ئۆزگىرىپ كەتكەن. مەھمۇد دېگەن ئىسىمنىڭ مامۇت، ماخمۇت، مەخمۇت، مەخمۇ دېگەن ۋارىيانتلىرى چىققان. بۇنى ھېچ بىر ئۇيغۇر مۇسۇلمان قەستەن قىلمىغان، پەقەت ئەرەبچە ئىسىملار ئۇيغۇرچىنىڭ فونېتىك قائىدىسىگە ئۇيغۇن كەلمىگىنى ئۈچۈن، ئۇيغۇرنىڭ ئاغزىغا ئەپ كەلمىگەچ ئاشۇ ھالغا كەلگەن.

ئىككىنچىدىن قىسقاراپ كېتىدىكەن. مىسال ئالساق، ئۇيغۇرچىدا ئابدۇ(بەندە) بىلەن باشلانغان ئابدۇكېرىم، ئابدۇسەمەت، ئابدۇغەنى دېگەن ئىسىملار كۆپ قوللىنىلىدۇ. ئەمما ئىستىمالدا كۆپىنچە قىسقاراپ كېرىم، سەمەت، غەنى دېيىلىدۇ. بۇلار ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرى بولۇپ بېشىدىكى بەندە مەنىسىدىكى سۆز

قىسقارتىلماسلىقى كېرەك. ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ تىل ئادىتىدە بۇنداق قىسقارتىش ئومۇملاشقان بولۇپ، يۇقىرىقىدىن باشقا ئىسىملاردىمۇ كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: يارمۇھەممەدنى يارى، نۇرمۇھەممەدنى نۇرى، گۈزەلنۇرنى گۈزەل، ھۆرجامالنى ھۆرى دېيىش ئادەتكە ئايلانغان.

ئۈچىنچىدىن خاتا تەلەپپۇز قىلىنىدىكەن. ئۇيغۇرلاردا كۆپ قويۇلىدىغان ئۆمەر، سۇمەييە، خەمىت، قازى دېگەن ئىسىملار خاتا تەلەپپۇز قىلىنىدىغان بولۇپ، ئەرەبچىدە پ، گ، چ، ڭ، ئۇ، ئۆ تاۋۇشلىرى يوق. لېكىن ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى تىلىمىزغا ماسلاشتۇرۇۋالغانمىز. مەسىلەن: س، خ، ز ئۆزۈك تاۋۇشلىرىنىڭ تەلەپپۇزىنىمۇ خاتاغا يېقىن تەلەپپۇز قىلىنغان. ئۆمەرنىڭ بېشىدا كېلىدىغان ئەين دېيىلىدىغان تاۋۇش تەلەپپۇزدا چۈشۈپ قالغان. چۈنكى بىر مەزگىل ئەرەبچە ئۆگەنمىگەن ئادەمگە بۇ تاۋۇشلارنى توغرا چىقارماق قىيىن. يۇقىرىقىدەك ئەرەب تىلىدىكى بىر قانچە سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇش ئۇيغۇرچىدا بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئەرەبچە ئىسىمنى خاتا تەلەپپۇز قىلىشتىن ساقلىنىش ئاۋام ئۇيغۇرغا ئاسان ئەمەس.

تۆتىنچىدىن قائىدىسىز خاتا يېزىلىپ، خاتا بېرىكتۈرۈلىدىكەن. مەسىلەن: ئابدۇنەبى، ئابدۇرەسۇل، نەبىرە، پەرىزە، زۇلقەر دېگەندەك. ئۇيغۇرلارغا رەسۇل، نەبى، فەرىز، قەرنە، زۇل دېگەن سۆزلەرنىڭ مەنىسى ئېنىق بولمىغاچقا، خاتا يېزىلىپ ۋە بېرىكتۈرۈلۈپ مەسۇملارچە خاتالىقتا يول قويۇلىدىكەن. دېمەك، ئەرەبچە ئىسىملاردىكى بۇنداق ئۆزگىرىپ كېتىش، قىسقىراپ كېتىش، خاتا تەلەپپۇز قىلىنىش، خاتا يېزىلىش ۋە خاتا بېرىكتۈرۈلۈش قاتارلىق قۇسۇرلاردىن ساقلىنىشتا ئۇنۇملۇك چارە ئۇيغۇرچە ئىسىملارنى تاللاش ئىكەن.

دۇنيا بارغانچە كىچىكلىگىلى تۇرۇپتۇ. بوسۇغىدىن ئاتلىساقلا خەق بىلەن ئۇنى - بۇنى تاللىشىپ قالىدىكەنمىز. ئۇيغۇرنىڭ دەپ يۈرگەن نۇرغۇن تەۋەرۈكلىرىمىزنى ئوخشاپ قالغاچقا، خەق مېنىڭكىسىنىپ قانمايدىكەن. شۇڭا ئىسمىمىز بولسىمۇ خەق تالىشالمايدىغان ئۇيغۇرچە بولسا بولامدۇ نېمە؟ دەپ قالىمەن. بۇلارنى مەن ئەمدى

ئۆيلىغان بىلەن چەتئەللەردىكى بەزى ئالىملىرىمىز ئاللىقاچان ھېس قىلغىلىق ۋە ئۇيغۇرچە بولۇشىنى ئەمەلدە كۆرسىتىگىلىك ئىكەن. ئەرەبىستاندا رەھمەتۇللاھ ھاجى ئىسىملىك بىر پەخىرلىك ئالىمىمىز بار. ھازىر بىر نوپۇزلۇق خەلقئارالىق ئىسلام تەشكىلاتىدا تەتقىقاتچى ۋە تەشكىلاتچى. بۇ زات ئەرەبچە ئەسەرلىرىدە دائىم توختاخۇن ئەركىن دېگەن ئىسمىنى ئىشلىتىدۇ. مەن ئۇيغۇرچىنى سۆيىدىغان ۋە ئۇيغۇرغا كۆيىدىغان بۇ كىشىنىڭ «ئىلىم ۋە ئىمان» دېگەن كىتابىنى ياقتۇرۇپ ئوقۇغان. قىبلىمىز جايلاشقان مەككىدىكى بىر ئالىم ئۇيغۇرچە ئىسىم قوللىنىپ ئۈلگە كۆرسىتىپ بېرىۋاتسا، بىزنىڭ ئاغزىمىز كەلمىسىمۇ، بوزۇپ تەلەپپۇز قىلىدىغان، ئۇخشىتىپ دېيەلمەيدىغان تۇرۇپ ئەرەبچە ئىسىم قويۇشىمىز قىزىق.

ئىسمىمىز كىشىلىك ئالاقىدە ماركىمىزدۇر. ماركىمىز ئاسان ئەستە قالىدىغان، خەق دورىيالمايدىغان، تېز يازغىلى، قولاي ئوقۇغىلى بولىدىغان، يېقىشلىق بولۇشى كېرەك. كىشىلەرنىڭ بىز ھەققىدىكى تۇنجى تەسىراتى ئىسمىمىزدىن باشلىنىدۇ. ئىسمىمىز قانداق ئاتالسا، قانداق ھېس قىلىنسا ۋە قانداق چۈشىنىلسە بىزمۇ شۇنداق مۇئامىلىگە دۇچ كېلىمىز. بىر ئۇزۇن، چۈشىنىكسىز، يېقىمسىز ئىسىمدىكى كىشى دەسلەپتە تارتىدىغان دىققەت، قازىنىدىغان ھۆرمەت بىلەن ئاسان، ئاددىي، گۈزەل ئات قويۇلغان كىشىنى سېلىشتۇرساق ھاسىلات پەرقلىنىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسىم بىزنىڭ كىملىكىمىزدۇر. ئىسمىمىزدىن بىزنىڭ مىللىي، ئىجتىمائىي، مائارىپ ۋە جەمەت كىملىكىمىز بالقىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: ھاشىم، مەمەتساۋۇت، ئابلىكىم دېگەن ئىسىملىك كىشىلەر بىلەن جۇشقۇن، ئۆتكۈر، ئالماس دېگەن كىشىلەرنىڭ ئائىلە ۋە ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنىشى ھەققىدە قىلىنىدىغان تەسەۋۋۇر ئاسمان - زېمىن پەرقلىنىدۇ. يامىنى، ئاشۇنداق زور پەرق بارلىقىنى كىشىلەر كۆرمەستىن پەرەز قىلىۋالىدۇ ۋە شۇنىڭغا لايىق مۇئامىلىگە ئۆتىدۇ.

ھازىر دۇنيادىكى مىللەتلەرنىڭ فامىلىلىك بولۇشى ئومۇملاشقان بولۇپ، ئۇيغۇرلارمۇ شۇنىڭغا ئىنتىلمەكتە. بىزنىڭ بۈگۈن قويغان ئىسمىمىز بەلكىم كېلەچەكتە فامىلىگە ئايلىنىشى مۇمكىن. فامىلە ئەجدادتىن ئەۋلادقا داۋام قىلىدىغان،

ئىجتىمائىي ئالاقىدا قوللىنىلىدىغان، مىللىي كىملىكنى ئەكسلەندۈرىدىغان بولغاچقا ئۇنىڭدا گۈزەللىك، ئىلمىيلىك، ئىخچاملىق شەرت قىلىنىشى كېرەك. يازمىدىكى بايان ۋە تەھلىللەردىن قارىغاندا ئىسىملار ئۇيغۇرچە قويۇلسا، يۇقىرىقى شەرتلەر قانائەتلەندۈرۈلگەن بولىدۇ. ئۇيغۇرچە ئىسىم دېگەنلىك ئۇيغۇرچىلىشىپ كەتكەن، ھازىر قوللىنىۋاتقان باشقا تىللاردىن كىرگەن بارلىق سۆزلەرنى، شۇنداقلا قېرىنداش تىللار بولغان تۈركچە، قازاقچە، قىرغىزچە، ئۆزبېكچە، تاتارچە پۈتۈن كەلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئەلۋەتتە.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ئىللەت مىللەتتە بولامدۇ؟

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تۇغۇلغانلىقىغا 115 يىل، قەتلى قىلىنغانلىقىغا93 يىل بولغان دەملەردە مەرھۇمنىڭ مەتبۇئاتلاردا ۋە تورلاردا يېيىلغان ئەسەرلىنى قايتا ئوقۇپ چىقتىم. ئۇنىڭ خەلقىمىز ئارىسىدا ئەڭ ئالقىشلىق ئەسەرلىرىدىن مىللەتنى تەپەككۇرغا چاقىرغان«ئويغان» ۋە مىللەتنى تەنقىدلىگەن «باردۇر» بار ئىكەن. ئويغىنىش چاقىرىقىنىڭ ئەبەدىيلىكىگە ھېچ بىر گۇمانىم يوق. چۈنكى ئىنساندا قەلبىنىڭ بىخۇدلۇقى، روھىنىڭ خامۇشلىقى، ئەقلىنىڭ مۈگدەپ قېلىشى تەكرار-تەكرار يۈز بېرىپ تۇرىدىغان ھادىسە ئىكەن. شۇڭىمكىن مەرھۇم ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىن يېشى ئاتمىشقا يەتكەندە «ئاربنامە» دېگەن ئەسەرنى يېزىپ، ئۆزىنىڭ قايتا ئويغانغانلىقىنى جاكارلارپتۇ. ئەمدى ئۇيغۇرنىڭ «ئىللەت»لىرنى پاش قىلغان «باردۇر»غا كەلسەك، بۇ شېئىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ قەتلى قىلىنغاندىن كېيىن، ئەڭ بۇرۇن رەسمىي مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان شېئىر ئىكەن. بۇ شېئىر 1947 -يىلدىكى «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغاندىن باشلاپ تاكى بۈگۈنكى تورىبەت، ئۈندىدار ۋە باشقا ئىجتىمائىي تاراتقۇلارغىچە توختىماي تارقىتىلىپ كەپتۇ. ئا. ئۇيغۇرنى تەتقىق قىلغان ئۇيغۇرلارمۇ ماقالىلىرىدە مەزكۇر شېئىر تىلغا ئېلىشنى ئاساسەن ئۇنتۇپ قالماپتۇ. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرى ئىچىدە پەقەت مۇشۇ شېئىرنىڭلا ئىككى خىل خەنسۇچە تەرجىمسى بار ئىكەن. بىر تەرجىمدە ئەسلىدىكى ماۋزۇ ساقلانغان بولسا، يەنە بىر تەرجىمدە «بىزنىڭ ئىللەتلىرىمىز» دەپ يېڭى ماۋزۇ قويۇلۇپتۇ. شۇنىڭ تۇرۇتكىسىدە بۇ ماۋزۇ ئوقۇش ۋە ئالاقىدە كۆپرەك خەنسۇچە قوللىنىدىغان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلاردا كەسكىن بىر مۇنازىرىگە سەۋەب بوپتۇ. مەن قاماقتىن چىققاندىن كېيىن بۇ تارتىشمىلاردىن خەۋەردار بولغان ئىدىم. خەنسۇچە ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلىرىمنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىغا، گاڭگىراشلىرىغا شاھىد بولغان، سوئاللىرىغا جاۋاپ بەرگەن ئىدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خەنسۇچە ئوقۇغان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى مۇنازىرىنىڭ كوچىلارنى بىرونىۋنكلەر سوراۋاتقان چاغلارغا توغرا كېلىشى كىشىنى ئويلاندۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن «ئويغان ئۇيغۇر»نى ئەمەس، «بىزنىڭ ئىللەتلىرىمىز»نى مۇنازىرە تېمىسى قىلغانلىقىمۇ دىققەتكە سازاۋەر. ئۇيغۇرچە مەتبۇئاتلاردىكى ئىللەتچىلىك ئەدەبىياتى پەسكويغا چۈشكەن، ۋەزىيەت كەسكىنلەشكەن بىر ھالەتتە ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ «باردۇر» سەرلەھىلىك بۇ شېئىرىنىڭ خەنسۇچە ۋە ئۇيغۇرچە قايتا باش كۆتۈرىشى، زاھىر بورھانىنىڭ ئۇندىدار سالونىدا «بىزنىڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقلىرىمىز» ماۋزۇسىدا يازمىلارنىڭ ئاۋامغا سۇنىلىشى،كىشىنى ئۇيغۇرنى ئىللەتلەشنىڭ يەنە بىر قېتىملىق ۋاباغا ئايلىنىشىدىن ئەنسىرىتىدۇ. چۈنكى باشلارغا مۇسىبەت ياغقانلىقى، ئاياقلارنىڭ پالاكەتكە پاتقانلىقى، كۆزلەرنىڭ كۆلپەتتە ياشلانغانلىقى ئەمەلىيەت. تەبىئىيكى، ئۇيغۇرلۇق كىملىكى يۈكلەنگەن كىشىلەر بۇنداق چاغلاردا، « نە ئۈچۈن بىز بۇ بالاغا مۇپتىلا؟» دەپ ئويلاشقا، سەۋەبلەرنى سۈرۈشتۈرۈشكە، قارا باسقاندەك ئارامسىزلىنىشقا مەجبۇر. بۇ تۇيغۇ تىللاۋاتقان ۋە تىللىنىۋاتقانغا، تۇتۇۋاتقان ۋە تۇتۇلۇۋاتقانغا، قىيناۋاتقان ۋە قىينىلىۋاتقانغا ئورتاق. ھەممە ئارامسىزلىققا مەھكۇم بونداق بۇرۇختۇرمىچىلىقتا بارلىق كېلىشمەسلىكنىڭ سەۋەپچىسىنى «بىزنىڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقلىرىمىز» دەپ چۈشەندۈرۈش ۋەزىيەتكە، بىخەتەرلىككە ۋە تەلەپكە ئۇيغۇن. چۈنكى كېسىلىۋاتقان ياغاچنىڭ ئاۋۋال كۆرەلەيدىغىنى ۋە ئەڭ نەپرەتلىنىدىغىنى بىسى يانغان پالتىلارنىڭ ياغاچ ساپلىرى. شۇڭا ئاغرىنىشقا توغرا كەلسە باغرىمىزدىكى قېرىنداشلاردىن ئاغرىنىمىز، «ياتنىڭ ياندىن، قېرىنداشنىڭ جاندىن ئۆتەر» دېگەن شۇ. شەخسى كىملىكنىڭ توختىماي تەكشۈرىلىشى نەتىجىسىدە كىشىلەر بۇنىڭغا سەۋەپ بولۇۋاتقان ئورتاق كىملىككە تېخىمۇ قاتتىق باغلىنىدۇ. شۇڭا قاماقتىن چىققاندىن كېيىن بىر خەنسۇ تونۇشۇمغا كەيپىياتىمنى سۆزلەپ بۇرۇنقىدىنمۇ ئۇيغۇرلىشىپ كەتكەنلىكىمنى دېگەندىم. بىر ئۇيغۇر قانچە ئۇيغۇرلارشقانچە ئۇنىڭ شەخسى پىشكەللىكلىرى، ئازاپلىرى ۋە پۇشمانلىرىمۇ شۇنچە ئۇيغۇرلىشىدۇ. نەتىجىدە مېنىڭ ئىللىتىم «بىزنىڭ ئىللەتلىرىمىز»گە ئايلىنىپ، شۇ ماۋزۇدىكى ئەسەلەر بوغۇزىمىزغا قاپلىشىپ قالغان ھېسلىرىمىزنىڭ ئىزھارىدەك تۇيۇلۇپ ياقتۇرۇشقا ئېرىشىدۇ.

تارىختا ئۆز مىللىتىدىن ئىللەت ئىزدەش خاھىشى ئۇيغۇرلاردىلا بولغان ئەمەس. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مۇستەملىكىچىلىك قىسمىتىگە دۇچار بولغان خەلقلەردە بۇنداق ھادىسىلەر ئورتاق ئۇچراتتۇرىغا چىققان. مەسىلەن: خەنلەردە لۇشۈن باشلىغان ئىللەتچىلىك ئاجايىپ قارشى ئېلىنىپ، بوياڭنىڭ قەلىمىدە «بەتبەشىرە جوڭگولۇقلار» ناملىق كىتابقا قاراپ تەرەققىي قىلغان. ۋاھالەنكى، بۈگۈنكى جوڭگو جەمئىيىتىدە مەيلى لۇشۈننىڭ بولسۇن ياكى بوياڭنىڭ بولسۇن ئىللەتچىلىك تېمىسىدىكى ئەسەرلىرى ئالقىشتىن قالدى. ھەتتا لۇشۈننىڭ جوڭگولۇقلارنى تەنقىد قىلىدىغان ئەسەرلىرى دەرسلىكلەردىنمۇ پۈتۈنلەي چىقىرىپ تاشلاندى. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدا تۈرك يازغۇچىسى ئەزىز نەسىن «تۈركلەرنىڭ يېرىمى ئاخماقتۇر» دەپ مۇنازىرىگە تۇتۇرۇق بولغانىكەن. ھازىر بۇ گەپلەرنى ھېچكىم مۇنازىرە قىلىپ ئولتۇرمايدۇ. چۈنكى ھازىرقى تۈركىيەنىڭ تەرەققىياتى بۇنى ئىنكار قىلىپ تۇرۇپتۇ. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر «باردۇر» رادىپلىق مىللەت ئىللەتلەنگەن نەزمەنى يېزىشتىن بۇرۇنلا، قازاق مۇتەپەككۇرى ئاباي قۇنانباي قازاقلارنى، تاتار شائىرى ئابدۇللا تۇقاي تاتارلارنى ئەسەرلىرىدە قامچىلاپ بولغان. بۈگۈن قارايدىغان بولساق نە تاتارلار، نە قازاقلاردىن بۇ قامچىنى كۆتۈرۈپ قېرىنداشلىرىدىن بېشىدا دىۋەيلەپ تۇرغان بىرەر مۆتىۋەر يوق. پەقەت ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ قامچىسىلا ھېلىھەم ئۇيغۇر قەلەمكەشلىرىنىڭ، زوۋاندازلىرىنىڭ قولىدا. يۇقىرىقى مىساللاردىن قارايدىغان بولساق، مىللەتنىڭ ئۆزگىچە بولغان باھاسىنى ئۆزگەرتىدىغىنى مەۋجۇد رېئاللىق. مەلۇمكى، تارىختا تەنقىدلەنگەن قېرىنداش قازاق، تۈرك ۋە تاتار خەلقلىرى پۈتۈنلەي ئۆزگەرگەن يوق، پەقەت ئۇلارنىڭ رېئاللىقى ئۆزگەردى. مىللەتنىڭ مەۋجۇدلۇق ھالىتى ئۆزگەرسە، مىللەتنىڭ ئۆزگىچە بولغان باھاسىمۇ ئۆزگىرىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئىللەتلىك بولغان ياكى بولمىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتسىز.

مەيلى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ «باردۇر» رادىپلىق شېئىرىدىكى «ئىللەتلەر» بولسۇن، ياكى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، ئەختەم ئۆمەرلەر بايقىغان ۋە يازارمەنلەر داۋاملىق كەشىپ قىلىۋاتقان نۇقسانلار بولسۇن، ھەممىسىنىڭ پەندىكى ئىسمى ئىجتىمائىي كەيپىيات ۋە ئىجتىمائىي مەسىلە دېيىلىدۇ. بۇلار بىرخىل ئىجتىمائىي

تۈزۈمدىكى كىشىلەرگە ئورتاق مەسىلە بولۇپ، ھېچ بىر مىللەتكە خاس ئەمەس. مەسىلەن: خوشامەتچىلىك، يالغانچىلىق، پارىخورلۇق، چېقىمچىلىق، كۆرەلمەسلىك، قولچىلىق...قاتارلىقلار ئوتتۇرا شەرقتىكى باغداتتىن شەرقى ئاسىيادىكى بېيجىڭغىچە، موسكۋادىن قاھىرەگىچە بولغان جەمئىيەتلەرگە ئورتاق ھادىسە ھېساپلانسا، ئوخشاشلا شەرقلىق سانىلىدىغان سىنگاپور، ياپونىيە، تەيۋەن، كورىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ئايرىم قىلمىش ھېساپلىنىدۇ. چۈنكى ئالدىنقىسىدا كىشىلەر شۇ ئىللەتلىك كەيپىياتنى پەيدا قىلىدىغان مۇستەبىت، چىرىك ۋە كېسەل تۈزۈمدە ياشايدۇ. كېيىنكىسىدە كىشىلەر ئەركىنلىك، باراۋەرلىك ۋە كىشىلىك ھوقۇقلىرىدىن تولۇق بەھرىلىنىدىغان ساغلام بىر جەمئىيەتتە ياشايدۇ. ئىنسان قانداق جەمئىيەتتە ياشىسا شۇنداق كەيپىياتقا گىرىپتار بولىدۇ ۋە شۇنداق ئىجتىمائىي مەسىلىگە مۇپتىلا بولىدۇ. بۇنداق دىگەنلىك مۇستەبىت تۈزۈمدە ۋە ئىللەتلىك جەمئىيەتتە ياخشى ئادەم ، پەزىلەتلىك كىشىلەر بولمايدۇ دىگەنلىك ئەمەس. ئەلۋەتتە، ئۇنداق جەمئىيەتلەردىمۇ ياخشى ئادەملەر بولىدۇ، ئەمما ياخشىلىق ئومۇملاشمايدۇ. پەزىلەتلىك كىشىلەر بولىدۇ، ئەمما پەزىلەت مۇۋەپپەقىيەتنىڭ كاپالىتى بولالمايدۇ. مۇستەبىت ئەللەردىمۇ خەيىر - ئېھسان بار، ئەمما خەيرلىك نەتجىگە سەۋەب بولىدىغانلىرى ئاز بولىدۇ. خەيرلىك ئىشلارنى قىلىدىغانلار بار، ئەمما كۆتۈلمىگەن خەتەردىن ئەنسىرەيدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس. مەسىلەن: سەئۇدىلىق بايلارنىڭ يىلىغا نۇرغۇن ئۆشرە زاكات تارقىتىدىغىنى راست ئىكەن، ئەمما زاكات ئالغۇچىدىن ھېساپ ئالمايدىكەن. غەرپ ئەللىرى ۋە ياپونىيە، كورىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ساخاۋەت ئورگانلىرىمۇ ياردەم تارقىتىدىكەن، ئەمما ئاۋۋال پىلان يوللاش تەلەپ قىلىنىپ، ئاخىرىدا چىقىم تەپسىلاتىنى بىرىمۇ بىر سۈرۈشتۈرىدىكەن. ئىككىسى ئوخشاشلا ياردەم بولسىمۇ بىرى ياخشىلىقنى ئومۇملاشتۇرىدۇ، يەنە بىرى ھارامخور، پۇرسەتپەرەسلەرنى سەمرىتىدۇ. يەنە مەسىلەن: جۇڭگودا سوتقا چۈشكەنلەر نەق مەيداندىن گۇۋاھچى بولىدىغان ئادەم تاپالماي ئاۋارە بولىدىكەن، مۇستەبىت مۇسۇلمان ئەللىرىدىمۇ ئوخشاشلا «ئىشىڭ بولمىسا شاھىد بول» دەيدىغان گەپ مودا ئىكەن. بۇنىڭدىكى سەۋەپ، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ خىزمەتتىكى مەسئۇلىيەتسىزلىكى، بوروكراتلىقى ۋە سۈرەلمىلىكى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ ياخشىلىق قىلغۇسى

بولسىمۇ ئاۋارەچىلىكتىن قورقۇپ قوللاپ يۈرۈپ يېپىشماي قالىدۇ، نەتىجىدە ياخشىلىق ئومۇملاشمايدۇ.

ئىللەت مىللەتتە بولمايدۇ، شەخستە بولىدۇ. بىر مىللەت ئىچىدىكى شەخسلەردىن مۇستەبىت تۈزۈم، ئىللەتلىك جەمئىيەت، بىقىندى ھالەت سەۋەبىدىن تۈرلۈك نامۇۋاپىق ئىجتىمائىي كەيپىياتلاردىن يۇقۇملىنىدىغانلارمۇ ۋە يۇقۇملىنىشقا قارشى ئىمۇنىتقا ئېرىشىدىغانلارمۇ بولىدۇ. بۇنداق يۇقۇملىنىش ياكى ئىمۇنىت يېتىلدۈرۈش جەريانىنى ئىنسانىنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشى دەيمىز. تۇپتىن ئايرىلالماسلىق پىشانىسىگە پۈتۈلگەن ھەر بىر ئىنسان، جەمئىيەتكە قەدەم قويغاندا دائىم پاسسىپ ھالدا ئىجتىمائىي كەيپىياتنىڭ قولىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئىنسانىنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش جەريانى قوبۇل قىلىش، ئۆزلەشتۈرۈش جەريانىلا بولماستىن، بەلكى رەت قىلىش، ئىنكار قىلىش ۋە قارشى چىقىش جەريانى بولۇپمۇ ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا ئورتاق تىل، ئورتاق غۇرۇر ۋە ئورتاق كەچمىشكە ئىگە ھەر قانداق مىللەت كىشىلىرى مەيلى قانداق جەمئىيەتتە ياشىسۇن، پۈتۈنلەي ئىللەتلىك بولمايدۇ. ئەگەر شۇنداق ئەجەللىك ئىللەتلەرگە گىرىپتار بولغان بولسا مەۋجۇدلۇقىنى داۋام قىلالمايدۇ. قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان لۇت قەۋمىنىڭ مىللەت بويىچە ئىللەتكە گىرىپتار بولغانلىقى ۋە شۇ سەۋەبىدىن يوقالغانلىقى سۆزىمىزنىڭ دەلىلىدۇر.

www.uyghurkitap.com

## ئەزھەرنىڭ ئۇيغۇر ئىخلاسمەنلىرى

ئۈچ - تۆت ئاي بۇرۇن مىسىرغا ئوقۇشقا چىقماقچى بولغان ئىككى ئىنىمىزگە مەسلەھەت بېرىمەن دەپ بىر غۇلغۇلىغا سەۋەپ بولدۇم. شۇ سەۋەپلىك دىنىمىز ۋە ئۆلىمالىرىمىزنىڭ خاتا چۈشىنىلگەنلىكىدىن ھېلىمۇ ئەپسۇسلىنىمەن. چۈنكى سەمىمي نىيەت بىلەن قىلىنغان ئىش كۆزلەنگىنىدەك ياخشى نەتىجىگە سەۋەپ بولغىنى ئەۋزەل ئىدى. شۇندىن كېيىن بۇ ئەپسۇسلۇقتىن كېيىنكى ئويلار مېنى بوش قويمىدى. شۇنچە كۆپ ئۇيغۇر يىغىلغان بىر يەر ھەققىدە، بولۇپمۇ ئۇيغۇر روھىيىتىنىڭ تۈۋرىكىنى يۆلەپ تۇرغۇزىدىغان بىر مۇنەۋۋەر سەپ ھەققىدە ھېچنېمە ئويلىماسلىقىم مۇمكىن ئەمەس ئىدى. گۈزەل دىنىمىزنىڭ خۇنۇك شەكىلدە ئۆگىتىلىۋاتقانلىقىدىن ھەر ئۈمىدسىزلەنگىنىمدە، ئىستىقبالىمىزنىڭ مەشئەللىرى بولغان ئاشۇ قېرىنداشلىرىمىز ھەمىشە كۆز ئالدىمدىن كەتمىدى. شۇنىڭ بىلەن مىسىرغا بېرىپ ئاشۇ ئۈمىدلىك ئىلىم تەلەپكارلىرىنى، پىداكار ئۆلىمالارنى، مۆھتەرەم ئۇستازلارنى يوقلاش، شۇ كەسكىن ۋە ئۈم قوشۇننى كۆرۈپ كېلىشنى نىيەت قىلدىم.

يولغا چىقىشتىن بۇرۇن بىر بۇرادىرىمگە خەۋەر قىلىپ قويدۇم. بىلەتنى ئېلىپ بولۇپ، يەنە بىر ئۇستازغىمۇ تېلېفون قىلدىم. ئۇستاز قەتئىي كەلمەسلىكىمنى تاپىلىدى. سەۋەبى بىرى ھازىر ئىمتىھان مەزگىلى بولغاچقا تالىپلار بىلەن ئېچىلىپ پاراڭلاشقىلى بولمايدىكەن. يەنە بىرى بىر قىسىم باللار يۇرتلىرىدىن چاقىرتىلىۋاتقان بولۇپ، ئۇلار بۇنى مېنىڭ يازمامدىن كۆرىدىكەن (ماڭا بۇ ھەقتە خەتمۇ كەلگەن، دېيىشچە مەن مىسىردا ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر باللار ھەققىدە يازغىنىم سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ مەۋجۇدلۇقى دائىرىلەرگە ئاشكار بولۇپ قاپتۇ). ھېلىقى بۇرادەر خەۋىرىمدىن بەك مەمنۇن بولغان ئىدى. ھېچ بولمىغاندا ئۇنىڭ قىزغىنلىقى ئۈچۈن بولسىمۇ بېرىشنى قارار قىلدىم. دوستلىرىم چاخچاق قىلىپ «تالىپلاردىن تاياق يەپ كەتمەڭلار يەنە» دېگەنمۇ بولدى. ئەڭ ئېزىلگىنىم ھۆكۈمەت چاقىرتسا مېنى «سەۋەبچى

بولدى» دەپ قالغانلار بولدى. مۇشۇ كۈندىمۇ مىسىر بىلەن تۈزۈمدە سىرداش، ھەمكارلىقى كۈچلۈك بولغان، دىنغا پەۋقۇلاددە سەزگۈر بىر دۆلەتنىڭ، نەچچە مىڭ ئۇيغۇر دىن ئوقۇش ئۈچۈن يىغىلغان بىر دۆلەتتىكى ئۇيغۇرنىڭ ھالىدىن بىخەۋەر قالمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتمىگەن تالىپلاردىن ھەيران قالدىم. شۇلارنىڭ ئىچىدە مەكتەپلەردە ئوقۇپ چىگرا ئاتلىغىدەك، ماڭا تەسىرلىك خەت يازغىدەك ساپادىكى بىر ئوقۇغۇچىنىڭمۇ بولغانلىقىدىن ئەپسۇسلاندىم. مۇشۇنداق بېشىمىزغا كەلگەن ۋە كېلىۋاتقان مۇسۇبەتلەرنىڭ سەۋەپكارىنى دائىم ئۆزىمىزدىن ۋە ئۆزىمىزنىڭ ئادەملىرىدىن كۆرىدىغان تەپەككۇر شەكلى مېنى مەيۈسلەندۈرەتتى.

مىسىرغا بېرىپلا ئەزھەرنى پۈتكۈزگەن ئۇستازلاردىن باشلاپ كۆرۈشۈپ چىقتىم. پاراڭلىرىمىز كۆڭۈللۈك بولدى. بولۇپمۇ بىر ئۇستازنىڭ «ھەممە باللارنى قارى قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق!» دېگەن گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن،قايتىلىنىپ يازسام بولىدىغانلىقىغا ئىجازەت ئېلىۋالدىم. ئۇنىڭ تەجرىبىسىچە باللارنى قارىغۇلارچە قارى بولۇشقا زورلاش، قۇرئان يادلاشنى ئىلىمگە تەڭ قىلىۋېلىش، يادلىتىشقا كۈچەپ مەنىسىنى سىڭدۈرۈشكە سەل قاراش خاتالىق ئىكەن. ئۇ يەنە ئەزھەردە ئوقۇۋاتقان باللاردا ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، ئۇيغۇرچە ناتىلىقلىق ۋە يېزىقچىلىق بىلىملىرىنىڭ يېتەرسىزلىكىنى تەكىتلەپ، ۋەتەندىكى رەسمىي بولمىغان دىنىي مائارىپتىمۇ ئۇيغۇرچە ئەدەبىيات ئوقۇتۇشنىڭ يوقلىقىدىن ھەسرەتلەندى. ئەرەب ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەدەبىياتقا ماھىرلىقى ئالدىدا بىزنىڭ ئۇيغۇر تالىپلارنىڭ ئەدەبىياتتا خاملىقىنىڭ بەكلا چېنىپ قالىدىغانلىقىدىن ئىچىندى. ئۇستازنىڭ ئەقىدە توغرىلىق ئالتە توملۇق كىتاپ يېزىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ سۆيۈندۈم. ئەمما بۇ كىتابىنىڭ ئۇيغۇرلاردىكى قايسى رېئال زۆرۈرىيەتكە جاۋاپ بېرىدىغانلىقى ھەققىدە ئۈچۈرغا ئېرىشەلمىدىم. سۆھبىتىمىزدە ئەزھەرنىڭ ئوقۇتۇشى ھەققىدە بىر تەھلىل، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ھەققىدە بىر لايىھە، مىللىي مەۋجۇدلىقىمىز ھەققىدە بىر ئەندىشە كۆرۈلمىدى. ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ تەپەككۇرىنى زەرەتلەيدىغان، مەنىۋى ئېھتىياجىنى قامدايدىغان، ئىنتىرنېت دەۋرىگە ماس كېلىدىغان بىر ھىدايەت كۆزنىكىگە تۈتۈش قىلىش ھەققىدىكى تەشەببۇسۇمغا ئۇستاز «ئەقىدە مۇنبىرى بارغۇ!» دەپلا قويۇپ نېمە ئۈچۈندۇر سۈكۈت قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كىتابنى كۆپ ئوقۇغانلىقى چىقىپ تۇرىدىغان بۇ ئىككىنچى دوكتور ئۇستازنىڭ ماشىنىسىنى ھەيدەپ كېتىۋېتىپ، «ھازىرقى مۇستەبىتكە قارشى نامايىشتا مۇشۇ يوللاردا 3800 دىن ئارتۇق ئادەم قەتلى قىلىندى، ھەقىقەت قوغداشقا مۇھتاج ئىكەن» دېگىنى ئېسىمدە. شۇئان كۆڭلۈمگە «توغرا، ئۇلار تەلەيلىك مەرھۇملار ئىكەن. دۇنيانىڭ يەنە شۇنداق بۇلۇڭلىرى باركى زادى قانچە ئادەمنىڭ ئۆلتۈرۈلۈپ، قانچىسىنىڭ قىيناقتا ئىكەنلىكىدىن جاھان ئەھلى بىخەۋەر. مىسىرلىقلار قىرغىنغا ئۇچرىغاندا ئەلجەزىرە خەۋەر قىلىدۇ. قاھىرەلىكلەرنىڭ بەرگەن قۇربانلىقلىرى مىسىردىكى تورلاردا ھېلىمۇ ئاشكارە، نامايىشچىلار پاناھلانغان جامەگە ئوت ئېچىلماي ساق تۇرۇپتۇ، بۇنداق پۇرسەت نىسىپ بولمىغان شورلۇق مىللەتمۇ بارغۇ» دېگەنلەر كەچتى. بۇ ئۇستازنىڭ غەيرىتىدىن تېخىمۇ ئېپتىخارلاندىم. پەرزەنت، تىجارەت، ئەخلاق قاتارلىق تېمىلاردا بىر يۈرۈش دەستۇر يېزىش ئالدىدا ئىكەن. بىر پارچە زور ھەجىملىك ئىسلامىي ئەسەرنى تەرجىمە قىلىپ بوپتۇ. قۇرئانىمىزنى مۇكەممەل ۋە ئۆزگىچە تەپسىر قىلىپ چىقىشنى پىلان قىپتۇ. ماڭا تېخىمۇ ئۆزگىچە تۇيۇلغىنى ئۇنىڭ بىر يۈرۈش سودا پىلانلىرى ۋە مەبلەغچىلىك ئىددىيىسى بولدى. بۇ ئۇستازنىڭ «دۇنيادا مىللەت دېگەن گەپ يوق، پەقەت تۇيغۇن، دولقۇن، تۇرگۇن بار، مۇشۇنداق ھەر بىرىمىزنى سۆيسەڭ مىللەتنى سۆيگەن بولىسەن، مەن مۇشۇ كۆنگىچە دۇشمەن ئۇيغۇر كۆرۈپ باقمىدىم، سىلەرمۇ ئاراڭلاردىن ئىزدىمەڭلار!» دەپ تەبلىق قىلغانلىقى ماڭا بەك تەسىرلىك تۇيۇلدى.

مىسىردىكى بىر ھەپتە جەريانىدا ئۇيغۇرلاردىن ئەزھەرگە ھەرخىل باھا بەرگەنلەر بار. ئارىسىدا مەدھىيەمۇ، تەنقىدمۇ، پىكىرسىزلىكمۇ مەۋجۇد. مەسىلە بار دەپ قارايدىغانلارنىڭ كۆپرەكى ۋەتەندە ئوقۇتۇش بىلەن مەشغۇل بولغانلار، كۆپرەك كىتاپ ئوقۇغانلار، مەكتەپلەردە ئوقۇپ كەلگەنلەر ئىكەن. ھەممىدىن بىر قانچەيلەننىڭ «ئەزھەرنىڭ بەزى فاكۇلتېتلىرىدا بىر سىنىپقا تىزىملاتقان ئوقۇغۇچى يىگىرمە مىڭدىن ئاشىدۇ! تولۇق كۇرس ئەمەس، ئاسپىرانتلارغىمۇ سىنىپ يېتىشمەيدۇ، نېمە ئۇ تاپشۇرۇق، ماقالە، دەرسخانىدىكى مۇنازىرە دېگەن!» دېگىنى ئېسىمدىن چىقمايدۇ. يەنە بىرەيلەننىڭ «مىسىر دېگەن بىر ئاسارە ئەتىقە دۆلىتىكەن. ئەزھەرمۇ

بىر بۆرۈنقى مائارىپتىن قالغان تەۋەرۈك ئىكەن. دەرسخانىدىمۇ ساپلا مىڭ يىل، نەچچە يۈز يىل بۇرۇنقى ئالىملارنىڭ ئاسارە ئەتىقە كىتابلىرىنى ئۆگىتىدىكەن» دېگىنىمۇ قىزىقارلىق. بۇندىن باشقا ئەزھەرنىڭ دۇنيادىكى تەڭداشسىز ئورنىنى مەدھىيىلىگەنلەر، يۈسۈپ قەرزاۋىينىڭ ئەزھەرنىڭ سابىق ئوقۇغۇچىسى ئىكەنلىكىدىن پەخىرلەنگەنلەر، ئەزھەر شەيخىنىڭ مىسىردا بولغان قىرغىنچىلىققا ئاقلاپ پەتىۋا بەرگەنلىكىدىن ئاغرىنغانلار، ئەزھەردىكى بەزى ئۇستازلارنىڭ چېكىدىن ئاشقانلىقىدىن غەشلەنگەنلەر...ئىشقىلىپ، ھەركىم ھەر نېمە دېدى.

بىر ئۇستازنىڭ «ئەزھەردە ئوقۇشنىڭ ئۆزىنى سوزۇلۇپ كېتىشى ئوقۇغۇچىلارنى ئالدىرىماس قىلىپ قويىدى، باللارنىڭ ئەزھەرگە كېلىپ ئەڭ ئاۋۋال ئۆگىنىدىغىنى تاقەت، چۈنكى مىسىردا ئادەمنى جىددىيلىككە ئۈندەيدىغان بىر كەيپىيات يوق» دېگىنى تەئەججۈپلۈك تۇيۇلدى. بەزى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىمتىھانلا ئېلىنىپ سىناق ئېلىنمايدىغان، يوقلىما قىلىنمايدىغان، دەرسخانىدا ئوقۇتقۇچىدىن سوراپ بىلىۋېلىشكە ئىمكان بولمايدىغان ئوقۇتۇشتىن سەل نارازىلىقى چىقىپ تۇراتتى. بۇ بىرقىسىم باللارنىڭ كەيپىياتىغا مۇنۇ شېئىر يېزىلغانىكەن:

روھى ئۆلگەن ئەزھەردە قالغان ئىمتىھان،
ئىمتىھاننىڭ سۆرىدىن قىينىلار بۇ جان.

دېمەك، بۇنداق ئىمتىھانغىلا باغلانغان ئوقۇتۇشتىن مەيۈسلەرمۇ بار. مەسىلە بارلىقى ھەققىدە ئويلىنىۋاتقىنى يالغۇز ئۇيغۇر باللارلا ئەمەس. بۈگۈنكى غەرپ دۇنياسىدا تەسىرى كۈچلۈك سانىلىدىغان ئالىملارنىڭ ۋە تۈركىيە قاتارلىق مۇسۇلمان ئەللىرىدىكى ئالىملارنىڭ ئەزھەر ھەققىدىكى تەنقىدلىرى ئاز ئەمەسكەن، ئۇلارنىڭ تەنقىدلىرى تېخىمۇ كونكرېت ئىكەن. مەسىلەن ئامېرىكىدىكى ئۆلىما ياسىر قازى «مەدىنە، ئەزھەر قاتارلىق مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدىكى داڭلىق ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە دىنىسىزلىق دېگەنگە ئوخشاش تېمىلاردا دەرس بېرىشكە سالاھىيىتى توشمايدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ دەرسلىرىدە سۆزلىنىدىغىنى بۇنىڭدىن 500 يىل بۇرۇن، ياكى بۇنىڭدىن 1000 يىل بۇرۇن يۈز بەرگەن، ئىسلامدا تالاش-تارتىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلىنغان مەسىلىلەر» دەپ سۆزلەپتۇ. بىر دوكتورنىڭ يازماقچى بولغان «ئەزھەر شۇنداق بولۇشى كېرەك» ياكى «ئەزھەردىكى ئون يىلىم» دېگەن ئەسىرى ئېلان قىلىنسا، بىر ئۇيغۇرنىڭ ئۇستازىنىڭ نەزىرىدىكى ئەزھەر مۆكەممەلرەك سۈرەتلىنىشى مۇمكىن.

ئەزھەردە زادى قانچىلىك ئۇيغۇر بارلىقى ھازىرغىچە نائېنىق. بەزىلەر مىڭدىن ئاشىدۇ، دەيدۇ. بەزىلەر ئىككى مىڭدىن ئاشىدۇ، دەيدۇ. مەن زىيارەت قىلغان بىر تۇڭگان بالا ھەممە ئۇيغۇر قوشۇلۇپ ئىككى - ئۈچ مىڭ دەيدۇ. ئىشقىلىپ ھەر قېتىم ئەزھەرگە بارغىنىمدا ئۇيغۇر بالىلارنى كۆردۈم. ئاللاھ ئىنسانغا شۇنداق بىر ئىقتىدارنى ئاتا قىلغان بولۇپ، مىڭلىغان چىرايلاردىن ئۆزىنىڭ مىللىتىگە خاس چىرايىنى ئەڭ باشتا بايقىۋالىدۇ، مىليونلىغان ئاۋازلار ئىچىدىن ئۆز مىللىتىنىڭ ساداسىنى ئەڭ بۇرۇن پەرقلەندۈرىدۇ. بەلكىم شۇ سەۋەپتىن كۆزۈمگە ئۇيغۇر بالىلار جىق كۆرۈنگەن بولسا كېرەك. مەكتەپنىڭ ئېنگىلىزچە تور بېتىگە قارىسام سەھىپىلەر ئاساسەن قۇرۇق، تېخى ياسىلىۋېتىپتۇ. خەت يېزىپ سوراپ باقاي دېسەم، ئالاقە كۆزنىكىمۇ قۇرۇق.

ئەزھەرگە كىرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەلچىخانىسىدىن چوقۇم خەت ئېلىشى شەرت بولغىنىدىن قارىغاندا، قاھىرەدىكى جوڭگو ئەلچىخانىسىدىكىلەر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانىنى ئېنىق بىلىشى مۇمكىن. ئەمما سانىنىڭ ئاز كۆپلۈكى مۇھىم ئەمەس. مۇھىمى ئۇلارنىڭ تۈرلۈك خەتەرلەرگە تەۋەككۇل قىلىپ ئۆگەنگەن بىلىملىرىنى تولۇقلاش پۇرسىتىگە ئېرىشكىنى، پۇلپەزلىك پىرىنسىپ بولغان جەمئىيەتتە كىملىكىنى يوقاتماي، ئوكيان ئاتلاپ ئاللاھ نازىل قىلغان ئىلىملەرنى ئۆگىنىشكە ئىرادە باغلىغىنىدۇر. يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا گەرچە ساندا پەۋقۇلاددە ئاز بولسىمۇ، ئەزھەرنىڭ پارلاق دەۋرىدە ئوقۇغان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەزھەرنى قايىل قىلغان دەۋرلىرى بولغان. ئابدۇلئەزىز چىڭگىزخان داموللام، قۇتلۇق ھاجى شەۋقى قاتارلىق ئالىملىرىمىز شۇلاردىندۇر. چىڭگىزخان داموللام ئەرەبچە يازغان ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ئەسەر مۇشۇ كۈنگىچە تونجىلىق تەختىدىن چۈشكىنى يوق.

## ئەرگىشىش ۋە ئەرگەشتۈرۈش مەسىلىسى

بىر دوستۇم بىلەن سائەت تۆتتە كۆرۈشمەكچى بولغان ئىدىم. ئارتۇق يېرىم سائەت ساقلىغان بولساممۇ كېلىپ بولالمىدى. ئاخىرى بولالماي يۈتۈشكەن يەردىن ئايرىلدىم. ئارىدىن ئون مىنۇت ئۆتكەندە كېلىپ بولغانلىقىنى دەپ تېلېفون قىپتۇ. بىراز رەنجىگىنىم ئۈچۈنمۇ قايتقىم كەلمىدى. دېيىشىچە ئۇنىڭمۇ كۆڭلى يېرىمكەن، باشقا بىر كىشىنىڭ ۋاقتىغا ئەمەل قىلمىغانلىقى سەۋەبلىك كېچىكىپتۇ. دېمەك، كېچىكىش ئېغىر ئېلىنمايدىغان جەمئىيەتتە سەن كېچىكىشنى خالىمىساڭمۇ كېچىكتۈرۈلىدىكەنسەن. شۇنىڭ بىلەن تۈركىيەدەك بىر قىسىم ئەللەردە ئومۇملاشقان ۋاقىتقا رىئايە قىلماسلىق مەسىلىسى ھەققىدە ئويلىنىپ قالدىم. تۈركىيەدە بىر قانچە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتناشتىم، كۆپىنچىسى ۋاقتىدا باشلانمىدى. ئەمما ھەر قېتىم ۋاقتىدا كېلىپ ساقلاپ ئولتۇرغانلارنى كۆردۈم. ئەردوغاننىڭ داۋۇستىكى جاسارىتى نۇرغۇن كىشىلەرنى ئالقىشلاتقان بىر ئىش، ئەمما ئۇنىڭ بەلگىلەنگەن ۋاقىتقا ئەمەل قىلمىغانلىقىنىمۇ ئۇنۇتماسلىق كېرەك. تۈركىيەدە ئەردوغاندەك رەھبەرلەرنىڭ يىغىلىشلاردا، تېلېۋىزور پروگراممىلىرىدا ۋاقىتقا رىئايە قىلماسلىقى تەئەججۈپلۈك ھادىسە ئەمەس. ئۇنىڭ يىغىندا زۇلۇمدىن شىكايەت قىلغان تەرىپىگە قايىل بولغان چېغىمىزدا، كېلىشلىگەن ۋاقىتقا رىئايە قىلماسلىقىنىڭ تۈركىيەدە كۆنۈلگەن خۇي ئىكەنلىكىنى ئۇنۇتماسلىق كېرەك. شۇڭا دوستۇمنىڭ ۋاقىتقا رىئايە قىلالماسلىقى ئۆزى شۇنداق كۆنگەنلىكتىن ئەمەس، جەمئىيەتتىكى كەيپىياتقا ئەگەشتۈرۈلگەنلىكتىن بولغان، مېنىڭ كۆڭۈلسىزلىكىممۇ ئۇنىڭ كۆڭۈلسىزلىكىنىڭ ئەگەشمىسى. دوستۇمنىڭ بۇ ئەگەشمىسى يەرلىكلەرگە ئەگىشىشنىڭ نەتىجىسى، خالاس. بەزىدە كىمنىڭ كىمگە ئەگەشكەنلىكىمۇ ئېنىق بولمايدىكەن.

ئىككىنچى رەت تۈركىيەگە كەلگىنىمدە يەرلىكلەرنىڭ كۆچمەنلەرگە ئەگىشىپ كېتىدىغانلىقىغىمۇ شاھىد بولدۇم. 2005 -يىلى تۈركىيەگە تۇنجى كەلگىنىمدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

يولۇچىلار ئىستانبۇلدا ئاپتوبۇس، تراموۋاي ۋە مېترولاردا تېلېفوندا سۆزلەشمەيتتى. كىشىلەردىن يول سوراش تولىمۇ كۆڭۈللۈك بىر ئىش بولۇپ، بەزىلەر ھەتتا ئاتايىن باشلاپ ئاپىرىپ قوياتتى. يوللاردا بىر بىرىگە مۇئامىلەدە سىلىق ئىدى. ئارىدىن ئون يىل ئۆتۈپ قايتا كەلگىنىمدە بۇ ھالنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىدىن ئەپسۇسلاندىم. كىشىلەر ئاپتوبۇسلاردا خالىغانچە پاراڭ سالىدىغان، يوللاردا سوقۇپ - سوقۇلۇپ ھېچ ئىش بولمىغاندەك كېتىۋېرىدىغان، يول سورىسا بىپەرۋالا بىر يەرلەرنى كۆرسىتىپ قويىدىغان بولۇپ قاپتۇ. سەۋەبىنى سوراشتۇرۇپ باقسام، تۇيۇقسىز كۆپەيگەن كۆچمەنلەر سەۋەبىدىن ئىكەن. تۈركىيەگە يىللار بويىچە ئىران، ئىراق، پەلەستىن، ئافغانىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قېرىنداش تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرىدىن كۆچۈپ كېلىۋاتقانلارنىڭ ئۈستىگە ئىراق ۋە سۇرىيەدىن نەچچە مىليونلاپ كۆچمەننىڭ بىراقلا يامرىشى تۈركىيەنىڭ ئىقتىسادى يۈكىنى ئېغىرلىتىپلا قالماي، كۆنۈككەن ئىجتىمائىي تەرتىپ ۋە قائىدەلىرىنىمۇ زىدىلىگەندەك قىلاتتى. مۇنداقچە ئېيتساق، ئادەتتە مېترولاردا بىر قانچە كىشىنىڭ قائىدەسىزلىكى كىشىلەرنىڭ بىزارلىق نەزىرى سەۋەبلىك تۈزىلىشى مۇمكىن. ئەگەر بۇنداق قائىدىسىز كىشىلەر تۇيۇقسىز كۆپىيىپ مەلۇم ساننى ئىگىلىگەندە تەنبىھلىك نەزەرلەرمۇ كۈچتىن قالىدىكەن. يول سوراش مەسىلىسىمۇ شۇ. كوندە بىر كىشى يول سورىسا كۆرسىتىپ قويغان كىشى، تۇيۇقسىزلار بىر كۈندە بىراقلا بىر قانچە كىشىنىڭ يول سورىشىغا دۇچ كەلگەندە ئۇ قەدەر سەۋرچان بولالىشى ناتايىن. كىشىلەرنىڭ كوچىلاردا سىلىق - سىپايە بولالماسلىقىمۇ يوللارغا بىراقلا سىغدالغان قوپاللىقلارنىڭ سىلىق - سىپايىلىقنى ئۆپرىتىشىدىن بولغان. نەتىجىدە ئاپتوبۇستا سۈكۈتنى ساقلاش، مۇساپىرلارغا ياردەم قىلىش، باشقىلارغا سىلىق مۇئامىلىدە بولۇشقا ئوخشاش تۈركلەردىكى ئاممىۋى ئەخلاقتا، كۆچمەنلەرنىڭ باش بولۇپ يىمرىشى بىلەن دەز كەتكەن بولۇشى ئېھتىمال. قارىغاندا ئەخلاق، قائىدە ۋە تەرتىپتە ئەگىشىش ۋە ئەگەشتۈرۈشنىڭ يەرلىك بولۇش - بولماسلىق بىلەن، چوقۇم بىر ئەگەشتۈرگۈچىنىڭ بولغان - بولمىغانلىقى بىلەن بەك مۇناسىۋىتى بولمىسا كېرەك.

92 - يىلى بېيجىڭغا يېڭى بارغىنىمدا ئەرلەر كوچىلاردا بەلنىڭ يۇقۇرىنى

ئوچۇق قويۇپ يۈرەتتىكەندۇق. كېيىنرەك شاخچىلىرىنىڭ ئىچ كىيىم بىلەن بازارغا چىقىدىغانلىقىدىنمۇ خەۋەردار بولدۇم. دەسلەپ ئىچكىرىلىكلەرنىڭ يەل قويۇۋېتىشىدىن، بۇرنىنى شوراپ كۆرگەنلا يەرگە تۈكۈرۈشىدىن كۆڭلۈم ئېلىشقان بولسا، بىر مەزگىلدىن كېيىن كۆنۈشكە مەجبۇر بولدۇم. ئارىدىن يىگىرمە يىللار ئۆتۈپ بايقىسام بۇ قىلىقلار بېيجىڭدا سەل - پەل ئازلاپتۇ-يۇ، ئۈرۈمچى كوچىلىرى ۋە قەشقەر دوقمۇشلىرىدا پەيدا بولۇشقا، كۆپىيىشكە باشلاپتۇ. ئەگەر بۇ قىلىقلارغا مەنسۇپلارنىڭ نوپۇسى كۆپەيسە، يەرلىكتىن ئەگىشىدىغانلارمۇ يېتىشىپ چىقىشى مۇمكىن. بۇنى سىرتقى مەدەنىيەتكە مەنسۇپ كىشىلەرنىڭ يەرلىك مەدەنىيەتكە مەنسۇپ كىشىلەرنى ئەگەشتۈرىشى دېيىش مۇمكىن. نەتىجىدە ئەگىششكە مايىللارمۇ، قارشىلارمۇ چىقىشى مۇمكىن. ھالبۇكى، بۇنداق ئەگىشىش ۋە ئەگىشتۈرۈش تۈركىيەدىكىدەك نورمال داۋام قىلماسمىكىن. قەشقەر ۋە ئۈرۈمچىدىكى يەرلىك مەدەنىيەتكە مەنسۇپ كىشىلەر يات قىلىقلارنى نورماللىق دەپ ئەمەس، بىھۆرمەتلىك، كۆزنىگە ئىلماسلىق، چىرىتىش دەپ قارىشى مۇمكىن. بۇ قاراش تەبىئى ھالدا يەرلىك مەدەنىيەتكە بولغان مۇداپىئە ئېڭىنىڭ كۈچىيىشىگە سەۋەپ بولىدۇ. يەرلىك مەدەنىيەتنى قوغداش ئېڭى زامانىنىڭ ئىمكانىيىتىگە قاراپ بەزىدە كىيىنىش، يۈرۈش-تۇرۇش ۋە يېمەك - ئىچمەكلەردە ئۆزلۈكنى گەۋدىلەندۈرۈش شەكلىدە ئىلمان ئوتتۇرىغا چىقىشىمۇ، بەزىدە شىددەتلىك ئىنكاس شەكلىدە قايناق ئىپادىلىنىشىمۇ مۇمكىن. ئەمما ئىككىلىسى دەرھال سەزگۈرلۈكنىڭ تەقىپ قىلىشىغا، نازارىتىگە ۋە تىنتىشىغا دۇچار بولىدۇ.

شەخس سۈپىتىدە بىر يەرگە بارغان ئادەم شۇ يەرنىڭ ھاۋاسىغا، سۈيىگە، كوچىسىغا ئەمەس، يەرلىكلەردىكى كۆرۈنمەس قائىدە، دېيىلمەس تەرتىپ، يېزىلماس بۇيرۇق، چېلىنماس ئاھاڭلارغا قەدەر ئەگىشىدۇ. توپ بولۇپ ھاكىم سۈپەت كەلگەنلەر ئۆزلىرىنىڭ خۇيلىرىنى ئالغاچ كېلىپ يەرلىكلەرنىمۇ ئەگەشتۈرمەكچى بولىدۇ. ئەگەر بۇنداق ئەگىشىش ۋە ئەگەشتۈرۈش ئىستانبۇلدىكىدەك دۇنيانىڭ ھەممە يەرلىرىدىن ھېچ بىر ھاكىملىق نىيىتىسىز، ئىختىيارى توپلاشقان كىشىلەر ئارىسىدا بولسا، دەسلەپكى بىر قانچە يىلدا قالايمىقانچىلىق يۈز بەرگەندەك قىلغان

بىلەن بىر مەزگىلدىن كېيىن يېڭى تەرتىپ، قائىدە ۋە ئەخلاق ئوتتۇرىغا چىقىپ ھايات ئىزىغا چۈشۈشى مۇمكىن. ئۇنداق بولماي قەلبلەرگە ئاللىقانداقتۇر بىر غەرەزلەر يوشۇرۇنغان ياكى شۇنداق پەرەز قىلىنغان بولسا، ئاددىيلا بىر ئەگىشىش ۋە ئەگەشتۇرۇش مەسىلىسى كەسكىن توقۇنۇش، تۈگىمەس نىزا ۋە نەتىجىسىز خۇسۇمەتلەرگە مەنبە بولۇشى مۇمكىن.

ئۈمىدۋار گرافىك لايىھەسى
UMIDWAR GRAPHIC DESGIN

مەن بۇ كىتاپتىكى يازمىلىرىمدا ھاياتىمىزدىكى مۇرەككەپ كۆرۈنگەن ھادىسىلەرنىڭ تەركىپلىرىگە نەزەر سالدىم ۋە ھېس قىلغانلىرىمنى سىلەرگە قىسىندىم. بىزنى بىزلەشتۈرگەن تارىخنىڭ گاھ پارلاق، گاھ قاراڭغۇ بەتلىرىنى ۋاراقلىدىم. كەلگۈسىمىزنىڭ مەشئەللىرى بولغان بالىلار ھەققىدە ئويلاندىم. تەپەككۇرىمىزغا چاپلاشقان چاپاق ۋە رودىپايلارنى ئايرىپ چىقاي دەپ ئىزدەندىم. ھۆرلۈك سەپىرى تەپەككۇرىمىزنى بوغۇچلىغان تۇزاقلارنى پاچاقلاشتىن باشلىنىدۇ دەپ ئىشىنىپ قولۇمغا قەلەم ئالدىم.

بۇ ماقالىلەرنىڭ 2017.يىلى 5.ئايغىچە بولغان قىسمى پۈتۈنلەي ۋەتەندىكى ئوقۇرمەنلەرنى كۆزلەپ يېزىلغانلىقى ئۈچۈن، بەزى سۆز- ئىبارە ۋە جۈملىلەردە مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارغا مەقبۇل بولمايدىغان تەرەپلىرى بولۇشى مۇمكىن. ئەپۇ قىلىنغاي!

THG 0067865 LNA

ISBN: 978-6052375952
9 786052 375952

SİYER YAYINLARI
www.siyerkitap.com